جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)



# 1984

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)

1984

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب:

- ئەڭ چوڭ كىتاب باھالاش تورى www.goodreads.com ئابونتلىرىنىڭ بېلەت تاشلىشى نەتىجىسىدە: 20 -ئەسىردىكى ئەڭ ياخشى يۈز رومانىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ باھالانغان.

- دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى تاللىغان ئەڭ ياخشى رومانلار تىزىملىكىدە 13 - ئورۇندا تۇرغان.

- بىر مۇستەبىت تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز «1984» نى ئوقۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 1984

- رومان -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)

# 1984

(رومان)

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللاھ قاسىم

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتىنىڭ 2009 - يىلى 11 - ئايدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)

# 1984

- رومان -

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇللاھ قاسىم


2018 - يىل 1 - نەشرى

---

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئىستانبۇل - تۈركىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مەن نېمىشقا يازىمەن؟ ........ 03

## بىرىنچى بۆلۈم

1 ـ باب ........ 015
2 ـ باب ........ 039
3 ـ باب ........ 051
4 ـ باب ........ 061
5 ـ باب ........ 075
6 ـ باب ........ 095
7 ـ باب ........ 103
8 ـ باب ........ 118

## ئىككىنچى بۆلۈم

1 ـ باب ........ 149
2 ـ باب ........ 164
3 ـ باب ........ 177
4 ـ باب ........ 191
5 ـ باب ........ 206
6 ـ باب ........ 218
7 ـ باب ........ 222
8 ـ باب ........ 231

9 - باب ........................................ 247
10 - باب ........................................ 310

## ئۈچىنچى بۆلۈم

1 - باب ........................................ 320
2 - باب ........................................ 338
3 - باب ........................................ 365
4 - باب ........................................ 384
5 - باب ........................................ 394
6 - باب ........................................ 400

## قوشۇمچە

يېڭى تىلنىڭ پرىنسىپلىرى ........................................ 415
A قاتلام سۆزلۈكلىرى ........................................ 417
B قاتلام سۆزلۈكلىرى ........................................ 420
C قاتلام سۆزلۈكلىرى ........................................ 428

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەن نېمىشقا يازىمەن؟

جورج ئورۋېل

بەكمۇ كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا، بەلكىم بەش-ئالتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، چوڭ بولغاندا ئۆزۈمنىڭ يازغۇچى بولىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئون يەتتە يېشىمدىن يىگىرمە بەش يېشىمغىچە بولغان ئارىلىقتا مەن بۇ خىيالىمدىن ۋاز كەچمەكچى بولدۇم، ئەمما بۇنىڭ ئۆز تەبىئىتىمگە ئاسىيلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، ھامان بىر كۈنلەردە قولۇمغا قەلەم ئالىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇراتتىم.

مەن ئۈچ بالىنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولۇپ ھەممىمىزنىڭ ئارىسىدا بەش ياشتىن پەرق بار ئىدى. مەن سەككىز يېشىمدىن بۇرۇن ئاساسەن دادامنى كۆرەلمىگەن ئىدىم. بەلكىم مۇشۇ ياكى باشقا سەۋەبلەردىنمۇ تاڭ، يالغۇزلۇقنى خالايتتىم. كېيىنچە مەندە باشقىلار ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان قىلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى، مەكتەپتىمۇ باشقىلار ماڭا بەك يېقىن كەلمەيتتى. مەن بىر تەنھا بالىنىڭ ئادىتى بار ئىدى، كاللامدا ھېكايىلەرنى توقۇيتتۇم، تەسەۋۋۇرۇمدىكى پېرسوناژلار بىلەن پاراڭلىشىپ كېتەتتىم. مېنىڭچە مېنىڭ ئەدەبىيات غايەم باشتىن باشلاپلا ئۆزۈمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىش ۋە كەمسىتىلىش تۇيغۇم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۆزۈمدە بىر خىل تىل تالانتى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يۈزلىنىش جاسارىتىم بارلىقىنى

بىلەتتىم ۋە بۇنىڭ مېنىڭ ئۆزەل بىر دۇنيارىمنى ياراتقانلىقىنى، مەن بۇ يەردە كۆندىلىك تۇرمۇشۇمدىكى مەغلۇبىيەتلىرىمدىن قاچالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. ھالبۇكى، مېنىڭ پۈتۈن بالىلىق دەۋرىمدە ئەستايىدىل يازغانلىرىم ئەمەلىيەتتە ئاران بىر قانچە ۋاراق چىقاتتى. تۇنجى شېئىرىمنى تەخمىنەن تۆت-بەش ياش چاغلىرىمدا يازغان ئىدىم، ئانام ئۇنى يادلاپ دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ شېئىرىمنىڭ پەقەت يولۋاس ھەققىدىكى شېئىر ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچنېمىسى ئېسىمدە قالمىغان ئىدى. < ئورۇندۇقتەك يوغان چىشلىق> دەپ ئوخشاتقىنىم ئېسىمدە. خېلى قاملاشقان ئوخشىتىش بوپتىكەن. ئەمما بۇ شېئىرنى بىلىپكىنىڭ < يولۋاس، يولۋاس> دېگەن شېئىرىغا تەقلىد قىلىپ يازغانغۇ دەيمەن. ئون بىر ياش ۋاقتىمدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كۆيلەپ يازغان بىر شېئىرىم شۇ يەردىكى بىر گېزىتتە ئېلان قىلىندى. ئىككى يىلدىن كېيىن كىچېنېرنى ئۆلۈمى ھەققىدە يازغان شېئىرىممۇ شۇنىڭدا ئېلان قىلىندى. سەل چوڭ بولغاندا، پات-پات جورجچە ئۇسلۇبتىكى <تەبىئەت شېئىرلىرى> نى يېزىپ باقتىم، ئەمما تولىسى چالا قالاتتى. قىسقا ھېكايىلەرنى يېزىپ باققان بولسامۇ، پەقەت قاملاشمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە مېنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەستايىدىل يازدىم دېگىلى بولىدىغان ئەسەرلىرىم ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، مەن شۇ يىللاردا ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىدىن نېرى كېتەلمىدىم. باشتا بۇيرۇتما يازمىلارنى يازدىم، گەرچە بۇنداق نەرسىلەرنى يېزىشتىن پەقەت ھۇزۇر ئالالمىسامۇ، تېزلا قولدىن چىقىرىۋېتەلەيتتىم. مەكتەپنىڭ تاپشۇرۇقلىرىدىن باشقا، مەن بەزى ھەجۋى چاچما شېئىرلارنى يازدىم، ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدىكى يېزىش سۈرئىتىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. ئون تۆت ياش ۋاقتىمدا، ئارىستوفانىسقا تەقلىد قىلىپ يازغان بىر درامىنى بىر ھەپتىدىلا پۈتتۈرۈۋەتكەن ئىدىم. شۇ چاغدا يەنە مەكتەپنىڭ

www.uyghurkitap.com

ژۇرنىلنى تەھرىرلىشىپ بېرەتتىم، باسما نۇسخىسىغىمۇ، ئەسلى قولىيازمىسىغىمۇ ئارىلىشاتتىم. بۇ ژۇرنالنىڭ خىزمىتى سىز تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئەڭ تېتىقسىز، بىمەنە ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما ئۇنى ھازىرقى ئەڭ ئەرزان خەۋەر يېزىش خىزمىتىدىن كۆپ قولاي بىجىرىۋېتەتتىم. مانا مۇشۇلار بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۇنبەش يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق مەزگىل پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىلدىكى ئەدەبىيات مەشىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزۈم ھەققىدە توختىماستىن < ھېكايە> لەرنى توقۇپ كەلگەن ئىدىم، توغرىسى، بۇلار مېڭەمدىلا ساقلانغان كۈندىلىك خاتىرىلىرىم ئىدى. مەن بۇنداق قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە بارلىق باللارنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. مەن تولىمۇ كىچىك چاغلىرىمدىلا ئۆزۈمنى ئاجايىپ باتۇرانە كەچۈرمىشلىرى بار قەھرىمان روبىنخۇد دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئەپسۇس، ئۇزاققا بارمايلا مېنىڭ بۇ < ھېكايە> لىرىم تولىمۇ قاملاشمىغان ئۆز مەپتۇنلۇققا ئايلىنىپ كەتتى، كېيىنچە بارغانسېرى قىلىۋاتقان ۋە كۆرۈۋاتقانلىرىمنىڭ سىدام تەسۋىرىگىلا ئايلىنىپ قالدى. بەزىدە قىسقا دەقىقىلەردە كاللامدىن مۇنداق جۈملىلەر ئۆتۈپ ئۆتەتتى:< ئۇ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۆيگە كىردى. نېپىز پاختا رەختتىن قىلىنغان پەردىلەردىن ئۆتۈپ كىرگەن ئالتۇندەك قۇياش نۇرى ئۈستەل يۈزىگە چۈشكەن ئىدى. ئۈستەلدە يېرىم ئېچىلغان سەرەڭگە قېپى سىياھ دۇۋىتى يېنىدا تۇراتتى. ئۇ قولى يانچۇقىدا ئاستا دەرىزە قېشىغا كەلدى. پەستىكى كوچىدا بىر گۈللۈك مۈشۈك بىر غازاڭنى قوغلاپ يۈرەتتى....بۇ ئادەت مەن يىگىرمە بەش ياشقا كىرگىچە داۋاملاشتى. بۇلارنى مېنىڭ ئەدەبىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىغان ۋاقتلىرىم دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە مەن مۇۋاپىق سۆز ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان بولغان ئەمەلىيەتتىمۇ ئىزدىگەن بولساممۇ، يازغان تەسۋىرلىرىم خۇددى مەن بىر سىرتقى كۈچنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ يېزىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئەسلەپ باقسام < ھېكايە> لىرىم چوقۇم

مەن ئوخشىمىغان يېشىمدا ھەۋەس قىلىپ يۈرگەن يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىكەن. ئېشقىلىپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگىدەك ئىنتايىن ئىنچىكە تەسۋىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

مەن ئون ئالتە ياش ۋاقتىمدا تۇيۇقسىز پەقەت سۆزلەرنىڭلا ماڭا ئەكىلىدىغان ھوزۇرىنى بايقىدىم، تاۋۇشى ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى مېنى ھاياجانغا سالاتتى. تۆۋەندىكى < يوقالغان جەننەت> تىن ئېلىنغان شېئىر:

*شۇنداق قىلىپ ئۇ جاپا ۋە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى.*
*جاپا ـ مۇشەققەت ۋە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۇ.*

*So hee with difficulity and labour hard*
*Moved on: with difficulity and labour hee.*

ھازىر قارىسام ئۇنداق ئېسىل بىلىنمىسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغان ئىدى. مەن he (ئۇ) نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن hee دېگەن سۆزدىنلا شۇنچىلىك ھوزۇرلانغان ئىدىم. شۇ چاغلاردىلا تەسۋىرگە نىسبەتەن لازىملىق ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان ئىدىم. شۇڭا شۇ چاغلاردىلا مېنىڭ كېيىن قانداق كىتاپلارنى يازىدىغانلىقىم ماڭا ئاللىبۇرۇن ئايان بولۇپ بولغانىدى. مېنىڭ ئاخىرى كۆڭۈلسىز ئاخىرلىشىدىغان زور ھەجىملىك تەبىئەتچىلىك ئىقىمىدىكى رومانلارنى يازغۇم بار ئىدى. بۇ رومان ئىنتايىن ئىنچىكە تەسۋىر، ئادەم ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشىتىشلار، تىلى ئويناق ئابزاسلارغا تولغان بولاتتى. سۆزلەرنى ئاساسەن ئۇلارنىڭ تاۋۇشىغا ئاساسەن تاللايتتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئوتتۇز يېشىمدا يازغان <بېرمىدىكى كۈنلەر> ناملىق رومانىم دەل مۇشۇنداق بولۇپ، مەن بۇنى بالدۇرلا كاللامدا قۇراشتۇرۇپ بولغان ئىدىم.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ بۇ ئۇچۇرلارنى بايان قىلغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېنىڭچە يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇنىڭ يېتىلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلمەستىن چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يېزىش تېمىسى ئۇ ياشاۋاتقان دەۋر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ- ھېچبولمىسا ھازىر بىز ياشاۋاتقان بوران-چاپقۇنلۇق، ئىنقىلابىي دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق-ئەمما ئۇ يېزىشتىن بۇرۇنلا ئۆزىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ھېسسىي پوزىتسىيىگە ئىگە بولۇپ بولغان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، يازغۇچى ئۆزىنىڭ خۇي پەيلىنى كونترول قىلالىشى، گۆدەك باسقۇچلاردا تۇرۇپ قېلىش، ناچار كەيپىياتلاردىن ساقلىنالىشى كېرەك. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۇچرىغان تەسىرلىرىدىن قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭ يېزىش قىزغىنلىقى يوقاپ كېتىدۇ. تىرىكچىلىك غېمىنى قويۇپ تۇرغاندا، مېنىڭچە يازغۇچىلارنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىشىدا مۇنداق تۆت چوڭ مۇددىئا بار. ھېچبولمىغاندا، پروزا يېزىقچىلىقىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇلار ھەر قانداق يازغۇچىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئۇزى ياشاۋاتقان زامان-ماكاننىڭ ئاتموسفېراسىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

## 1 - نوقۇل ئۆزەمچىللىك

بۇ دېگەنلىك بىزدىكى باشقىلارغا ئەقىللىق كۆرۈنۈش، باشقىلار گېپىمىزنى قىلىشىدىغان ئادەم بولۇش، ئۆلگەندىن كېيىن ئەسلىنىش، بالىلىقىمىزدا بىزنى كەمسىتكەنلەرگە ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش دېگەندەك ھاۋايى-ھەۋەسلىرىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى مۇددىئا ئەمەس دەۋېلىش يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ خېلى كۈچلۈك مۇددىئا. بۇنداق مۇددىئا يازغۇچىلاردىن باشقا، سەنئەتكارلار، سىياسىيونلار، ئادۋوكاتلار، ئەسكەرلەر، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەردىمۇ تېپىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قالتىس كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە بار. ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە شەخسىيەتچى ئەمەس. ئوتتۇز ياشتىن كېيىن، ئۇلار

ئاساسەن ئالاھىدە شەخس بولۇش ھەۋەسىدىن كېچىدۇ ۋە باشقىلار ئۆچۈن ياشايدۇ ياكى ئۇششاق ئىشلار ھەلەكچىلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىراق يەنە ئاز ساندىكى تالانتلىق، نەپسى يوغان كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار شۇ غايە ئۈچۈن ياشايدۇ، يازغۇچىلار دەل مۇشۇ قاتاردىندۇر. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئەستايىدىل يازغۇچىلارنىڭ تولىسى گەرچە پۇلغا بەك ھەۋەس قىلىپ كەتمىسىمۇ، مۇخبىر-ژۇرنالىستلارغا قارىغاندا كۆپ شەخسىيەتچى كېلىدۇ.

## 2 - ئېستېتىك قىزغىنلىق

بۇ تاشقى دۇنيادىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىش، ياكى باشقىچە ئېيتقاندا سۆزلەر ۋە ئۇنىڭ نەپىس ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىشنى، شۇنداقلا تاۋۇشلاردىن، ياخشى پىروزا ۋە ھېكايىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى پۇختىلىق ۋە رېتىمدىن كەلگەن ھۇزۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆزى ھېس قىلغان تەجرىبىلىرىنى ئورتاقلاشماقچى بولۇشى نەزەردىن ساقىت قىلىنسا بولمايدىغان قىممەتلىك ئىشتۇر. ئەمما نۇرغۇن يازغۇچىلار بۇ مۇددىئا بەكلا ئاجىز بولىدۇ، ۋەھالەنكى، تەشۋىقات قوللانمىسى ياكى دەرسلىك تۈزىدىغانلاردىمۇ بىرەر ئەمەلىي مەنپەئەتنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت ئۆزىگە ياققانلىقى ئۈچۈنلا سۆز، بىرىكمىلەرنى تاللايدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بەلكىم ئۇلاردا بەتنىڭ تىزىلىشى، قويۇلىدىغان بوشلۇقلارنىڭ قانداق بولۇشى دېگەنلەردىمۇ ئالاھىدە تەلەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. تۆمۈر يول يېتەكچىسى دېگەندەك كىتابلاردىن باشقا ھەرقانداق كىتاپتا چوقۇم بەلگىلىك ئېستېتىك مۇددىئالار بولىدۇ.

## 3 - تارىخ مۇددىئاسى

بۇ يازغۇچىلاردىكى ۋەقە-ھادىسىلەرنى ئەسلى ھالىتىدە كۆرۈش، ھەقىقىي پاكىتلارنى تېپىپ چىقىپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇش ئىستىكىنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

## 4 - سىياسىي مەقسەت

مەن بۇ يەردە < سىياسىي> دېگەن ئىبارىنى ئەڭ كەڭ مەنىدە قوللاندىم. بۇ يازغۇچىلاردىكى دۇنيانى مەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ ئىتتىرىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمىيەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنى تەكىتلەيمەنكى، سىياسىي خاھىشتىن خالىي كىتاپ يوق. سەنئەتنىڭ سىياسىي بىلەن ئالاقىسى بولماسلىقى كېرەك دېگەن قاراشنىڭ ئۆزى بىر سىياسىي قاراشتۇر.

بۇ ئوخشىمىغان مۇددىئالارنىڭ بىر-بىرى بىلەن قانداق توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئوخشىمىغان ئادەملەر ۋە ئوخشىمىغان ۋاقىتتا قاراپ قانداق ئوخشاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. تەبىئىتىمدىن ئېيتقاندا-تەبىئىتىم دېگىنىم ئەمدى قۇرامىغا يەتكەن چاغدىكى تەبىئىتىمنى دېمەكچىمەن-مەندە تۆتىنچىسى ئالدىدىكى ئۈچنى بېسىپ چۈشىدىكەن. تىنىچ دەۋرلەردە بەلكىم مەن پاساھەت-بالاغەتنىلا قوغلىشىپ يۈرۈشۈم، ياكى پەقەت بايان-تەسۋىر ئەسەرلىرىنىلا يېزىشىم مۇمكىن، ھەتتا ئۆزەمنىڭ سىياسىي خاھىشىمنىمۇ بىلەلمەي يۈرۈشۈممۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، مەن دەل تەشۋىقات قوللانمىسى يازىدىغانلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن. دەسلەپتە، مەن ئۆزەمگە ماس كەلمەيدىغان خىزمەتتە بەش يىل بولدۇم ( بىرمىدىكى ھىندىستان ئىمپىرىيە ساقچىلىق خىزمىتىمنى دېمەكچىمەن). كېيىن نامراتلىققا پېتىپ قالدىم ۋە مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى ئىسكەنجىسىدە ياشىدىم. بۇ كەچمىشلەر مېنىڭ ھوقۇق-نوپۇزغا بولغان نەپرىتىمنى كۈچەيتىۋەتتى ۋە ماڭا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلىقىنى تۇنجى قېتىم تولۇق ھېس قىلدۇردى. بىرمىدىكى خىزمەتمۇ ماڭا جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تونۇتتى: ئەمما بۇ كەچمىشلەر ماڭا توغرا بىر سىياسىي مەيدان كۆرسىتىشكە يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. كېيىن گىتلېر چىقتى، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى پارتلىدى، ۋە باشقا ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. 1935-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەن يەنىلا

كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم. شۇ چاغلاردا مېنىڭ ئەنە شۇ ئىككىلىنىشىمنى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق شېئىرىنىمۇ يازغانىدىم:

*پوپ بولاتتىم بەلكى خۇشال-شادىمان*
*بولسام ئىدىم ئىككى ئەسىر مۇقەددەم*
*ۋەز ئېيتاتتىم ئاخىرەتتىن توختىماي*
*پەرۋىش قىلغاچ ياڭاق دەرىخىمنى ھەم.*

*ئەپسۇس، مۇدھىش بىر زاماندا تۇغۇلۇپ،*
*مەھرۇم بولدۇم ئۇنداق شانۇ-شەرەپتىن.*
*دۈشمەن بولدى ئۈسۈپ چىققان بۇرۇتمۇ،*
*ھەممە پوپلار ياكىز قىرغان سەۋەپتىن.*

*كېيىن ئۆتتى يامان ئەمەس بىر زامان،*
*كۆڭلىمىزنى خۇش قىلاتتى بەك ئاسان.*
*ئۇخلار ئىدى ئىنسىيانكار خىياللار،*
*دەرەخلەرنىڭ قۇچىقىدا خىرامان.*

*نادانلىقنى تارتىنمايتتۇق قىلچىمۇ،*
*خۇشاللىقنى يوشۇراتتى قەلبلەر.*
*ئالمىلىقنا سايراپ قويغان قۇشتىنمۇ،*
*بىسەرەمجان بوپكېتەتتى رەقىپلەر.*

*ئەمما لېۋەن، نازۇك بەدەن گۈزەللەر،*
*كۈمۈش ئۇرۇك، ئېرىقتىكى سۇۋەرەك.*
*ئارغىماقلار كۆكتە سەپ-سەپ ئۆردەكلەر،*
*چۈشلىرىمدە باغلىرىمنى كەزگۈدەك.*

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈشۈڭ تەگدى كېيىن شېرىن چۈشكىمۇ،
ئىمجان بولدى شاتلىقىمىز پىنهاندا.
مىنۋالدى پەتەك، سېمىز ئادەملەر،
تۆمۈر تەنلىك، ئالتۇن ھەللىك ئاتلارغا.

مەن بەئەينى يولدىن ئازغان كىچىك قۇرت،
مەن بىر ئاغۋات، تېنەپ يۈرگەن ھەرەمسىز.
يۈگىن ئارام (ئادەم ئىسمى)كەبىي سەرسان بىچارە،
پوپ، كومىسسار ئالدىدا يار-يۆلەكسىز.

ھەر ياڭرىسا رادىئونىڭ ساداسى،
كومىسسار ئۇ خۇش بىشارەت بېرەتتى.
پوپ ھەدىيە قىلغان ئۇستىن يەتتىنىڭ،
پۇلىسىنى دۈگېي كېلىپ تۆلەيتتى.

چۈشلىرىمدە دائىم مەرمەر زالدىمەن،
بولسا دەيمەن چۈشلىرىمدەك ئوڭۇممۇ.
ئەمما ماڭا كەلمىگىدەك بۇ تەلەي،
سىمىسقىمۇ، جونېسقىمۇ، سىزگىمۇ.

ئىسپانىيە ئۇرۇشى ۋە 1936-يىلدىن 1937-يىلغىچە بولغان ۋەقەلەر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى ۋە قەيەردە تۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. 1936-يىلدىن كېيىن مەن ئەستايىدىل يازغان ئەسەرنىڭ ھەر بىر قۇرىدا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھاكىممۇتلەقلىققە قارشىلىقىمنى، شۇنداقلا، ئۆزۈم چۈشەنگەن دېموكراتىك سوتسىيالىزمغا بولغان قوللىشىمنى ئىپادىلەپ كەلدىم. بىزنىڭكىدەك بىر دەۋردە، بۇنداق تېمىلاردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىش، ماڭا تەسەۋۋۇرمۇغا قەتئىي

سىغمايدىغان بىمەنىلىك بىلىنىدۇ. ھەممەيلەن ئۇنداق ياكى مۇنداق نىقاپتا بۇلارنى يېزىۋاتىدۇ. بۇ پەقەت ئادەمنىڭ مەيدانى ۋە يېزىش ئۇسۇلى مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت خالاس. ئادەم ئۆزىنىڭ سىياسىي خاھىشىنى قانچە ئېنىق بىلسە، ئېستېتىك زوقى ۋە ئىلمىيلىكىنى قۇربان قىلماي تۇرۇپمۇ، سىياسىي مەزمۇندا يازالايدۇ.

ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە، مەن ئەڭ كۈچىگەن ئىش سىياسىي يېزىقچىلىقنى سەنئەتكە ئايلاندۇرۇشتۇر. مېنىڭ چىقىش نۇقتام ئىزچىل پارتىيىۋىي مەيدان ۋە ئادالەتسىزلىك تۇيغۇسى بولۇپ كەلدى. مەن يېزىشقا تۇتۇنغىنىمدا ھەرگىزمۇ ئۆزۈمگە «مەن بىر سەنئەت ئەسىرى يېزىۋاتىمەن» دېمەيمەن. مەن يالغانلارنى پاش قىلىش، مەسىلىلەرگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قارىتىش ئۈچۈن قەلەم ئالىمەن، مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم بۇ سادايىمنى باشقىلارغا ئاڭلىتىشتۇر. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر يازىدىغىنىم مەن ئۈچۈن بىر ئېستېتىك كەچمىش بولالمىسا، مەن كىتاپ ئەمەس، ئۇزۇنراق بىرەر ماقالە ئۈچۈنمۇ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئولتۇرمايمەن. ئەسەرلىرىمنى ئەستايىدىللىراق ئوقۇغانلار بايقىغان بولۇشى مۇمكىن، مېنىڭ پۈتۈنلەي سىياسىي تەشۋىقات ماقالىلىرىمدىمۇ، سىياسىيونلارنىڭ نەزىرىدە تېمىدىن مىڭ چاقىرىم يىراق سانىلىدىغان جۈملىلەر بار. باللىقىمدا شەكىللەنگەن دۇنيا قارىشىمنى ھەرگىزمۇ پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكۈم يوق، ھەم تاشلاي دېمۇ تاشلىيالمايمەن. ئىشقىلىپ ھاياتلا بولىدىكەنمەن، پروزىغا بولغان كۈچلۈك قىزغىنلىقىمنى ساقلايمەن، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىمدىن ۋاز كەچمەيمەن، يەنىلا كونكرېت، ماددىي شەيئىلەرنى، ئۇششاق، كېرەكسىز ئۇچۇرلارنى يېزىشتىن ھۇزۇر ئالىمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ تەرىپىنى بېسىشىمنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. بۇ خىزمەت مېنىڭ تۇغما ئۆچ-ئامراقلىرىمنى، بۇ دەۋر ھەممىمىزگە يۈكلىگەن ئاممىۋىي مەسىلىلەر بىلەن ئوبدانلا كېلىشتۈرىدۇ.

بۇ ئاسان ئەمەس. بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تىلى ھەققىدە مەسىلە پەيدا قىلىدۇ، يەنە چىنلىق مەسىلىسىنىمۇ يېڭىچە تەرزدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەن بۇنداق قىيىنچىلىق ھەققىدە بىر مىسال كەلتۈرەي: مېنىڭ ئىسپانىيەنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ھەققىدىكى < كاتالونىيەگە سالام> دېگەن كىتاۋىم ئوچۇقلا بىر سىياسىي ئەسەر. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ كىتابنى يازغاندا ئامال بار بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ، شۇنداقلا قۇرۇلمىسىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ يازدىم. بۇ ئەسەردە ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىي تەبىئىتىمگە خىلاپلىق قىلماستىن، چىنلىقنى ئەينەن يەتكۈزۈشكە ناھايىتى تىرىشتىم. بىراق، كىتابنىڭ ئۇزۇن بىر بابى پوتونلەي گېزىتلەردىن ئېلىنغان خەۋەر-پاكىتلار بىلەن توشتى، يەنە فرانكو بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ قارىلانغان تروتىسكىچىلارنى ئاقلىدىم. ئېنىقكى، بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ باپنىڭ ھەر قانداق ئوقۇرمەنگە بولغان قىزىقتۇرۇش كۈچى قالمايدۇ، بەلكىم كىتابنى ئوتقا تاشلىۋېتىشى مۇمكىن. مەن ھۆرمەتلەيدىغان بىر تەنقىدچى بۇ ھەقتە ماڭا ۋەز ئېيتتى:< نېمىشقا بۇ نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ قويدۇڭ؟ سەن ئېسىل ئەسەر بولىدىغان بىر كىتابنى خەۋەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپسەن>. ئۇنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا. ئەمما مەن ئۇنى باشقىچە يازالمايتتىم. مەن ئەنگىلىيەدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭلا بۇ يەردىكى بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ ناھەق قارىلانغانلىقىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئەگەر بۇ ئىشتا غەزەپلەنمىگەن بولسام، بۇ كىتابنىمۇ يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

بۇخىل مەسىلە ئۇنداق ياكى مۇنداق شەكىلدە يەنە يۈز بېرىدۇ. تىل مەسىلىسى بەكلا نازۇك مەسىلە. ئۇنى مۇلاھىزە قىلىش ئۇزۇن ۋاقىت ئالىدۇ. پەقەت شۇنى دېيەلەيمەنكى، كېيىنكى يىللاردا مەن يېزىقچىلىقتا تەسەۋۋۇرغا قارىغاندا توغرىلىقتا بەكرەك ئەھمىيەت بەردىم. ئادەم مەلۇم يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا ۋايىغا يەتكەندە، چوقۇم يەنە ئۇ ئۇسلۇپتىن ھالقىپ كېتىدىكەن. < ھايۋانلار قورۇقى> نى يازغىنىمدا نېمە يېزىۋاتقىنىم كاللامدا بەكلا ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭدا مەن تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ سىياسىي مەقسىدى بىلەن سەنئەت غايەمنى

بىرلەشتۈرۈشكە ئۆرۈنۈپ كۆردۈم. مەن يەتتە يىلنىڭياقى بىرمۇ رومان يازمىدىم. پات يېقىندا بىرنى يازسام دېگەن ئۈمىدتىمەن. بۇنداق يېزىش چوقۇم مەغلۇبىيەتلىك بولىدۇ. ھەر بىر كىتابىم مەغلۇپ بولىدۇ دەپ قارايمەن. ئەمما ئۆزۈمنىڭ قانداق بىر كىتاپ يېزىۋاتقىنىم ھەر دائىم ماڭا ئېنىق بولۇپ كەلدى.

يېزىپ بولغان بۇ بىر قانچە بەتكە قايتا قاراپ باقسام، مېنىڭ يېزىش مۇددىئايىمنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرغاندەك قىلىمەن. ئەمما بۇنىڭ مەن ھەقتىكى ئاخىرقى تەسىرات بوپقېلىشىنى خالىمايمەن. بارلىق يازغۇچىلار شۆھرەتخور، شەخسىيەتچى، ھورۇن كېلىدۇ، مۇددىئاسىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە بىلىپ بولمايدىغان سىرلار ياتىدۇ. بىر كىتاپ يېزىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق، ئادەمنىڭ جۇلقىنى چىقىرىۋېتىدىغان بىر قىينىلىشتۇر. بۇ خۇددى بىر ئازابلىق كېسەلنىڭ ئاغرىقىنى چەككەنگە ئوخشايدۇ. ئادەم بۇنداق ئىشقا ئۆزى قارشىمۇ تۇرالمايدىغان، ھەم چۈشىنەلمەيدىغان بىر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگىچە ئالدىنى قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەيتان بوۋاقنى تۇغۇلۇپلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن يىغلاتقان تۇغما تەبىئەتنىڭ ئۆزى شۇ. شۇنداقتىمۇ، ئادەم يەنىلا ئۆزىنىڭ بەزى خۇي-تەبىئىتى بىلەن قارشىلىشىپ تۇرمىسا، ئادەملەر ئوقۇغىدەك بىر نەرسە يازالمايدۇ. ياخشى پروزا ئەسىرى خۇددى دەرىزىنىڭ ئەينىكىگە ئوخشايدۇ. مەن ئۆزۈمدىكى قايسى مۇددىئانىڭ كۈچلۈكلۈكىگە بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەمما قايسىسىنىڭ ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلىمەن. يازغان ئەسەرلىرىمگە قايتا باققىنىمدا، سىياسىي مەقسىدىم يوق ئەسەرلىرىم پەقەت يالتىراق ئابزاسلارغا، مەنىسىز جۈملىلەرگە، قۇرۇق پاساھەت ۋە يالغانغا توشقان جېنى يوق بىر نېمە بوپقاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى بۆلۈم

## 1

ئاپرېلنىڭ ھاۋا ئوچۇق، ئەمما سوغۇق بىر كۈنى ئىدى. سائەت ئىستىرېلكىسى ئون ئۈچنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ۋىنستون سىمىس سوغۇق شامالدا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغان ئىدى، ئۇ زەپەر بىناسىنىڭ ئەينەك ئىشىكىدىن چاققانلىق بىلەن كىرىۋالدىيۇ، ئەمما ئۈستى - بېشىدىكى توپا - چاڭلار يەنىلا ئەگىشىپلا كىردى.

زال ئىچىدىن قاينىتىلغان كاپۇستا ۋە كونا ماتراسنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. زالنىڭ ئۇدۇل تېمىغا 45 ياشلار چامىسىدىكى قاپقارا، قويۇق بۇرۇتلۇق قاملاشقان بىر ئەرنىڭ بىر مېتىردىن ئاشقۇدەك چوڭلۇقتىكى يوغان رەڭلىك باش رەسىمى ئېسىلغان ئىدى. ۋىنستون پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى، لىفىتقا چىققاننىڭ پايدىسى يوق، ئۇ داۋاملىق بۇزۇلۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەپرەت ھەپتىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادچانلىق ھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە يېقىنىنگىياقى كۈندۈزى توكمۇ كېسىۋېتىلگەن ئىدى. ۋىنستون 7 - قەۋەتتە تۇراتتى، بۇ يىل 39 ياشتا. ۋېنا تومۇرى ئىششىپ ئوڭ پۇتىنىڭ ھوشۇقىغا بىر يارا چىقىپ قالغان بولغاچقا، تېز ماڭالمايتتى، شۇڭا يەتتىنچى قەۋەتكە بىر نەچچە قېتىم توختاپ ئاران چىقاتتى. ھەر بىر قەۋەتتە توختىغاندا، لىفىتنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئېسىغلىق رەسىم ئۇنىڭغا

مختەك تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ رەسىم ئاجايىپ لايىھىلەنگەن، قەيەرگە بارماڭ كۆزى سىزدىن ئۈزۈلمەيتتى. رەسىمنىڭ ئاستىدىكى «غوجاكىنىڭ كۆزى سەندە» دېگەن چوڭ خەت كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۆيى تەرەپتىكى تامغا ئورنىتىلغان تۇتۇق ئەينەككە ئوخشاپ كېتىدىغان چاسا تۆمۈر تاختايدىن تۆمۈرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىغا مۇناسىۋەتلىك سان ـ ساناقلارنى ئوقۇۋاتقان بىر جاراڭلىق ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. ۋىنستون بىر ئۈزچاتنى ئازراق تولغىۋىدى، ئاۋاز سەل پەسەيدىيۇ، ئەمما تەلتۆكۈس ئېتىلىپ كەتمىدى. ئېكران دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۈسكۈنىنى پەقەت پەسەيتىپ قويغىلىلا بولاتتى، بىراق تولۇق ئېتىۋېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ دەرىزە يېنىغا كەلدى، ئۇنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى كۆك رەڭلىك پارتىيە فورمىسى ئىچىدە تېخىمۇ ئورۇق، ئاجىز كۆرۈنەتتى. چاچلىرى خۇنۇك، چىرايىدىن بولسا يەنىلا ئۇمىتۋارلىق چىقىپ تۇراتتى، يۈز تېرىسى ناچار سوپۇن ۋە گال تىغ دەستىدىن تېخىمۇ يىرىكلىشىپ كەتكەن ئىدى.

مۇدھىش قىش ئەمدى ئاخىرلاشقان ئىدى. دەرىزە ئېتىك بولسىمۇ، سىرتنىڭ سوغۇقلۇقىنى بايقىغىلى بولاتتى. كوچىلاردا شامال چاڭ ـ توزاڭ، قەغەز پارچىلىرىنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. ئاسمان كۆپكۆك، قۇياش پارلاپ تۇرسىمۇ، ھەممە يەرگە ئېسىۋېتىلگەن ھېلىقى رەسىمدىن باشقا ھەممە نەرسە رەڭسىزدەك كۆرۈنەتتى. قارا بۇرۇتلۇق يۈز ھەممە دوقمۇشتا جىمى تەرەپكە تىكىلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئۇدۇل تامغىمۇ بىرى ئېسىغلىق بولۇپ، ئاستىغا «غوجاكىنىڭ كۆزى سەندە» دېگەن خەتلەر بار ئىدى. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى ۋىنستوننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇراتتى. پەستىكى كوچىدا بۇ رەسىمدىن بىرى شامالدا ئۇچۇپ يۈرەتتى، پات ـ پات رەسىمدىكى ئىنسوك INGSOC دېگەن خەت كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى. يىراقتا بىر تىك ئۇچار خۇددى كۆك چىۋىنىدەك ئۆگزىلەر ئۈستىدە ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ، ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كەتتى. تىك ئۇچاردىكى

چارلىغۇچى ساقچىلار كىشىلەرنىڭ دەرىزىلىرىنى كۆزىتەتتى. بۇ تېخى ئادەتتىكى ئىش، ئەڭ چاتىقى ئىدىيە ساقچىلىرى!

ۋىنستوننىڭ كەينىدىكى ئېكراندىن يەنىلا بايىقى تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ۋە توققۇزىنچى ئۈچ يىللىق پىلاننىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغانلىقىغا ئائىت خەۋەرلەر ئاڭلىنىۋاتاتتى. بۇ ئېكران بىرلا ۋاقىتتا ھەم قوبۇل قىلاتتى ھەم تارقىتاتتى. ۋىنستوننىڭ خېلى پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىدىن باشقا ھەرقانداق ئاۋازى بۇ ئېكراندىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ئاشۇ ئېكراننىڭ دائىرىسىدىلا تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ قىلغانلىرى كۆرۈنۈپ، سۆزلىگەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قايسى ۋاقىتتا كۆزىتىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ قاچان، قانداق ئۇسكۇنىدە، قانچە قېتىم، قانداق سىستېمىدا كۆزىتىدىغانلىقىنى پەقەت پەرەز قىلغىلىلا بولاتتىكى، ھەرگىز ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى. ھەتتا ھەممە ئادەمنى ھەر ۋاقىت تولۇق كۆزىتىپ تۇرىدۇ دېسەك خاتا بولمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار قاچان خالىسا سىزنىڭ سىمىڭىزغا ئۆزىنىڭ ئۇسكۇنىسىنى ئۇلاۋېرەتتى. سىز ھەرقانداق ئاۋازىڭىز ھەردائىم تىڭشىلىدۇ، تۇم قاراڭغۇدىن باشقا ھەرقانداق چاغدا، بارلىق ھەرىكىتىم نازارەتتە دەيدىغان تۇيغۇدا ياشاشقا مەجبۇر ئىدىڭىز، ھەتتا بۇنىڭغا باشتا ئاستا ـ ئاستا ئادەتلەنگەن بولسىڭىز، كېيىن ئۇ سىزنىڭ تەبىئىي تۇيغۇڭىزغا ئايلىنىپ كېتەتتى.

ۋىنستون ئېكرانغا كەينىنى قىلىپ تۇردى. بۇنداقتا بىرئاز بىخەتەر ئىدى. گەرچە ۋىنستون دۈمبىسىنىڭمۇ مەلۇم نەرسىلەرنى ئاشكارىلاپ قويۇش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى بىلسىمۇ تۇرىۋەردى. بىر كىلومېتىر يىراقلىقتا ھەقىقەت مىنىستىرلىكىنىڭ يوغان، ئاق رەڭلىك بىناسى مەينەتچىلىكلەر ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ۋىنستوننىڭ خىزمىتى شۇ يەردە. ۋىنستون بۇ يەرنىڭ لوندون ئىكەنلىكىنى سەسكىنىش ئىچىدە ئېسىگە ئالدى. بۇ بىرىنچى ھاۋا رايونىدىكى ئەڭ چوڭ شەھەر

بولـۇپ، نوپۇسـنىڭ زىچلىقىـدا، پۈتـۈن ئوكيانىيـە بويىچـە ئۈچىنچـى ئورۇنـدا تۇراتتـى. ئـۇ لونـدون ئەزەلدىـن مۇشـۇنداق بولغىيمىتتـى دەپ باللىـق ئەسـلىمىلىرىنى خىيلـى زورۇقـۇپ ۋاراقـلاپ باقتـى. بـۇ يەردىكـى يىقىلىـپ چۈشـەي دەپـلا قالغـان تاملـىرى ياغاچتـا تىـرەپ قويۇلغـان، دەرىزىلـىرى كارتـون تاختـاي بىلـەن مىخلانغـان، ئۆگزىلـىرى قىڭغىـر - قىيسـىق قاڭالتىـر بىلـەن يېپىلغـان، بىغىنىـڭ تاملـىرى ئۆرۈلـۈپ كېتەيـلا دەپ قالغـان 19 - ئەسـىر ئۇسـلۇبىدىكى ئەبجـەق ئۆيلـەر ئەزەلدىـن بـار بولغىيمىتتـى؟ گـەج - توپـا توزاڭلـىرى بۇقسـۇپ تۇرىدىغـان بومبـا ئازگاللـىرى، يـاۋا ئـوت بېسـىپ كەتكـەن سـاپال تـاش دۆۋىلـىرى، بومبـا ئازگاللىرىغـا سـىڭىپ كەتكـەن توخـۇ كاتىكـىدەك كەپىلەرچـۇ؟ ئەسـلىگەنىنىڭ پايدىسـى بولمـىدى. ئـۇ ھېچنېمىنـى ئېسـىگە ئالالمـىدى. ئارقىسـىنى پـەرق ئەتكىلـى، نېمىلىكىنىمـۇ بىلگىلـى بولمايدىغـان بىـر كۆچلـۈك يورۇقلۇقنىـڭ كۆزىنـى چاقچىنىـلا ئېسـىدە ...

ھەقىقـەت مىنىسـتىرلىكى — مىنىتـرۇ، «يېڭـى تىـل گېزىتـى»دە شۇنداق ئاتىلاتتـى — كـۆز يەتكۈدەك دائىرىدىكـى ھەرقانـداق ئىمارەتتىـن ئالاھـىدە پەرقلىنىـپ تۇراتتـى. ئـۇ پىرامىداسـىمان شـەكىلدە قەۋەتلىنىـك سېلىنغان، ئـاق رەڭلىـك، پارقىـراق بېتـون بىنـا بولـۇپ، ئېگىزلىكـى 300 مېتىـر كېلەتتـى. ۋىنسـتون تۇرغـان جايـدا تـۇرۇپ، پارتىيـە بىناسـىنىڭ سىرتىغا كۆركـەم قىلىـپ يېزىلغـان ئـۈچ شوئارنى ئېنىـق ئوقۇغىلى بولاتتى:

*ئۇرۇش تىنچلىق دېمەكتۇر*
*ھۆرلۈك قۇللۇق دېمەكتۇر*
*نادانلىق قۇدرەت دېمەكتۇر*

ئېيتىلىشـىچە، ھەقىقـەت مىنىسـتىرلىكى بىناسـىنىڭ يـەر ئاسـتى ۋە ئۈسـتىدە بولـۇپ 3000 ئېغىـز ئـۆي بـار ئىـدى. لوندوننىڭ باشقا يەرلىرىدە شـەكلى، ھەجمـى مۇشـۇنىڭغا ئوخشـاش بىنادىـن يەنـە ئۈچـى بـار

ئىدى. بۇلارنىڭ چوڭلۇقىدىن يىبىندىكى قۇرۇلۇشلار ناھايىتى كىچىك كۆرۈنەتتى، زەپەر بىناسىنىڭ ئۆگزىسىدىن، بۇ تۆت بىنانى بىرلا ۋاقىتتا كۆرگىلى بولاتتى. بۇلار ئايرىم - ئايرىم تۆت مىنىستىرلىكنىڭ بىناسى بولۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ پۈتۈن ئورگانلىرى مۇشۇ تۆت مىنىستىرلىككە تەۋە ئىدى.

ھەقىقەت مىنىستىرلىكى دۆلەتنىڭ خەۋەر، كۆڭۈل ئېچىش، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت خىزمەتلىرىگە مەسئۇل ئىدى. تىنچلىق مىنىستىرلىكى ئۇرۇش - مۇداپىئەگە، شەپقەت مىنىستىرلىكى قانۇن - تەرتىپكە، مولچىلىق مىنىستىرلىكى بولسا ئىقتىسادىي ئىشلارغا مەسئۇل ئىدى. ئۇلارنىڭ ناملىرى يېڭى تىل گېزىتىدە مىنىترۇ — Minitrue، مىنىلاۋ — Miniluv، مىنىپاكس — Minipax، مىنىپلېنتى — Miniplenty دەپ ئاتىلاتتى.

بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قورقۇنچلۇقى شەپقەت مىنىستىرلىكى ئىدى. ئۇنىڭ بىناسىدا بىرمۇ دەرىزە يوق ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىش تۇگۇل، ھەتتا بەش يۈز مېتىر بولسىمۇ يېقىن بېرىپ باقمىغان. ئۇ يەرگە پەقەت مۇناسىۋەتلىك خىزمەت بىلەنلا كىرگىلى بولاتتى، كىرگەندىمۇ قويۇق تىكەنلىك سىم توسۇق، يوشۇرۇن پىلىموت ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىستىھكام ۋە قېلىن تۆمۈر ئىشىكلەردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ھەتتا ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان يولدىكى توساقنىمۇ، كالتەك تۇتۇۋالغان قارا كىيىملىك، مۇز چىراي قاراۋۇللار چارلاپ يۈرۈشەتتى.

ۋىنستون تۇيۇقسىز ئارقىسىغا بۇرۇلدى، ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئۈمىدۋارلىق ئىپادىسى چاقناپ تۇراتتى، تامدىكى ئېكرانغا قارىغاندا، چىرايىدا مۇشۇنداق ئىپادە پەيدا قىلىش ياخشى ئىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ ئاشخانىسىغا كىردى، ئاشخانا بەكلا كىچىك ئىدى. ئۇ بۈگۈن مىنىستىرلىكتىن بالدۇر قايتىپ كېلىپ، ئۇ يەردىكى چۈشلۈك تاماقنى قۇربان قىلغانىدى. ئاشخانىدا ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئېلىپ قويغان يوغان بىر پارچە قارا بولكىدىن باشقا نەرسە يوقلۇقى ئۇنىڭغا ئايان.

ئۇ ئىشكاپتىن «زەپەر ئارچا ھارىقى» دەيدىغان ئاق رەڭلىك ماركا چاپلانغان بىر بوتۇلكا رەڭسىز ئىچىملىك ئالدى. ئۇ جۇڭگونىڭ گۈرۈچ ھارىقىدەك ناھايىتى سېسىق، مايلىق ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭدىن يېرىم ئىستاكان قۇيدى ۋە جۇغىدە بىر تىترەشكە تەييارلىنىپ، خۇددى دورا ئىچكەندەك گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى.

ۋىنستوننىڭ يۈزى بىردەمدىلا شالپەردەك قىزىرىپ، كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتتى. بۇ بىر نېمە كىسلاتادەك ئاچچىق بولۇپ، ئىچكەندە دەسلەپتە خۇددى ئارقا مېڭىسىگە ساقچىنىڭ رېزىنكە كالتىكى بىلەن قاتتىق بىرنى يېگەندەك تۇيغۇ پەيدا بولاتتى، ئارقىدىن قورسىقىدىكى كۆيۈشكەندەك بىئاراملىق خېلى يەڭگىللەپ، دۇنيا خېلى كۆڭۈللۈك بىلىنىپ قالاتتى. ئۇ «زەپەر سىگارتى» دېگەن خەت بېسىلغان مىجىلىپ كەتكەن قاپتىن، بىر تال سىگارتنى چىقاردى ۋە دىققەتسىزلىكتىن تەتۈر تۇتۇپ سالغاچقا، ئىچىدىكى تاماكىسى تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ يەنە بىرنى سۇغاردى، بۇدا ئۇنداق بولمىدى. ئۇ ھۇجرا ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ئېكراننىڭ سول تەرىپىگە قويۇلغان كىچىك ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى ۋە تارتمىسىدىن بىر قەلەم قويغۇچ، بىر دۆۋەت سىياھ ۋە تېخى خەت يېزىلمىغان چوڭ، قېلىن خاتىرىدىن بىرنى ئالدى، خاتىرىنىڭ كەينى مۇقاۋىسى قىزىل، ئالدى مۇقاۋىسىغا مەرمەر تاش گۈلى نەقىشى بېسىلغان ئىدى.

نېمىشقىكىن تاڭ، ھۇجرا ئۆيدىكى ئېكراننىڭ ئورنى سەل باشقىچىرەك ئىدى. ئۇ باشقا ئۆيلەردىكىدەك ھۇجرىنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئۇدۇلدىكى تامغا ئورنىتىلماستىن، دېرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا ئورنىتىلغان ئىدى. ئېكراننىڭ بىر تەرىپىدە بىر ئويمان جاي بار ئىدى، ۋىنستون ھازىر دەل مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇقلۇق ئىدى. بەلكىم دەسلەپتە بىنا سېلىنغاندا كىتاب ئىشكاپى قويۇشقا چىقىرىلغان يەر بولسا كېرەك. ۋىنستون مۇشۇ يەردە ئالدىغىراق ئولتۇرسىلا، ئېكراننىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلەيتتى.

ئەلۋەتتە، ئاۋازىنى يەنىلا قوبۇل قىلالايتتى، شۇڭلاشقا بۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرسا، ھېچبولمىسا كۆرۈنمەيتتى. بەلكىم دەل مۇشۇ ئويمان سەۋەبىدىنمۇ، بۇ ھازىر تۇتۇنماقچى بولغان ئىشقا بەل باغلىغان.

ئەمما ئۆزىنىڭكىدەك ئۈنىڭغا بۇ ئىشنى ئۆيدە پ تورغىنى ئاۋۇ ئالاھىدە چىرايلىق خاتىرە ئىدى. خاتىرىنىڭ سىلىق قەغىزى ئازراق كونىراپ سارغىيىپ قالغان بولۇپ، ئۈنىڭغا ئاز دېگەندىمۇ قىرىق يىل بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ۋىنستوننىڭ پەرىزىچە خاتىرە ئۈنىڭدىنمۇ كونا ئىدى. ئۇ بۇ خاتىرىنى شەھەرنىڭ ھازىر قايسى رايونلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدىغان نامرات رايوننىڭ بىرىدىكى بىر ئەخلەت دۇكىنىنىڭ دېرىزىسىدە كۆرگەن ۋە كۆرۈپلا كۆڭلىگە ئوت چۈشكەن ئىدى. ئادەتتە پارتىيە ئەزالىرى بۇنىداق ئادەتتىكى دۇكانلارغا بارسا بولمايتتى (بۇ ئادەتتە ئەركىن بازاردا ئېلىم - سېتىم قىلىش دەپ ئاتىلاتتى). لېكىن بۇ بەلگىلىمە ئۇنچىۋالا چىڭ تۇتۇلۇپ كەتمەيتتى، چۈنكى ساقال تىغى، بوغۇچ دېگەندەك نۇرغۇن ئۆتەشلەر - چۈششەك لازىمەتلىكلەرگە باشقىچە يول بىلەن ئېرىشكىلى بولمايتتى. ئۇ كوچىنىڭ ئىككى بېشىغا جىددىي قاراۋەتكەندىن كېيىن، دۇكانغا غىپپىدە شۇڭغۇغان، ئۇنى ئىككى يېرىم دوللارغا سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ چاغدا بۇ خاتىرىنى نېمە مەقسەتتە سېتىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ خاتىرىنى بىر خىل جىنايەت تۇيغۇسىدا سومكىسىغا سالغىنىچە ئۆيىگە ئەكەلگەنىدى، گەرچە ئۈنىڭغا ھېچنېمە يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىخەتەر مۆلۈك ئەمەس ئىدى.

ئۇ ھازىر بىر كۈندىلىك خاتىرە باشلاپ قويماقچى، ئەلۋەتتە بۇ قانۇنسىز ئىش ئەمەس (ئەلۋەتتە، بۇ يەردە قانۇن بولمىغانلىقتىن، ھېچقانداق ئىش قانۇنسىز ئەمەس)، ئەمما بايقىلىپلا قالسا، تەبىئىيكى ئۆلۈم جازاسى كېلىدۇ، بولمىغاندىمۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىدا 25 يىل ياتىدىغان گەپ. ۋىنستون قەلەمنى قەلەمدانغا تىقىپ، ئۇستىدىكى يۇقۇندىلارنى شوراپ چىقىرىۋەتتى. ھازىر قەلەم

ئالىقاچان ئاسارە ئەتىقىگە ئايلىنىپ قالغان، ئىمزا قويۇشنىمۇ ئۇنچىۋالا ئىشلىتىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ بىر تال گاگبىي قەلەمگە تولىمۇ تەستە ئوغرىلىقچە ئېرىشىۋالغان بولۇپ، ئۇنىڭچە، بۇنداق سىلىق مايلىق قەغەزگە سىياھ قەلەمدە ئەمەس، پەقەت مۇشۇنداق ھەقىقىي گاگبىي قەلەم بىلەنلا خەت يېزىشقا ئەرزىيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قولدا خەت يېزىشقا ئادەتلەنمىگەن ئىدى. ئۇ قىسقا ئەسكەرتمىلەردىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنى ئاۋاز ئۆزگەرتىش ماشىنىسىدا يازاتتى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ ھازىر قىلىدىغان ئىشى ئۈچۈن، ئۇ ماشىنىنى ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ قەلەمنى سىياھقا چىلىدى ۋە بىر نەچچە سېكونت توختاپ قالدى، بىر تىترەك ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ چوققىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئىدى. ئۇ كىچىك - كىچىك كالامپاي ھەرپلەر بىلەن يېزىشقا باشلىدى:

*1984 - يىل 4 - ئاپرېل.*

ۋىنستون كەينىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنى تولىمۇ ئېغىر غېرىپلىق باستى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ نۆۋەتتىكى ۋاقىتنىڭ 1984 - يىلى ئىكەنلىكىگىمۇ ئېنىق جەزم قىلالمايۋاتاتتى. ئۇ يېشىنىڭ بۇ يىل 39 ياش ئىكەنلىكىگە، 1944 - ياكى 1945 - يىلى تۇغۇلغانلىقىغا جەزم قىلالايتتى، شۇڭىمۇ ئۇ ھازىر چوقۇم 1984 - يىللىرى ئەتراپى دەپ ئويلايتتى. ئەمما بۇ كۈنلەردە يىلنى بېكىتكەندە، بىرەر ئىككى يىل ئىلگىرى - كېيىن بولۇشى مۇقەررەر ئىدى.

ئۇ تۇيۇقسىز ئويلاپ قالدى، بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى ئۇ كىم ئۈچۈن يازار؟ كەلگۈسى ئۈچۈن، تۇغۇلمىغانلار ئۈچۈن. ئۇنىڭ ئوي - خىيالى بۇ ئېنىقسىز چىسلا ھەققىدە قىسقىلا چۆگىلىگەندىن كېيىن، يېڭى تىلدىكى ئىبارە «قوش تەپەككۇر» ئۈستىدە توختاپ قالدى. ئۇ قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ قانچىلىك مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ كەلگۈسى بىلەن قانداقمۇ ئالاقە قىلالىسۇن؟ بۇ

ئەسلىدىنلا مۇمكىن ئەمەس ئىشقۇ؟ كەلگۈسى بەلكىم ھازىرغا ئوخشىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولغاندا، ئۇنىڭ يازغانلىرىغا ھېچكىم نەزىرىنى سېلىپمۇ قويمايدۇ، بەلكىم ھازىرقىغا ئوخشىماسلىقىمۇ مۇمكىن، ئۇ ھالدىمۇ ئوخشاشلا، ئۇنىڭ كەلگۈسى ھەققىدىكى بىشارەتلىرىنىڭ تېخىمۇ قىممىتى بولمايدۇ.

ئۇ خېلى ئۇزۇنغىچە قەغەزگە قاراپ ئولتۇردى. ئېكراندىكى ئاۋاز قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان جىددىي رىتىملىق ھەربىيچە مۇزىكىغا ئالماشتى. قىزىق، ئۇنىڭدا ئۆزىنى ئىپادىلىيەلىگىدەك كۈچ قالمىغاندەك قىلاتتى، ھەتتا ئۇ دېمەكچى بولغىنىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ بىر نەچچە ھەپتە مابەينىدە مۇشۇ دەقىقە ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ كەلگەندى، ئۇ بۇ ئىشقا پەقەت جۈرئەتتىن باشقا نەرسە لازىم ئەمەس دەپ ئويلىغانىدى. قەغەزگە چۈشۈرۈش قارىماققا قىيىن ئەمەس ئىدى. پەقەت كاللىسىدىكى يىللار مابەينىدە داۋاملىق بولۇپ تۇرىدىغان مونولوگلىرىنى يازسىلا بولاتتى، ئەمما شۇ تاپتا ئۇ مونولوگلارمۇ قۇرۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ھوشۇقىدىكى يارىسى چىدىغۇسىز قىچىشىشقا باشلىدى، ئەمما قاشلىيالمايتتى، ئۇنداق قىلسا ئۇ يارا تېخىمۇ شەلۋەرەپ كېتەتتى. ۋاقىت ئۆتمەكتە، ئۇنىڭ كاللىسى قۇيقۇرۇق، ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئالدىدىكى ئاق قەغەز، قىچىشىۋاتقان يارىسى، ئاۋۇ باشنى يارىدىغان مۇزىكا ۋە ھاراقنىڭ ئاز - تولا خۇشكەيپلىكىدىن باشقا ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمايتتى.

ئۇ تۇيۇقسىز ئالمان - تالمان يېزىشقا كىرىشىپ كەتتى، نېمىلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇنىڭ تولىمۇ ئۇششاق، بالىلارچە پوچۇركىسى قەغەزگە ئىرماش - چىرماش چۈشۈشكە باشلىدى. دەسلىپىدە چوڭ ھەرپلەرنى يېزىشنى ئۇنتۇپ قالدى، كېيىنچە تىنىش بەلگىلىرى بىلەنمۇ كارى بولمىدى:

*1984 - يىلى، 4 - ئاپرىل. ئالدىنقى ئاخشىمى*

ئۇ كىنوخانىغا بارغانىدى، ھەممىسى ئۇرۇش كىنولىرى ئىدى. كىنودا ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە، پۈتۈنلەي ئەسىرلەر بىلەن توشقان بىر پاراخوتنىڭ بومباردىمان قىلىنغانلىقى تەسۋىرلىنەتتى. تاماشىبىنلار تولىمۇ يوغان، سېمىز بىر ئادەمنىڭ سۇ ئۈزگىنىچە ئۆزىنى قوغلاۋاتقان بىر تىك ئۇچاردىن قېچىۋاتقانلىقىدىن ھۇزۇرلىنىشىپ كەتتى. ئۇ كېلەڭسىز دېڭىز چوشقىسىدەك ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ قاچاتتى. ئارقىدىن ئۇ قورالنىڭ دۇربۇنىدىن كۆرۈندى ۋە پۈتۈن بەدىنى ئۆتمە - تۆشۈك بولۇپ، يېنىدىكى سۇلارنى قىپقىزىل بوياۋەتتى - دە، ھەش - پەش دېگۈچە سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى تۆشۈكلەردىن كىرىۋاتقان سۇلارمۇ ئېنىق كۆرۈندى. تاماشىبىنلار ئۇ چۆكۈپ كېتىۋاتقاندا قىقاس سېلىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، لىپمۇلىق بالا بىلەن توشقان بىر قۇتقۇزۇش قولۋىقى كۆرۈندى، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر تىك ئۇچار ئايلىنىپ يۈرەتتى، باللارنىڭ ئارىسىدا ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى ئوغلىنى قۇچاقلىغىنىچە ئوتتۇرا ياشلاردىكى بىر يەھۇدىي ئايال تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. بالا قورقىنىدىن چىرقىرايتتى ۋە ئايالنىڭ كۆكسىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كېتىدىغاندەك بېشىنى نىختاپ تىققىنىچە ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىۋالغان ئىدى. ئايال ئۆزىمۇ قورقۇپ، تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بالىغا تەسەللىي بېرىۋاتاتتى ۋە خۇددى بىلىكى ئوقنى توسۇپ قالالايدىغاندەك بالىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان ئىدى. تىك ئۇچاردىن قولۋاققا 20 كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى پارتلاتقۇچ تاشلاندى، گۇم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قولۋاق پارە - پارە بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

*كەتتى. ئاندىن بىر بالىنىڭ ئۆزۈلگەن بىلىكىنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى چىقتى، تىك ئۇچارنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلغان كامېرا چوقۇم بۇ كۆرۈنۈشنى ئېلىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. پارتىيە ئەزالىرى ئولتۇرىدىغان ئالدىنقى رەتتىن ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى، ئەمما تۇيۇقسىز پرولېتارلار ئولتۇرىدىغان تەرەپتىن، بىر ئايالنىڭ: «بۇنى كىچىك باللارغا قويۇپ بەرمەسلىك كېرەك، بۇنداق قىلىش دۇرۇس ئەمەس» ، دەپ چوقان كۆتۈرگىنى ئاڭلاندى، ھەش - پەش دېگۈچە ساقچىلار ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھېچكىمنىڭ بۇ ئىش بىلەن كارى بولمىدى. مىنىڭچە ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ، مانا بۇ تىپىك پرولېتارلارچە ئىنكاس، ئۇلار ئەزەلدىن ھېچقانداق ئىشقا ...*

ۋىنستون يېزىشتىن توختىدى. بوينىنىڭ ئاغرىپ كەتكىنىمۇ بىر سەۋەب ئىدى. ئۇ زادى قانداق نەرسىنىڭ ئۆزىنى بۇ ئەخلەتلەرنى يېزىشقا ئۈندىگىنىنى بىلمەيتتى. ئەمما قىزىق تۇيۇلغىنى، ئۇ بۇلارنى يېزىۋاتقاندا، تامامەن ئوخشىمايدىغان باشقا ئەسلىمىلەر ئۇنىڭ كاللىسىدا زاھىر بولۇشقا باشلىدى، ھەتتا ئۇ مۇشۇلارنىمۇ يازاي دەپ ئويلىدى. ئۆزىنىڭ ئۆيگە قايتىپ خاتىرە يېزىشنى قارار قىلىشىغا ھەقىقىي سەۋەب بولغان ھېلىقى ئىش ئەمدى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېسىگە چۈشتى.

ئاشۇنداق چۈشىنىكسىز ئىشنىمۇ تىلغا ئالغۇدەك ئىش دېگىلى بولارمۇ؟ بۇ بۈگۈن ئەتىگەن مىنىستىرلىكتە يۈز بەرگەن ئىدى.

سائەت 11 گە يېقىنلاشقان چاغ، ۋىنستون ئىشلەيدىغان ئارخىپ باشقارمىسى. ھەممەيلەن ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت پائالىيىتى ئۈچۈن كىچىك ئىشخانىلاردىن ئورۇندۇق ئېلىپ چىقىپ، زالدىكى چوڭ

ئېكرانىنىڭ ئالدىغا تىزىۋاتاتتى. ۋىنستون ئوتتۇرا رەتنىڭ بىرىگە ئولتۇراي دەپ تۇرۇشىغا، زالغا ئىككەيلەن كىرىپ كەلدى، ۋىنستون گەرچە ئۇلار بىلەن بىرەر ئېغىز پاراڭلىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇلارنى قاراپلا تونۇدى. ئۇلارنىڭ بىرى دائىم مۇشۇ كارىدوردا مېڭىپ يۈرىدىغان قىز ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭ رومان باشقارمىسىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ بۇ قىزنى كارىدوردا بىر نەچچە قېتىم قوللىرى ماي، كۇلۇچ كۆتۈرۈۋالغان ھالەتتە كۆرگەچكە، ئۇنى رومان يازىدىغان ماشىنىنىڭ بىرەر مېخانىكىلىق خىزمىتىنى قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇ قارىماققا قوپال، چاچلىرى قارا، يۈزى سەپكۈن، ھەرىكىتى چەبدەس، 27 ياشلارئەتراپىدىكى قىز ئىدى. ئۇنىڭ خىزمەت فورمىسىنىڭ سىرتىدىن ئورالغان قىزىل بەلۋاغ — شەھۋانىيلىققا قارشى ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بەلگىسى — خېلى چىڭ بولغاچقا، كاسىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. كۆرگەن دەسلەپكى دەقىقىدىن باشلاپلا بۇ قىز ۋىنستونغا ياقمىغان ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى بار، ئەلۋەتتە. بۇ قىز نەگىلا بارسا ئادەمگە كالتەك توپ مەيدانى، سوغۇق مۇنچا، دالا يۈرۈشلىرىنى ئەسلەتتى ۋە ھېچنىمىگە پەرۋا قىلمايدىغان بىر خىل سوغۇق مۇھىت، كەيپىيات پەيدا قىلاتتى. ۋىنستون ئاساسەن بارلىق ئاياللارنى، بولۇپمۇ ياش ۋە چىرايلىق ئاياللارنى ياقتۇرمايتتى. ئاياللار، بولۇپمۇ ياش ئاياللار پارتىيەنىڭ ئەڭ سادىق ئەگەشكۈچىلىرى، شوئارلىرىغا شەكسىز ئىشەنگۈچىلىرى ۋە ئىشتىن سىرتقى پىدائىي كۆز - قۇلاقلىرى ئىدى. ئەمما بۇ قىز ۋىنستونغا ھەممىدىن خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. بىر قېتىم ئۇلار كارىدوردا ئۇچرىشىپ قالغان ۋە بۇ قىز ئۇنىڭغا قارىغانىدى، شۇ قاراش ۋىنستوننىڭ يۈرىكىگە قاتتىق سانجىلغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئاجايىپ بىر قورقۇنچ چۇلغىۋالغان، ھەتتا ۋىنستوننىڭ كاللىسىغا «ئۇ ئىدىيە ساقچىسى بولۇشى مۇمكىن» دېگەن خىيالمۇ كەلگەنىدى. بىراق ئەمەلىيەتتە، بۇنداق بولۇش ئېھتىماللىقى تۆۋەن ئىدى. ئىشقىلىپ

ئۇنىڭغا يېقىنراق يەردە تۇرسىلا ۋىنستوننى بىر خىل بىئاراملىق، ۋەھىمە ۋە ئۈچمەنلىك تۇيغۇسى چۇلغىۋالاتتى.

يەنە بىرەيلەن ئوبراين ئىسىملىك ئەر كىشى ئىدى. ئۇ ئىچكى پارتىيە ئەزاسى ۋە ھەتتا ۋىنستونمۇ ئۆزى ئېنىق بىلىپ كەتمەيدىغان ناھايىتى مۇھىم خىزمەتلەرگە مەسئۇل ئادەم ئىدى. قارا فورما كىيىۋالغان بۇ ئىچكى پارتىيە ئەزاسى يېقىنلىشىپ كېلىۋىدى، ئورۇندۇق ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئۇيۇر - تويۇر بولۇشۇپ كەتتى. ئۇ ناھايىتى بەستلىك، يۇزى قوپال، سۇرلۇك، شۇنداقتىمۇ يەنە يۇمۇرىستىك كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى. گەرچە ئەپتى سۇرلۇك كۆرۈنسىمۇ، يۇرۇش - تۇرۇشى جەلپكار كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بۇرنى ئۈستىدىكى كۆزەينەكنى پات - پات يۇقىرىغا ئىتتىرىپ قويىدىغان ئادىتى، نېمىشقىكىن ئادەمگە ئېھتىيات قىلمىسىمۇ بولىدىغاندەك بىر خىل خاتىرجەملىك تۇيغۇسى ئاتا قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى — ئەگەر باشقىلارمۇ شۇنداق ئويلىسا — ئادەمگە 18 - ئەسىردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ يىپىندىكىلەرگە غاكزىسىنى سۇنغىنىنى ئەسلىتەتتى. ئون نەچچە يىل ئىچىدە، ۋىنستون ئوبراييننى پەقەت شۇ نەچچە ئون قېتىملا كۆرگەن ئىدى. ۋىنستون ئوبراييننىڭ ئۆزىنى قاتتىق جەلپ قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى، بۇ ھەرگىزمۇ ئوبراييننىڭ سىپايە يۇرۇش - تۇرۇشى بىلەن بوكس چېمپىيونلىرىنىڭكىدەك بەستىنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىسى تۇپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر يوشۇرۇن ئىشەنچتىن ياكى ۋىنستونىڭ ئوبراييننىڭ سىياسىي ساداقىتىنىڭ ئۇ دەرىجىدە قەتئىي ئەمەسلىكىگە بولغان ئۈمىدىدىن كەلگەن دېسەك بەكرەك مۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن.

ئوبراييننىڭ چىرايىدىكى بەزى ئالامەتلەرمۇ شۇنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بەلكىم ئۇنىڭ چىرايىدىكىسى ئۇنىڭ ساداقەتسىزلىكىنىڭ ئەمەس، بەلكى پاراسىتىنىڭ ئالامىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ئەگەر ئېكراننىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز قالغۇدەك پۇرسەتكە

ئېرىشكىلى بوپقالسا، ئۇ ئادەم سىرلىرىنى تۆكۈۋەتكىسى كېلىدىغان كىشى ئىدى. ۋىنستون بۇ پەرىزىنى ئىسپاتلاشقا كىچىككىنە بولسىمۇ ئۇرۇنۇپ باقمىغان ئىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا ئوبراين قولىدىكى سائەتكە قارىدى ۋە ئون بىرگە يېقىنلاشقانلىقىنى كۆردى. ۋە بۇ ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت پائالىيىتىدە مۇشۇ ئارخىپ باشقارمىسىدا بولۇشنى قارار قىلدى ۋە ۋىنستوندىن ئىككى ئورۇندۇق يىراقلىقتىكى ئورۇندا ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋىنستونغا قوشنا ئىشخانىدا ئىشلەيدىغان قۇمسېرىق چاچلىق، ۋىجىك ئايال بار ئىدى. قارا چاچلىق ھېلىقى قىز دەل ۋىنستوننىڭ كەينىدىلا ئىدى.

ئېكراندىن ئادەمنى سەل باستۇرىدىغان، مايسىراپ كەتكەن غايەت زور ماشىنىنىڭ ئاۋازىدەك بىر نۇتۇق ئاڭلاندى. بۇ ئادەمنىڭ چىشىنى چاقىلدىتىپ، چاچلىرىنى تىك تۇرغۇزۇۋېتىدىغان ئاۋاز ئىدى. نەپرەت پائالىيىتى باشلاندى.

ھەر دائىمقىدەك خەلق دۈشمىنى گولدستېيننىڭ چىرايى ئېكراندا كۆرۈندى. پەستىكى يىغىن ئەھلى ئارىسىدا ئۇيان - بۇياندىن ئىسقىرتىشلار باشلاندى. قۇمسېرىق چاچلىق، ۋىجىك ئايالنىڭ چىرايى قورققان ۋە سەسكەنگەنلىكتىن پۈرۈشۈپ كەتتى. گولدستېيين ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى (قانچىلىك ئۇزاقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ) ئەسلىدە پارتىيەنىڭ غوجاكام بىلەن تەڭ دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ بىرى ئىكەن، كېيىن ئاينىپ خائىن بولۇپ كەتكەن ۋە پارتىيەگە قارشى ئىش - ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان ئىكەن، تۇتۇلۇپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسىمۇ، قانداق بولغان تاڭ، قېچىپ كەتكەن ۋە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن غايىب بولغان ئىكەن. ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت پائالىيىتى ھەر كۈنى پەرقلىق ئېلىپ بېرىلسىمۇ، ھەر قېتىمدا گولدستېيين يەنىلا ئاساسلىق نەپرەت نىشانى ئىدى. ئۇ، پارتىيەنىڭ ساپلىقىنى ئەڭ باشتا بۇلغىغان ئەڭ چوڭ خائىن ئىدى. پارتىيەگە قارشى بارلىق

www.uyghurkitap.com

سۇيىقەست، ئاينىش، دۈشمەنلىك ـ بۇزغۇنچىلىقلار، باشقا زەھەرلىك ئىدىيىلەر گولدستېيننىڭ تەلىماتلىرىنى مەنبە قىلاتتى. ئۇ مەلۇم يەردە چەت ئەلدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ ياردىمىدە، ئۆزىنىڭ پارتىيەگە قارشى سۇيىقەستلىرىنى پىلانلاۋاتاتتى، بەلكىم دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىدە بولۇشى مۇمكىن، ھەتتا بەزى سۆز ـ چۆچەكلەردە، ئۇ ئوكىيانىيەنىڭ مەلۇم جايىدا يوشۇرۇنۇۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن دېگەندەك گەپلەرمۇ بار ئىدى.

ۋىنستوننىڭ كۆكسى سىقىلغاندەك بولدى. ۋىنستون دائىم گولدستېيننىڭ يۈزىدە تولىمۇ ئازاب چېكىۋاتقاندەك بىر ئىپادىنى كۆرەتتى، ئۇ بىر ئورۇق يۈزلۈك يەھۇدىي ئىدى. چوققىسىدا قويۇق ئاق چاچ ھالقىسىمان ئورۇن ئالغان، زاڭىقىدا شالاڭ ئۆچكە ساقال بار ئىدى، ئۇ بىر ئەقىللىق ئادەمنىڭ چىرايى ئىدى، ئەمما يەنىلا تېگىدىن رەزىللىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇزۇن بۇرۇنلىرىدىن ياشانغانلارغا خاس بىر خىل ھاڭۋاقتىلىق ئەلەڭگىيتتى. بۇرنىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە كۆزەينەك قوندۇرۇلغان، يۈزى قوينىڭ يۈزىگە، ھەتتا ئاۋازىمۇ قوينىڭ ئاۋازىغا ئوخشايتتى. گولدستېين دائىمقىدەك پارتىيەنىڭ تەلىماتلىرىغا زەھەرخەندىلەرچە ھۇجۇم باشلىدى. بۇ سۆزلەر شۇنچىلىك ھەددىدىن ئاشقان ۋە بىمەنە ئىدىكى، كىچىك بالىمۇ بايقىۋالالايتتى، ئەمما بۇ گەپلەر ئادەمنى، كاللىسى ئاددىيراق كىشىلەرنى دامىغا چۈشۈرۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىكەن، ئېھتىياتچان بولاي دېگەن تۇيغۇغا ئەكىلىپ قوياتتى. ئۇ غوجاكىنى ھاقارەتلەۋاتاتتى، پارتىيە دىكتاتورلۇقىنى تەنقىتلەۋاتاتتى، ياۋروئاسىيا بىلەن دەرھال تىنچلىق ئورنىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى، سۆز ئەركىنلىكى، نەشرىيات ئەركىنلىكى، يىغىلىش ئەركىنلىكى، پىكىر ئەركىنلىكى قاتارلىقلارنى تەرغىپ قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىنغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ ساراڭلارچە تووۋلاۋاتاتتى. پارتىيەنىڭ باياناتچىلىرىنىڭ سۆز ئۇسلۇبىنى تەقلىد قىلغان، كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىدىغان بۇ نۇتۇقتا، يېڭى تىلدىنمۇ ئىبارىلەر

بار ئىدى، ھەتتا ئۇ بۇ سۆزلەرنى ھەرقانداق پارتىيە ئەزاسىدىنمۇ كۆپ ئىشلەتتى. شۇ ۋاقىتتىنىڭ ئۆزىدە، يەنە گولدستېيىننىڭ بۇ تېشى پال - پال دەبدەبىلىك سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدە، ئۇنىڭ ئەمەلىي پائالىيىتىدىن دەرگۇمان بوپقالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كەينىدە ئاسىياچە چىرايلاردىن تەشكىللەنگەن سەپ - سەپ ياۋروئاسىيا ئارمىيەسىنىڭ مۇز چىراي، ئىپادىسىز ئەسكەرلىرى بىر سەپ - بىر سەپتىن ئېكرانغا لاپپىدە چىقىپ يوقاپ كېتىشكە باشلىدى، ئەسكەرلەرنىڭ مارشقا ماگغاندىكى ئۆتۈك ئاۋازى، گولدستېيىننىڭ يېقىمسىز ئاۋازىغا ئارقا كۆرۈنۈش بولۇپ بەردى.

نەپرەت پائالىيىتى باشلىنىپ ئوتتۇز سېكونت ئۆتە - ئۆتمەيلا، يېرىمدىن كۆپرەك كىشى غەزەپتىن ۋارقىراپ - جارقىراشقا باشلىدى. ئېكراندىكى ئاۋۇ كۆرەڭ قوي چىرايغا ۋە ئۇنىڭ كەينىدىكى ياۋروئاسىيا ئارمىيەسىنىڭ قورقۇنچلۇق قۇدرىتىگە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى، ئۇنىڭدىن باشقا گولدستېيىننى كۆرۈش، ھەتتا خىيال قىلىپ سېلىشمۇ، ئادەمدە تەبىئىيلا غەزەپ ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. گولدستېيىن ياۋروئاسىيا ياكى شەرقىي ئاسىيادىنمۇ تولا نەپرەت ئوبيېكتى بولاتتى، چۈنكى ئوكيانىيە دائىم ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىرى بىلەن تىنچلىقتا تۇراتتى. ھالبۇكى، تولىمۇ غەلىتە ئىش شۇكى، ھەر زامان، ھەر كۈنى نەچچە مىڭ قېتىملاپ سەھنە - ئېكرانلاردا، گېزىت - ژۇرنال، كىتابلاردا گولدستېيىننىڭ نەزەرىيىلىرىگە رەددىيىلەر بېرىلىپ، دەسسەپ - چەيلىنىپ، بىمەنىلەشتۈرۈلۈپ ئەخلەتكە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تەسىرى ھېچ پەسەيگەندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا قىزىقىدىغان يېڭى - يېڭى ئەخمەقلەر دائىم چىقىپ تۇراتتى. ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ گولدستېيىننىڭ پىلانلىشى ۋە تەشكىللىشى بىلەن قىلىنغان بۇزغۇنچىلىق، دۆشمەنلىكلەرنى پاش قىلمايدىغان كۈنى يوق ئىدى. ئۇ دۆلەتنى ئاغدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان چوڭ بىر كۆلەڭگە ئارمىيىنىڭ ۋە بىر كەڭ كۆلەمدىكى مەخپىي يەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستى سۇيىقەست تورىنىڭ باش قوماندانى ئىدى. بۇ تورنىڭ ئىسمى «قىبرىنداشلار» ئىدى. يەنە ئۇ يەر - بۇ يەردە مەخپىي تارقىلىپ يۈرگەن، گولدستېيننىڭ بۇزۇق تەلىماتلىرى تەشۋىق قىلىنىدىغان بىر قورقۇنچلۇق كىتابنىڭ بارلىقى توغرىلىق سۆز - چۆچەكلەرمۇ تارقىلىپ يۈرەتتى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ كىتابنىڭ ماۋزۇسى يوق ئىكەن، كىشىلەر ئۇنى پەقەت «كىتاب» دەپلا ئاتايتتى. ئەمما ھەممەيلەن بۇنىڭدىن پەقەت مۇشۇنداق سۆز - چۆچەك ئارقىلىقلا خەۋەر تاپاتتى. گولدستېيننى ياكى ئۇنىڭ ھېلىقى كىتابىنىمۇ ئادەتتىكى ھەرقانداق پارتىيە ئەزاسى ئاشكارا تىلغا ئېلىشتىن ئامال بار ئۆزىنى قاچۇراتتى.

پائالىيەتنىڭ ئىككىنچى مىنۇتىدا نەپرەت بىلدۈرۈش ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى. كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ سەكرەشكە، كارنىيى يىرتىلغۇدەك يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراشقا باشلىدى. ئاۋۇ ۋىجىك، قۇمسىرىق چاچ خوتۇن ئاللىبۇرۇن قىزىرىپ ئاپپىلىسىن رەڭگىگە كىرىپ قالغان، ئېغىزلىرى قىرغاققا چىقىپ قالغان بېلىقنىڭكىدەك ئېچىلىپ - يۇمۇلۇپ تۇراتتى. ھەتتا ئوبرايىننىڭ يۈزىمۇ چىڭقىلىپ، قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئورۇندۇقىدا تۈپتۈز ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تارمۇشتەك چىڭ كۆكسى بىر ئېگىزلەپ - بىر پەسلەپ، خۇددى كۈچلۈك دولقۇنغا قارشى كۈچەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. ئارقا ئورۇندۇقتىكى قاراچاچلىق قىز بولسا «چوشقا، چوشقا، چوشقا» دەپ ۋارقىراپ تىللاپ، تۇيۇقسىز يېنىدىكى قېلىن «يېڭى تىل لۇغىتى»نى ئېكرانغا ئاتتى. لۇغەت گولدستېيننىڭ بۇرنىغا تەگدى ۋە ئارقىغا يېنىپ چۈشتى. ۋىنستون ئېسىگە كېلىپ ئۆزىنىڭمۇ ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بىللە ۋارقىراۋاتقانلىقىنى، سونجىقى بىلەن ئورۇندۇقنىڭ ئارقا تاختىسىغا كۈچەپ تېپىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. نەپرەت پائالىيىتىدىكى قورقۇنچلۇق ئىش — بۇ يەردىكى ئومۇمىي خورغا ئاماللىسىزلىقتىن تەڭ تۇۋلاش ئەمەس، بەلكى دەل ئەكسىچە ئۆزى خالاپ ئىچىگە كىرىپ كېتىش ئىدى، ئۇنىڭغا قاتناشماسلىق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باشلىنىپ ئوتتۇز سېكونتتىن كېيىن، ھەرقانداق

ياسالمىلىق مۇمكىن ئەمەس ئىدى، قورقۇنچ ۋە قىساسخورلۇقتىن پەيدا بولغان بىر خىل كەيپىيات، قىيناش، ئۆلتۈرۈش، يۈزلىرىنى بازغان بىلەن مىجىۋېتىشتەك بىر خىل ئارزۇ ـ ئىستەك خۇددى كۆچلۈك توك ئېقىمىدەك ھەممەيلەنگە تارايتتى، ھەتتا ھەممەيلەننى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا، يۈزلىرى تاتىرىپ، تۈرۈلۈپ كەتكەن، جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىراۋاتقان ساراڭلارغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ كىشىلەر ھېس قىلىۋاتقان غەزەپ ـ نەپرەت تولىمۇ ئابستراكىت، ئوبيېكتى مەۋھۇم ئىدى، ھەر دائىم باشقا نىشانغا تىغ ئۇچىنى قارىتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. ھەقىقەتەنمۇ بىر قېتىم، ۋىنستوننىڭ نەپرىتى ئېكراندىكى گولدستېينغا ئەمەس، دەل ئەكسىچە غوجاكىغا، پارتىيەگە، ئىدىيە ساقچىلىرىغا بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى ـ دە، قەلبى ئېكراندىكى ھەممەيلەن تىللاۋاتقان تەنھا ئازغۇنغا تەلپۈنۈپ قالدى. ۋىنستوننىڭ نەزىرىدە، ئۇ يالغان قاپلىغان بۇ دۇنيادىكى ھەقىقەت ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ بىردىنبىر يېگانە مۇھاپىزەتچىسى ئىدى. ئەمدىكى دەقىقىدە، ئۇ بىردىنلا يېنىدىكى ئادەملەرگە جۆر بولۇپ كەتتى، ۋىنستونغا نىسبەتەن پارتىيەنىڭ گولدستېين ھەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ ھەممىسى ھەقىقەت ئىدى. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇنىڭدىكى غوجاكىغا بولغان ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى چوقۇنۇشقا ئايلىناتتى، غوجاكا ئۇنىڭغا ئاسىياغا تۇتاش چېگرىدا بەھەيۋەت تۇرغان، ئەمما كۆرگىلى بولمايدىغان، غايەت زور، كۆچلۈك بىر قوغدىغۇچىنىڭ سىماسىغا ئايلىناتتى، گولدستېين بولسا ئۆزى شۇنداق يالغۇز، بىچارە تۇرۇپ — ھەتتا ئۇنىڭ بار ـ يوقلۇقى ھەققىدىكى گۇمان تۇرۇقلۇق — سۆزلىرىنىڭ قۇدرىتى بىلەنلا، بىر پۈتۈن مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى پاچاقلاپ تاشلىيالايدىغان بىر شۇم سېھرىگەرگە ئوخشايتتى.

بەزى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى بەزى پىدائىي ھەرىكەتلەر بىلەن نىشاندىن بۇرۇۋەتكىلى بولاتتى. چۈشىدە قارا باسقان ئادەم، بېشىنى تۇيۇقسىز ياستۇقتىن سىلكىپ كۆتۈرگەندەك، ۋىنستونمۇ

نەپرىتنى ئېكراندىكى چىرايدىن، كەينىدىكى قارا چاچلىق قىزغا ئۇچۇشلۇق قارىتالىدى. تولىمۇ سۈزۈك، گۈزەل بىر خىيال ئۇنىڭ كاللىسىدىن كېچىپ ئۆتتى: ئۇ قاراچاچ قىزنى رەزىنكە كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى، تۈۋرۈككە يالىڭاچ باغلاپ قويۇپ، ئۇلۇغ ساباستىيانغا قىلغاندەك (ئۇ قەدىمكى رۇمنىڭ ساقچىسى، ئەڭ دەسلەپكى خىرىستىيان مۇرىتلىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇن ئەسكەرلەرنى خىرىستىيان دىنىغا باشلىغان، پادىشاھ بۇ ئىشنى ئۇقۇپ قېلىپ ئۇنى تۈۋرۈككە باغلاپ، نۇرغۇن ئوقيا ئېتىپ ئۆلتۈرمەكچى بولغان، ئەمما ئۆلمىگەچكە ئاخىرى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن — خەنزۇچە تەرجىمانىنىڭ ئىزاھاتى) نۇرغۇن ئوقيا بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلىدى. ھەتتا پائالىيەت قايناپ قىيامىغا يەتكەندە، ئاۋۋال ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىشنى، ئاندىن بوغۇزلىۋېتىشنى ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭغا نېمىشقا شۇنچە ئۆچلۈكىنى ئەمدى بىلدى. چۈنكى ئۇ چىرايلىق، ئەمما سەتەڭ ئەمەس ئىدى، ۋىنستوننىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغۇسى بار ئىدى، ئەمما بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نازۇك، ئىنچىكە بەللىرى «كەل، باغرىڭغا باس» دەيدىغان سىگنال تارقىتىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇنىڭ بېلىدە پاكلىقنىڭ سۈرلۈك سىمۋولى بولمىش، ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان قىزىل بەلۋاغ بار ئىدى.

نەپرەت بىلدۈرۈش يۇقىرى پەللىگە چىقتى. گولدستېيىننىڭ ئاۋازى ئەمدى ھەقىقىي قوينىڭ ئاۋازىغا ئوخشاشقا باشلىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇنىڭ يۈزىمۇ قوينىڭ يۈزىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ يۈزى ئېكراندىكى يوغان ئاپتوماتنى تىك تۇتۇۋالغان، ناھايىتى زەبەردەست كۆرۈنىدىغان ياۋروئاسىيالىق بىر ئەسكەرنىڭ كۆرۈنۈشىگە سىڭىپ كىرىپ كەتتى، ئۇ ئېكرانغا بەكلا يېقىن تۇرغان بولۇپ، ھېلىلا چىقىپ كېلىدىغاندەك كۆرۈنەتتى، ھەتتا ئالدىنقى رەتتىكى بەزى كىشىلەر جىددىيلىشىپ ئارقىسىغا داجىشىپ كېتىشتى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھەممەيلەن ئۇھ دېيىشىپ يەڭگىللىگەندەك بولدى.

ئېكراندىكى قورقۇنچلۇق ئەسكەرمۇ غوجاكىنىڭ سۈرىتىگە سىڭىپ كەتتى، ئۇ قارا چاچلىق، قارا بۇرۇتلۇق، ئۈزايىدىن كۈچلۈكلۈكى چىقىپ تۇرىدىغان، ئىنتايىن سىرلىق، تەمكىن كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى. سۈرەت ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يۈزى ئېكرانغا لىق كەلگەنىدى. ھېچكىم غوجاكىنىڭ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىدى. ئۇ پەقەت بىر نەچچە ئېغىز رىغبەتلەندۈرىدىغان گەپلەرنى قىلدى، ئاۋاز ئۇرۇش مەيدانىدىكى جالاق - جۇلۇق، قىقاس - چۇقانىنىڭ ئارىسىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلانغاچقا، ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولمىدى، ئەمما ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىكىنى كۆرۈشنىڭ ئۆزىلا كىشىلەردە ئىشەنچ پەيدا قىلىشقا يېتەرلىك ئىدى. ئاندىن كېيىن غوجاكىنىڭ يۈزىمۇ ئاستا - ئاستا سۇسلاشتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە پارتىيەنىڭ يوغان خەتلىك ئۈچ شوئارى كۆرۈندى:

*ئۇرۇش تىنچلىقتۇر،*
*ھۆرلۈك قۇللۇقتۇر،*
*نادانلىق قۇدرەتتۇر*

غوجاكىنىڭ يۈزى ئېكراندا يوقاپ كەتمەي بىر نەچچە سېكونت تۇردى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلىنىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتى. ۋىنستوننىڭ كەينىدىكى ھېلىقى ۋىجىك ئايال توساتتىن ئۆزىنى ئالدىدىكى ئورۇندۇقتىن ئاشۇرۇپ ئالدىغا ئاتتى ۋە «نىجادچىم! » دېگەن تىترەڭگۈ ئاۋازدا قوللىرىنى ئېكرانغا سوزدى، ئاندىن كېيىن ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىيپىدى، ئېنىقكى ئۇ دۇئا قىلىۋاتاتتى.

بۇ ۋاقىتتا ھەممەيلەن تولىمۇ پەس، ئاستا، رىتىملىق ئاۋازدا b b - - - دەپ غوڭۇلداشقا باشلىدى، ئىككى b نىڭ ئارىسىدىكى تۇرغۇ تولىمۇ ئۇزۇن داۋاملىشاتتى. بۇ ئېغىر، سۈرلۈك ئاۋازغا بىر

خىل ياۋايلىق يوشۇرۇنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇددى يالىڭاياق تاپانلىرى بىلەن يەرگە دەسسەۋاتقاندەك، ئالقانلىرىدا چاۋاك چېلىۋاتقاندەك ئاۋازمۇ ئاڭلىناتتى. بۇ تەخمىنەن يېرىم مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشتى. بۇ ئادەتتە ھېسسىيات يۇقىرى پەللىگە چىققان ۋاقىتتىكى، ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىشتىن چىقىدىغان ئاۋاز ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ غوجاكىنىڭ دانالىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا ئوقۇلۇۋاتقان مەدھىيە ئىدى. ئەمما بۇ ماھىيەتتە، رىتىملىق ئاۋازدىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى گىپنوز قىلىش (ئۆزىنى ئۇخلىتىش)، مەقسەتلىك تۇيغۇسىزلىنىش ئىدى. ۋىنستوندا ئىچ ئەزالىرى مۇزلىغاندەك بىر سىزىم پەيدا بولدى. بۇ ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت پائالىيىتىدە، ۋىنستون ئۆزىنى بۇ ئومۇمىي ئەسەبىيلىككە كىرىپ كېتىشتىن تۇتۇپ قالالمايتتى. ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بۇ b - - b دېگەن ئاۋازدىن، ۋىنستوننىڭ ۋۇجۇدى قورقۇنچقا تولاتتى.

ئەلۋەتتە، ئۇمۇ باشقىلار بىلەن بىللە تەڭ توۋلايتتى، توۋلىماسلىقمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. تۇيغۇنى يوشۇرۇش، چىرايىنى كونترول قىلىپ، باشقىلار قىلغاننى تەڭ قىلىش، بەدەننىڭ تەبىئىي ئىنكاسىغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئەمما بەزى تەسادىپىي دەقىقىلەردە، ۋىنستوننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلاتتى. دەل ئەنە شۇنداق تەسادىپىي بىر پەيتتە، بىر ئالاھىدە ئىش يۈز بەردى. ئەگەر ھەقىقەتەن يۈز بەردى دېيىش توغرا بولسا.

مانا بۈگۈنكى بۇ پائالىيەت جەريانىدا، ئۇنىڭ كۆزى تۇيۇقسىز ئوبراييېننىڭكى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئوبراييېن ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزەينەكنى ئالدى ۋە قايتىدىن تاقىدى. مانا مۇشۇ سېكونتقا يەتمىگەن ۋاقىت، ۋىنستونغا يېتەرلىك بولغانىدى، ئۇ بىلىپ قالدى! ئۇ ئوبراييېنمۇ شۇ تاپتا ئۆزىگە ئوخشاش ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئۇچۇر خاتاسىز يەتكۈزۈلدى. ئىككەيلەننىڭ مېڭىسى ئېچىلىپ كېتىپ، كاللىسىدىكى خىياللىرى كۆزلىرى ئارقىلىق بىر - بىرىنىڭ

مىڭىسىگە قۇيۇلغانىدەك بىر ئىش يۈز بەردى. «مەن سەن بىلەن بىللە.» ئوبرايىن ۋىنستونغا شۇنداق دەۋاتقاندەك قىلاتتى. «مەن سېنىڭ قانداق تۇيغۇدا ئىكەنلىكىڭنى ئوبدان بىلىمەن، سېنىڭ ئۆچمەنلىكىڭ، نەپرىتىڭ، سەسكىنىشىڭنى بىلىمەن. ئەمما غەم قىلما، مەن سەن تەرەپتە!» بۇ ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش دەقىقىلىرى يەنە شۇنداق تېزلا ئاخىرلاشتى، ئوبرايىننىڭ يۈزىمۇ باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاش ھېچنېمىنى ئۇققىلى بولمايدىغان ئىپادىسىز ھالىتىگە قايتتى.

يۈز بەرگەن ئىش مانا مۇشۇ ئىدى. ۋىنستون ئۆزىمۇ ھازىر شۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە جەزم قىلالمايتتى. بۇنداق ۋەقەلەرنىڭ داۋامى بولمايتتى. سىز بۇنداق ئىشلار ئارقىلىق پەقەت پارتىيەنىڭ يەنە سىزدىن باشقىمۇ دۈشمەنلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالىيتتىڭىز ۋە بىر خىل ئىشەنچ، ئۈمىدكە تولاتتىڭىز. بەلكىم كەڭ كۆلەملىك مەخپىي ھەرىكەتلەر راست بولۇشى، ھەتتا قېرىنداشلار ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئىدى! ساناقسىز قولغا ئېلىش، سوراق قىلىش، ئۆلۈم جازالىرىدىن كېيىنمۇ ، قېرىنداشلارنىڭ پەقەت بىر چۆچەك ئەمەسلىكىنى، مەۋجۇدلۇقىنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋىنستون بەزى كۈنلىرى بۇنىڭغا ئىشىنەتتى، بەزى كۈنلىرى بولسا ئىشەنمەيتتى. بارلىقىغا ئىسپات يوق ئىدى. بەزىدە ھاجەتخانىلارنىڭ تېمىغا چىجىلانغان ئوقۇش تەس خەتلەر ياكى مەخپىي تىڭشىلىپ قالغان دىئالوگلار ياكى ھەتتا ئىككى ئادەم كۆرۈشكەندە، قوللىرىنىڭ سەل باشقىچە مىدىرلاپ كېتىشى دېگەنلەرنىڭ كۆرۈشۈش پارولى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز - چۆچەك بولاتتى، ئەمما بۇلار ھېچنېمىنى بىلدۈرەلمەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت پەرەزدىنلا ئىبارەت ئىدى، ھەتتا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋىنستوننىڭ ئۆزىنىڭلا خىيالى بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئوبرايىنغا قايتا قارىماي ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بۇنداق دەقىقىلىك ئالاقىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇش، ئۇنىڭ خاللىسىغا كىرىپمۇ چىقمىدى. ھەتتا ئۇ قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ناھايىتى خەتەرلىك ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. شۇ قىسقىغىنە بىر ياكى ئىككى سېكونتتا ئۇلار ئىككى بىسلىق مەلۇم مەنىلەرنى ئالماشتۇرۇشتى. يۈز بەرگەن ئىشنىڭ جىمسى مانا شۇ. ئەمما ھەممە ئۆزىنىڭ تەنھالىقىغا چۆككەن مۇشۇنداق چاغلاردا، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەستىن چىقمىغۇدەك ئىش ئىدى.

ۋىنستون ئۆزىنى رۇسلاپ ، قەددىنى تىكلەپراق ئولتۇردى. ئۇ گارتىندە بىرنى كېكىرىۋەتتى. ھاراق كۈچىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى قايتىدىن قەغەزگە تىكىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بايىقى خىياللارنى قىلىپ تۇرغاندىمۇ، قولىنىڭ توختىماي خەت يېزىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، ئۇنىڭ قولى ئاپتوماتىك ھەرىكەتلىنىۋاتقاندەك ئىدى. خەتلىرىمۇ بايامقىدەك ئىمىر - چىمىر، سەت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەلىمى سىلىق قەغەز ئۈستىدە زوق - شوق بىلەن يۈگرەۋاتاتتى، ئۇ چوڭ ھەرپلەردە يوغان قىلىپ مۇنۇ خەتلەرنى قايتا - قايتا يېزىپ، قەغەزنىڭ يېرىمىنى توشقۇزۇۋەتتى:

*غوجاكىنى يوقىتايلى*
*غوجاكىنى يوقىتايلى*
*غوجاكىنى يوقىتايلى*
*غوجاكىنى يوقىتايلى*
*غوجاكىنى يوقىتايلى*

ئۇ تۇيۇقسىز ساراسىمىگە چۈشتى. تولىمۇ غەلىتە ئىش، ئەمەلىيەتتە بۇلارنى يېزىش، ھەرگىز خاتىرىنى باشلاشتىن خەتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ بىردىنلا يېزىپ بولغانلىرىنى يىرتىۋېتىشنى، ھەتتا ۋاز كېچىشنىمۇ ئويلاپ قالدى.

ئۇ ئۇنداق قىلمىدى، چۈنكى ئۇ ئەمدى ۋاز كەچكەنىنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلەتتى، مەيلى ئۇ «غوجاكىنى يوقىتايلى» دېگەننى يازسۇن - يازمىسۇن، ئاقىۋەت بەرىبىر ئوخشاش ئىدى. ئۇ بۇ

خاتىرىنى داۋاملاشتۇرسۇن ياكى داۋاملاشتۇرمىسۇن، پەرقى يوق ئىدى، ئىدىيە ساقچىلىرى ئوخشاشلا ئۇنى قولغا ئالاتتى. چۈنكى ئۇ بىر ئېغىر جىنايەت سادىر قىلدى، قەلەمنى قەغەزگە تەگكۈزمىگەندىمۇ، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان جىنايەت بولمىش ئىدىيە جىنايىتىنى ئۇ ئالللىقاچان سادىر قىلىپ بولغانىدى. ئۇلار بۇنى شۇنداق ئاتايتتى.

ئىدىيە جىنايىتى مەڭگۈ يوشۇرۇپ قالغىلى بولىدىغان جىنايەت ئەمەس ئىدى. بەلكىم بىر مەزگىل ياكى بىر نەچچە يىل تۇتۇلۇپ قالماي يۈرەلىشىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشىشىڭىز ھامىنى مۇقەررەر ئىدى.

قولغا ئېلىش تولا چاغلاردا كېچىسى ئېلىپ بېرىلاتتى. تۇيۇقسىز ئۇيقۇدىن سىلكىپ ئويغىتىلىشىڭىز، مۈرىڭىزدىن تارتقۇشلىنىشىڭىز، كۆزىڭىزنى ئېچىپ كارىۋات بېشىدا نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆرۈشىڭىز، كۆزىڭىزگە تۇتۇلغان چىراغلارنىڭ ئۆتكۈر نۇرىغا دۇچ كېلىشىڭىز تامامەن تەبىئىي ئىش ئىدى. بۇنداق دېلولارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىدە سوراق خاتىرىسى، قولغا ئېلىش خاتىرىسى بولمايتتى. ئىسىم ـ فامىلىڭىز بارلىق مۇناسىۋەتلىك دەپتەر، كىنىشكىلەردىن ئۆچۈرۈلەتتى، بارلىق ئىزىڭىز تولۇق يوقىتىلاتتى، بىر دەمدىلا تەلتۆكۈس ئۇنتۇلاتتىڭىز. سىزدەك ئادەم ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان بولاتتى. كىشىلەر بۇنى «پارغا ئايلىنىش» دەپ ئىپادىلەيتتى.

توساتتىنلا ئۇنى بىر خىل جىددىيلىك قاپلىۋالدى، ئۇ تولىمۇ جىددىي يوسۇندا قالايمىقانلا خەت يېزىشقا باشلىدى:

*ئۇلار مېنى ئېتىۋېتىدۇ، مەيلى كارىم يوق. ئۇلار مېنىڭ ئارقا مېڭەمگىلا ئاتىدۇ، كارىم يوق! غوجاكىنى يوقىتايلى، ئۇلار ھەمىشە سېنىڭ ئارقا مېڭەڭگىلا ئاتىدۇ، نېمە بولسا مەيلى، غوجاكىنى يوقىتايلى!*

ئۇ ئۆزىنى كەينىگە تاشلىدى. ئۇ ئۆزىدىن سەل نومۇس قىلىپ قالدى ۋە قەلىمىنى ئاستا قويدى. ئاندىن كېيىنلا ئۇ يەنە شارتىلدىتىپ يېزىشنى باشلاپ كەتتى. ئىشىك چېكىلدى.

ئاللىقاچان؟ ! ئۇ چاشقاندەك شۈك بولۇپ قالدى، ئۇ «كىم بولسا بىرەر قېتىم چېكىپ بېقىپ كېتىپ قالار» دېگەن ئۈمىتتە سەل كۈتۈپ باقتى، ئەمما ئىشىك يەنە چېكىلدى. كېچىكتۈرۈش تېخىمۇ خەتەرلىك ئىدى. ۋىنستوننىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئۇزاق مۇددەتلىك ئادەت تۈپەيلى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا مۇزدەك ئىپادىسىز ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئىشىككە قاراپ ماڭدى.

## 2

ۋىنستون ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىنى تۇتقاندىلا خاتىرىنىڭ ئۈستەلدە ئوچۇق قالغانلىقى ئېسىگە كەلدى، «غوجاكىنى يوقىتايلى» دېگەن خەت قەغەزنىڭ ھەممە يېرىنى لىق ئالغان ئىدى، خەت ناھايىتى چوڭ يېزىلغاچقا، ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرگەنلا ئادەم ئۇنى گەپ يوق كۆرمەي قالمايتتى. ۋىنستون ئادەم ئىشەنگۈسىز بىر خاتالىق سادىر قىلغان ئىدى. قەغەزدىكى سىياھ تېخى قۇرۇمىغاچقا، ئۇ قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن بولسىمۇ، يەنىلا خاتىرىنى ياپماسلىقنى توغرا تاپتى.

ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. قاراپلا ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئىچ - ئىچىدىن بىر يەڭگىللىك تارالدى. ئىشىك ئالدىدا رەڭگى - روبىنىڭ ئۆڭگى يوق، قورۇق باسقان چىرايىدىن قايغۇ چىقىپ تۇرىدىغان، چاچلىرى شالاڭ بىر ئايال تۇراتتى.

— يولداش، — دېدى ئۇ بىر خىل ئېغىر، ئىڭرىغاندەك ئاۋازدا، — سىزنىڭ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىغاندەك قىلغانتىم، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئاشخانىسىنىڭ دېسىغا قاراپ باقالارسىزمۇ؟ توسۇلۇپ قاپتىكەن ...

ئـۇ مۇشـۇ قەۋەتتىكـى قوشنىسـىنىڭ ئايالـى پارسـونس خانىـم ئىـدى (پارتىيە «خانىم» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنى ئانچە توغرا تاپمايتتى، يولـداش دېگەننـى ئىشـلىتىش لازىمتـى، بىـراق ئاياللارنـى چاقىرغانـدا، خانىـم دېگـەن سـۆز ئېغىزىڭىزدىـن تەبىئىيلا چىقىـپ كېتەتتـى). گەرچە ئـۇ ئوتتـۇز ياشـلار چامىسـىدا بولسـىمۇ، ئەممـا چىرايىدىكـى ئارىسـىغا كىـر توشـۇپ كەتكەنـدەك كۆرۈنىدىغـان قورۇقـلار ئۇنـى كىشـىگە خېلىلا قېـرى كۆرسـىتەتتى. ۋىنسـتون ئايالغـا ئەگەشـتى. بۇنـداق ئادەمنـى رەللە قىلىدىغـان رېمونـت ئىشـلىرى كۈنـدە دېگـۈدەك چىقىـپ تۇراتتـى. 1930 - يىللىـرى ئەتراپىـدا سـېلىنغان زەيـەر بىناسـى كونـا تۇرالغـۇ بولـۇپ، ئۆرۈلـۈپ كېتـەي دەپ قالغانىـدى. تـام - تورۇسـلارنىڭ گـەج سـۇۋاقلىرى ئاجـراپ، سـويۇلۇپ تۇراتتـى، ھـەر قېتىـم قاتتىقـراق قـىرو چۈشسـە تۇرۇبىـلار يېرىلىـپ كېتەتتـى، قـار ياغسـىلا تورۇسـتىن سـۇ تامچىلايتتـى، ئىسسـىتىش سىستېمىسـى ئادەتتـە يېرىـم ئېچىلاتتـى، ئىقتىسـادچىللىق ھەرىكەتلىرىـدە بولسـا تولـۇق ئېتىۋېتىلەتتـى. بۇنـداق رېمونـت ئىشـلىرىنى ئۆزىڭىـز قىلمىسـىڭىز، دەرىزىگـە ئەينـەك ئالماشتۇرۇشـتەك ئىشـلارنىمۇ، يۇقىـرى ئورۇنىدىكـى مەلـۇم كومىتېتلارنىـڭ تەستىقلىشـىغىلا ئىككـى يىـل كېتەتتـى.

— تـوم ئۆيـدە يـوق بوپقالغاچقا، سـىزنى مـالال قىلدىـم، — دېـدى پارسـونس خانىـم پـەس ئـاۋازدا.

پارسونسـلارنىڭ ئۆيـى ۋىنسـتوننىڭكىدىن چوڭـراق، ئەممـا باشـقىچە مەينـەت ئىـدى. ئۆينـى ھازىـرلا غايـەت يوغـان مەخلۇقتىـن بىـرى دەسسـەپ - چەيلـەپ چىقىـپ كەتكەنـدەك، ئۆيدىكـى ھەممـە نەرسـە ئـۆرۈپ - سـوقۇلغاندەك مايمـاق، بۇكـۈك كۆرۈنەتتـى. خوكـي توپـى، كالتىكـى، بوكـس پەلىيـى، يېلـى يـوق پۇتبـول ۋە تەتـۈر ئـۆرۈپ تاشـلاپ قويۇلغـان مەينـەت كۇسـار دېگەنـدەك تەنتەربىيـە لازىمەتلىكلىـرى پولنىـڭ ھەممـە يېرىـدە چېچىلىـپ ياتاتتـى. ئۈسـتەلدە بىـر دەسـتە يۇيۇلمىغـان تەخسـە ۋە بۇرجەكلىـرى تۈرۈلـۈپ كەتكـەن بىـر مەشـق دەپتىـرى تۇراتتـى. تامغا

www.uyghurkitap.com

ياشلار ئۈيۈشمىسى ۋە ئىشپىيونلارنىڭ قىزىل ۋىۋىسكىلىرى، شۇنداقلا غوجاكىنىڭ يوغان رەسىمى چاپلانغان ئىدى. قايىنتىلغان كاپوستىنىڭ پۇرىقىنىمۇ بىنادىكى دائىملىق پۇراق دېيىشكە بولاتتى، شۇنداقتىمۇ بۇ يەردىكى تەرنىڭ ھىدى ئۇنى بېسىپ كەتتى، بۇ تەر ھىدىنىڭ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ يەردە يوق بىر ئادەمنىڭكى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش بەكلا قىيىن ئىدى. ياندىكى ئۆيدە بىرەيلەن بىر قولىدا تارغاق، يەنە بىر قولىدا بىر پارچە تازىلىق قەغىزى تۇتۇۋېلىپ، ئېكراندىن تېخىچە كېلىۋاتقان ھەربىيچە مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىۋاتاتتى.

— باللار، — دېدى پارسون خانىم ئۇ ئىشىككە قاراپ قويۇپ، — ئۇلار بۈگۈن بىر كۈن سىرتقا چىقمىغانتى، شۇڭا ئەلۋەتتە ...

بۇ ئاياللىنىڭ گەپ قىلىسا جۈملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا توختاپ قالىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئاشخانىنىڭ دېسى كاپوستىدىنىمۇ سېسىق، يېشىل رەڭگە كىرىپ قالغان مەينەت بىلەن توشۇپ قالغان ئىدى. ۋىنستون زوڭزىيىپ سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسىنىڭ جەينىكىگە قارىدى. ئۇ قولىنى ئىشلىتىشكە، دوگىنىيىشقا ئۆچ ئىدى، بۇنداقتا يۈتىلى ئوڭايلا قوزغىلىپ كېتەتتى. پارسون خانىم ئۇنىڭغا ئامالسىز قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

— ئەلۋەتتە، تۇم ئۆيدە بولغان بولسا بىردەمدىلا ئوڭشىۋېتەتتى، — دېدى ئۇ، — ئۇ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا ئامراق، ئۇنىڭ قوللىرى تولىمۇ ئەپچىل، ھەقىقەتەن.

پارسونس ۋىنستوننىڭ ھەقىقەت مىنىستىرلىكىدىكى خىزمەتدىشى. ئۇ ئۆزى سېمىزرەك، ئىنتايىن ئاكتىپ، ئەمما كالللىسى بەكلا ئاددىي، پۈتۈن ۋۇجۇدى ئاجايىپ ھاماقەتلەرچە قىزغىنلىقتا توشقان ئادەم ئىدى، پارتىيە مۇقىملىقتا ئىدىيە ساقچىلىرىدىنمۇ بەكرەك مۇشۇنداق ئادەملەرگە تايىناتتى. ئۇ ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەندە ئاندىن ياشلار ئۈيۈشمىسىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بۇ ئادەم ياشلار ئۈيۈشمىسىغا كىرىشتىن بۇرۇن ئىشپىيونلار ئورگىنىدا بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بىر يىلچە ئۇشۇق تۇرۇۋالغان ئىدى. ئۇ ھازىر ھەقىقەت مىنىستىرلىكىدە

ئانچە كاللا كەتمەيدىغان، دەرىجىسى تۆۋەنرەك بىر خىزمەتنى قىلاتتى. ئۇندىن باشقا ئۇ تەنتەربىيە كومىتېتى ۋە باشقا ئىختىيارىي نامايىش، ئىقتىسادچىلىق ھەرىكىتى ۋە باشقا پىدائىي ھەرىكەتلەردىكى باشلامچى شەخس ئىدى. ئۇ تاماكىسىنىڭ ئىسسىنى پۇرقىراتقاچ، ئادەمگە تولىمۇ سالماق ۋە مەغرۇر تۇيغۇدا ئۆزىنىڭ ئۆتكەن تۆت يىلدا ھەر كۈنى كەچتە مەھەللە مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىلىشتىن قالمىغانلىقىنى ئېيتاتتى. پارسونسنىڭ ئادەم چىدىغۇسىز سېسىق تەر پۇرىقى ئۇنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنىڭ مەقسەتسىز، ئاڭسىز ئىسپاتى سۈپىتىدە ئۇ قەيەرگە بارسا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ باراتتى، ھەتتا ئۇ كەتكەندىن كېيىنمۇ شۇ يەردە قالاتتى.

— كۆلۈچ بارمۇ ؟ — دېدى ۋىنستون قولىدا جەينەكتىكى بولتا بىلەن ھەپىلەشكەچ.

— كۆلۈچ؟ — پارسونس خانىمنىڭ ئۈنى تۇيۇقسىز پەسلەپ كەتتى،

— بىلمەيدىكەنمەن، راست. بەلكىم بالىلار — دېدى پارسونس خانىم. ئۆتنۈكلەرنىڭ تاراقشىغان، تاغاقنىڭ بىر نېمىلەرگە ئۇرۇلغان ئاۋازى بىلەن تەڭ، بالىلار ياتاق ھۇجرىغا بۆسۈپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى. پارسونس خانىم كۆلۈچنى ئېلىپ كەلدى. ۋىنستون سۇنى ئېقىتىۋەتتى ۋە تۇرۇبا يولىنى توسۇۋالغان بىر چاڭگال چاچنى كۆڭلى ئېلىشىپ تۇرۇپ ئېلىۋەتتى. ئۇ تۇرۇبىدىكى سوغۇق سۇدا قولىدىكى مەينەتلەرنى ئامالىنىڭ بېرىچە يۇيۇپ چىقاردى ۋە يەنە بىر ئۆيگە قايتىپ چىقتى.

— قولۇڭنى كۆتەر! — ياۋايىلارچە ۋارقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئۇماق، ئەمما زەھەرخەندە چىراي بىر بالا ئۈستەلنىڭ كەينىدىن سەكرەپ چىقتى ۋە قولىدىكى ئويۇنچۇق ئاپتوماتنى ۋىنستونغا چىنەپ شىلتىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئىنىدىكى ئىككى ياشلار ئەتراپىدىكى سىڭلىسىمۇ قولىدىكى ياغاچ پارچىسى بىلەن ئاكىسىنى دوراشقا باشلىدى. ئىككىلىسى كۆك رەڭلىك كۇسار، كۆلرەڭ مايكا كىيىۋالغان ۋە ئىشپىيونلارنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان قىزىل رەڭلىك گالستۇك

تاقىۋالغان ئىدى. ۋىنستون قولىنى كۆتۈردى، ئەمما ئىچى ئىنتايىن ئاچچىق بولدى. بالىنىڭ ئىپادىسى، ھەرىكىتى تولىمۇ زەھەرخەندە بولۇپ، ھېچ ئويۇنغا ئوخشىمايتتى.

— سەن خائىن! — ۋارقىرىدى بالا، — سەن ئىدىيە جىنايەتچىسى! سەن ياۋروئاسىيانىڭ جاسۇسى! سېنى ئېتىۋېتىمەن، پارچە ئايلاندۇرۇۋېتىمەن! تۇز كانلىرىغا پالىۋېتىمەن!

توساتتىن ئىككى بالا ۋىنستوننى ئايلىنىپ «خائىن، ئىدىيە جىنايەتچىسى» دەپ توۋلىشىپ سەكرەشكە باشلىدى، قىزچاق ئاكىسىنىڭ ھەممە ھەرىكىتىنى دوراپ ماڭاتتى. بۇ ئىش خۇددى چوڭ بولغاندا بەرىبىر ئادەمخورلارغا ئايلىنىپ كېتىدىغان يولۋاس كۈچۈكى بىلەن ئويناشقاندەك، ئادەمنى ئاز - تولا شۈركەندۈرەتتى. بالىنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ياۋۇزلۇق، ۋىنستوننى ھازىرلا ئۇرۇپ - تېپىشكە بولغان تەشنالىق، شۇنداقلا چوڭ بولغاندىمۇ شۇنداق قىلىدىغاندەك ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى. «قولىدىكىسى ھەر نېمە بولسا راست ئاپتومات ئەمەسكەن»، دەپ ئويلىدى ۋىنستون.

پارسونس خانىمىنىڭ كۆزى ۋىنستوندىن باللارغا يۆتكەلدى ۋە دەرھاللا يەنە ۋىنستونغا قايتتى. ۋىنستون ھۇجرا ئۆيىنىڭ يورۇقىدا، ئۇ ئايالنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ قاسماق بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— ئۇلار دائىم مۇشۇنداق چۇقان - سۈرەن سالىدۇ، — دېدى ئۇ، — بۇلارنىڭ دارغا ئېسىش جازاسىنى كۆرگىلى بارالمىغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم، راستلا شۇنداق. بەك ئالدىراش بوپقېلىپ ئاپىرالماي قالدىم. تومىمۇ خىزمەتتىن ۋاقتىدا كەلمەيدۇ.

— بىز نېمىشقا دارغا ئېسىش جازاسىنى كۆرگىلى بارالمايمىز! — دەپ توۋلىدى بالا چىڭقىلىپ.

— دارغا ئاسقاننى كۆرگىلى بارىمىز، بارىمىز! — دەپ توۋلىدى

تېخىچە ۋىنستوننى چۆگىلەۋاتقان قىزچاقمۇ.

بۈگۈن كەچ بىر قانچە ياۋروئاسىيا جىنايەتچىسىنىڭ باغچىدا دارغا ئېسىلىدىغانلىقى ۋىنستوننىڭ ئېسىگە ئەمدى كەلدى. ئادەتتە بۇنداق ئىش بىرەر ئايدا بىرەر قېتىم بولۇپ تۇراتتى، ھەممە نۇرغۇن ئادەم كۆرگىلى كېلەتتى. باللار دائىم بارىمىز دەپ قەغىشلىك قىلاتتى. ۋىنستون پارسونس خانىم بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ كارىدوردا ئەمدى ئالتە قەدەم ئالغان بولغىيتتى، گەدىنىگە قاتتىق بىر نەرسە تەگكەندەك ، ئوتتەك قىزىق سىم ئۇنىڭ بىر يېرىگە سانجىلىپ كىرىپ كەتكەندەك سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ ئۆرۈلۈپلا قارىدى، پارسونس خانىم بالىسىنى ئۆيگە تارتىۋاتاتتى، بالا بولسا قولىدىكى ئويۇنچۇق رەگەتكىنى يانچۇقىغا سېلىۋاتاتتى.

ــ گولدستېين! ــ دەپ ۋارقىرىدى بالا ئىشىك يېپىلىۋاتقاندا. ئەمما ۋىنستوننى ئەڭ قاتتىق چۆچۈتكىنى، ئايالنىڭ كۈلرەڭ يۈزىدىكى بىچارىلەرچە قورقۇنچ ئىدى.

ئۇ ئۆيىدىكى ئېكراننىڭ ئالدىدىن ئىتتىك ئۆتۈپ، باياقى ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، ئۇ تېخىچە گەدىنىنى سىلاپ تۇراتتى. ئېكراندىكى مۇزىكىمۇ توختىغان ئىدى، ھازىر ھەربىيچە پۇراق كېلىدىغان بىر ئاۋاز ناھايىتى ئوچۇق تەلەپپۇز ۋە ياۋۇزلارچە تەنتەنە كەيپىياتىدا، ئەمدىلا ئىسلاندىيە بىلەن فاروئې ئاراللىرى ئارىسىدا توختىغان لەيلىمە ئىستىھكامدىكى يېڭى قوراللارنى تەسۋىرلەپ، بىر نېمىلەرنى ئوقۇۋاتاتتى. «بۇ بىچارە ئايال بۇنىڭدىن كېيىن بۇ باللار بىلەن كۈنىنى چوقۇم ئەندىشە ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆتكۈزىدىكەن» دەپ ئويلىدى ۋىنستون. يەنە بىر ياكى ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ باللار ئانىسىدىكى ئاسىي ئىدىيىلەرنىڭ ئالامەتلىرىنى كېچە ـ كۈندۈز كۆزىتىدىغان بولاتتى.

ھازىرقى باللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدى. ھەممىدىن چاتىقى مۇشۇنداق «ئىشپىيونلار» دېگەندەك تەشكىلاتلار

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باللارنى ناھايىتى سىستېمىلىق ئۇسۇلدا، باشقۇرغىلى بولمايدىغان كىچىك ياۋۇزلارغا ئايلاندۇرۇۋېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئىگى، ۋۇجۇدىدا پارتىيەنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا بولغان قىلچىلىك گۇمان، قارشىلىق بولمايتتى، دەل ئەكسىچە پارتىيەنى ۋە پارتىيەگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق نەرسىنى ئاجايىپ ئۇلۇغلايتتى. ناخشا، مارشقا دەسسەش، بايراق لەپىلدىتىش، ئويۇنچۇق مىلتىقلارنى ئوينىش، شوئار توۋلاش، غوجاكىغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار باللارنىڭ دائىملىق مۇقەددەس ئويۇنلىرى ئىدى. باللارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ياۋۇزلۇق تاشقى دۇنياغا، دۆلەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە، خائىن، ئاغدۇرمىچى، ئىدىيە جىنايەتچىلىرىگە قارشى پارتلاپ چىقاتتى. ئوتتۇزدىن ئاشقان كىشىلەرنىڭ ئۆز باللىرىدىن قورقۇپ، ئەنسىرەپ يۈرۈشى تامامەن نورمال ئىش ئىدى. «تايمىس گېزىتى»نىڭ ھەر ھەپتىدىكى بىرەر سانىدا چوقۇم مۇشۇنداق بالا قۇلاقلارنىڭ — ئادەتتە «بالا قەھرىمانلار» دەپ ئاتىلاتتى — ئاتا - ئانىسىنىڭ پارتىيەگە بولغان نارازىلىقى ۋە بىھۆرمەتلىكى ئىپادىلىنىدىغان گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇلارنى ئىدىيە ساقچىلىرىغا پاش قىلغانلىقىغا ئوخشاش خەۋەرلەرنىڭ بېسىلىپ تۇرۇشى تېخمۇ ئادەتتىكىچە ئىش ئىدى.

رەگەتكىنىڭ ئوقىنىڭ ئاغرىقى ئەمدىلەتىن پەسەيدى. ئۇ قەلەمنى قولىغا ئالدى، ئەمما كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس ئىدى، نېمە يېزىشنى ئويلاپ بىردەم ئولتۇردى. توساتتىن ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە ئوبراين كەلدى.

بىر قانچە يىللار ئىلگىرى، — قانچىلىك بولغىيتتى؟ چوقۇم يەتتە يىل ئىلگىرى،— ئۇ بىر چۈش كۆرگەن ئىدى. چۈشىدە ئۇ بىر قاپقاراڭغۇ ئۆيدىن ئۆتۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئادەم ئۇنىڭغا «بىز قاراڭغۇلۇق يوق بىر يەردە ئۇچرىشىمىز» دېدى. بۇ گەپ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا ئەمەس، تولىمۇ سىلىق، ھېچ ئىش بولمىغاندەك، پەقەتلا بىر بايان تەلەپپۇزىدا دېيىلدى. ئۇ توختىماي

ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما ھەيران قالارلىقى شۇكى، چۈشىدىكى بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا ئۇ چاغدا بەك تەسىر قىلىپ كەتمىگەن ئىدى. پەقەت كېيىن ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى كۈچىيىپ كەتتى. ۋىنستون ھازىر بۇ چۈشنى ئوبرايىننى تۇنجى قېتىم كۆرۈشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئوبرايىننىڭ ئاۋازىنى قاچانلاردا پەرق ئېتەلىگىنىنىمۇ ئەسلىيەلمەيدۇ، ئەمما، بۇ ئاۋازنىڭ ۋىنستوننىڭ ئېڭىدا مەلۇم دەرىجىدە ئىزى قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭغا گەپ قىلغان ئۇ ئاۋاز دەل ئوبرايىننىڭ ئاۋازى ئىدى.

ۋىنستون ئەزەلدىن شۇمۇ ياكى ئەمەسمۇ دېگەنگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى، ھەتتا بۈگۈن ئەتىگەنكى كۆزلەر ئۇچرىشىشىدىنمۇ ۋىنستوننىڭ ئوبرايىننىڭ دوست ياكى دۈشمەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭغا ئېنىق ھۆكۈم قىلىشمۇ ئۇنچىۋالا مۇھىم ئەمەستەك ئىدى. ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا بىر چۈشىنىش رىشتىسىنىڭ بارلىقى ئۆز ئارا دوستلۇق ياكى پارتىيەداشلىق مۇناسىۋىتىدىنمۇ مۇھىم ئىدى.

«بىز زۇلمەت يوق يەردە ئۇچرىشىمىز» دېگەن ئىدى ئۇ. ۋىنستون بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى، پەقەتلا بۇ ئىشنىڭ قانداقلا بولمىسۇن ھامىنى يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئېكراندىن كېلىۋاتقان ئاۋاز توختىدى. ئۇچۇق ۋە يېقىملىق كاناي ئاۋازى ئۆي ئىچىنى قاپلىدى. قۇلاقنى سانجىلىدىغان ئاۋاز: «دىققەت! دىققەت! مالابار ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىدىن چاقماق خەۋەر كەلدى! ئارمىيەمىز جەنۇبىي ھىندىستاندىكى ئۇرۇشتا ئۇلۇغ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈپتۇ. مەن شۇنداق دەپ جاكارلاشقا رۇخسەت قىلىندىمكى، بىزنىڭ بۇ غەلىبىمىز ئۇرۇشنى ئالدىمىزدىكى ساناقلىق مۇددەت ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ، چاقماق خەۋەرلەر» دەپ خەۋەر قىلدى. شۇم خەۋەركەن دەپ ئويلىدى ۋىنستون. كەسكىن ئېيتىشقا بولاتتىكى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى ياۋروئاسىيا ئارمىيەسىدىن قانداق قانلىق ئۇسۇلدا قىساس ئېلىنغانلىقىنىڭ تەسۋىرلىرى، سانسىز ئادەملەرنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئەسىرگە ئېلىنغانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر تارقىتىلاتتى، ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا، كېلەر ھەپتىدىن باشلاپ، كىشى بېشىغا تارقىتىلىدىغان شاكىلات ئوتتۇز گرامدىن يىگىرمە گرامغا كېمىيەتتى.

ۋىنستون يەنە بىر كېكىردى. ھاراقنىڭ تەسىرى كېتىۋاتقان ئىدى. ئىچى بوشاپ قالغاندەك بولدى. ئېكراندىن غەلىبىنى تەبرىكلەش ئۈچۈنمۇ ياكى مەھرۇم قىلىنغان شاكىلاتنى ئۇنتۇلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ - تاڭ، «ئوكيانىيە سەن ئۈچۈن» دېگەن سىمفونىيە ياڭراشقا باشلىدى. بۇنداق چاغدا سىز ئورنىڭىزدىن تۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى. ئەمما ھازىرقى ئورنىدا ئۇنى ئېكران كۆرەلمەيتتى.

«ئوكيانىيە، سەن ئۈچۈن» سىمفونىيەسىنىڭ ئورنىغا يەڭگىل بىر مۇزىكا ئالماشتى. ۋىنستون دەرىزىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئېكران ئۇنىڭ كەينىدە ئىدى. ھاۋا يەنىلا سوغۇق ۋە ئوچۇق ئىدى. يىراق بىر يەردە بىر راكېتا بومبا كۈچلۈك ئاۋازدا پارتلىدى. ھازىر لوندونغا ھەر ھەپتىدە مۇشۇنداق بومبىدىن يىگىرمە ئوتتۇزى تاشلىناتتى.

كوچىدا شامال ھېلىقى يىرتىق پىلاكاتنى تېخىچە ئۇياق بۇياققا ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى، ئۈستىدىكى INGSOC ــ ئىنسوك دېگەن خەت گاھ - گاھىدا كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئىنسوك، ئىنسوكنىڭ مۇقەددەس پىرىنسىپلىرى، يېڭى تىل، قوش تەپەككۇر، ئۆتمۈشنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى، ۋىنستون ئۆزىنى دېڭىز تېگىدىكى بىر ئورمانلىقتا يۈرۈۋاتقاندەك، غەلىتە مەخلۇقلار دۇنياسىدا ئېزىقىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىر غەلىتە مەخلۇق ئىدى. ئۇ تەنھا، ئۆتمۈش ئۆلگەن ئىدى، كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. يەنە باشقا بىر ئادەم بالىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر سەپتە ئىكەنلىكىگە ئۇ قانداقمۇ ئىشەنچ قىلالىسۇن؟ پارتىيەنىڭ بۇ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ مەڭگۈ داۋاملاشمايدىغانلىقىنى ئۇ قانداقمۇ بىلەلىسۇن؟ گويا جاۋاب سۈپىتىدە،

ھەقىقەت مىنىستىرلىكى بىناسىغا يېزىلغان پارتىيەنىڭ ئۈچ شوئارى ئۇنىڭ كۆزىگە تاشلاندى:

*ئۇرۇش تىنچلىقتۇر*
*ھۆرلۈك قۇللۇقتۇر*
*نادانلىق قۇدرەتتۇر*

ئۇ يانچۇقىدىن يىگىرمە بەش تىيىنلىق تەڭگىدىن بىرنى ئالدى. ئۇنىڭ بىر يۈزىگە مۇشۇ شوئار ئۇششاق ھەرپلەر بىلەن ئويۇلغان، يەنە بىر يۈزىگە غوجاكىنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ كۆزلەر ھەتتا تەڭگىدىمۇ سىزگە ئەگىشىپلا يۈرەتتى. تەڭگىدە، پوچتا ماركىسىدا، كىتاب مۇقاۋىلىرىدا، بايراقچە، پلاكاتلاردا، تاماكا قاپلىرىدا، ھەممە يەردە ئۇنىڭ سىماسى ئەلەڭگىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزى سىزدىن ھېچقاچان ئايرىلمايتتى، ئاۋازى دائىم سىزنى قورشاپلا تۇراتتى. ئۇيقۇدا، ئويغاقتا، خىزمەتتە، تاماقتا، ئۆيىنىڭ ئىچىدە، سىرتىدا، مۇنچىدا ياكى كارىۋاتتا... ئۇنىڭ نەزىرىدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولىدىغان بوشلۇق مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. باش سۆڭىكىڭىزنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچە سانتىمېتىر يەردىن باشقا ھېچنىمە سىزگە تەئەللۇق ئەمەس ئىدى.

قۇياش قارايدى، ھەقىقەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىڭلىغان دەرىزىلىرى خۇددى پوتەينىڭ ئوق ئاتىدىغان تۆشۈكلىرىدەك قورقۇنچلۇق سىياقتا كىردى. بۇ غايەت زور پىرامىدانىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ۋەھىمە قاپلىدى. ئۇ بەكلا بەھەيۋەت ئىدى، ئۇنى بومباردىمان قىلىپمۇ ۋەيران قىلغىلى بولمايتتى، مىڭلارچە راكېتا بومبىمۇ ئۇنى يىقىتالمايتتى. ئۇ تۇرۇپلا بۇ خاتىرىنى زادى كىملەر ئۈچۈن يېزىۋاتقانلىقىنى ئويلىدى. بۇ كەلگۈسى ئۈچۈنمۇ، ئۆتمۈش ئۈچۈنمۇ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدىغان مەلۇم ئەۋلات ئۈچۈن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم ئەمەس، يىلتىزىدىن قۇرۇتۇۋېتىلىش خەۋپى تۇراتتى. ئۇنىڭ خاتىرىسى

www.uyghurkitap.com

كۆلگە، ئۆزى پارغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. خاتىرىنى پەقەت ئىدىيە ساقچىلىرى كۆيدۈرۈۋېتىش ۋە ئەستىن يوق قىلىۋېتىشتىن بۇرۇن ئوقۇشى مۇمكىن. ئۆزۈڭدىن قىلچىلىك بىر ئىز، يازغانلىرىڭدىن بىرەر ھەرپمۇ قالمايدىغان ئەھۋالدا، كەلگۈسىدىن يەنە قانداق ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن؟

ئېكران ئون تۆتنى كۆرسەتتى. ئۇ چوقۇم ئون مىنۇت ئىچىدە ئۆيدىن چىقىشى، ئون تۆت يېرىمدە ئىشقا بېرىپ بولۇشى كېرەك. سائەتنىڭ جىرىڭلىشى ئۇنىڭغا بىر يېڭى قەلب ئاتا قىلغاندەك كەيپىياتى يېڭىلىنىپ كەتتى. ئۇ ھېچكىم مەڭگۈ ئاڭلىمايدىغان بىر ھەقىقەتنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان تەنھا ئەرۋاھ ئىدى. ئىشقىلىپ ئۇ سۆزلەپلا تۇرسا، ھېچبولمىسا بىر ئىزچىللىق ئۈزۈلۈپ قالمايتتى. بۇ ئىزچىللىق ئۆزىنى ئاڭلىتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىدە مەۋجۇد بىر ئويغاقلىقنى ساقلاش بىلەن ئاندىن داۋاملىشاتتى. ئۇ ئۈستەلگە قايتىپ كەلدى ۋە قەلەمنى قولىغا ئېلىپ يېزىشقا باشلىدى:

*كەلگۈسى ياكى ئۆتمۈش ئۈچۈن، ئىدىيە ئەركىن بولغان، ئادەملەر بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان، تەنھا ياشىمايدىغان بىر زامان ئۈچۈن، شۇنداقلا ھەقىقەت مەۋجۇت بولغان، قىلىنغان ئىشلار يوقىتىلمايدىغان زامان ئۈچۈن.*

*ھەممە بىردەكلەشتۈرۈلگەن بىر دەۋردىن، تەنھالىق دەۋرىدىن، غوجاكىنىڭ دەۋرىدىن، قوش تەپەككۇر دەۋرىدىن سالاملار بولسۇن!!*

ئۇ ئويلىدى، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن ئىدى. ئۇ ئوي - خىياللىرىنى

ئەمدى رەتلىيەلىگىدەك بولغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاخىرى بىر قەتئىي قەدەم تاشلىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك قىلاتتى. ھەر بىر ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى شۇ ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدە ئىدى. ئۇ مۇنداق يازدى:

*ئىدىيە جىنايىتى ئۆلۈمگە ئېلىپ بارمايدۇ، ئىدىيە جىنايىتىنىڭ ئۆزى ئۆلۈمدۇر.*

ئۇ ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن ئۆلگەن دەپ قارىسىمۇ، يەنىلا ئامال بار ھايات تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئىككى بارمىقىغا سىياھ يۇقۇپ قالغانىدى. دەل مۇشۇنداق ئۇششاق دېتاللار ئۇنى ئاشكارىلاپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. بۇ مىنىستىرلىكتىكى بەزى ئاپشاركىدەك غالچىلار (بەلكىم ئاياللار، بولۇپمۇ ھېلىقى قۇمسېرىق چاچلىق، ۋىجىك خوتۇندەك ياكى ھېلىقى رومان باشقارمىسىدىكى قارا چاچلىق قىزدەك) نىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، نېمىشقا ئۇ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا خەت يازىدۇ؟ نېمىشقا كونا پوسۇندىكى قەلەم ئىشلىتىدۇ؟ نېمىلەرنى يازغاندۇ؟ ... ئۇلار ئاندىن بۇ ئىشنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا مەلۇم قىلىدۇ. ئۇ سۇخانىغا كىردى ۋە قول تېرىسىنى قۇم قەغىزىدەك ئېچىشتۇرۇۋېتىدىغان يىرىك، قوڭۇررەڭ سوپۇندا ئۇۋۇلاپ يۇدى، ھازىر بۇ قاتتىق سوپۇن ئۇنىڭ بارمىقىدىكى سىياھ يۇقۇندىلىرىنى چىقىرىۋېتىشكە تازا باپ كەلدى. ئۇ خاتىرىنى تارتمىغا سېلىپ قويدى. ئۇنى تىقىپ قويۇشنى ئويلىشىشنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت خاتىرىنىڭ بارلىقىنىڭ بايقىلىپ قالغان - قالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈۋالالىسىلا بولاتتى. خاتىرىنىڭ ئۈستىگە بىر تال چاچنى قويۇپ قويسا ئۇچۇقلا بىلىنىپ قالاتتى. ئۇ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا بىر چىمدىم ئاقۇش توزان ئالدى ۋە ئۇنى كىتابنىڭ بىر بۇرجىكىگە تۆكۈپ قويدى، كىتاب مىدىرلىسىلا ئۇ تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

# 3

ۋىنستون چۈشىدە ئانىسىنى كۆردى.

ئۇ ئەسلىدى، ئۇنىڭ ئانىسى يوقاپ كەتكەندە ئۇ ھەقچان ئون - ئون بىر ياشلار چامىسىدا ئىدى. ئانىسى ئېگىز بوي، ھەيكەلدەك زىلۋا، كەمسۆز، يۇرۇش - تۇرۇشى ئاستا، چىرايلىق، ئالتۇن چاچلىق ئايال ئىدى. دادىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىسىمۇ بەكلا غۇۋا ئىدى. ئۇ قارامتۇل، ئورۇق، دائىم قارا كىيىم كىيىپ يۈرۈيدىغان ئادەم ئىدى (دادىسىنىڭ ئايىغىنىڭ نىپىز چەمى ۋىنستوننىڭ ئالاھىدە ئېنىق ئېسىدە). ئېنىقكى، بۇ چەم چوقۇم 50 - يىللاردىكى بىرىنچى قېتىملىق چوڭ تازىلاشتا ئاشۇنداق ئۇپراپ كەتكەن. چۈشىدىكى بۇ چاغدا، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭدىن خېلىلا پەس، چوڭقۇر بىر يەردە سىڭلىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ سىڭلىسىنى تۈزۈك ئەسلىيەلمەيتتى، ئېسىدە پەقەت ئۇنىڭ بەكلا ئاۋاق گەۋدىسى، دائىم ئۈنچىقماسلىقى ۋە مۆلدۈرلەپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى قالغانىدى. ئىككىلا كۆزى ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر مەخپىي چوڭقۇر جايدا — ئۇ بىر قۇدۇقنىڭ تېگى ياكى قەبرە بولۇشى مۇمكىن ئىدى — ئىدى. ئەمما ۋىنستوندىن ناھايىتى يىراق بۇ يەر توختىماي پەسلەۋاتاتتى. ئۇلار ئەمدى چۆكۈۋاتقان بىر كېمىنىڭ پالۇبىسىدا بولۇپ قالدى، ۋىنستونغا بارغانسېرى قارىيىۋاتقان سۇنىڭ تېگىدىن قاراپ تۇراتتى. سالوندا تېخى نەپەسلەنگۈدەك ھاۋا بار ئىدى، ئۇلار ۋىنستوننى كۆرەلەيتتى، ئۇمۇ ئۇلارنى كۆرەلەيتتى، ئەمما ئۇلار داۋاملىق چۆكۈۋاتاتتى، ئەمدى ئۇلار چۆكۈۋاتقان يېشىل رەڭلىك سۇدا كۆزدىن مەڭگۈ غايىب بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار ئۆلۈمگە قاراپ مېڭىۋاتقان ئاشۇ دەقىقىدە، ۋىنستون ئۈستىدە يورۇقلۇق، ھاۋا بار جايدا ئىدى. ئۇلارنىڭ پەستە تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. بۇنى ۋىنستونمۇ، ئۇلارمۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ

چىرايىدىن بۇنى بىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيتتى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە ياكى چىرايىدا ھېچقانداق ئۇنى ئەيىپلەيدىغان ئىپادە يوق ئىدى، پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى ئۆلسىلا ئۇنىڭ ھايات قالىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەتتى.

ئۇ نېمىلەرنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى. ئەمما چۈشىدە ئانىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بېرىلگەن قۇربانلىق ئىكەنلىكىنى بىلدى. بەزى چۈشلەر ئادەتتىكى چۈشلەردىكى كۆرۈنۈشلەردىن باشقا يەنە كىشىلەرنىڭ ئەقلىي ھاياتىنىڭ داۋاملىشىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق چۈشتىكى بەزى ئىش ۋە شەيئىلەر ئادەم ئويغانغاندىن كېيىنمۇ، ئادەمگە نىسبەتەن شۇنداق قىممەتلىك ۋە يېڭى تۇيۇلىدۇ، بۇ چۈش مانا مۇشۇنداق چۈشلەردىن ئىدى. ھازىر ۋىنستونغا زەربە بولغان نەرسە ئانىسىنىڭ ئوتتۇز يىللار بۇرۇنقى، ئەمدى يەنە مۇمكىن بولمايدىغان بىر شەكىلدىكى ناھايىتى تراگېدىيەلىك ۋە ئازابلىق ئۆلۈمى ئىدى. ئۇ بۇ تراگېدىيىنىڭ ئۆتكەن دەۋرگە، يەنى ئادەملەردە تېخى خۇسۇسىيلىق، مۇھەببەت، دوستلۇق ئۆلمىگەن، ئائىلە ئەزالىرى باھانە ـ سەۋەبسىزمۇ بىرگە چۆرىدىشىپ ئولتۇرالايدىغان بىر دەۋرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئانىسىنىڭ ئېسىگە كېلىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ ۋىنستوننى ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگىچە ياخشى كۆرگەن ئىدى. بۇ مۇھەببەتنى مۇھەببەت بىلەن قايتۇرۇشقا ۋىنستوننىڭ يېشى بەكلا كىچىك، شۇنداقلا شەخسىيەتچى ئىدى. ئۇ ئانىسىنىڭ تولىمۇ ئۆزەل ۋە ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ساداقەتمەنلىك ئۈچۈن ئۆزىنى قانداق قۇربان قىلغانلىقىنى، نېمىشقىكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ ئەسلىيەلمىدى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە يۈز بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. بۈگۈن قورقۇنچ، نەپرەت، ئازابلا بار ئىدى، ئالىجاناپ ھېسسىيات، چوڭقۇر ۋە مۇرەككەپ ئازابلار ئاللىقاچان يوقالغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نەچچە يۈز مىتىر تۆۋەندىكى تېخىچە چۆكلۈۋاتقان ئانىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ چىرايىدىن ئېنىق كۆردى.

ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئوت - چۆپلىرى تېتىك بىر چىملىقنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. يازنىڭ بىر كەچقۇرۇنى ئىدى. قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى چىملىققا سېپىپ تۇراتتى. بۇ مەنزىرە ۋىنىستونىنىڭ چۈشىدە بەك جىق تەكرارلىناتتى. ئۇ بۇ يەرنى ئويغىدا كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكىنى ئېنىق جەزم قىلالمايتتى. ئويغاق تۇيغۇلىرىدا ئۇ بۇ يەرنى «ئالتۇن سەھرا» دەپ ئاتايتتى. بۇ توشقان ئوتلايدىغان كونا بىر ئوتلاق ئىدى، ئوتتۇرىدىن بىر كىچىك چىغىر يول كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇ يەر بۇ يەردە چاشقان كولاپ چىقارغان توپا دۆۋىلىرى بار ئىدى. ئوتلاقنىڭ قارشىسىدىكى ئەگرى - بۈگرى چىتلاق تەرەپتە، قويۇق قارىياغاچ شاخلىرى مەيىن شامالدا ناھايىتى يەڭگىل يەلپۈنۈپ تۇراتتى، يوپۇرماقلىرى ئايال كىشىنىڭ چاچلىرىدەك شۇنداق قويۇق ئىدى. يېقىن بىر جايدا — كۆز يەتمەيدىغان يەردە — سۇلىرى سۈزۈك، ئاستا ئېقىۋاتقان بىر ئېرىق بار ئىدى. قارىياغاچ ئاستىدىكى كۆلچەكتە ئۈششاق بېلىقچانلار ئۈزۈپ يۈرەتتى.

بىر قارا چاچلىق قىز چىملىقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئۇلار تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇ بىردىنلا كىيىمىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى ۋە كىيىملىرىنى ناھايىتى كۆرەڭلىك بىلەن يانغا چۆرۈۋەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى ئاق ۋە سىلىق ئىدى. ئەمما ۋىنىستوندا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچقانداق غەيرىي سېزىم پەيدا بولمىدى، پەقەت ئۇنىڭغا قاراپلا تۇردى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ شۇ دەقىقىدىكى كىيىمىنى يانغا چۆرۈۋەتكەندىكى ھەرىكىتىدىن ۋىنىستون ئاجايىپ زوققا چۈمدى، بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ئۇ قىز ئۆزىنىڭ بۇ تولىمۇ نەپىس، بىپەرۋالارچە ھەرىكىتى بىلەن پۈتۈنسۈرۈك بىر مەدەنىيەتنى، بىر پۈتۈن تەپەككۇر سىستېمىسىنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋەتكەندەك، غوجاكا، پارتىيە ۋە ئىدىيە ساقچىلىرى ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ شۇنداق بىر جەلپكار چۆرۈلۈشى بىلەن

نۆلگە ئايلىنىپ كەتكەنىدەك بولغان ئىدى. ۋىنستون «شېكسپىر» دېگىنىچە ئويغىنىپ كەتتى.

ئېكراندىن قۇلاقنى يارىدىغان پۈشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئادەتتە يىرىم مىنۇت داۋاملىشاتتى. ھازىر يەتتىدىن ئون بەش ئۆتكەن، ئىشقا ماڭىدىغانلار ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغ بولغانىدى.

ۋىنستون ئورنىدىن تۇردى، ئۇ يالىڭاچ ئىدى. تاشقى پارتىيە ئەزالىرىغا، كىيىم - كېچەك ئۈچۈن يىلدا ئۈچ مىڭ پارچە بېلەت بېرىلەتتى، پەقەت بىر ئۈخلاش كىيىمى ئۈچۈنلا ئالتە يۈز بېلەت كېتەتتى. ئۇ ئورۇندۇقتا يېيىپ قويغان كىرلىشىپ كەتكەن مايكىسى ۋە بىر جۈپ كۆسىرىنى ئالدى. ئۈچ مىنۇت ئىچىدە گىمناستىكا باشلىناتتى. ئۇ قاتتىق يۆتىلىپ سىلكىنىپ كەتتى. ئادەتتە ئويغانغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق قاتتىق يۆتىلەتتى. بۇ يۆتەل ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى تەلتۆكۈس قۇرۇقدىۋېتەتتى، بۇنداق چاغدا ئۇ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ خېلىغىچە قاتتىق تىنىغانىدا، ئاندىن قايتىدىن نەپەس ئالالايتتى. ئۇنىڭ تومۇرلىرى يۆتەلدىن كۆپۈپ كەتتى. ھوشۇقىدىكى يارىسىمۇ قىچىشىشقا باشلىدى.

— ئوتتۇز - قىرىقتىن بىر گۇرۇپپا بولۇڭلار، — ئېكراندىن بىر ئايالنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى، — ئوتتۇز - قىرىقتىن بىر گۇرۇپپا، ئورۇن ئېلىڭلار، قېنى، ئوتتۇز - قىرىقتىن.

ۋىنستون چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېكران ئالدىغا كەلدى. ئېكراندا خېلىلا ياش، ئورۇق، ئەمما مۇسكۇللۇق، تار تەنتەربىيە كىيىمى كىيىۋالغان بىر ئايال تۇراتتى.

— بىلىكىڭلارنى يېيىپ سوزۇڭلار، — دەپ توۋلىدى ئۇ، — قېنى، ماڭا ئەگىشىڭلار: بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت! بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت! قېنى، يولداشلار! بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت! يولداشلار، جانلىقراق! بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت! بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت!

ۋىنستونىنىڭ باياملقى چۈشىنىڭ تەسىرىنى يۆتەلنىڭ ئاغرىقىمۇ ئاجىزلىتالمىدى، ئەكسىچە گىمناستىكىنىڭ رىتمى ئۇنى قايتا كۈچەيتىپ قويدى. ئۇ بىلەكلىرىنى ئالدى - كەينىگە تاشلاپ ھەرىكەت قىلىۋاتقاندا، چىرايىدىن بىر خىل مەمنۇنىيەت ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى، مەشىق ۋاقتىدا چىراي ئىپادىسى مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ يەنە بالىلىق دەۋرىنى ئەسلەشكە كىرىشىپ كەتتى. بۇنى ئەسلەش ئادەتتىن تاشقىرى قىيىن ئىدى، چۈنكى 50 - يىللاردىن بۇرۇنقى ئىشلار ھەققىدىكى ئەسلىمە بەكلا غۇۋا ئىدى، بۇ يەردە سىز تايانغىدەك ھېچقانداق يازما خاتىرە يوق ئىدى. ھەتتا سىزنىڭ ھايات يولىڭىزمۇ ئۆز شەكلىنى يوقاتقان ئىدى. سىز بەلكىم بەزى چوڭ ۋەقەلەرنى ئەسلىيەلىشىڭىز، ئەمما ئۇ ۋەقە ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، سىز بەلكىم بەزى ۋەقەلەرنىڭ ئۇششاق تەپسىلاتلىرىنى ئەسلىيەلىشىڭىز مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇ يۈز بەرگەن مۇھىت، كىلىماتنى ئەسلىيەلمەيتتىڭىز. بۇ يەردە سىز ھەرقانداق قىلىپمۇ توشقۇزالمايدىغان غايەت زور بوشلۇق مەۋجۇت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتتى. دۆلەتلەرنىڭ ئىسمى، ھەتتا ئۇلارنىڭ خەرىتىدىكى تېررىتورىيىسىنىڭ شەكلىمۇ ئۆلگىرىكىگە ئوخشىمايتتى. مەسىلەن: ئۇ چاغلار بۇ يەر بىرىنچى ھاۋا رايونى دەپ ئاتالمايتتى، بەلكى ئېنگلاند ياكى برىتانىيە دەپ ئاتىلاتتى، ئەمما لوندوننىڭ شۇ چاغدىمۇ لوندون دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ۋىنستون ھەرھالدا تولۇق جەزملەشتۈرەلەيتتى.

ۋىنستون بۇ دۆلەتنىڭ ئۇرۇش قىلمىغان چاغلىرىنىمۇ ئېنىق ئەسلىيەلمەيتتى. ئەمما جەزملەشتۈرۈشكە بولىدىغىنى، ئۇنىڭ بالىلىق ۋاقتىدا خېلى ئۇزۇن تىنچلىق ھۆكۈم سۈرگەن بىر مەزگىل بولغانىدى. بۇ ئۇنىڭ بالىلىق ئەسلىمىسىدىكى بىر ھاۋا ھۇجۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇ ھۇجۇمدىن ھەممەيلەن بەكلا چۆچۈپ، ئالاقزادە بوپكەتكەن ئىدى. ئۇ ئاتوم بومبىسى كولچېستېرغا تاشلانغان چاغ بولسا كېرەك.

ۋىنستون ھۇجۇمنىڭ ئۆزىنى ئەسلىيەلمەيتتى، ئەمما دادىسىنىڭ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، تۆۋەنگە قاراپ ئۇزاق ماڭغانلىقىنى، يەر ئاستىدىكى چوڭقۇر بىر جايغا كەلگەنلىكىنى، ئاندىن بىر بۇرمىسىمان پەلەمپەيدىن مىڭىشىپ پۇتى تېلىپ كېتىپ يىغلىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن توختاپ دەم ئالغانلىقىنى ئەسلىيەلەيتتى. ئانىسى ۋىنستوننىڭ سىڭلىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ كەينىدە خېلى ئۇزاقتا ئاستا قەدەم بىلەن كېلىۋاتاتتى، قۇچىقىدىكىسى بەلكىم گىلەم چىگىلگەن بوخچا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ۋىنستون ئۇ چاغدا سىڭلىسىنىڭ تۇغۇلغان - تۇغۇلمىغانلىقىنىمۇ ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇلار ئاخىرى ئادەملەر قىستا - قىستاڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان بىر يەرگە چىقتى، شۇ چاغدىلا ئۇ بۇ يەرنىڭ تراموۋاي بېكىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

تاش ياتقۇزۇلغان يەرنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە ئادەملەر سانجاق - سانجاق ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىدى. بەزىلەر ئىككى قەۋەتلىك تۆمۈر كارىۋاتتا قىستىلىشىپ ئولتۇراتتى. ۋىنستونلار بىر بوش يەرنى تېپىپ جايلاشتى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى تۆمۈر كارىۋاتتا، بىر جۈپ بوۋاي - موماي بىر - بىرىگە يېقىن ئولتۇرۇشاتتى. بوۋاي ئۈچىسىغا پاكىز قارا كاستيۇم، بېشىغا قارا قالپاق كىيىۋالغان بولۇپ، يۈزى چوغدەك قىزارغان، كۆزىدىن لىغىلداپ ياش تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ سېسىق ھاراق پۇرىقى كېلەتتى. ئۇنىڭ تېرىسىدىن تەر ئورنىغا ھاراق چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى، ھەتتا كىشى ئۇنىڭ كۆزىدىكى ياشنىمۇ ھاراقمىكىن دەپ قالاتتى. گەرچە ئۇ ئاز - تولا مەست بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىدىغۇسىز ئېغىر ئازاب چېكىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. ۋىنستوننىڭ باللارچە ئويىچە، ئۇلار كەچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان، ئورنىنى توشقۇزغىلى بولمايدىغان بىر يامان ئىشقا يولۇققاندەك قىلاتتى. ھەتتا ۋىنستون بۇ ئىشنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلىدىغاندەك قىلاتتى. بەلكىم بۇ بوۋاينىڭ ئۆزى بەك ياخشى كۆرىدىغان قىز نەۋرىسى ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. بوۋاي

تونتماستىن مۇنۇ گەپلەرنى تەكرارلايتتى:

— ئۇلارغا ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى، مەن شۇنداق دېگەننىڭ، دېمىگەننىڭ يا؟ مانا بۇ ئۇلارغا ئىشەنگەننىڭ ئاقىۋىتى، مەن دائىم دەيتتىم... بۇ ئەبلەخلەرگە ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى.

ۋىنستون ئىشەنمەسلىككە تېگىشلىك بۇ ئەبلەخلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

شۇ چاغلاردىن باشلاپ ئۇرۇش ئۈزۈلمىدى. ئېنىقراقىنى دېگەندە، ئۇرۇش باشتىن - ئاخىر بىرلا ئۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا بىر قانچە ئاي كوچا ئۇرۇشى بولدى. بەزىلىرىنى ئۇ ئېنىق ئەسلىيەلەيتتى، ئەمما ئۇ چاغدىكى پۈتۈن تارىخنى تېپىپ چىقىپ، كىمنىڭ كىمگە قارشى، قاچان، قانداق ئۇرۇش قىلغانلىقىنى ئېنىقلاش ئاللىقاچان مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئايلانغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئائىت ھېچقانداق يازما خاتىرە، بىرەر ئېغىز سۆز، ھازىرقى ئىتتىپاقداشتىن باشقا بىرەر ئىتتىپاقداشنىڭ گېپىمۇ قالمىغانىدى. مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە — 1984 - يىلى — ئەگەر مۇشۇ راست بولسا، ئوكيانىيە شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتى. ھېچقانداق ئاممىۋى ياكى خۇسۇسىي سورۇندا بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ قاچان، كىم - كىم بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، كىمگە قارشى ئۇرۇش قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ - سۆز بولۇنمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ۋىنستون ئوكيانىيەنىڭ ياۋروئاسىيا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقىنىغا ئەمدى تېخى تۆت يىل بولغانلىقىنى تاسادىپىي بىر پۇرسەتتە بىلىپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ خاتىرىسى تېخى تولۇق كونترول قىلىنمىغان ئىدى. پارتىيەنىڭ سۆزىچە بولغاندا، ئىتتىپاقداشلىق ئەزەلدىن ئۆزگەرمىگەن ئىدى. ئوكيانىيە ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇش ئىچىدە ئىدى: دېمەك، ئوكيانىيە ئەزەلدىن ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇش ئىچىدە ئىدى.

ھازىرقى ۋاقىتتىكى دۈشمەننىڭ ئۆزى مۇتلەق رەزىللىكنىڭ ۋەكىلى

ئـىدى، شۇڭلاشـقا ئۇنىـڭ بىلـەن ئىلگىرىـمۇ ياكـى بۇندىـن كېيىنمـۇ ھەرقانـداق بىـر كىشىنىـمنىڭ بولغانلىقى ياكـى بولـۇپ قېلىشـى مۇمكىـن ئەمـەس ئىـدى.

ئـۇ مۇرىسـىنى كەينىگـە ئېگىـپ ئاغرىغانـدا (قولىنـى كاسىسـىغا قويـۇپ بېلىنـى كەينىگـە ئېگەتتـى، بۇنىـڭ دۈمبـە مۇسـكۇلىغا پايدىسـى بـار دېيىلەتتـى)، نەچچـە ئـون مىـڭ قېتىملاپ كالللىسـىدىن كەچكـەن بىـر قورقۇنچلـۇق ئويىنـى ئەسـلەپ قالـدى. بۇنىـڭ راسـت بولـۇپ قېلىشـى ھەقىقەتـەن قورقۇنچلـۇق ئىـش ئىـدى: ناۋادا پارتىيـە ئۆتمۈشـكە قولىنـى تىقىـپ، بۇ ياكـى ئـۇ ۋەقەنـى ئەزەلدىـن يـۈز بېرىـپ باقمىغـان دېگـەن بولسـا، ئەجىبـا بـۇ قىينـاش ۋە ئۆلتۈرۈشـتىنمۇ قورقۇنچلـۇق ئىـش ئەمەسـمۇ؟!

پارتىيـە ئوكيانىيـە ئەزەلدىـن ياۋرۇئاسـىيا بىلـەن ئىتتىپـاق تـۈزۈپ باقمىغـان دەيتتـى. ۋىنسـتون بولسـا ئوكيانىيەنىـڭ تېخى بۇندىـن تـۆت يىـل بـۇرۇن ياۋرۇئاسـىيا بىلـەن ئىتتىپـاق تۈزگەنلىكىنـى بىلەتتـى. ئەممـا بۇنىڭغـا پاكىـت قېنـى؟ بـۇ پەقـەت ئۇنىـڭ ئېڭىدىـلا مەۋجـۇت، شۇنداقلا بۇنىـڭ ئۇنىـڭ ئېڭىدىـن يـوق قىلىنىشـىمۇ ھەرقاچـان ئېنىـق. ئەگـەر ھەممەيلـەن پارتىيـە ئېيتقـان يالغاننـى قوبـۇل قىلسـا، بارلىـق يازما خاتىرىلـەر ئوخشـاش بىـر ھېكايىنـى سۆزلىسـە، بـۇ يالغان تارىختا كىرىـدۇ، دېمەككـى ھەقىقەتكـە ئايلىنىـپ كېتىـدۇ. پارتىيـەدە شـۇنداق شوئار بـار: «كىـم ئۆتمۈشـنى كونتـرول قىلسا، شـۇ كەلگۈسـىنى كونتـرول قىلىـدۇ؛ كىـم ھازىرنـى كونتـرول قىلسـا، شـۇ ئۆتمۈشـنى كونتـرول قىلىـدۇ.» گەرچـە ئۆتمۈشـنىڭ خاراكتېرىنـى ئۆزگەرتكىلـى بولسـىمۇ، ئەمما ئـۇ ئەزەلدىـن ئۆزگەرتىلىـپ باقمىـدى. ھازىـر ھەقىقـەت ھېسابلانغان ھەرقانـداق نەرسـە مەڭگـۈ ھەقىقـەت ئىـدى. بۇنـى مۇشـۇنداق قوبـۇل قىلىـش ئۈچـۈن پەقـەت ئـۆز خاتىرىمىـز ئۈسـتىدىن غالىـب كېلىشـىمىز لازىـم ئىدى. ئـۇلار بۇنـى «رېئاللىقنى كونتـرول قىلىـش» دەپ ئاتايتتـى. يېڭـى تىلـدا بولسـا «قـوش تەپەككـۇر» دەپ ئاتىلاتتـى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تۈرۈڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى يېتەكچى سەل يېقىملىقراق تەلەپپۇزدا.

ۋىنستون ئىككى قولىنى يانغا تاشلاپ ئۆپكىسىنى ھاۋاغا تولدۇردى. ئۇنىڭ مېڭىسى قوش تەپەككۇرنىڭ سىرلىق ئۇردىسىغا كىرىپ كەتتى: بىلىش ۋە بىلمەسلىك، ھەقىقەتنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ ئۇستىلىق بىلەن توقۇلغان يالغاننى تەڭ تۇۋلاش، بىر - بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان ئۆزئارا زىت ئىككى قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە ئىشىنىش ۋە ئۇنى ھەقىقەت دەپ بىلىش، لوگىكىدىن لوگىكىغا قارشى پايدىلىنىش، ئەخلاقنى تەرغىپ قىلىپ تۇرۇپ ئۇنى ئىنكار قىلىش، دېموكراتىيىنىڭ مۇمكىنسىزلىكىنى سۆزلەپ تۇرۇپ پارتىيەنىڭ دېموكراتىيىنىڭ قوغدىغۇچىسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، ئۇنتۇشقا زۆرۈر ھەرقانداق نەرسىنى ئۇنتۇش، ئاندىن لازىم بولغاندا يەنە ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ پايدىلىنىش، ئارقىدىنلا ئۇنى يەنە پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىش ... ئەڭ يامىنى — مۇشۇ ئوخشاش جەريانغا يەنە شۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىشتۇر، ئۇنىڭ ئەڭ قالتىس يېرى، ئادەم ئۆزىنى ئۆزى ئاڭلىق ھالدا ئاڭسىزلىققا ئەكىرىدۇ، ئاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئۆزى ھازىر قىلغان گىپنوز بىلەن ئاڭسىزلىنىدۇ. ھەتتا مۇشۇ «قوش تەپەككۇر» دېگەننى چۈشىنىشتىمۇ قوش تەپەككۇر ئىشلىتىلىدۇ.

يېتەكچى يەنە «دىققەت» دەپ توۋلىدى:

— قېنى قايسىمىز پۇتىمىزنىڭ ئۇچىغا قولىمىزنى تەگكۈزەلەيدىكەنمىز؟ — دېدى ئۇ تولىمۇ جۇشقۇن ھالدا، — دەل كاسىسىمىزنىڭ ئۇستىدىن. قېنى، يولداشلار: بىر - ئىككى! بىر - ئىككى! ...

ۋىنستون بۇ مەشىققە بەكلا ھۆ بوپكەتكەنىدى. ھەر قېتىم ئۇنىڭ ھوشۇقىدىن كاسىسىغىچە ئاغرىپ كېتەتتى ۋە مەشىق ئاخىرلىششى ھامان قاتتىق يۆتىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بايىقى خىياللىرىدىن كەلگەن ئازراق كۆڭۈللۈك كەيپىياتىمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇ «ئۆتمۈش ئۆزگەرتىلگەنلا

ئەمەس، بەلكى ۋەيران قىلىنغان» دېگەنلەرنى ئويلىدى. چۈنكى سىز خاتىرىڭىزدىن باشقا ھېچقانداق يەردە، بىرەر يازما پاكىت بولمىغان ئەھۋالدا، قانداقمۇ ئۆتمۈش ھەققىدە ئېنىق پاكىت تۇرغۇزالايسىز؟ ئۇ غوجاكىنى تۇنجى قېتىم زادى قاچان ئاڭلىغانلىقىنى ئەسلەشكە تىرىشىپ باقتى. «چوقۇم 60 ـ يىللار ئەتراپىدا» دەپ ئويلىدى ئۇ. لېكىن جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، پارتىيە تارىخىدا، غوجاكا پارتىيە قۇرۇلغان ئەڭ دەسلەپكى ۋاقىتلاردىن باشلاپلا داھىي ۋە پارتىيەنىڭ قوغدىغۇچىسى، دېيىلەتتى. ئۇنىڭ تۆھپىلىرى ھەتتا 30 ـ 40 ـ يىللارغىچە ئاپىرىلغان ئىدى. ئۇ چاغلار ئاجايىپ گۈزەل چاغلار ئىدى. كاپىتالىستلار موتورلۇق پارقىراق ماشىنىلىرى ۋە ئات قوشۇلغان ئەينەك دەرىزىلىك پەيتونلىرىدا لوندون كوچىلىرىدا يۈرىشەتتى. غوجاكا ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتلەرنىڭ زادى قانچىلىكىنىڭ راست، قانچىلىكىنىڭ ئويدۇرما ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ۋىنستون ھەتتا پارتىيەنىڭ زادى قاچان قۇرۇلغانلىقىنىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇ INGSOC ئىنسوك دېگەن سۆزنى 60 ـ يىللاردىن بۇرۇن ئاڭلىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭ كونا تىلدىكى «ئىنگلىز سوتسىيالىزمى» دېگەن بىرىكمە شەكلى ئىنسوك دېگەن قىسقارتىلما سۆزدىن بۇرۇن تارقالغان ئىدى. ھەممە نەرسە خىرەلىشىپ كەتكەن. ئەمەلىيەتتە بەزى ئوپئوچۇق يالغانلارنى سىزمۇ بىلىۋالالايتتىڭىز، مەسىلەن: پارتىيە تارىخى كىتابلىرىدا ئايروپىلاننى پارتىيەنىڭ كەشىپ قىلغانلىقى سۆزلىنىدۇ، بۇ جۆيلىگەنلىك. ۋىنستون ناھايىتى كىچىك ۋاقىتلىرىدىمۇ ئايروپىلاننىڭ بارلىقىنى ئەسلىيەلەيدۇ. ئەمما سىز ھېچنېمىنى ئىسپاتلىيالمايتتىڭىز، ھېچقانداق پاكىت مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىم قولىغا تارىخنىڭ بۇرمىلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر يازما پاكىت چۈشۈپ قالغان، دەل شۇ چاغدا...

— سىمىس! — دەپ ۋارقىرىدى ئېكراندىكى خوتۇن ھازازۇللارچە، — W 6079. ھە سىز! بەكرەك ئېگىلىڭ! بۇنىڭدىن ياخشىراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلالايسىز، سىز كۈچىمىدىڭىز، تېخىمۇ پەسرەك! ھە، ئەمدى ئوبدان بولدى، يولداش. ئەمدى تۇرۇڭ، ھەممىڭلار تۇرۇڭلار. ماڭا قاراڭلار!

ۋىنستوننىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن چوغدەك تەر چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈزىنى ئېكران كۆرەلمەيتتى. «مەيۈسلىكىڭنى ھەرگىز چاندۇرما، نارازىلىقىڭنى قەتئىي كۆرسەتمە سالما! كۆزۈڭدىكى كىچىككىنە نۇر، ئىپادە سېنى يوق قىلىشقا يېتەرلىك.» يېتەكچى قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى — ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بەك نەپىس دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن خېلى ئۆلچەملىك، چەبدەس ئىدى — ئاندىن بېلىنى ئېگىپ قولىنى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تەگكۈزدى.

— قېنى، يولداشلار! مەن دەل مۇشۇنداق قىلغىنىڭلارنى كۆرمەكچى ئىدىم. ماڭا يەنە قاراڭلار، مەن ئوتتۇز توققۇز ياش، تۆت بالام بار، ئۇ بېلىنى ئەگدى ۋە، — قاراڭلار مېنىڭ پۇتۇم ئېگىلمىدى، — دېگەچ بەدىنىنى رۇسلىدى، — قىرىق بەش ياشتىن تۆۋەن ھەرقانداق ئادەم بۇ ھەرىكەتنى قىلالايدۇ. ئالدىنقى سەپكە بېرىپ ئۇرۇش قىلىدىغان تەلەي ھەممىمىزگە نېسىپ بولۇشى ناتايىن، شۇنداقتىمۇ بەدىنىمىزنى ئۆلچەملىك تۇتۇش تامامەن مۇمكىن. مالابار فرونتىدىكى ئەزىمەتلىرىمىزنى ئويلاڭلار، لەيلىمە ئىستىھكامدىكى غەۋۋاسلىرىمىزنى، ئۇلارنىڭ قانچىلىك جاپادا ئىكەنلىكىنى ئويلاڭلار! قېنى، ئەمدى قايتا قىلىپ بېقىڭلار. ھە، ئەمدى بولدى، يولداش!

ۋىنستون قاتتىق ئېگىلىۋىدى، قولى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تەگدى. بۇ ۋىنستوننىڭ بىر نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم تەگكۈزەلىشى ئىدى.

## 4

ئۇنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى باشلاندى. ۋىنستوننىڭ ئىشخانا تېمىدىكى ئېكرانغا يېقىنلىقىمۇ ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن كەلگەن بىر

تەبىئىي ئۇھنى توسۇپ قالالمىدى. ۋىنستون خاتىرىلىگۈچنى ئالدىغا تارتتى ۋە مىكروفوندىكى چاڭلارنى پۈۋلىۋېتىپ، كۆزەينىكىنى تاقىدى. ئاندىن ئۇنىڭ تەرەپتىكى ھاۋا بېسىملىق تۇرۇبىدىن كەلگەن تۆت تۇرۇم قەغەزنى ئالدىغا يېيىپ قىسقۇچتا قىستى.

بۇ كاتەكتەك ئىشخانىنىڭ تېمىدا ئۈچ دانە تۆشۈك بار. خاتىرىلىگۈچنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى يازما ئۇچۇرلارنى يوللايدۇ، سول تەرەپتىكى چوڭراقىدىن گېزىت يوللىنىدۇ، يان تەرەپتىكى تامنىڭ ۋىنستوننىڭ قولى يېتىدىغان يېرىدىكى تۆمۈر توردا توسۇلغان چاسا شەكىللىك تۆشۈك بولسا تاشلاندۇق قەغەزلەرنى بىتەرەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئېغىزدىن پۈتۈن بىنادا نەچچە مىڭ، ھەتتا نەچچە ئون مىڭ بار، ھەر بىر ئىشخانىدا بولۇشتىن باشقا، كارىدوردىكى مۇئەييەن ئارىلىقتىمۇ بىردىن بار. نېمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، بۇ تۆشۈكلەر «خاتىرە تۆشۈكى» دەپ ئاتىلاتتى. يوق قىلىنىشقا تېگىشلىك ھۆججەت ياكى كارىدوردا ئۇچرىغان قەغەز پارچىلىرى شۇ تۆشۈككە تاشلىناتتى، ئاندىن ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى ئۇلارنى مۇشۇ بىنانىڭ مەلۇم يېرىدىكى غايەت زور پېچقا ئاپىرىپ تاشلايتتى.

ۋىنستون ئالدىدىكى ھەر بىرىگە بىر - ئىككى قۇرلا قىسقارتىلغان مەخسۇس ئاتالغۇلاردىن تەركىب تاپقان ئۇچۇر يېزىلغان قەغەزلەرگە سىنچىلاپ قارىدى. بۇ مەخسۇس ئاتالغۇلار يېڭى تىلدا ئۇچرىمايتتى، ئەمما ئاساسەن دېگۈدەك يېڭى تىلدىكى سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. بۇ سۆزلەر مىنىستىرلىكتە ئىچكى مەقسەتلەر ئۈچۈنلا قوللىنىلاتتى:

*تايمىس 17. 13. 84 bb نىڭ ئافرىقا دوكلاتىدىكى خاتالىق تۈزىتىلسۇن.*

*تايمىس 19. 23. 83 ئۈچىنچى يىللىق پىلاننىڭ تۆتىنچى پەسلى ھەققىدىكى ئالدىن مەلۇماتىنىڭ 83*

*يېرىدە باسما خاتالىقى بار، ھازىرقىغا سىلىشتۇرۇلسۇن.*

*تايمس 14 . 2 . 84 مولچىلىق مىنىستىرلىكى شاكىلات مىقدارىنى خاتا نەقىل ئالغان تۈزىتىلسۇن.*

*تايمس 3 . 12 . 83 bb نىڭ كۇندىلىك بۇيرۇقىدا «ئادەم ئەمەس» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىپ قالغان، تولۇق تۈزىتىلىپ ئارخىپلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن تاپشۇرۇلسۇن.*

ۋىنستون يېنىك بىر تۇيغۇدا تۆتىنچى ئۇچۇرنى بىر يانغا قويۇپ قويدى. بۇ ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە مەسئۇلىيىتى ئېغىر خىزمەت ئىدى، ھازىر ياخشىسى ئىشنى تۆتىنچىسىدىن باشلاش كېرەك. قالغان ئۈچى ــ گەرچە ئىككىنچىسىدە نۇرغۇن سانلارنى بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇرۇشقا توغرا كەلسىمۇ ــ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن كۈندىلىك خىزمەتلەر ئىدى.

ۋىنستون ئېكراندىكى قايتۇرۇش نومۇرىنى ئۇرۇپ، تايمس گېزىتىنىڭ لازىملىق سانلىرىنى سورىدى. بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بۇ گېزىتلەر ھېلىقى ھاۋا بېسىملىق ئېغىزدىن چىقتى.

ۋىنستون تاپشۇرۇۋالغان ئۇچۇرلار، گېزىتتىكى ماقالە ياكى خەۋەرلەردىكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگەرتىش ياكى كەسپىي تىل بىلەن ئېيتقاندا، تۈزىتىش زۆرۈر دەپ قارالغان جايلار ئىدى. مەسىلەن: تايمس گېزىتىنىڭ 17 ـ سانىغا غوجاكىنىڭ ئالدىنقى كۈندىكى نۇتقى بېسىلغان، ئۇ نۇتۇقتا غوجاكا جەنۇبىي ھىندىستان فرونتىنى تىنچ تۇرىدۇ، ياۋروئاسىيا ئارمىيەسى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شىمالىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قوزغايدۇ، دەپ بىشارەت بەرگەن. ۋەھالەنكى ئەمەلىيەتتە، ياۋروئاسىيانىڭ باش قوماندانى شىمالىي ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلماستىن، بەلكى جەنۇبىي ھىندىستانغا ھۇجۇم قوزغىغان. شۇنىڭ بىلەن غوجاكىنىڭ نۇتقىدىكى ئاشۇ بۆلەكنى قايتا يېزىپ چىقىپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئەمەلىيەت بىلەن بىردەكلەشتۈرۈش زۆرۈر ئىدى. يەنە مەسىلەن: تايمس گېزىتىنىڭ 19 - سانىدا ھۆكۈمەتنىڭ 1983 - يىلىنىڭ تۆتىنچى پەسلىدىكى — شۇنداقلا بۇ يەنە توققۇزىنچى ئۈچ يىللىق پىلاننىڭ ئالتىنچى چارىكى ئىدى — ھەرقايسى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ھەققىدىكى ئالدىن مەلۇماتى بېسىلغان، بۇگۈنكى گېزىتتە بولسا ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى بېسىلغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى سانلىق مەلۇماتلار باشتا ئېلان قىلىنغان مەلۇماتقا ئۇدۇل كەلمەيدۇ. ۋىنستوننىڭ خىزمىتى دەل باشتىكى سانلىق مەلۇماتلارنى ئۆزگەرتىپ، كېيىنكىسى بىلەن بىردەكلەشتۈرۈشتۇر. ئۈچىنچى ئۈچۈردىكىسى بولسا كىچىككىنە خاتالىق بولۇپ، ئىككى مىنۇتتىلا تۈزەتكىلى بولاتتى.

تېخى فېۋرالدىلا، مولچىلىق مىنىستىرلىكى 1984 - يىلى شاكىلات تەمىناتىنىڭ كېمەيتىلمەيدىغانلىقى توغرىلىق بىر ۋەدە (ھۆكۈمەت تىلىدا «مۇتلەق كاپالەت») دەپ ئاتىلاتتى) ئېلان قىلغانىدى، بىراق شاكىلات تەمىنلەش مىقدارى مۇشۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرى ئوتتۇز گرامدىن يىگىرمە گرامغا چۈشۈپ قالىدى، بۇنى ۋىنستونمۇ بىلەتتى. ئۇ ئەمدى بۇ ۋەدىنى، تەمىنلەشنى تۆتىنچى ئاينىڭ مەلۇم ۋاقتىدا ئازايتىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان بىر ئۇقتۇرۇشقا ئۆزگەرتىپ قويسىلا بولاتتى.

ۋىنستون كەلگەن ھەممە ئۈچۈرلارنى بىتەرەپ قىلىپ بولۇپلا، خاتىرىلىگۈچتە تۈزەتكەنلىرىنى تايمس گېزىتىنىڭ ماس كېلىدىغان سانى بىلەن قىستۇرۇپ، ھاۋا بېسىملىق ئېغىزغا كىرگۈزۈۋەتتى. ئاندىن ئادەتلىنىپ كەتكەن بىر تەبىئىي ھەرىكەت بىلەن ئەسلىدىكى ئۈچۈر ۋە ئۆزى يازغان كوپىيەلەرنى بىللە خاتىرە تۆشۈكىگە تاشلىۋەتتى.

ۋىنستون ھاۋا بېسىملىق تۇرۇبا ئېلىپ بارىدىغان ئادەمنى ئېزىقتۇرۇۋېتىدىغان بۇ سىرلىق ئوردىدا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەپسىلىي بىلمەيتتى، ئەمما پەرەز قىلالايتتى. تايمس گېزىتىنىڭ تۈزىتىش زۆرۈر دەپ قارالغان مەلۇم سانىنىڭ ھەممىسى توپلىناتتى ۋە تۈزىتىلىپ قايتا بېسىلاتتى، ئاندىن ئەسلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نۇسخىسى كۆيدۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تۈزىتىلگەن نۇسخىسى قويۇلاتتى. گېزىتلەرلا ئەمەس، مەلۇم سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى ۋەزنى بار دەپ قارالغان بارلىق كىتابلار، پەسىللىك ژۇرناللار، كىتابچە - قوللانمىلار، لوزۇنكىلار، تەشۋىقات ۋاراقچىلىرى ، ئۇن - سىن لىنتىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىناتتى. ئۆتمۈش ھەر كۈن ، ھەر مىنۇتتا توختىماستىن ئۆزگەرتىلىپ، ھازىر بىلەن بىردەكلەشتۈرۈلەتتى. شۇنىڭ بىلەن پارتىيەنىڭ ھەرقانداق ئالدىن مەلۇمات، بىشارەتلىرىنىڭ ئەزەلدىن توغرا چىقىدىغانلىقىنىڭ ماددىي ئىسپاتى مەيدانغا كېلەتتى. نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ئېھتىياجىغا خىلاپ ھەرقانداق خەۋەر، كۆز قاراشلارنىڭ ساقلىنىشى ۋە خاتىرىلىنىشىگە قەتئىي يول قويۇلمايتتى. بارلىق تارىخ خۇددى تېرە قەغەزگە يېزىلغان خەتتەك، پاكىز ئۆچۈرۈلۈپ تۇراتتى ۋە زۆرۈر بولغاندا قايتا - قايتا يېزىلاتتى. پارتىيە قىلدى دەپ قارالغان ھەرقانداق ئىش - ھەرىكەت يۈز بېرىپلا بولسا، مەزكۇر ئىش - ھەرىكەتنىڭ يۈز بەرمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش ئەسلا مۇمكىن بولمايتتى. ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى ھازىر ۋىنستون ئىشلەيدىغان تارماقتىنمۇ خېلىلا چوڭ بولۇپ، مەزكۇر تارماق مەخسۇس ئىلگىرى بېسىلغان، ئەمدى يوق قىلىنىشى زۆرۈر دەپ قارالغان ھەرقانداق كىتاب، گېزىت ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى تېپىش، توپلاشقا مەسئۇل ئىدى. تايمىس گېزىتىنىڭ مەلۇم سانى، ئىنتىپاقداش دۆلەتنىڭ ئۆزگىرىشى ياكى غوجاكىنىڭ مەلۇم بىشارىتىنىڭ توغرا چىقماي قېلىشى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدىكى چىسلا ۋە ساندا قايتا - قايتا بېسىلىپ، ئارخىپ ئامبىرىدا ساقلىناتتى، بۇنىڭغا زىت ھەرقانداق پاكىت، ئۇچۇرنىڭ ساقلىنىشىغا يول قويۇلمايتتى. كىتابلارمۇ يىغىۋېلىناتتى ۋە قايتا - قايتا يېزىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەنلىكى قەتئىي ئېتىراپ قىلىنمايتتى. ۋىنستون ھەركۈنى قوبۇل قىلىدىغان يازما كۆرسەتمىلەرمۇ ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىنلا دەرھال بىرتەرەپ قىلىناتتى ۋە ھەرقانداق بۇرمىلاش

ياكى ئويدۇرۇشلار قىلچە چاندۇرۇلمايتتى، بۇ پەقەت تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق، بېسىش، ئورۇش ياكى نەقىل ئېلىش جەريانىدىكى ئۇششاق خاتالىقلارنى تۈزىتىش دەپلا چۈشەندۈرۈلەتتى.

ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ مولچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرىنى تۈزەتكەندە، ئۇنى ئويدۇرمىچىلىق دەپ ئويلىمايتتى. بۇ پەقەت بىر يالغانىنىڭ ئورنىغا يەنە بىر يالغانىنى ئالماشتۇرۇشلا ئىدى. سىز بىرتەرەپ قىلىۋاتقان ھەرقانداق ماتېرىيالنىڭ رېئال دۇنيادىكى مەلۇم پاكىت بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشى يوق ئىدى، ھەتتا ئاشۇ يالغانىنىڭ ئىچىدىكى باشقا يالغانلارنىڭمۇ بىر - بىرى بىلەن باغلىنىشى يوق ئىدى. ئىستاتىستىكىلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىكىسىمۇ، تۈزىتىلگەن نۇسخىسىدىكىسىمۇ ئوخشاشلا ئويدۇرما ئىدى. بۇلارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىشىڭىزگىمۇ خېلى كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. مەسىلەن: مولچىلىق مىنىستىرلىكى بۇ پەسىلدە 145 مىليون جۈپ ئۆتۈك ئىشلەپچىقىرىلىدۇ دەپ مۆلچەر قىلغان بولسا، ئەمما ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 62 مىليون بولغان بولسا، ۋىنستون بۇنى تۈزەتكەندە، 145 مىليون دېگەن مۆلچەرنى 57 مىليون دەپ يازىدۇ، شۇنىڭ بىلەن پارتىيەنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان بولىدۇ. 62 مىليون جۈپ ھەرگىزمۇ 57 مىليون جۈپ ياكى 145 مىليون جۈپكە قارىغاندا، پاكىتقا بەكرەك يېقىن ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بىر جۈپ ئۆتۈك ئىشلەپچىقىرىلمىغان بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. زادى قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ھەتتا بۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارىمۇ بولمايتتى. پەقەت ھەممەيلەن ھەر بىر پەسىلدە، سان - ساناقسىز ئۆتۈكلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى گېزىتلەردىن بىلەتتى، شۇنداقلا ئوكيانىيە خەلقىنىڭ يېرىمىنىڭ يالىڭاياق يۈرىدىغانلىقىنىمۇ ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى. چوڭ بولسۇن - كىچىك بولسۇن، ھەرقانداق تۈردىكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتلار مانا مۇشۇنداق ئىدى.

ھەممە نەرسە مانا مۇشۇنداق يوقلۇقتا، كۆلەڭگىگە ئايلىنىپ كېتىدىغان بۇ دۇنيادا، ھەتتا يىل - ئاي چىسلالىرىنىمۇ ئېنىق جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ۋىنستون زالغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇدۇلدىكى بۆلۈمچىدە ۋىجىك، زاڭقالىرى قارامتۇل، ئادەمگە تولىمۇ ئېھتىياتچاندەك تەسىر بېرىدىغان بىر ئەر باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىسمى تىللوتسون ئىدى. ئۇنىڭ تىزىدا قاتلانغان بىر پارچە گېزىت تۇراتتى، ئېغىزىنى خاتىرىلىگۈچكە يېقىن ئەكىلىۋالغان بولۇپ، گېپىمنى ھېچكىم ئاڭلاپ قالمىسۇن، دېگەندەك ئېھتىياتچان كۆرۈنەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈردى، زەھەرخەندىلەرچە بىر نۇر ئۇنىڭ كۆزەينىكىدىن ۋىنستون تەرەپكە ۋاللىدە چاقنىدى.

ۋىنستون تىللوستوننى تونۇمايتتى، ئۇنىڭ نېمە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. ئارخىپ باشقارمىسىدىكىلەر ئادەتتە بىر - بىرىنىڭ خىزمىتى توغرىلىق پاراڭلاشمايتتى. بىر دانىمۇ دەرىزىسى يوق بۇ ئۇزۇن زالدا ئىككى قاتار بۆلۈمچە بار ئىدى، قەغەزلەر داۋاملىق شىرىقلاپ تۇراتتى، كىشىلەر خاتىرىلىگۈچكە داۋاملىق بىر نېمىلەرنى شىۋىرلاپ تۇراتتى، ۋىنستون بۇ كىشىلەر بىلەن كارىدورلاردا ئۇچرىشىپ تۇرسىمۇ، شۇنداقلا ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت پائالىيىتىدە كۆرۈشىدىغان بولسىمۇ، نەچچە ئون ئادەمنىمۇ تۈزۈكرەك تونۇمايتتى، ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتى. ۋىنستوننىڭ يېنىدىكى ئىشخانىدىكى ھېلىقى قۇمسېرىق چاچلىق خوتۇن تىزىملىكتىن پارغا ئايلاندۇرۇلغان ۋە شۇنىڭ بىلەن ئەزەلدىن بۇنداق ئادەم يوق ئىدى، دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى باش كۆتۈرمەي ئىزدەيتتى ۋە ئۆچۈرەتتى. ۋىنستوننىڭ بۆلۈمچىسىدىن بىر قانچە بۆلۈمچە نېرىدىكى بىر بۆلۈمچىدە ئامپلفورس ئىسىملىك مۇلايىم، نائىقپى تەلەت، بىپەرۋا كۆرۈنىدىغان، قۇلىقىنى قۇيۇق تۈك بېسىپ كەتكەن بىرەيلەن بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاھاڭ، ئۇداردا ئالاھىدە تالانتى بار ئىدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى — ئىدىيىسى چاتاق، ئەمما

مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن شېئىر توپلاملىرىدا ساقلىنىشى لازىم، دەپ قارالغان شېئىرلارنىڭ ئۆزگەرتىلگەن نۇسخىسىنى ئىشلەش. ئادەتتە بۇ «بېكىتىلگەن تېكىست» دەپ ئاتىلاتتى. ئەللىكچە ئادەم ئىشلەيدىغان بۇ زال ئىنتايىن مۇرەككەپ ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە تارماق رايون ھېسابلىناتتى. بۇ زالنىڭ ئۈستى، ئاستى، يانلىرىدىكى زاللاردا بولسا تىقما ـ تىقما ئادەم تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئايىغى چىقماس خىزمەتلەرنى ئىشلەيتتى. بۇ يەردە نۇرغۇن مۇھەررىر، بەتچىلىك ئىشلەيدىغان يوغان ـ يوغان باسمىخانىلار، مەخسۇس ساختا رەسىم ئىشلەيدىغان، ئۈسكۈنىلىرى ناھايىتى ئىلغار ستۇدىيەلەر، تېلېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەيدىغان تارماقلار بولۇپ، بۇ يەردە كەسپىي لايىھەلىگۈچىلەر، رېژىسسورلار، ھەر خىل ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى دوراشتا ئالاھىدە تالانتلىق ئارتىسلار ئىشلەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يىغىۋېلىش لازىم دەپ قارالغان كىتاب، ژۇرنال، گېزىتلەرنى توپلاپ، تىزىملايدىغان بىر مۇنچە ئادەمدىن تەشكىللەنگەن مەخسۇس قوشۇن؛ ماتېرىياللارنىڭ تۈزىتىلىپ بولغان نۇسخىسىنى ساقلايدىغان غايەت زور ئامبار، ئەسلىي نۇسخىسىنى كۆيدۈرىدىغان غايەت زور مەخپىي پېچ بار ئىدى. يەنە مەلۇم ئورۇندا، مۇشۇ پۈتكۈل خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان، تارىخنىڭ قايسى قىسمى ساقلىنىدۇ، قايسى بۇرمىلىنىدۇ، قايسى يوقىتىلىدۇ دېگەنلەرنى بەلگىلەيدىغان ئاقىللار قوشۇنىمۇ بار ئىدى.

ئارخىپ باشقارمىسى ئەمەلىيەتتە ھەقىقەت مىنىستىرلىكىنىڭ پەقەت بىرلا تارمىقى ئىدى. بۇ مىنىستىرلىكنىڭ باش خىزمىتى ھەرگىز تارىخنى قايتا قۇرۇپ چىقىش بولماستىن، بەلكى ئوكيانىيە خەلقىنى گېزىت، كىتاب، ژۇرنال، دەرسلىك، تېلېفىلىم، دراما ـ تىياتىر، ھېكايە ـ رومان دېگەندەك ھەرقانداق ئۇچۇر خاراكتېرلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەش ئىدى، بۇلار پارتىيەنىڭ ئادەتتىكى يوليورۇقلىرىدىن باشلاپ، كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىلىرى، ھەتتا بىرەر شوئار، بىرەر كۇبلېت لىرىك شېئىر، بىئولوگىيە ئىلمىي ماقالىلىرى، بالىلارنىڭ ساۋات چىقىرىش

كىتابچىلىرى ۋە يېڭى تىل لۇغىتىغا قەدەر ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ يالغۇز پارتىيەنىڭ ھەرخىل ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە تۆۋەن تەبىقىدىكى پرولېتارلارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاش تەرىقىدە تەكرارلايتتى. بۇ يەردە بىر - بىرىدىن مۇستەقىل بىر قاتار بۆلۈملەر بولۇپ، مەخسۇس پرولېتارىياتچە ئەدەبىي ئەسەر، مۇزىكا، تىياتىر ۋە باشقا كۆڭۈل ئېچىش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. بۇلار ئىشلەپچىقىرىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە پەقەت تەنتەربىيە، جىنايەت، پالچىلىقتىن باشقا نەرسە ياسمايدىغان گېزىت، بەش تىيىنلىق رومان، شەھۋانىي فىلىم، مۇزىكانت دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۈسكۈنە بىلەن پۈتۈنلەي مېخانىكىلىق ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن غېرىب ناخشا دېگەندەك نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. تېخى يەنە شەھۋانىيەت بۆلۈمى — يېڭى تىلدا شۇنداق ئاتىلاتتى — دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس مۇستەقىل بىر بۆلۈم بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى شەھۋانىي ئەسەرلىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى ۋە بۇلار ئېغىزى پېچەتلەنگەن قاپلاردا تارقىتىلاتتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، ھەتتا بۇنى ئىشلىگەنلەرنىڭمۇ بۇلارنى كۆرۈشى چەكلىنەتتى.

ۋىنستون خىزمەت قىلىۋاتقاندا، ھاۋابېسىملىق ئېغىزدىن ئۈچ پارچە ئۇچۇر كەلدى. بۇ ھەممىسى ئاددىي ئىشلار بولۇپ، ئۇ بۇلارنى نەپرەت پائالىيىتىدىن بۇرۇنلا تاماملاپ بولغانىدى. ۋىنستون نەپرەت پائالىيىتىدىن قايتىپ كىرىپ، ئىشكاپتىكى يېڭى تىل لۇغىتىنى ئالدى ۋە خاتىرىلىگۈچنى بىر ياققا ئىتتىرىپ قويۇپ، كۆزەينىكىنى سۈرتۈۋېتىپ بۈگۈن ئەتىگەندىكى ئاساسلىق خىزمىتىگە ئولتۇردى.

ۋىنستوننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ خوشاللىق ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ھالبۇكى، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق - چۈششەك، زېرىكىشلىك خىزمەتلەر ئىدى. ئەمما بەزى ئويدۇرمىچىلىقلار ماتېماتىكا مەسىلىلىرىدەك ئالاھىدە مۇرەككەپ، چىگىش، قىيىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە ئىختىيارسىز باشچىلاپ كىرىپ كېتەتتىڭىز. بۇنىڭدا سىز پەقەت

INGSOC ئىنسوكنىڭ ھەرخىل پىرىنسىپلىرىغا بولغان چۈشەنچىگىز ۋە پارتىيەنىڭ سىزدىن زادى نېمە دېيىشنى كۈتىدىغانلىقىغا بولغان تۇيغۇنلىقىڭىزغىلا تايىناتتىڭىز. ۋىنستون بۇنداق ئىشلارغا ئالاھىدە ماھىر ئىدى، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا تايمس گېزىتىنى، يېڭى تىل گېزىتىدىكى باشماقالىلەرنى تۈزىتىش تاپشۇرۇلاتتى. ئۇ بايا بىر يانغا قويۇپ قويغان ئۇچۇرنى ئاچتى:

*تايمس 3. 12. 83 bbنىڭ كۈندىلىك بۇيرۇقىدا ئادەم ئەمەس تىلغا ئېلىنغان تولۇق تۈزىتىلىپ ئارخىپلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن تاپشۇرۇلسۇن*

بۇ جۈملە كونا تىل، يەنى ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلىدا مۇنداق ئىدى:

*تايمس گېزىتىنىڭ 1983 - يىلىدىكى سانىغا بېسىلغان غوجاكىنىڭ شۇ كۈنلۈك پەرمانى پەقەت كۆڭۈلدىكىدەك بولماي قالغان ۋە يوق ئادەم تىلغا ئېلىنىپ قالغان، قايتىدىن تولۇق يېزىلسۇن ۋە ئارخىپلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارغا تاپشۇرۇلسۇن.*

ۋىنستون مەسىلە بار ماقالىنى ئوقۇپ چىقتى. «غوجاكىنىڭ بۈگۈنكى پەرمانى» دېگەن بۇ ماقالە ئاساسەن دېگۈدەك لەيلىمە ئىستىھكامدىكى ئەسكەر غەۋۋاسلارغا سىگارت ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى تەمىنلەپ بېرىدىغان FFCC دېگەن ئورگاننىڭ خىزمىتىگە ئوقۇلغان مەدھىيە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىچكى پارتىيەنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەزاسى

ۋايتىرس ئىستىملىك بىر يولداش ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭغا «ئىككىنچى دەرىجىلىك ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى» بېرىلگەن ئىكەن.

ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ ئورگان سەۋەبسىزلا تارقىتىلىپتۇ. ۋايتىرس ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ھازىر نەزەردىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەمما بۇنىڭ خەۋىرى يا ئېكراندا يا مەتبۇئاتتا بېرىلمىدى. بۇمۇ ھەيران قالغۇدەك ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە، چۈنكى سىياسىي ئۇنسۇرلارغا ئادەتتە سوت ئېچىلمايتتى ياكى جامائەت ئالدىدا پاش قىلىنمايتتى. ئادەتتە نەچچە مىڭ كىشى تۇتۇلىدىغان چوڭ تازىلاشلاردا خائىن ۋە ئىدىيە جىنايەتچىلىرىگە سوت ئېچىلاتتى ۋە ئۇلار جامائەت ئالدىدا بىچارىلەرچە مەسىلىسىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىناتتى. ئەمما بۇ پەقەت ئىبرەت قىلىپ قويۇش ئۈچۈن، ئىككى - ئۈچ يىلدا بىرەر قېتىم قىلىناتتى. ئادەتتە بولسا، پارتىيەگە ئازراقلا نارازىلىقى بار ئادەملەر يوقاپ كېتەتتى ۋە مەڭگۈ ئىز - دېرىكىنى ئالغىلى بولمايتتى. ئۇلارغا زادى نېمە بولغانلىقى ھەققىدە ھېچكىم قىلچىلىك يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمەيتتى. بەزىدە بەلكىم ئۇلار تېخى ھايات بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ۋىنستونلا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ھېسابلىمىغاندا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ يوقاپ كەتكەن ئادەمدىن ئوتتۇز نەچچىنى بىلەتتى.

ۋىنستون قەغەز قىسقۇچ بىلەن يەڭگىلگىنە بۇرنىنىڭ ئۈستىگە چەكتى. ئۇدۇل بۆلۈمچىدىكى يولداش تىللوستون تېخىچە ئېغىزىنى خاتىرىلىگۈچكە يېقىن ئەكىلىپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئۇ بېشىنى سەل ئۆرە قىلىۋىدى، كۆزەينەكتىن يەنە سوغۇق نۇر چاقنىدى. ۋىنستون يولداش تىللوستوننىڭمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلىدىغان - قىلمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. بۇ تامامەن مۇمكىن ئىش ئىدى. بۇنداق مۇرەككەپ، ئىنچىكە خىزمەتنىڭ بىرلا ئادەمگە تاپشۇرۇلۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاخىرلىشىپ بولغان ئىشنى نۇرغۇن ئادەم ئىشلەيدىغان بىرلا كومىتېتقا تاپشۇرۇش

بىر ئويدۇرمىچىلىقنىڭ مەيدانغا چىقىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىراپ قىلغانلىق ھېسابلىناتتى. نەچچە ئون ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا، بىر ـ بىرىگە نامەلۇم ھالدا، غوجاكىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى پارتىيىدىكى بىرەر ئاقىل بۇ نۇسخىلارنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچىنى تاللاپ، قايتا تەھرىرلەپ، ئاندىن ئۇنى مۇرەككەپ بىر سىلىشتۇرۇش جەريانىدىن ئۆتكۈزەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەڭ ئاخىرىدا تاللانغان يالغان مەڭگۈلۈك ئارخىپقا كىرگۈزۈلەتتى ۋە ھەقىقەتكە ئايلىناتتى. ۋىنستون ۋايترسىنىڭ نېمىشقا نەزەردىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بەلكىم چىرىكلىكتىن ياكى ئىقتىدارسىزلىقىدىن بولغان بولۇشى؛ بەلكىم غوجاكا بەك مەشھۇر بوپكەتكەن بۇ قول ئاستىنى كۆزدىن نېرى قىلىشنى ئويلىشىپ قالغان بولۇشى؛ ۋە بەلكى ۋايتىرس ياكى ئۇنىڭغا يېقىن بىرەرىدە خەتەرلىك ئىدىيە بار دەپ قارالغان بولۇشى؛ ۋە ياكى ئەڭ زور ئېھتىماللىقتا، پات ـ پات تازىلاش ۋە پارغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇقىم بىر قىسمى ئىكەنلىكىدىن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن... بۇ جۈملىدىكى بىردىنبىر يىپ ئۇچى «ئادەم ئەمەس» دېگەن گەپ ئىدى. بۇ ۋايتىرسنىڭ ھازىر ئالللىبۇرۇن ئۆلۈپ بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئادەملەر قولغا ئېلىنسىلا، چوقۇم مۇشۇنداق ئاقىۋەت يۈز بېرىدۇ، دەپلا ئويلاپ قالسىڭىز بولمايدۇ. بەزىدە بەزىلىرى ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىشتىن ئىلگىرى بىرەر ـ ئىككى يىل ئەركىن قويۇپ بېرىلىدۇ. تېخى بەزىدە سىز ئالللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى، دەپ ئويلىغان بەزى ئادەملەر ئوچۇق سوتلاردا ئەرۋاھتەكلا پەيدا بولۇپ، يەنە باشقا بىر قانچە يۈز ئادەمنى پاش قىلىپ ئاندىن يوقاپ كېتىدۇ. بۇ قېتىم ھەقىقىي، مەڭگۈگە يوقاپ كېتىدۇ. بەلكىم ۋايتىرس ئالللىقاچان ئادەم ئەمەسلەشتۈرۈلگەن — ئۆلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەمدى يوق بولغان، بۇنداق ئادەم مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان ئىدى. ۋىنستون غوجاكىنىڭ

www.uyghurkitap.com

نۇتقىدىكى تىندىنسىيەنى ئەكسىگىلا ئۆرۈپ قويۇشنى توغرا تاپمىدى. ئۇ بۇنى ئەسلىدىكى تېما بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسىز باشقا بىر ئىشقا باغلاپ قويۇشنى قارار قىلدى.

ئۇ نۇتۇقنى خائىنلار ۋە ئىدىيە جىنايەتچىلىرىنى ئەيىپلەيدىغان ئادەتتىكى بىرەر ئەيىبنامىگە ئايلاندۇرۇپ قويسىمۇ بولاتتى، ئەمما بۇنىڭدا بەكلا ئوچۇق بوپكېتەتتى، ئۇرۇش ياكى توققۇزىنچى ئۈچ يىللىق ئىشلەپچىقىرىشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن مەلۇم غەلىبىنى ئويدۇرۇپ چىقارسا، بەك مۇرەككەپلىشىپ كېتىش ئېھتىماللىقى بار ئىدى. بۇنىڭغا پەقەت بىرلا ئويدۇرما سىنارىيە كۇپايە ئىدى. ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ كاللىسىغا خۇددى ئەسلي تەييار باردەكلا بىر خىيال كەلدى، يولداش ئوگىلۋىي! بۇ يولداش تېخى يېقىندا ئۇرۇشتا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولغانىدى. غوجاكا بەزى «بۈگۈنكى پەرمان»لىرىدا بەزى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئاددىي، ئورنى تۆۋەن پارتىيە ئەزالىرىنى تىلغا ئېلىپ ماختايتتى ۋە ئۇنى ھاياتىدىنمۇ، ئۆلۈمىدىنمۇ ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بىر ئۈلگىگە ئايلاندۇراتتى. ئۇ بۈگۈن يولداش ئوگىلۋىينى تەقدىرلىگەن بولسىمۇ بولۇۋېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئوگىلۋىي ئىسىملىك يولداش يوق ئىدى، پەقەت بىر قانچە قۇر خەت ۋە ساختا رەسىم بىلەنلا ئۇنى بىردەمدە پەيدا قىلغىلى بولاتتى.

ۋىنستون بىردەم ئويلاندى، ئاندىن خاتىرىلىگۈچنى ئالدىغا تارتىپ غوجاكىنىڭ ھەم ھەربىيچە، ھەم ئىلمىي پۇراق بار ئۇسلۇبىنى دوراشقا باشلىدى. ئۇ دائىم ئاۋۋال سوئال سوراپ، ئاندىن جاۋاب بېرىدىغان ئۇسلۇب قوللىناتتى، ئۇنى دورىماق ئاسان ئىدى.

يولداش ئوگىلۋىي ئۈچ ياش چېغىدىمۇ ئويۇنچۇق ئاپتومات بىلەن ئويۇنچۇق تىك ئۇچاردىن باشقا ئويۇنچۇق ئوينىمايدۇ. ئالتە يېشىدا، ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن چەكلىمىنى بۇزۇپ، «ئىشپىيونلار»غا قوبۇل قىلىنىدۇ. توققۇز يېشىدا بىر گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. ئون بىر يېشىدا تاغىسىنىڭ بىر پارىڭىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭدا جىنايى

مايىللىق بار دېگەن گۇمانىدا ئۇنى ئىدىيە ساقچىلىرىغا پاش قىلىدۇ. ئۇن يەتتە ياشىدا بىر رايوننىڭ شەھۋانىيەتكە قارشى ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولىدۇ. ئۇن توققۇز ياشىدا ئۆزى مۇستەقىل بىر بومبا لايىھىلەپ چىقىدۇ ۋە تىنچلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارنىڭ تۇنجى سىنىقىدىكى بىر پارتلاشتىلا ياۋروئاسىيا مەھبۇسلىرىدىن ئوتتۇز بىرىنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. يىگىرمە ئۈچ ياشىدا بىر ھەرىكەتتە يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ بىر قېتىم ناھايىتى مۇھىم ھۆججەت يوللانمىلىرىنى ئېلىپ، ھىندى ئوكياندىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقانىدا، دۈشمەن ئۇرۇش ئايروپىلانىنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ بەدىنىگە پىلىموتنى تېڭىپ ئېغىرلاشتۇرۇپ ۋە ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تىك ئۇچاردىن سۇغا سەكرەيدۇ. غوجاكا يولداش ئوگىلۋېينىڭ بۇ قەھرىمانانە ئىش - ئىزلىرىنىڭ، ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىنى قوزغايدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ ۋە يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ قويىدۇ: ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا تامامەن شەخسىيەتسىز ياشىغان ئىدى. ھاراق - تاماكىغا يولىمايتتى، ھەر كۈنى گىمنازىيىدە بىر سائەت چېنىقاتتى، بۇنىڭدىن باشقا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى يوق ئىدى، ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈشكە قەسەم قىلغان بولۇپ، ئۇ نىكاھ ۋە ئائىلىنى، پارتىيە ئۈچۈن يىگىرمە تۆت سائەت خىزمەت قىلىشقا كاشىلا دەپ قارايتتى. ئۇ INGSOC ئىنسوكنىڭ پىرىنسىپلىرىدىن باشقا تېمىلاردا پاراڭ قىلمايتتى، ئۇنىڭ ھاياتىدا ياۋروئاسىيا ئارمىيەسىنى مەغلۇب قىلىش، جاسۇس، ئاغدۇرمىچى، ئىدىيە جىنايەتچىلىرى ۋە خائىنلارنى تۇتۇشتىن باشقا مەقسىتى يوق ئىدى.

ۋىنستون يولداش ئوگىلۋېيغا ئالاھىدە تۆھپە مۇكاپاتى بېرىش - يازماسلىق ھەققىدە ئۇزۇن دىلىغۇل بولدى، ئاخىرىدا يازماسلىقنى قارار قىلدى، چۈنكى بۇ بېرىپ قويۇلسا، ئوگىلۋېينى يەنە باشقا بىراۋغا سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىپ، زۆرۈرىيىتى يوق ئارتۇقچە خىزمەتتىن يەنە بىرسى قوشۇلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇ ئۇدۇل ئىشخانىدىكى رىقابەتچىسىگە يەنە بىر قېتىم قارىدى. قانداقتۇر نەرسە ئۇنى تېللوستونىنىڭمۇ ئۆزى بىلەن ئوخشاش خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرۋاتاتتى. ئاخىرىدا كىمنىڭ قىلغىنىنىڭ تاللىنىدىغانلىقىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئەمما ۋىنستوننىڭ ئۆزىنىڭكىنىڭ قوبۇل قىلىنىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچى بەكلا كۈچلۈك ئىدى. بىر سائەت بۇرۇن، تېخى تەسەۋۋۇردىمۇ مەۋجۇت ئەمەس يولداش ئوگىلۋىي مانا ئەمدى بىر پاكىتقا ئايلانغانىدى. بۇ ئىش ۋىنستونغا تۇيۇقسىز قىزىق تۇيۇلۇپ كەتتى، ئۆلگەن ئادەمنى پەيدا قىلالايتتىڭىز، ئەمما تىرىكلەرنى پەيدا قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يولداش ئوگىلۋىي ئەسلىدە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، مانا ئەمدى ئۆتمۈشتىمۇ مەۋجۇت بولدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئۇيدۇرمىچىلىق ئۇنتۇلغاندا، ئۇ خۇددى چارلىي ماگنىپ ياكى جۇلىيۇس قەيسەردەكلا تارىخىي شەخسكە ئايلىناتتى.

## 5

چوڭقۇر يەر ئاستىدىكى بۇ تاماقخانىنىڭ تورۇسى بەكلا پەس ئىدى. تاماققا تىزىلغان ئۆچىرەت ئاستا - ئاستا سىلجىۋاتاتتى. ئادەم ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن قۇلاق پاڭ بوپقالاتتى. پوكەي تەرەپتىن مېتال ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان بۇس پۇرقىراپ تۇراتتى، ئەمما بۇ ھىد يەنىلا زەپەر ئارچا ھارىقىنىڭ پۇرىقىنى باسالمىغان ئىدى. تاماقخانىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر ھاراق بوتكىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا تامدىن بىرلا تۆشۈك ئېچىلغان ئىدى. ئۇن تىيىنغا پەقەت چوڭراق بىر ئوتلام ھاراق كېلەتتى.

— مانا مەن ئىزلەپ يۈرگەن ئادەم، — دېگەن ئاۋاز كەلدى ۋىنستوننىڭ كەينىدىن.

ۋىنستون ئۆرۈلدى، بۇ ئادەم ئۇنىڭ دوستى سايىم ئىدى. سايىم

تەتقىقات باشقارمىسىدا ئىشلەيتتى. بەلكىم دوست دېسەك تازا جايىغا چۈشمەس، چۈنكى بوگۈنكى كۈنلەردە دوست يوق، پەقەت يولداشلا مەۋجۇت. شۇنداقتىمۇ ئادەمگە بەزى يولداشلار يەنە بەزى يولداشلاردىن يېقىنراق تۇيۇلاتتى. سايىم بىر فىلولوگ بولۇپ، يېڭى تىلدا ئىشلەيدىغان بىر مۇتەخەسسىس، مۇنداقچە ئېيتقاندا ھازىر «يېڭى تىل لۇغىتىنىڭ 11 - نەشرى»نى تۈزۈۋاتقان، غايەت چوڭ بىر مۇتەخەسسىلەر گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئۇ ۋىنستوندىن جۇغى كىچىك، ناھايىتى ئۇرۇق بولۇپ، چاچلىرى قارا، كۆزى يوغان، پۈلتاي كۆز ئادەم ئىدى، بەزىدە بەكلا غەمكىن كۆرۈنەتتى. ئادەمگە گەپ قىلىۋاتقاندا، خۇددى ئادەمنىڭ يۈزىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— ساقال تىغى بارمۇ؟ شۇنى سورىماقچىدىم، — دېدى ئۇ.

— بىر تالمۇ يوق، — دېدى ۋىنستون تېزلا سەل ئوڭايسىزلىنىپ، — ھەممە يەرنى ئىزدەپ كەتتىم، ئەمما تاپالمىدىم، يوقكەن.

ھەممەيلەن سىزدىن تىغ سورايتتى، ئەمەلىيەتتە ۋىنستوندا ئىككى تال بار ئىدى، ئۇ بۇنى كىيىن ئىشلەتكىلى ساقلاپ قويغانىدى. بىر قانچە ئايدىن بۇيان، ساقال تىغىنى تاپقىلى بولماس بولۇپ كەتتى. تولا ۋاقىتلاردا نۇرغۇن لازىمەتلىكلەرنى پارتىيە دۇكانلىرى تەمىنلەپ بولالمايتتى. ھېلى تۈگمە، ھېلى يىپ، بەزىدە تۇرۇپلا بوغۇچ تاپقىلى بولماي قالاتتى، ئەمدى نۆۋەت تىغقا كەلگەنىدى. بۇ بۇيۇملارنى پەقەت ئەركىن بازاردا ئوغرىلىقچە تىمىسقىلاپ ئىزدىگەندە، ئاندىن تاپقىلى بولاتتى.

— ئالتە ھەپتە بولدى بىرلا تىغنى ئىشلىتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يالغان ئېيتىپ.

ئۆچىرەت بىر قەدەم يۆتكەلدى. توختىغاندا ۋىنستون يەنە سايىمغا بۇرالدى. ھەممەيلەن پۈكەينىڭ بىر بىشىغا دەستىلەپ قويۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مايلىشىپ كەتكەن تۆمۈر تەخسىدىن بىردىن كۆتۈرۈۋالغان ئىدى.

— تۈنۈگۈن دارغا ئېسىلغان مەھبۇسلارنى كۆرگىلى باردىڭىزمۇ؟ — دېدى سايىم.

— ئۇ چاغدا ئىشلەۋاتقان ئىدىم، — دېدى ۋىنستون كۆڭۈلسىمىگەندەك، — ئەمدى ئۇنى كىنودىن كۆرىمەن - دە.

— نەقمەيداندىكىدەك بولمايدۇ - دە، — دېدى سايىم.

سايىمنىڭ مەسخىرىلىك نەزىرى ۋىنستوننىڭ يۈزىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزى «مەن سېنى بىلىمەن، ئىچىڭدىكىسى ماڭا ئايان، تۈنۈگۈن ئۇ يەرگە نېمىشقا بارمىغىنىڭنى ئوبدان بىلىمەن» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئەشەددىي ساداقەتمەنلەردىن ئىدى. ئۇ تىك ئۇچارنىڭ دۈشمەن يېزىلىرىنى قانداق بومباردىمان قىلغانلىقى، ئىدىيە جىنايەتچىلىرىنىڭ سوتلانغانلىقى ۋە جىنايىتىنى قانداق تاپشۇرغانلىقى، مۇھەببەت مىنىستىرلىكىنىڭ يەر ئاستى كامىرلىرىدىكى قەتلى قىلىش دېگەندەك ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ئىشلارنىمۇ ناھايىتى ھۇزۇرلىنىپ، زوق - شوق بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۇنى بۇنداق تېمىلاردىن چەتلەشتۈرۈش بىر مەسىلە ئىدى، ئۇنى ئامال بار «يېڭى تىل»غا ئالاقىدار گەپ - سۆزلەر بىلەن تۇتۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ بۇ تېمىدا بىر نوپۇز ئىگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى گەپلىرىنى ئادەمنىڭ ئاڭلىغۇسى كېلەتتى. ۋىنستون سايىمنىڭ چوڭ، قارا كۆزلىرىنىڭ سىنچىلاشلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ بېشىنى سەل يانغا تارتتى.

— قالتىس پەيزى بولدى، — دېدى ئۇ ئەسلەپ، — ئۇلارنىڭ پۇتىنى باغلىغاندا ئاغرىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئاشۇ جان تالىشىپ پۇت تېپىشىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىمەن. ھەممىدىن بەك ئاخىرىدىكى تىلى كۆپكۆك بولۇپ ساڭگىلاپ قالغاندىكى ھاياجاننى دېمەيسەن. مېنى مۇشۇنداق ئىنچىكە جايلىرى ھۇزۇرلاندۇرىدۇ.

— يەنە بىرىڭلار! — دەپ توۋلىدى ئاق پەرتۇق تارتىۋالغان بىر پرولېتار چۆمۈچىنى پولاڭلىتىپ. ۋىنستون بىلەن سايىم تەخسىلىرىنى توساقنىڭ ئاستىدىن سۇندى. ئۇلارنىڭ تەخسىسىگە نورمىلىق چۈشلۈك تامىقى — بىر كىچىك تۆمۈر قاچىدا قىزغۇچ رەڭلىك دۇملەپ پۇشۇرۇلغان سەي، يوغان بىر پارچە بولكا، بىر پارچە پىشلاق، بىر ئىستاكان سۈتسىز زەپەر قەھۋەسى، بىر تال شىكەر جەۋھىرى تابلېتى — ئۇسۇپ بېرىلدى.

— ئاۋۇ يەردىكى ئۈستەلگە بارايلى، ئېكراننىڭ ئاستىدىكى. ماڭغاچ ئارچا ھارىقىدىن ئېلىۋالايلى، — دېدى سايىم.

ئارچا ھارىقى ئۇلارغا تۇتقۇچى يوق جۇڭگو رومكىسىدا سۇنۇلدى. ئۇلار قىستاڭچىلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ ھېلىقى ئۈستى تۆمۈردە قاپلانغان ئۈستەلگە كەلدى ۋە تەخسىلىرىنى قويدى. ئۈستەلنىڭ بىر بۇرجىكىدە سەيمۇ - تاڭ، بىر دۆۋە مەينەت سۇيۇقلۇق تۇراتتى، قارىماققا بىراۋ قۇسۇپ قويغاندەك قىلاتتى. ۋىنستون رومكىنى كۆتۈرۈپ بىردەم توختىلىۋالدى - دە، ئاندىن بۇ ماي تېتىيدىغان سۇيۇقلۇقنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشنى سۈرتىۋېتىپ قورسىقىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ دۇملەنگەن سەينى قوشۇقلاپ يېيىشكە باشلىدى. سەي يەنە دائىمقىدەك بۇزۇلۇپ قالغانىدى، ئىچىدە رەڭگى قىزغۇچ، بولۇتتەك يۇمشاق، چاسا بىر نېمىلەر بولۇپ، گۆشتىن تەييارلانغاندەك قىلاتتى. تەخسىلىرىنى بىكارلاپ بولغىچە ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. ۋىنستوننىڭ سول تەرىپىدىكى ئۈستەلدە بىرەيلەن ناھايىتى يۇقىرى ئاۋازدا توختىماستىن سۆزلەۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۆردەك غاقىلدىغاندەك بوغۇق ئاۋازى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى.

— لۇغەتنىڭ ئىشلىرى قانداقراق كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون يېنىدىكى ئاۋازدىن يۇقىرىراق ئاۋازدا.

— پەسرەكم، — دېدى سايىم، — مەن سۆپەتلەرنى ئىشلەۋاتىمەن،

www.uyghurkitap.com

بەك قىزىقارلىق.

لۇغەتنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ چىرايى پاللىدە ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئالدىدىكى تەخسىنى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويۇپ، كىچىككىنە قولىدا بولكا، يەنە بىر قولىدا پىشلاقنى تۇتۇپ، ئۈستەلگە يېقىن كېلىپ ئېڭىشتى، بۇنداقتا ئۇلار ئۈنلۈك تۇۋلىشىپ پاراڭلاشمىسىمۇ بولاتتى.

— 11 - نەشرى بېكىتىلگەن نۇسخىسى، — دېدى ئۇ.

— بىز هازىر تىلنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېلىپىغا ئېلىپ كەلدۇق، بۇنداقتا هېچكىم باشقا هېچنېمىنى سۆزلىيەلمەيدۇ. بىز بۇنى تولۇق تاماملىغاندا، سىلەردەك ئادەملەر بۇنى قايتا يېڭىۋاشتىن ئۆگەنمىسەڭلار بولمايدۇ. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، سىز چوقۇم سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلار يېڭى سۆز ئىجات قىلىشقۇ دەپ ئويلىدىڭىز، هەرگىز ئۇنداق ئەمەس! بىز هەركۈنى يۈزلەپ سۆزلەرنى بۇزۇۋاتىمىز. بىز هازىر تىلنى چېكىگە يەتكۈزۈپ كىچىكلىتىۋاتىمىز. لۇغەتنىڭ 11 - نەشرىدە 2050 - يىلدىن بۇرۇن ئىستېمالدىن قالىدىغان بىرمۇ سۆز بولمايدۇ.

ئۇ بولكىدىن بىر چىشلەم چىشلىدى ۋە ئۇنى تۈزۈك چاينىمايلا يۇتۇۋەتتى، ئاندىن ناهايىتى مەمەدانلارچە قىزغىنلىق بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزىگە جان كىرىپ، كۆزىدىنمۇ بايامقى مەسخىرە نۇرلىرى يوقاپ خۇمارلىشىپ كەتتى.

— سۆزلەرنى بۇزۇش ئاجايىپ قالتىس ئىشكەن، بۇنداق سۆزلەر ئەلۋەتتە، پېئىل ۋە سۈپەتتىن جىق چىقىدىكەن. شۇنداقتىمۇ، يەنىلا ئىسىمدىن نەچچە يۈزنى يوق قىلىشقا توغرا كېلىدىكەن. مەنىداش سۆزلەرنىلا ئەمەس، قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەرنىمۇ يوق قىلدۇق. پەقەت باشقا سۆزلەرنىڭ قارىمۇ - قارشى مەنىسىلا بولۇپ قالغان، مۇنداق سۆزلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ زادى نېمە ئەهمىيىتى بار؟ بىر سۆزنىڭ قارىمۇ - قارشى مەنىسى ئۆزىنىڭ ئىچىدە بولغان

بولىدۇ. GOOD — «ياخشى» دېگەن سۆزنى ئالايلۇق: ياخشى دەيدىغان بىر سۆز بولغان يەردە، ئۇنداقتا «يامان» دېگەن سۆزگە نېمە ئېھتىياج؟ Ungood — «ياخشى ئەمەس» دېگەن سۆز، دەل مۇشۇ مەنىنى ئىپادىلەيدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەتتا تېخىمۇ دەل ئىپادىلەيدۇغۇ. چۈنكى ئۇ «ياخشى» نىڭ دەل تەتۈرى، «يامان» دېگەن سۆز بولسا ئۇنداق ئەمەس. يەنە ئالايلۇق، ئەگەر سىز «ياخشى»نىڭ تېخىمۇ كۈچەيتىلگەن مەنىسىنى ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز، ئۇنداقتا «ئەلا، قالتىس...» دېگەندەك مەنىسى تۇتۇق سۆزلەرنى ئىشلىتىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ plusgood — «قوش ياخشى» دېسىڭىزلا بولمىدىمۇ؟ ياكى تېخىمۇ كۈچلۈكرەك مەنىدە ئىشلەتمەكچى بولسىڭىز — doubleplusgood — «قوش قوش ياخشى» دېسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلىيەلەيسىز. ئەلۋەتتە، بىزمۇ بۇ سۆزلەرنى ھازىر ئىشلىتىۋاتىمىز، ئەمما «يېڭى تىل لۇغىتى»نىڭ يېڭى نەشرىدە بۇلار ئىشلىتىلمەيدۇ. ئاخىرىدا پەقەت ئالتە سۆز بىلەنلا ياخشى، يامان دېگەن مەنىنى تولۇق ئىپادىلىيەلەيمىز، ئەمەلىيەتتە بىرلا سۆز بىلەن. قالتىس ئەمەسمىكەن ۋىنستون؟ ئەمەلىيەتتە، بۇ ئەڭ دەسلەپتە غوجاكىنىڭ ئىدىيەسى ئىدى، — دەپ قوشۇپ قويدى سايىم بىردەم ئويلىنىشتىن كېيىن.

غوجاكىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ۋىنستوننىڭ چىرايىدىن بىر خىل پەرۋاسىزلىق ئىپادىسى غىل - پاللا ئۆتۈپ كەتتى. سايىم ۋىنستوننىڭ چىرايىدىن تازا قىزغىنلىقنى كۆرەلمىدى.

— «يېڭى تىل»نىڭ ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي ھېس قىلمايۋاتىسىز ۋىنستون، — دېدى سايىم كۆڭلى يېرىم ھالدا، — سىز ھازىر يېزىقچىلىق قىلسىڭىزمۇ يەنىلا كونا تىلدا پىكىر قىلىۋاتىسىز، تايمىستىكى بەزى يازمىلىرىڭىزنى ئوقۇدۇم، يامان ئەمەس، ئەمما تەرجىمە تىلى بوپقالغان. گەرچە ئىشلەتكەن سۆزلىرىڭىزنىڭ مەنىلىرى ھەم تۇتۇق ھەم بىمەنىلەرچە كۆپ بولسىمۇ، قەلبىڭىزدە سىز يەنىلا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كونا تىلغا مايىل. سىز سۆزلەرنى ۋەيران قىلىشنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلالمايۋاتىسىز. بىلەمسىز؟ پەقەت «يېڭى تىل»لا ھازىرقى دۇنيادىكى سۆزلۈكلىرى يىلسېرى ئازىيىۋاتقان بىردىنبىر تىل!

ۋىنستوننىڭ بۇنى بىلگۈچىلىكى بار، ئەلۋەتتە. ئۇ كۈلۈمسىرىدى ۋە بۇ كۈلۈمسىرىشىنىڭ ئۆزىنىڭ قوشۇلغانلىقىنىڭ ئالامىتى بولۇشىنى ئۈمىت قىلدى، چۈنكى ئۇ يەنە سۆزلەي دەپمۇ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمىدى. سايىم بولكىدىن يەنە بىر چىشلەم چايناپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— «يېڭى تىل»نىڭ پۈتۈن مەقسىتىنىڭ تەپەككۇرنى تارايتىش ئىكەنلىكىنى بىلمىدىڭىزمۇ؟ ئاخىرقى نىشاندا، بىز ئىدىيە جىنايىتىنى تىل جەھەتتىن يۈز بېرەلمەيدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈۋېتەمەكچى، شۇنداق قىلالىساق بۇ جىنايەتنى سادىر قىلىدىغان سۆز قالمايدۇ. ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەرقانداق ئۇقۇمنى پەقەت بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەيمىز. ئۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق بېكىتىلگەن، باشقا ھەرقانداق قوشۇمچە مەنىلىرى يوق قىلىۋېتىلگەن، ئۇنتۇپ كېتىلگەن بولىدۇ. بىز بۇ قېتىمقى 11 ـ نەشرىدە بۇ نىشانغا زور دەرىجىدە يېقىنلاشتۇق. ئەمما بۇ خىزمەت سىز، مەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. يىلسېرى سۆزلەر ئازىيىدۇ، شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئاڭنىڭ دائىرىسىمۇ كىچىكلەپ ماڭىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەتتا ھازىرمۇ ئىدىيە جىنايىتى سادىر قىلىشنىڭ ھېچقانداق باھانىسى قالمىدى. بۇ پەقەتلا ئۆزىنى كۆندۈرۈش ۋە رېئاللىقنى كونترول قىلىش مەسىلىسىلا بوپقالدى. ئەمما ئەڭ ئاخىرىدا ھەتتا بۇلارغىمۇ ئېھتىياج قالمايدۇ. يېڭى تىل پۈتۈنلەنگەن چاغدا، ئىنقىلاب ئاندىن تاماملانغان بولىدۇ. «يېڭى تىل»نىڭ ئۆزى INGSOC ئىنسوك، شۇنداقلا INGSOC ئىنسوكنىڭ ئۆزى «يېڭى تىل»دۇر، — ئۇ تولىمۇ سىرلىق بىر رازىمەنلىك تۇيغۇسىدا بۇ ئاخىرقى سۆزنى قوشۇپ قويدى، — 2050 ـ يىلىغا بارغاندا، بىز ئىككىمىزنىڭ شۇ تاپتىكى پاراڭىمىزنى چۈشىنەلەيدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ قالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدىڭىزمۇ؟

— پەقەت، — دەپ باشلىدى ۋىنستون دەرگۇمانىدا، ئاندىن تۈيۈقسىز گېپىنى توختىتىۋالدى. «پەقەت پرولتارلاردىن باشقىلار» دېگەن سۆز تىلىنىڭ ئۇچىغا كەپقالغان ئىدى، ئەمما ئۇ بۇ سۆزنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ساداقەتسىزلىكتىن دېرەك بېرىدىغان - بەرمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلالماي، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ھالبۇكى، سايم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى ئالللىقاچان بىلىپ بولغانىدى.

— پرولتارلار ئادەم ئەمەس، — دېدى ئۇ پەرۋاسىزلارچە، — 2050 - يىلىغا بارغاندا، مېنىڭچە «كونا تىل» تولۇق يوقايدۇ. ئۆتمۈشكە تەۋە بارلىق يازما ۋەسىقىلەر غايىب بولىدۇ. چاۋسېر، شېكسپېر، مىلتون، بايرونلار پەقەت «يېڭى تىل»دىلا مەۋجۇت بولىدۇ، ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىلگەن ھالىتىدە. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۆزىگە تامامەن قارشى شەخسلەرگە ئايلاندۇرۇلىدۇ. پارتىيەنىڭ يازما ھۆججەتلىرىمۇ، ھەتتا شوئارلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ. «ھۆرلۈك قۇللۇقتۇر» دېگەن شوئار قانداقمۇ ئۇ چاغلاردا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىسۇن؟ چۈنكى، ھۆرلۈك ئۇقۇمى ئالللىقاچان يوق قىلىنغان تۇرسا؟ تەپەككۇرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ چاغدا ھازىرقىدەك ئىدىيە، تەپەككۇر دەيدىغان بىر نېمە بولمايدۇ. ساداقەتمەنلىك ئۇقۇمى تەپەككۇر قىلماسلىق، يەنى تەپەككۇرغا ئېھتىياجى بولماسلىق بىلەن باراۋەر ئۇقۇمغا ئايلىنىدۇ، يەنى ساداقەتمەنلىك دېمەك ئاڭسىزلىق دېمەكتىن دېرەك بېرىدۇ.

ۋىنستون سايمنىڭ ئۇزاققا قالماي پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا بىردىنلا چىنپۈتۈپ قالدى. ئۇ بەك ئەقىللىق ئىدى. ئۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بەك ئېنىق كۆرەتتى ۋە ئاشكارا سۆزلەۋېرەتتى. پارتىيە بۇنداق كىشىلەرنى ياقتۇرمايتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يوقاپ كېتەتتى، بۇ ئۇنىڭ يۈز ئەپتىدىنلا چىقىپ تۇراتتى.

ۋىنستون بولكىسى بىلەن پىشلىقنى يەپ بولدى. ئۇ قەھۋەسىنى ئىچىش ئۈچۈن ئورۇندۇقىدا ئازراق چۆرۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ھېلىقى يۇقىرى ئاۋازلىق ئادەم تېخىچە ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كاتىپى بولسا كېرەك، ۋىنستوننىڭ كەينىدىلا ئولتۇرغان بىر ياش ئايال ئۇنىڭ سۆزىنى بىرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى ۋە ئۇ ئېيتقان ھەرقانداق سۆزگە ئىچ ـ ئىچىدىن قوشۇلۇۋاتقاندەك قىياپەتنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. ۋىنستون پات ـ پات ئۇ ئايالنىڭ بىرخىل ئاياللارچە ئەخمەقلىق چىقىپ تۇرىدىغان ئاۋازدا «مېنىڭچە دېگىنىڭىز توغرا، مەن سىزنىڭ قارىشىڭىزغا تامامەن قوشۇلىمەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالاتتى. ئەمما ئۇ ئەرنىڭ ئاۋازى بۇ قىز سۆزلەۋاتقاندىمۇ بېسىقمىدى. ۋىنستون ئۇ ئادەمنى بىر قاراپلا تونۇدى، ئەمما ئۇ بۇ ئادەمنىڭ پەقەت رومان باشقارمىسىدىكى مۇھىم بىر ئورۇندا ئىشلەيدىغانلىقىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى، بويۇنلىرى توم، ئېغىزى يوغان ئادەم ئىدى. ئۇ بېشىنى سەل كەينىگە قاتايتىۋالغان بولۇپ، بولۇڭدا ئولتۇرغانلىقتىن كۆزەينىكىگە نۇر چۈشۈپ پارقىراپ تۇراتتى، ۋىنستون ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئورنىدا پەقەت يوغان ئىككى دانە ئەينەكنىلا پەرق ئەتتى. قورقۇنچلۇق ئىش شۇكى، ئۇنىڭ شارىلداپ تۆكۈلۈپ تۇرغان سۆزلىرىدىن ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. ۋىنستون ئۇنىڭ «گولدستېيىنزمنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىش» دېگەن بىر ئېغىز گېپىنىلا ئاڭقىرالىدى. ئۇنىڭ باشقا گەپلىرى ئۆردەك غاقىلدىغاندەك غاق ـ غاقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

گەرچە سىز ئۇنىڭ زادى نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىيالمىسىڭىزمۇ، ئەمما شەكلەنمەستىن جەزملەشتۈرەلەيتتىڭىزكى: ئۇ يا گولدستېيىننى سۆكۈۋاتقان، يا ئاغدۇرمىچىلار ۋە ئىدىيە جىنايەتچىلىرىگە تېخىمۇ ئېغىر جازا تەلەپ قىلىۋاتقان؛ ياۋروئاسىيا ئارمىيەسىنىڭ دۈشمەنلىكىگە غەزەپ ـ نەپرىتىنى بىلدۈرۈۋاتقان؛ ياكى بولمىسا غوجاكىنى ياكى مالابار فرونتىدىكى قەھرىمانلارنى ماختاۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ۋەھالەنكى نېمە دېيىشىدىن قەتئىنەزەر، بۇلارنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق؛ ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ دەۋاتقانلىرى مۇتلەق ساداقەتمەنلىك، تامامەن INGSOC ئىنسوك ئىدى. ئۇنىڭ كۆزسىز يۈزى ۋە تېز ـ تېز

كۆتۈرۈلۈپ چۇشۇۋاتقان جاۋغايلىرىغا قاراپ، ۋىنستوندا ئۇ بىر ئادەمزاتى ئەمەس، بەلكى بىر قورچاقتەك غەلىتە تۇيغۇ پەيدا بوپقالدى. ھازىر بۇ ئادەمنىڭ مېڭىسى ئەمەس، پەقەت كارنىيىلا سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقىنى مۇئەييەن مەنە ئاڭلىتىدىغان سۆز ئەمەس، بىر قاتار سۆزلەر تىزمىسى ئىدى: بۇ خۇددى ئۆردەكنىڭ غاقىلدىشىدەك، ئاڭسىزلىقتىن چىقىۋاتقان بىر غاق - غاق ئىدى.

سايم بىر پەس جىمىپ قالدى ۋە قولىدىكى قوشۇق بىلەن ئۇماچلىشىپ كەتكەن سەيلى قوچۇپ بىر نېمىلەرنىڭ شەكلىنى سىزىشقا باشلىدى. ئەتراپ شۇنچە ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولسىمۇ، ياندىكى ھېلىھەم توختىماي جاراڭلاۋاتقان ھېلىقى ئاۋاز يەنىلا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— «يېڭى تىل»دا بىر سۆز بار، — دېدى سايم، — سىز بىلەمسىز بىلمىدىم، ئۆردەكسۆزى دېيىلىدۇ، يەنى ئۆردەكتەك غاقىلداش دېگەن مەنىدە. ئۇ بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل مەنىگە ئىگە قىزىقارلىق سۆزلەرنىڭ بىرى. رەقىبىگە ئىشلىتىلگەندە كەمسىتىش، چۆكۈرۈش مەنىسىنى ئاڭلىتىدۇ، سىز بىلەن ئورتاق پىكىرلىك كىشىگە تەدبىقلانغاندا بولسا ماختاش مەنىسىدە كېلىدۇ.

«شەك - شۈبھىسىزكى، سايم چوقۇم پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ» ۋىنستون يەنە شۇنى ئويلىدى. گەرچە ئۇ سايمدىن سەسكەنسىمۇ، سايمۇ ئۇنى ياقتۇرمىسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنى ئويلىغاچ كۆڭلى يېرىم بولدى. سايم خالىسىلا ۋىنستوننى «ئىدىيە جىنايەتچىسى» دەپ پاش قىلالايتتى. سايمدا قانداقتۇر بىر چاتاق بار ئىدى، ئۇنىڭدا ئىشقىلىپ بىر نېمە كەم ئىدى، ئۇنىڭدا بىر خىل ئېھتىيات، بىپەرۋالىق، پۇختىلىق كەم ئىدى. ئۇنى ساداقەتمەن ئەمەس دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ INGSOC ئىنسوكنىڭ پىرىنسىپلىرىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ، غوجاكىغا چوقۇنىدۇ، غەلىبىلەردىن چەكسىز شاتلىققا چۆمىدۇ، غەيرىي ئىدىيىدىكىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ. ئۇ بۇلارنى سەمىمىيلىكىدىن ئەمەس،

مۇھىمى داۋاملىق يالقۇنجاپ تۇرىدىغان ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن قىلىدۇ. ھەرۋاقىت يېڭى ئۇچۇرلاردىن خەۋەر تېپىپ تۇرىدۇ. ئادەتتىكى پارتىيە ئەزالىرى مۇنداق مۇكەممەللىكنى ئادا قىلىپ بولالمايتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭدا ئادەمنى تولۇق ئىشىنىشتىن توسۇپ قويىدىغان ئالللىقانداق ئالامەتلەر بار ئىدى. ئۇ دېمەسلىككە تېگىشلىك گەپ - سۆزلەرنى دەۋېرەتتى، بەك جىق كىتاب ئوقۇيتتى، دائىم رەسسام، مۇزىكانتلارنىڭ ئۇۋىسى ھېسابلىنىدىغان كاشتان دەرىخى قەھۋەخانىسىغا باراتتى. بۇ قەھۋەخانىغا بارماسلىق ھەققىدە بىرەر يازما قانۇنغۇ يوق، — بۇ يەردىغۇ ھېچقانداق قانۇن يوق — ئەمما نېمىشقىكىن بۇ يەر بىر شۇم يەر ھېسابلىناتتى. پارتىيەنىڭ بۇرۇنقى ئىشەنچنى يەردە قويغان رەھبەرلىرى، تولۇق تازىلىنىشتىن ئىلگىرى مۇشۇ يەرگە يىغىلاتتىكەن. نەچچە ئون يىللار ئىلگىرىمۇ، گولدستېين ئۆزى بۇ يەرگە كەلگەنمىشكەن. سايمىنىڭ تەقدىرىنى پەرەز قىلماق تەس ئەمەس. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ئەگەر سايم ۋىنستوننىڭ يوشۇرۇن قاراشلىرىنى بىلىپلا قالسا، دەرھال ئىدىيە ساقچىلىرىغا پاش قىلاتتى. ئەلۋەتتە باشقىلار بىلىپ قالسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئەمما سايم ھەممىدىن ئاكتىپ ئىدى. قارىغاندا، قىزغىنلىق بولسىلا يېتەرلىك بولمايدىغاندەك قىلاتتى، ساداقەتمەنلىك ئاڭسىزلىقتىن ئىبارەت ئىدى.

— پارسونس كەلدى، — دېدى سايم بېشىنى كۆتۈرۈپ.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن «ھېلىقى دۆت ئېشەك» دېگەن ئاھاڭ چىقىپ تۇراتتى. ۋىنستوننىڭ زەپەر بىناسىدىكى قوشنىسى پارسونس راستىنلا ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ سەل سەمرىپ قالغان، ئوتتۇرا بويى، چاچلىرى شالاڭ، يۈزى پاقىغا ئوخشايدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئوتتۇز بەشكە كىرگەن بولۇپ، بەل، بويۇنلىرى خېلى تومىلىشىپ قالغىنىغا قارىماي، ھەرىكىتى يەنىلا ياش يىگىتلەرنىڭكىدەك چاققان، چەبدەس ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقى بەكرەك يوغىناپ قالغان بالىغىلا ئوخشايتتى، گەرچە ئۇ ئادەتتىكى خىزمەت كىيىمى كىيىۋالغان

بولسىمۇ، ئادەمگە يەنىلا كۆك كۇسار، كۆلىرەڭ مايكا كىيىۋالغان، بوينىغا قىزىل گالستۇك تاقىۋالغان بالا ئىشپىيونلاردەك كۆرۈنەتتى. ئادەم ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە، سېمىزلىكىدىن تىزىدا كاتەك پەيدا بوپقالغان، دىقماق بىلەكلىرىدىكى يەڭلىرىنى تۈرۈۋالىدىغان بىر بالا ئايان بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ھەر قېتىملىق كوللېكتىپ دالا يۈرۈشى دېگەندەك پائالىيەتلەر، پارسونسىنىڭ كۇسار كىيىۋېلىشىغا ناھايىتى ئوبدان باھانە بولاتتى.

پارسون ئۇلار بىلەن «خاللو خاللو» دېگىنچە ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى ۋە ئۇستەلدە ئولتۇردى. ئۇنىڭدىن دائىمىقىدەك كۈچلۈك تەر پۇرىقى گۇپۇلدەپ كېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدە تېخىچە مۇنچاق ـ مۇنچاق تەرلەر بار ئىدى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى تەرلەيتتى. ئاممىۋي پائالىيەت مەركىزىدە سىز پالاقتىكى نەمدىنلا، پارسوننىڭ قاچان تىك ـ تاك توپ ئوينىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتىڭىز. سايىم بىرمۇنچە سۆز يېزىلغان بىر قەغەزنى چىقاردى ۋە قىزىل قەلەمنى تۇتۇپ قەغەزگە قاراشقا باشلىدى.

ــ قارا ئۇنىڭغا، تاماق ۋاقتىدىمۇ ئىشلەۋاتىدۇ، ــ دېدى پارسونس ۋىنستوننى نوقۇپ، ــ ئالامەت قىزغىن ـ ھە؟ نېمىلەر بۇ بۇرادەر؟ ھەقىچان مەن ئاسان چۈشىنەلەيدىغان نەرسىلەر ئەمەس. بۇرادەر سىمىس، نېمىشقا سېنى ئىزلەپ بۇ يەرگىچە كەلگەنلىكىمنى دېسەم، سەن ماڭا بېرىدىغان ئىئانىنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنسەن.

ــ قايسى بولغىيتتى؟ ــ دېدى ۋىنستون پورتمالىنى سىلاشتۇرۇپ. ئادەتتە مائاشىنىڭ تۆتتىن بىرى ئىئانىگە كېتەتتى. ئىئانە نامىنىڭ كۆپلىكىدىن، ئادەم دائىم قايسى ئىئانە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

ــ نەپرەت ھەپتىسى ئۈچۈن. سەن بىلىسەن ھەممەيلەنگە كېلىدۇ بۇ ئىئانە. مەن بىزنىڭ مەھەللىنىڭكىنى يىغىشقا مەسئۇل بولغانتىم. بىز پۈتۈن تىرىشچانلىقىمىزنى ئىشقا سېلىپ ئۆزىمىزنى ئوبدان بىر كۆرسىتىپ قويماقچى. ئىشقىلىپ ساڭا دەپ قوياي، ئەگەر زەپەر

www.uyghurkitap.com

بىناسى كوچىمىزدا ھەممىدىن كۆپ بايراق ئاسالمىسا، مېنىڭ خاتالىقىم ئەمەس. ئىككى دوللار، ھە، سەن ماڭا شۇنداق ۋەدە قىلغانتىڭ

ۋىنستون ئۇنىڭغا ئىككى ۋاراق ناھايىتى كىرلاش، قاتلىنىشىپ كەتكەن پۇلنى سۇندى، پارسونس ئۇنى كىچىك خاتىرە دەپتىرىگە ساۋاتسىزلار يېزىقىدا رەتلىك خاتىرىلەپ قويدى.

— ھە راست بۇرادەر، تۈنۈگۈن بىزنىڭ كىچىك شۇمتەك ساڭا رەگەتكە ئېتىپتۇ، ئۇنى ئوبدان ئەدەپلەپ قويدۇم. ئەگەر يەنە شۇنداق قىلساڭ، رەگەتكەڭنى تارتىۋالىمەن دەپ قورقۇتۇپ قويدۇم.

— قارىسام، ئۇ دارغا ئېسىش مەيدانىغا بارالمىغىنىغا كۆڭلى يېرىم بولغاندەك قىلاتتى، — دېدى ۋىنستون.

— ھە شۇ، شۇنى دېمەكچىدىم، ئەمما شۇنداق روھنىڭ بولغىنى ياخشى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ تولىمۇ كەپسىز ئۇلار، ئىككىلىسى شۇنداق. ئەمما قىزغىنلىقى ئاجايىپتە! پۈتۈن ئوي - خىيالى ئىشپىيونلۇق، ئۇرۇشتا ئەمەسمۇ؟ ئۆتكەن شەنبە ئۇلارنىڭ ئەترىتى بېركخامستېد تەرەپكە دالا يۈرۈشىگە چىققاندا، قىزىمنىڭ نېمە ئىش قىپتۇ دېمەمسەن؟ ئۇ باشقا ئىككى قىزنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ئەترەتتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىن بىر يوچۇن ئادەمنى پايلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن ساق ئىككى سائەت ئىز بېسىپ، قويۇق دەرەخلىكتىنمۇ ئۆتۈپتۇ، ئاخىرى ئامېرشامغا كەلگەندە، ئۇنى چارلىغۇچىلارغا پاش قىپتۇ.

— نېمىشقا شۇنداق قىپتۇ؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون سەل چۆچۈپ.

— مېنىڭ قىزىم ئۇنى چوقۇم پاراشوتتا چۈشكەن دۈشمەن ئالاھىدە خادىمى دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشايدۇ. مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە بۇرادەر، سېنىڭچە قىزىم نېمىشقا ئۇنى كۆرۈپلا شۇنداق گۇمانغا كېلىپ قالغاندۇ؟ قىزىم ئۇنىڭ بىر غەلىتە ئاياغ كىيىۋالغانلىقىغا

دىققەت قىپتۇ، قىزنىڭ دېيىشىچە، ئىلگىرى ئۇ ھېچكىمنىڭ ئۇنداق ئاياغ كىيگەنلىكىنى كۆرۈپ باقماپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى چوقۇم چەتئەللىك دەپ ئويلاپتۇ. بەكلا ئەقىللىق ـ ھە؟ ئەمدىلا يەتتە ياش كىرگەن تۇرۇقلۇق ـ ھە؟

— ئۇ ئادەم قانداق بولدى كېيىن؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون.

— بىلمەيمەن ـ دە، ئەلۋەتتە. ئەگەر ئۇ مۇنداق بوپكەتسىمۇ ھەيران قالمايمەن ـ دە، — دەپ پارسونس قولىدا مىلتىقنى دوراپ، ئېغىزىدا پارتلىغان ئىشارىنى چىقاردى.

— ياخشى، — دېدى سايىم ئالدىدىكى قەغەزدىن بېشىنى كۆتۈرمەي.

— ئەلۋەتتە، ھەرقانداق يوچۇقتا سەل قارىساق بولمايدۇ، — دېدى ۋىنستون ئاران.

— دېمەكچى بولغىنىم ھازىر ئۇرۇش بولۇۋاتىدۇ، — پارسونس شۇنداق دېيىشىگىلا، ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك، ئۇلارنىڭ كاللىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئېكراندىن تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ياڭراپ كەتتى. بىراق بۇ ئۇرۇش غەلىبىسىنىڭ خەۋىرى ئەمەس، بەلكى مولچىلىق مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن ئۇقتۇرۇش ئىدى.

— يولداشلار! — دەپ توۋلىدى بىر قىزغىن ياش ئاۋاز، — دىققەت يولداشلار! بىر غەلىبە خەۋىرى يەتكۈزۈلىدۇ. بىز ئىشلەپچىقىرىش جەڭىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق! ھەرقايسى ساھەدىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش مىقدارى ھەققىدىكى سانلىق مەلۇماتلار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئومۇمىي خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 20% ئېشىپتۇ. مانا بۈگۈن ئەتىگەن پۈتۈن ئوكيانىيەدىكى ئىشچىلار ئۆزلۈكىدىن زاۋۇت ـ كارخانىلاردىن يوللارغا چىقىپ، قوللىرىدا بايراقچىلارنى لەپىلدىتىپ، پاراتقا دەسسەپ غوجاكىمنىڭ دانا رەھبەرلىكى ئاستىدا قولغا كەلگەن بۇ يېڭى، بەختلىك ھايات ئۈچۈن غوجاكىمغا

چەكسىز تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈۋاتىدۇ. تۆۋەندە سانلىق مەلۇماتلارنى ئاڭلايسىلەر، يېمەك - ئىچمەكلەر ...

«بىزنىڭ يېڭى، بەختىلىك تۇرمۇشىمىز» دېگەن سۆز بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. يېقىنقىياقى مولچىلىق مىنىستىرلىكى بۇ سۆزنى تولا ئىشلىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. پارسونس ئېكراننىڭ ئاۋازىدىن مەڭدەپ قالغانىدى، ئۇمۇ جىددىي قىياپەتتە ئۇنى ئاڭلىدى، ئۇزايىدىن ئاڭلاپ زېرىككەندەك قىلاتتى. ئۇ ئىستاتىستىكىنى چۈشىنەلمەيتتى. ئەمما ئۇ بۇ ئىستاتىستىكىنىڭ ئادەمنى مەمنۇن، رازى قىلىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ يېرىمغىچە قاپقارا تاماكا بىلەن توشقۇزۇلغان مەينەت غاڭزىسىنى چىقاردى. هازىر تاماكا هەپتىدە پەقەت 100 گراملا تەمىنلىنىدىغان بولغاچقا، غاڭزىنى لىق توشقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋىنستون بولسا زەپەر سىگارتىنى توغرىسىغا تۇتۇپ چېكىۋاتاتتى. يېڭىدىن تەمىنلەش ئەتە باشلىناتتى، ۋىنستوندا ئاران تۆت تال قالغانىدى. ئۇ هازىر يىراقتىكى ئاۋازلاردىن قۇلىقىنى قاچۇرۇپ، ئېكراندا ئۇقۇۋاتقان نەرسىلەرنى ئاڭلاۋاتاتتى. ئېكراندا غوجاكىنىڭ شاكىلات تەمىنات مىقدارىنى هەپتىدە يىگىرمە گرامغا كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، تەشەككۈر نامايىشى كۆرسىتىلىۋاتاتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا تېخى يىگىرمە گرامغا چۈشۈرۈلگەنلىك ئۇقتۇرۇشى تارقىتىلغان ئىدى. ئەجىبا ئۇلارنىڭ تېخى 24 سائەت بولا - بولمايلا ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىنمىدۇ؟ راست، ئۇلار ئۇنتۇپ كەتكەنىدى، ۋىنستونمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى، خۇددى هايۋانلاردەكلا ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدى. ياندىكى ئۇستەلدىكى كۆزسىز مەخلۇقمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن، تېخى ئۆتكەن هەپتىدىلا ئوتتۇز گرام ئىدىغۇ دەيدىغانلارنى پاش قىلىش، سۈرۈشتۈرۈپ تېپىش، پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىشتەك ئەسەبىي قىزغىنلىق، ئىشتىياق بىلەن ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. سايىمۇ ئوخشاشلا، ئەمما سەل - پەل مۇرەككەپ ئوي — قوش تەپەككۇر — بىلەن ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. ئۇچۇ؟ ئەجىبا ۋىنستوننىڭلا خاتىرىسى ساق قالغانمىدۇ؟

ئاجايىپ سان - سىفىرلار ئېكراندىن تۆكۈلۈۋەردى. ئۆتكەن يىلغا سېلىشتۇرغاندا بۇ يىل كېسەللىك، جىنايەت، ساراڭلىقتىن باشقا ھەرقانداق نەرسە: يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ - ئۆي، ئۆي جاھازىلىرى، قاچا - قومۇچ، يېقىلغۇ، كېمە، تىك ئۇچار، كىتاب، ھەتتا يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق ... ھەممىسى ئاشقانىدى. ئىشقىلىپ، ھەممە ئادەم، ھەممە نەرسە يىلسېرى، مىنۇتسېرى ئالغا قاراپ يۈكسىلىۋاتقان ئىدى. ۋىنستون بايا سايىم سىزغاندەك، ئۇمۇ قوشۇقنى ئېلىپ ئۇماچلىشىپ كەتكەن سەينىڭ ئۈستىگە بىر نېمىلەرنى سىزىشقا باشلىدى. ۋىنستون بىر خىل ئاچچىق ھېسسىيات بىلەن تۇرمۇشنىڭ ماددىي قۇرۇلمىسى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. تۇرمۇش ئەزەلدىن مۇشۇنداق بولغىيمىدى؟ تاماق ئەزەلدىن مۇشۇنداق تېتارمىدى؟ ئۇ تاماقخانىغا قارىدى. تورۇسى پەس، قىستا - قىستاڭ ئىدى، ئادەملەر تولا سۈركۈلۈپ تاملىرى مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى، تۆمۈردىن ياسالغان ئۇ يەر - بۇيەرلىرى پۈكۈلۈپ، مايماقلىشىپ كەتكەن ئۈستەل - ئورۇندۇقلار بىر - بىرىگە زىيادە يېقىن قويۇلغاچقا، ئولتۇرغاندا ئادەملەرنىڭ جەينەكلىرى تېگىشىپ قالاتتى. قوشۇقلار ئېگىلىپ، تەخسىلەر داغلىشىپ كەتكەن، ئىستاكانلار بەكلا قوپال ئىدى. ھەممە نەرسە مايلىشاڭغۇ، ھەرقانداق يېرىقچە كىرگە توشقان. ناچار ئارچا ھارىقى، ناچار قەھۋە، تۆمۈر پۇرايدىغان دۇملىمە سەي ۋە كىرلاش كىيىملەرنىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ ئاشخانىنى لىق ئالغان ئىدى. قورسىقىڭىزنىڭ، تېرىلىرىڭىزنىڭ بىر يەرلىرىدە بىر خىل نارازىلىق بولسا، قەلبىڭىزدە سىزنىڭ ئەسلىي ھەققىڭىز بولغان بەزى نەرسىلەر خۇددى ئالداپ تارتىۋېلىنغاندەك تۇيغۇ ئەلەڭگىيتتى. ئەمما شۇنىسى ھەقىقەتكى، ۋىنستون بۇنىڭدىن پەرقلىنىدىغان باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە بۇ يەردە ھېچقاچان يېمەك - ئىچمەك يېتەرلىك بولۇپ باققان، ھېچكىم يىرتىلمىغان، تىنشىلمىگەن پايپاق ياكى ئىچ كىيىم كىيىپ باققان، ئىگىلمىگەن،

www.uyghurkitap.com

پۇكۇلمىگەن ئۇي جاھازلىرى ئىشلىتىپ باققان، ئىسسىيدىغان ئۆيدە تۇرۇپ باققان ئەمەس ئىدى. دائىم سۇ توسۇلۇپ قالاتتى، ئۆيلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئەبجەق، بولكىلار قاپقارا ئىدى؛ ھەدېسە چاي تاپقىلى بولمايتتى، قەھۋە دائىم قاقشىق تېتىيتتى، تاماكا داۋاملىق كەمچىل ئىدى. سۈنئىي ياسالغان ئارچا ھارىقىدىن باشقا ھېچنەرسە ئەرزان ۋە يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەلۋەتتە، ئادەم قېرىغانسېرى بۇ ئىشلار تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتمەمدۇ؟ بىراق راھەتسىزلىك، مەينەتچىلىك، ئاچلىق تۇپەيلىدىن يۈرەك كېسىلى بولۇپقالسا، ئۇزاق قىش كۈنلىرىدە قىلىن پايپىقى بولمىسا، بىنانىڭ لىفتلىرى ئىشلىمىسە، ئىسسىق سۇ بولمىسا، يېتەرلىك تاماكا بولمىسا، سوپۇن مۇشۇنداق داشقالدەك يېرىك بولسا، ئادەمدە ئاز - تولا نارازىلىقنىڭ بولۇپقېلىشى نورمال ھادىسە ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا بۇ ئىشلارنىڭ شۇنداق چىدىغۇسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئادەمنىڭ ئىشلارنىڭ ئۆتمۈشتە باشقىچە ئىكەنلىكى توغرىلىق، سېلىشتۇرما قىلغىدەك بىر ئەسلىمىسى بولۇشى كېرەكمۇ؟

ئۇ تاماقخانىغا يەنە بىر كۆز يۈگۈرتتى. ھەممەيلەن دېگۈدەك كۆرۈمسىز ئىدى، كۆك رەڭلىك پارتىيە فورمىسىدىن باشقا كىيىم كىيسىمۇ، يەنىلا كۆرۈمسىز كۆرۈنىدىغاندەكلا ئىدى. ئۆيىنىڭ يىراق بىر تەرىپىدە يالغۇز ئولتۇرغان، ۋىجىك، قوڭغۇزغا ئوخشايدىغان بىر ئادەم قەھۋە ئىچىۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزى گۇمانلىق نەزەردە ئۇياق بۇياققا توختىماي يۈگرەيتتى. ۋىنستون ئويلاپ قالدى، ئەگەر ئەتراپىڭىزغا قاراپ باقمىسىڭىزلا، پارتىيە بېكىتكەن گۈزەل بەدەن ئۆلچىمىدىكى ئېگىز بويلۇق، مۇسكۇللۇق يىگىتلەر ۋە بەدەنلىرى تولغان، ئالتۇن چاچلىق، شوخ، غەمسىز قىزلارنىڭ بارلىقىغا، ھەتتا ناھايىتى كۆپلىكىگە ئوخشايلا ئىشىنىپ قالاتتىڭىز. ئەمەلىيەتتە، بىرىنچى ھاۋا رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پاكار، قارامتۇل، كېسەل چىراي كىشىلەر ئىدى. بۇنداق قوڭغۇزسىمان كىشىلەرنىڭ مىنىستىرلىكتە قانداقسىگە

بۇنچىۋالا كۆپپىيىپ قالغانلىقى قىزىق ئىش ئىدى. كىچىك چېغىدىلا پاكار، دىقماقلىشىپ قالغان، پۇتلىرى قىسقا، ئەمما مېڭىشلىرى چاققان، يۈزى زىيادە سەمرىپ كەتكەن، ئەمما كۆزى كىچىك كىشىلەر تولا ئۇچرايتتى. ئادەملەر پارتىيە ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىلا مۇشۇنداق بولۇپ قالغاندەك ئىدى.

يەنە بىر كاناي ئاۋازى بىلەن مولچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئاخىرلاشتى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا بىر جاراڭ - جۇرۇڭ مۇزىكا ئالماشتى. پارسونس ئىستاتىستىكىلارنىڭ بومباردىمان قىلىشىدىن سەل ئۆزىگە كېلىپ، غاڭزىسىنى ئېغىزىدىن چىقاردى.

— مولچىلىق مىنىستىرلىكى بۇ يىل ھەقىقەتەن قالتىس ئىش قىپتۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، — ھە راست، سىمىس بۇرادەر، سەندە بىرەر تىغ بارمىدۇ؟

— بىر تالمۇ يوق، — دېدى ۋىنستون، — مەنمۇ بىر تال تىغنى ئالتە ھەپتە بولدى ئىشلىتىپ كېلىۋاتىمەن.

— ھە بوپتۇ، شۇنداقلا سوراپ باقاي دېگەنتىم بۇرادەر.

— كەچۈرگىن، — دېدى ۋىنستون.

يان ئۈستەلدىكى غاقىلدىغان ئاۋاز ئۇقتۇرۇشنى ئوقۇغان ۋاقىتتا بىردەم جىمىغان ئىدى، ئەمدى يەنە ئۇنلۇك غاقىلداشقا باشلىدى. ۋىنستون بىردىنلا پارسونس خانىمنى ئويلاپ قالدى، ئۇنىڭ قورۇقلىرىدىكى كىر ۋە ئىنچىكە چاچلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ باللىرى ئۇنى ئىككى يىل ئىچىدە ئىدىيە ساقچىلىرىغا پاش قىلاتتى. پارسونس خانىم پارغا ئايلىنىپ كېتەتتى، سايمۇ پارغا ئايلىنىپ كېتەتتى. ئەكسىچە، پارسونس ھەرگىز پارغا ئايلىنىپ كەتمەيتتى. غاقىلداۋاتقان ئاۋۇ كۆزسىز مەخلۇقمۇ پارغا ئايلىنىپ كەتمەيتتى. مىنىستىرلىكىنىڭ سىرلىق كارىدورلىرىدا مېڭىشىپ يۈرىدىغان ئاۋۇ قوڭغۇزسىمان ئادەملەر ھەرگىز پارغا ئايلىنىپ كەتمەيتتى. ھېلىقى رومان باشقارمىسىدىكى قارا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاچلىق قىزمۇ پارغا ئايلىنىپ كەتمەيتتى. ۋىنستوننىڭ سېزىمى ئۇنىڭغا كىملەرنىڭ ھايات قېلىپ، كىملەرنىڭ پارغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. گەرچە نېمىنىڭ ئادەمنى ھايات قالدۇرالايدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرىش بەكلا قىيىن بولسىمۇ.

ئۇشبۇ دەقىقىدە، ئۇ بۇ خىياللاردىن سىلكىپ تارتىپ چىقىرىلدى. ياندىكى قىز يېرىم ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قاراۋاتقان ئىدى. بۇ ھېلىقى قارا چاچلىق قىز ئىدى. قىز ۋىنستونغا يانچە، ئەمما جىددىي تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى ئۇچراشقان ھامان قىز كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

ۋىنستوننىڭ دۈمبىسىدىن سۇ چىقىپ كەتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ چۇلغىدىيۇ، تېزلا تارقاپ كەتتى، ئەمما ۋىنستوندا پەيدا بولغان بىئاراملىق يوقالمىدى. ئۇ نېمىشقا ۋىنستونغا قارايدۇ؟ نېمىشقا ۋىنستوننىڭ ئارقىسىدا يۈرىدۇ؟ لېكىن ۋىنستون بۇ قىزنىڭ بۇ ئۈستەلگە ئۆزى كېلىشتىن بۇرۇن ياكى كېيىن كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. بىراق تۈنۈگۈن نەپرەت پائالىيىتىدە، ھېچقانداق زۆرۈرىيەت بولمىسىمۇ بۇ قىز دەل ۋىنستوننىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنىڭ ۋىنستوننىڭ ئاۋازىنى تىڭشاپ، ئۇنىڭ زادى يېتەرلىك دەرىجىدە ئۈنلۈك توۋلىغان - توۋلىمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈش ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن ئىدى.

ئۇ باشتىكى ئويىنى قايتا ئويلاپ قالدى، بەلكىم بۇ قىز ئىدىيە ساقچىسى بولماسلىقى، پەقەت ئىشتىن سىرتقى ئىشپىيون بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئەڭ خەتەرلىكى مۇشۇ. ۋىنستون قىزنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك ئۇزۇن قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى، بەلكىم بەش مىنۇتتۇ، ۋىنستون چىراي ئىپادىلىرىنىڭ ھەممىسىنى، تولۇق كونترول قىلىپ بولالمىغان بولۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئاممىۋى سورۇنلاردا ياكى ئېكران ئالدىدا خىيالىڭىزنى قويۇۋېتىشىڭىز ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. قىلچىلىك بىخەستىلىك بېشىڭىزغا چىقىشى مۇمكىن ئىدى. يۈزىڭىزنىڭ مۇنداقلا بىر جىددىيلىشىپ تارتىشىشى، ئەندىشە

بىلەن بىر بىقىش، ئۆزىگىزگە گەپ قىلىپ سالىدىغان ئادىتىڭىز، ئىشقىلىپ ھەرقانداق بىنورمال بىلىنىدىغان ئىپادە مەلۇم نەرسىنى يوشۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ھېسابلىناتتى. يۈزىڭىزدىكى ھەرقانداق نامۇۋاپىق ئىپادە (مەسىلەن: غەلىبە ئىپلان قىلىنىۋاتقاندا پەرۋاسىز ئولتۇرۇش) نىڭ ئۆزى جازاغا لايىق قىلمىش ئىدى. «يېڭى تىل»دا بۇنى «يۈزجىنايىتى» دەپ ئاتايتتى.

قىز يەنە ۋىنىستونغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇردى. بەلكىم ئۇ ۋىنىستوننىڭ ئارقىسىغا چۈشمىگەن بولۇشى، ئۇدا ئىككى كۈن ئۇنىڭ ۋىنىستوننىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇشى پەقەتلا بىر تەسادىپىيلىق بولۇشى مۇمكىن. ۋىنىستوننىڭ سىگارتى ئۆچۈپ قالدى، ئۇ تاماكا قالدۇقىنى ئېھتىيات بىلەن ئۈستەلنىڭ بىر بۇرجىكىگە قويۇپ قويدى. بۇنى خىزمەتتىن چۈشكەندە يەنە داۋاملاشتۇرۇپ چەككىلى بولاتتى. ياندىكى ئۈستەلدىكى ئادەمنىڭ ئىدىيە ساقچىسى بولۇشى ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن ئىدى، بەلكىم ئۇ ئالدىنقى ئۈچ كۈن، شەپقەت مىنىستىرلىكىنىڭ يەر ئاستى ئۆيلىرىدە تۇرغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاماكىنى تاشلىۋەتكىلى بولمايتتى. سايم قەغەزلىرىنى قاتلىدى ۋە ئۇنى يانچۇقىغا سالدى. پارسونس يەنە سۆزلەشكە باشلىدى.

— ساڭا بىزنىڭ ئىككى شۇمتەكنىڭ كونا بازاردا بىر ئايالنىڭ كۆينىكىگە ئوت قويۇۋەتكەنلىكىنى دەپ بەرمىدىممۇ بۇرادەر؟ — دېدى ئۇ غاڭزىسىنى شورىغاچ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ ئايال غوجاكىنىڭ رەسمى بار قەغەزگە كولباسا يۆگەپ مېڭىپتىكەن، شۇمتەكلەر كۆرۈپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كەينىگە چۈشۈپ بىر قاپ سەرەڭگە بىلەن ئوت قويۇۋېتىپتۇ، ئۇ ئايال خېلى كۆيۈپ كەتكەندەك. بۇ شۇملارنىزە، ئەمما قىزغىنلىقى ئالامەت ـ ھە؟ بۇ ئۇلارنىڭ ئىشپىيونلارغا قاتناشقاندىن كېيىن ئالغان مەشىقىنىڭ نەتىجىسى. ھازىرقى مەشقلەر مەن قاتناشقان چاغدىكىدىن كۆپ ئىلغار، قالتىسكەن. يېقىندا ئۇلارغا نېمە تارقىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ يىگىنىنىڭ تۆشۈكىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەردىنمۇ تىڭشىيالايدىغان تىڭشىغۇچ! مېنىڭ قىزىم بىر كۈنى ئۆيگە بىرنى ئەكەپتىكەن، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ سىرتىدىن سىناپ باقتى، ئادەتتىكىدىن ئىككى ھەسسە ئۈنلۈك ئاڭلىيالايدىكەن. ئەلۋەتتە، ئۇ بىر ئويۇنچۇق، ئەمما بالىلاردا توغرا ئىدىيە، روھ يېتىشتۈرىدۇ ئەمەسمۇ؟

بۇ چاغدا ئېكراندىن قۇلاقنى يارىدىغان پۈشتەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ خىزمەتكە قايتىشنىڭ سىگنالى ئىدى. ئۈچەيلەن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ لىفتقا قاراپ قىستىلىشتى، ۋىنستوننىڭ بايا ئېشىپ قالغان تاماكىسى تۆكۈلۈپ كەتتى.

## 6

ۋىنستون خاتىرىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

*بۇ ئۈچ يىل بۇرۇنقى قاپقاراڭغۇ بىر ئاخشامدىكى ئىش. ئۇ ئايال چوڭ ۋوگزالغا يېقىنلا يەردىكى تار كوچىدا، بىر ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۈستىدىكى يول چىرىقىنىڭ نۇرى بەكلا ئاجىز بولۇپ، ھېچنېمىنى يورۇتالمايتتى. ئۇ ئايال ئۇزايىدىن ناھايىتى ياش كۆرۈنەتتى، يۈزىنى قېنىق بوياۋالغان ئىدى. مەن بۇنداق گىرىمنى بەك ياقتۇراتتىم، ئۇنىڭ ئاقلىقى خۇددى ئاپپاق ماسكىغا ئوخشايتتى، قىپقىزىل لەۋلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئايال پارتىيە ئەزالىرى ھەرگىز يۈزىنى بويىمايتتى. كوچىدا ھېچكىم يوق ئىدى، ئېكرانمۇ يوق ئىدى. ئۇ «ئىككى دوللار» دېدى. مەن …*

ۋىنستونغا خاتىرىنى داۋاملاشتۇرۇش تەس كەلدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، كۆز ئالدىغا داۋاملىق كېلىۋالىدىغان كۆرۈنۈشنى سىقىپ

چىقىرىۋەتمەكچى بولغانىدەك، بارمىقىدا قاپاقلىرىنى چىڭ باستى. ئۇنىڭ ناھايىتى پاسكىنا، ئەپسانىۋى تىل بىلەن كارنىيى يىرتىلغۇدەك تىۋۋلىغۇسى، تامغا قاتتىق ئۇسكۈسى، ئۇستەلدىكى سىياھ قۇتىسىنى دەرىزىدىن چۆرۈۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى. ئىشقىلىپ كۆز ئالدىدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشنى يوقىتىدىغان قوپال، جاننى ئاغرىتىدىغان ياكى يۇقىرى ئاۋازلىق ھەرقانداق ئىش بولسىلا بولۇۋېرەتتى.

«ئادەمنىڭ ئەڭ يامان دۈشمىنى ئۆزىنىڭ نېرۋا سىستېمىسى ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ئىچكىرىدىكى ھەرقانداق جىددىيلىك ھەر دائىم ئۆزىنى مەلۇم ئالامەتلەر بىلەن نامايان قىلاتتى. ۋىنستون بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ كوچىدا ئۆزى ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بىر ئادەمنى ئويلاپ قالدى. ئۇ قىياپىتى تولىمۇ ئادەتتىكىچە، يېشى 35 ــ 40 ياشلار ئەتراپىدا، ئېگىز بويلۇق، ئورۇقراق، قولىدا بىر ھۆججەت سومكىسى كۆتۈرۈۋالغان پارتىيە ئەزاسى ئىدى. ئۇلار يېقىنلىشىپ بىر نەچچە مېتىر قالغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىنىڭ سول تەرىپى تۇيۇقسىز بىر تارتىشقاندەك بولدى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن سۈركىلىشىپ ئۆتۈۋاتقان شۇ دەقىقىدە، بۇ ئىش يەنە يۈز بەردى. بۇ خۇددى كامېرادا رەسىمگە تارتقاندەكلا تېز يۈز بېرىدىغان، يېنىككىنە تىترەش، بىرەر يېرى تارتىشىش ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ بەدەننىڭ كۆنۈپ كەتكەن تەبىئىي ئىنكاسى ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىكى ئويىنى ئېسىگە ئالدى: بۇ بىچارە ئەمدى تۈگەشتى. قورقۇنچلۇقى شۇكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ئاڭسىزلارچە تەبىئىي ھەرىكەت ئىدى. ئەڭ خەتەرلىكى چۈشىدە گەپ قىلىپ تاشلاش ئىدى. ۋىنستوننىڭ قارىشىچە، بۇنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغان ھېچقانداق چارە يوق ئىدى.

ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋېتىپ يېزىشنى داۋاملاشتۇردى:

ــ مەن *ئايالغا ئەگىشىپ ئىشىكتىن كىردىم. بىز*

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

*ئارقا هويلىدىن ئۆتۈپ، يەر ئاستىدىكى بىر ئاشخانا ئۆيگە كىردۇق. تامنىڭ تۈۋىدە بىر كارىۋات، ئۈستەلدە ناھايىتى سۇس ياندۇرۇلغان بىر چىراغ تۇراتتى. ئايال...*

ۋىنستون تۇكۇرۇۋېتىدىغاندەك چىشىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ يەر ئاستى ئاشخانىدىكى ئايال بىلەن تەڭ ئايالى كەسرىنىنمۇ ئويلاپ قالدى. ئۇ توي قىلغان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنى توي قىلغان دېيىشكە بولاتتى، بەلكىم هازىرمۇ شۇ نىكاھتا بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ۋىنستون ئايالىنى تېخى هايات دەپ ئويلايتتى. ئۇ يەر ئاستى ئاشخانىدىكى هاۋا ئۆتۈشمەي دىمىقىپ كەتكەن، قورت - قوڭغۇزنىڭ ئۆلۈكى، كىر كىيىم ۋە ناچار، ئەرزان ئەتىرنىڭ پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن هاۋادىن نەپەس ئالدى. بۇ يەر شۇنداقلىقىغا قارىماي ئادەمنى يەنىلا ئۆزىگە تارتاتتى، چۈنكى ھەرقانداق ئايال پارتىيە ئەزاسى ئەتىر ئىشلەتمەيتتى، ھەتتا ئىشلىتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى. پەقەت پرولېتارلارلا ئىشلىتەتتى. ۋىنستوننىڭ كاللىسىدا ئەتىر ئىشلىتىش بۇزۇقچىلىقنىڭ ئالامىتى ئىدى.

بۇ ۋىنستوننىڭ ئىككى يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم تاپتىن چىقىشى ئىدى. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پاھىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇشى چەكلىنەتتى. ئەمما بۇ بەلگىلىمىلەرنى بەزىدە ئامال يوق، بۇزۇشقا جۈرئەت قىلىپ قالاتتىڭىز. بۇ خەتەرلىك ئىش ئىدى، ئەمما هايات - ماماتلىق مەسىلىسى ئەمەس ئىدى. باشقا جىنايەت سادىر قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، پاھىشە بىلەن تۇتۇلۇپ قالسا، بەش يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلەتتى. شۇ ئىشنىڭ ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالمىسىڭىزلا چوڭ چاتاق چىقمايتتى. نامراتلار مەھەللىلىرىدە ئۆزىنى ساتىدىغان ئايال‌لار كۆپ ئىدى. بەزى ئايال‌لار، ھەتتا بىر بوتۇلكا ئارچا ھارىقىغىمۇ تېنىنى ساتاتتى، ئادەتتە ئارچا ھارىقىنى پرولېتارلار ئىچسە بولمايتتى.

ئەمەلىيەتتە پارتىيە ئۇچۇق بەلگىلىمە چىقارمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانىنىڭ بېسىپ بولالمايدىغان تۇغما ئىستىكىگە كىچىككىنە يوچۇق قالدۇرۇش يۈزىسىدىن، پاھىشىگە ئاستىرتتىن كۆز يۇمۇۋالاتتى. بۇ ئىش مانا مۇشۇنداق ئوغرىلىقچە ۋە لەززەتسىز ئېلىپ بېرىلسا ۋە پەقەت تۆۋەن قاتلامدىكى ئاياللار بىلەنلا بولسا چوڭ چاتاق چىقمايتتى. ئەمما پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدىكى بۇزۇقچىلىقنى كەچۈرگىلى بولمايتتى. گەرچە چوڭ تازىلاشتا، جاۋابكارلار جىنايىتىنى تولۇق تاپشۇرسىمۇ، بۇنداق ئىشنىڭ ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش، مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

پارتىيەنىڭ مەقسىتى ھەرگىز ئەر - ئاياللارنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان مۇناسىۋەتنىڭ شەكىللىنىشىنى مۇتلەق توسۇش ئەمەس ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇنى پارتىيەمۇ تولۇق كونترول قىلىپ بولالمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇنى ئاشكارىلىماسلىقتىكى ھەقىقىي مەقسىتى — ئەر - ئاياللارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىدىكى ھۇزۇر - لەززەتنى يوق قىلىۋېتىش ئىدى. مۇھەببەت ھەددىدىن ئېشىپ كەتسە بولمايتتى، جىنسىي ئىستەك مەيلى نىكاھنىڭ ئىچىدە ياكى سىرتىدا بولسۇن، دۈشمەن سانىلاتتى. ھەممە توي ئاۋۋال مەخسۇس تەشكىللەنگەن بىر كومىتېتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. گەرچە تەستىقلاش ياكى رەت قىلىش پىرىنسىپلىرى ئاشكارا ئېلان قىلىنمىسىمۇ، بىر - بىرىنى جىسمانىي جەھەتتە جەلپ قىلغانلىقى بايقالغانلارنىڭ نىكاھى تەستىقلانمايتتى. توي قىلىشنىڭ ئېتىراپ قىلىنىدىغان بىردىنبىر مەقسىتى — پەقەت پارتىيە ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىغان ئەۋلات يېتىشتۈرۈش ئىدى.

جىنسىي مۇناسىۋەت خۇددى كىلىزما قىلىشقا ئوخشاش، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سەل ئېلىشتۇرىدىغان بىر كىچىك ئوپېراتسىيە دەپ قارىلاتتى. گەرچە بۇمۇ ئېنىق يازما شەكىلدە ئاشكارا ئېلان قىلىنمىسىمۇ، ئەمما ۋاستىلىق يوسۇندا كىچىكىدىن باشلاپلا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈۋېتىلەتتى. شەھۋانىيەتكە قارشى ئۇيۇشمىغا ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

تەشكىلاتلارمۇ، داۋاملىق ئەر - ئاياللارنىڭ بويتاق ياشىشىنى تەشۋىق - تەرغىب قىلىپ تۇراتتى. بارلىق بالىلار سۈنئىي ئۇرۇقلاندۇرۇش — يېڭى تىلدا «سۈنئىي ئۇرۇق» دەپ ئاتىلاتتى — بىلەن يېتىشتۈرۈلەتتى ۋە ئاممىۋى ئورگانلاردا بېقىلاتتى. ۋىنستوننىڭ بىلىشىچە، ھەممە بۇنداق بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما بۇ پارتىيەنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بىلەن بىردەك ئىدى. پارتىيە جىنسىي ئىستەكنى ئۇجۇقتۇرماقچى، پۈتۈنلەي ئۇجۇقتۇرالمىغاندىمۇ ئۇنى بۇزماقچى ياكى مەينەتلەشتۈرمەكچى ئىدى. ۋىنستون پارتىيەنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەمما شۇنداق قىلىنىشى تېگىشلىكتەك ھېس قىلاتتى. ئاياللارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پارتىيەنىڭ بۇ تىرىشچانلىقلىرى بىكارغا كەتمىگەن ئىدى.

ئۇ يەنە كەسىرىننى ئويلاپ قالدى، ئۇلار ئايرىلغىلى توققۇز، ئون بەلكىم ئون بىر يىل بولغاندۇ. قىزىق، ۋىنستون ئۇنى ناھايىتى ئاساسەن ئويلىمايدىغان بوپقالغانىدى. بەزى چاغلاردا ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ توي قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كېتەتتى. ئۇلار پەقەت ئون بەش ئايلا بىللە تۇرغانىدى. پارتىيە ئادەتتە ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلمايتتى، ئەمما ئەگەر پەرزەت يۈزى كۆرمىسە، ئايرىلىپ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى.

كەسىرىن ئېگىز بويى، چاچلىرى سۇس رەڭلىك، يۇرۇش - تۇرۇشلىرى ناھايىتى جايىدا قىز ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى بۈركۈتنىڭكىگە ئوخشايتتى، كىشى بۇ يۈزنىڭ كەينىگە نېمە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلمىگۈچە، ئۇنى ناھايىتى ئېسىلزادە چىراي ئىكەن دەپ قالاتتى. توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ كەسىرىننىڭ ئۆزى ئۇچراتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كالۋا، كاللىسى قۇپقۇرۇق، تومپاي ئادەم ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغانىدى، بەلكىم بۇ ۋىنستوننىڭ كەسىرىننى باشقا ئادەملەرگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىن بىلگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. ئۇنىڭ كاللىسىدا شوئاردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. پارتىيە ئېيتقانلا بولسا، ھەرقانچە بىمەنە، تېتىقسىز گەپ بولسىمۇ، ئۇنى مۇتلەق قوبۇل قىلاتتى. ۋىنستون ئۇنىڭغا ئىچىدە «ئادەم ئۈنئالغۇ»

دەپ لەقەم قويۇپ قويغانىدى. ناۋادا بۇ توي پەقەت جىنسىيەت ئۈچۈنلا بولمىغان بولسا، ۋىنستون ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا چىداپ كېتەلەيتتى.

ۋىنستوننىڭ بەدىنى تەگكەن ھامان ئۇنىڭ بەدىنى سەل - پەل تارتىشقاندەك بولۇپ، ئۇ خىتىلداپ يىغلاپ كەتكەنىدى. ئۇنى قۇچاقلاش خۇددى بىر ياغاچ ھەيكەلنى قۇچاقلىغان بىلەن ئوخشاشلا ئىش ئىدى. گەرچە كەسىرىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالغان بولسىمۇ، ۋىنستونغا ئۇ يەنىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى ئىتتىرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، كەسىرىننىڭ چىڭگىدە تۈگۈلۈۋالغان مۇسكۇللىرىدىن بۇنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇ كارىۋاتتا كۆزىنى يۇمغىنىچە يا قارشىلىق كۆرسەتمەي ياكى ماسلاشماي، پەقەت شۇ بويسۇنغىنىچە جىممىدە ياتاتتى. بۇ ئادەمنى بەكلا ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان، ھەتتا دەم ئۆتسە كىشىنى ۋەھىمىگە سالىدىغان ئىش ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ئەگەر كەسىرىن بىلەن بىرگە بولماسلىققا كېلىشەلىگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا چىداپ كېتەلەيتتى. قىزىق يېرى، بۇنى كەسىرىن رەت قىلغانىدى. ئۇ «ئىمكانىيەت بولسىلا، بىر بالا ئىشلەپچىقىرىشىمىز لازىم» دېگەنىدى. شۇڭلاشقا مۇمكىنلا بولسا، ئۇلار ھەپتىدە مۇقىم بىر قېتىم بىرگە بولۇشنى ساقلاپ كەلدى. ھەتتا بەزىدە كەسىرىن بۇنى ئاخشىمى قىلىشقا تېگىشلىك ياكى ئۇنتۇلۇپ كەتمەسلىك كېرەك بولغان بىر ئىشتەك، بۇ ئىشنى بىجىرىۋېتىشنى سەھەردىلا ۋىنستونغا ئاتايىن ئەسكەرتەتتى. كەسىرىن بۇنىڭغا مۇنداق ئىككى ئىسىم قويغان ئىدى: بىرى «بالا ياساش» يەنە بىرى «پارتىيە ئالدىدىكى بۇرچىمىز» (ھەقىقەتەنمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ ئىبارىلەرنى ئىشلىتەتتى) ئىدى. كېيىنچە ۋىنستوننى ئۇ ئىش بېكىتىلگەن كۈن كەلگەندە، قورقۇنچ قاپلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ۋىنستوننىڭ تەلىيىگە بالىمۇ بولمىدى، كەسىرىنمۇ يەنە سىناۋېرىشتىن ۋاز كەچتى ۋە ئايرىلىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇھەسىنغىنىدىن ۋىنستوننىڭ ئاۋازى سىرتقا چىقىپ كەتتى، ئۇ قەلىمىنى يەنە ئېلىپ يېزىشنى داۋاملاشتۇردى:

*ئۇ ئايال ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى ۋە ھېچقانداق نازلىنىش، ئەركىلەشلەرنى قىلماستىنلا، دەرھال تولىمۇ قوپال، ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان تەرزدە كۆينىكىنى ئۆرىدى. مەن ...*

ۋىنستون سۇس چىراغ يورۇقىدا كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇردى. دىماقلىرى قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ ۋە ھېلىقى ناچار ئەترىنىڭ پۇرىقى بىلەن توشقان ئىدى، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىر تەرەپتىن بىر خىل مەغلۇبىيەت، ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى، يەنە بىر تەرەپتىن كەسىرىنىڭ ئاق بەدەنلىرى ۋە پارتىيەنىڭ گىپنوزى بىلەن مەڭگۈ مۇزدەك تۇرىدىغان كۆزلىرى چۇلغىۋالغان ئىدى. نېمە ئۈچۈن دائىم مۇشۇنداق بولىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ ھازىرغىچە بىر ئايالى بولمايدۇ؟ نېمىشقا نەچچە يىلدا بىر قېتىم مۇشۇنداق مەينەت ئىشنى قىلىپ يۈرۈيدۇ؟ ئەمما ھەقىقىي مۇھەببەت مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئېيپەت ئۇلارنىڭ ئېڭىدا پارتىيەگە بولغان سادىقلىقتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئويۇن، سوغۇق سۇ، مەكتەپ، ئىشپىيونلار ۋە ياشلار ئۇيۇشمىسىدىكى سىڭدۈرۈلىدىغان ئەخلەت، لېكسىيە، پارات، ناخشا، شوئار، ھەربىي مۇزىكىلار بىلەن بالدۇرلا كۆندۈرۈش، ئادەتلەندۈرۈش ئارقىلىق، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى مۇشۇ ئەڭ ئېپتىدائىي ئىستەكمۇ تارتىۋېلىنغان ئىدى. ۋىنستوننىڭ ئەقلى ئۇنىڭغا ئىشلارنىڭ ئەسلىي چوقۇم بۇنداق ئەمەسلىكىنى ئېيتاتتى، ئەمما قەلبى بۇنىڭغا ئىشەنمەيتتى. بۇ ئاياللارنى قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پارتىيەمۇ دەل مۇشۇنى ئۈمىت قىلاتتى. ۋىنستوننىڭ ئىستىكى سۆيۈلۈشتىن بەكرەك، مۇشۇ پەردىنى پۈتۈن ئۆمرىدە بولسىمۇ بىرەر

قېتىم بۆسۈپ بېقىش ئىدى. مۇۋەپپەقىيەتلىك قىلىنغان بىر قېتىملىق جىنسىي ئالاقە بىر قېتىملىق ئىسيانغا باراۋەر ئىدى. بۇ يەردە جىنسىي ئىستەك ئىدىيە جىنايىتى ئىدى. ھەتتا كەسىرىنىڭ جىنسىي ئىستىكىنى ئويغاتقان تەقدىردىمۇ، ياكى ۋىنستون شۇنداق قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئۇ ۋىنستوننىڭ خوتۇنى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ يەنىلا ئېزىقتۇرۇش جىنايىتى ھېسابلىناتتى.

ھېكايىنىڭ قالغىنىمۇ يېزىلىپ تۈگىشى لازىم ئىدى.

مەن چىراغنى ياقتىم ۋە چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا قارىدىم . . .

كۆز قاراڭغۇلۇقتىن بىراقلا يورۇقلۇققا يۆتكەلگەچكىمۇ، چىراغنىڭ نۇرى ئايالنى ئالاھىدە يورۇتقاندەك بىلىنىپ كەتتى. ۋىنستون ئايالنى تۇنجى قېتىم تولۇق كۆردى. ئۇ ئايال تەرەپكە ئوتتەك ئىستەك ۋە قورقۇنچ بىلەن بىر قەدەم ئالدى - يۇ، يەنە توختاپ قالدى. ئۇ قىلماقچى بولغان بۇ تەۋەككۇلچىلىكنىڭ بەدىلىنى ئوبدان بىلەتتى. بەلكىم بۇ يەردىن چىقىپلا چارلىغۇچىلارغا تۇتۇلۇپ قېلىشى ياكى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلار ئۇنى بوسۇغىنىڭ سىرتىدا ساقلاۋاتقان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇ قىلماقچى بولغان ئىشىنى قىلمايلا ماڭسا! . . .

بۇ چوقۇم يېزىلىشى، چوقۇم ئاشكارىلىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇ توساتتىن چىراغ يورۇقىدا ئايالنىڭ ناھايىتى قېرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزى زىيادە قېنىق بويالغاچقا، بوياق خۇددى ھازىرلا سويۇلۇپ چۈشىدىغان كارتون تاختايدەك كۆرۈنەتتى. چاچلىرىنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىگە ئاق سانجىلغان، ئەڭ قورقۇنچلۇقى، ئۇنىڭ ئازراق ئوچۇق قالغان، بىرمۇ چىش قالمىغان ئېغىزى قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئوخشايتتى.

ئۇ تېز - تېز جىجلاپ يېزىشقا كىرىشتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان قېرى ئايال ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىشنى قىلىۋەردىم ...*

ئۇ يەنە بارماقلىرىنى قاپىقىنىڭ ئۈستىگە چىڭ باستى. ئۇ ئاخىرى بۇنى يېزىپ بولدى، ئەمما بۇنى يېزىش ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. يېزىپ بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچى بوشىمىدى. ئەپسانىۋى، مەينەت تىلدا كارنىيى يىرتىلغىچە توۋلىۋېلىش ئىستىكى ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە شۇنداق ئەسەبىيلەرچە قۇتراپ تۇراتتى.

## 7

*«ئەگەردە ئۈمىت بار دېيىلسە، — دەپ يازدى ۋىنستون، — ئۇ چوقۇمكى پرولىتارلاردا.»*

ئەگەردە ئۈمىت بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇمكى پرولىتارلاردا. چۈنكى پۈتۈن ئوكيانىيەنىڭ 85% نوپۇسىنى تەشكىل قىلىدىغان، نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىلگەن مۇشۇ ئادەملەردىلا پارتىيەنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان قۇدرەت تۇغۇلالايدۇ. پارتىيە ئۆز ئىچىدىن ئاغدۇرۇلمايدۇ. پارتىيەنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ — ئەگەر بار دېيىلسە — بىر يەرگە كېلەلىشى ئەمەس، بىر - بىرى بىلەن تونۇشالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا رىۋايەتلەردىكى ھېلىقى قېرىنداشلار راستىنلا مەۋجۇت بولسا، — بۇ پەقەتلا بىر ئېھتىماللىق، خالاس — ئۇلاردىن ئىككى ياكى ئۈچتىن جىقراق ئادەمنىڭ بىر يەرگە كېلەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كۆزلەرنىڭ ئۆچرىششى، ئاۋازلاردىكى كىچىككىنە ئۆزگىرىش، ئەڭ يامىنى، ئاندا - مۇندا پىچىرلاشنىڭ ئۆزىلا ئىسيان كۆتۈرگەنلىك ھېسابلىنىدىغان تۇرسا. ئەمما پرولىتارلار ئۆزىدىكى كۈچ - قۇدرەتنى تونۇپ يەتسىلا،

ئۇلارنىڭ سۇيىقەست پىلانلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. ئۇلار پەقەت ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر سىلكىنىپ ئۇستىدىكى چىۋىنلارنى قوغلىۋەتسىلا بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار خالىسىلا، ئەتە ئەتىگەندىلا پارتىيەنى كۆكۈم ـ تالقان قىلىۋېتەلەيدۇ. ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ خىيالىغا كېلەرمۇ؟ ئەمما ...

ئۇ بىر قېتىم كوچىدا ماڭغاندا، يۈزلىگەن ئاياللارنىڭ ئالدى تەرەپتىكى يېقىنلا بىر كوچىدىن تووۇلىشىۋاتقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغانلىقىنى ئەسلىدى. كۈچلۈك غەزەپ ۋە ئۈمىتسىزلىككە تولغان، چوڭقۇر، ئەمما ئۈنلۈك «ھوۋ ھوۋ ھوۋ ھوۋ» دېگەن ئاۋاز، خۇددى كوچا سائىتىنىڭ قوڭغۇرىقىدەك ئەكس سادا قايتۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سەكرەپ كەتتى. باشلىنىپتۇ! ئۇ شۇنداق ئويلىغانىدى. ئىسيان! پرولېتارلار ئاخىرى باغلاقتىن بوشىنىپتۇ! ۋىنستون ئۇ يەرگە باردى، ئۇ ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ يۈز ئايالنىڭ كوچا بازىرىدىكى يايمىلارنىڭ ئالدىدا يىغىلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ چىرايلىرى خۇددى چۆكۈپ كېتىۋاتقان پاراخوتتىكى يولۇچىلاردەكلا ئۈمىتسىز ۋە ئازابلىق ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا كىشىلەردىكى بۇ ئۈمىتسىزلىك تۈيۈقسىز ئۆز ئارا تالاش ـ تارتىشقا ئايلىنىپ كەتتى. ئەسلىدە بىر يايمىدا قەلەي تاۋا سېتىۋاتقان ئىكەن، ناھايىتى نىپىز، سۇپىتى ناچار مال ئىكەن. ئەمما بۇ كۈنلەردە ئىشقىلىپ قازان ـ قومۇچىلا بولسا، تاپماق بەك تەس ئىدى. ھازىر سېتىش تۇيۇقسىز توختاپ قالغان بولۇپ، سېتىۋالالىغان ئايال تاۋىسىنى كىشىلەرنىڭ قىستا ـ قىستاڭلىرى ئارىسىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەي قاپتۇ، كىشىلەر ئۇنى ئۇياق ـ بۇياققا تارتقۇشلاۋاتقان، شۇنداقلا بايىقى يايما ئالدىغا يىغىلىشىپ، يايمىچىنى باشقىلارغا يان باستى، بار تاۋىنىمۇ تىقىپ قويدى، دەپ ئەيىپلىشىۋاتقان ئىكەن. يەنە يېڭىدىن قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئىككى سېمىز ئايال بىر تاۋىنى تارتىششقا باشلىدى، بىرىنىڭ چېچى چۇۋۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار بىردەم تارتىشىۋىدى، تاۋىنىڭ دەستىسى قولغا ئاجراپ

چىقتى. ۋىنستوننىڭ ئۇلارغا قاراپ، كۆڭلى ئېلىشتى. نەچچە دەقىقىلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، لېكىن نەچچە يۈز ئادەمدىن چىققان ئاۋاز شۇنچە قورقۇنچلۇق قۇدرەتكە ئىگە تۇرسا؟ ئۇلار نېمىشقا توۋلاشقا ئەرزىيدىغان بىرەر ئىشقا ئاشۇنداق توۋلاپ باقمايدىغاندۇ؟

ئۇ يېزىۋاتاتتى:

*ئاڭ ئويغانمىغىچە ئۇلار ئىسيان كۆتۈرمەيدۇ، لېكىن ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن، بۇ ئاڭ يوقاپ كېتىدۇ.*

ۋىنستون يازغانلىرىنى پارتىيەنىڭ دەرسلىكلىرىدىن ئېلىنغان ئابزاسمۇ - يە، دەپ ئويلىدى. ئەلۋەتتە، پارتىيە «پرولېتارلارنى بويۇنتۇرۇقتىن ئازات قىلدۇق» دەپ دەۋا قىلاتتى. ئىنقىلابتىن بۇرۇن ئۇلار كاپىتالىستلار تەرىپىدىن دەھشەتلىك ئېزىلەتتىكەن، ئاچ قويۇلاتتىكەن، قامچىلىناتتىكەن، ئاياللار كۆمۈر كانلىرىدا ئىشلەشكە مەجبۇرلىناتتىكەن (ئەمەلىيەتتە هازىرمۇ ئىشلەۋاتىدۇ)، بالىلار ئالتە ياش ۋاقتىدىلا زاۋۇتلارغا ئىشچىلىققا سېتىۋېتىلەتتىكەن. پرولېتارلارغا پارتىيەنىڭ قوش تەپەككۇر پرىنسىپى بويىچە، بىز «تۇغما پەس» دېگەن ئىدىيە سىڭدۈرۈلەتتى ۋە ئۇلارنى بەزى قائىدە - تۈزۈملەر بىلەن هايۋانغا ئوخشاش بويسۇنۇش ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش كېرەك دەپ قارىلاتتى. ئەمەلىيەتتە پرولېتارلارنى هېچكىم چۈشەنمەيتتى، چۈشىنىشنىڭمۇ هاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار داۋاملىق خىزمەت قىلىپلا تۇرسا، نەسلىنى ئۈزۈپلا قويمىسا، ئۇلارنىڭ باشقا ئىشى قىلچە مۇهىم ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئارگېنتىنا يايلاقلىرىدىكى كالا پادىلىرىدەك قويۇۋېتىلگەن بولۇپ، بۇ خىل ئەجدادلىرىنىڭكىدەك ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارغا تەبىئىي رەۋىشتە ئۆزلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تۇغۇلاتتى، نامراتلار كوچىلىرىدا چوڭ بولاتتى، 12 يېشىدا ئىشقا باراتتى، ئاندىن ئۇلار گۈزەللىكى ۋە جىنسىي ئىستىكى يېتىلىدىغان بىر مەزگىلنى

ئۆتكۈزگەندىن كېيىن يىگىرمە يېشىدا توي قىلاتتى، ئوتتۇز يېشىدىلا ئوتتۇرا ياش دەۋرىگە قەدەم قوياتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاتمىش يېشىدا ئۆلۈپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك، ئائىلە، باللارنى بېقىش، قوشنىلار بىلەن بولىدىغان ئۇششاق جېدەل - ماجىرالار، فىلىملەر، پۇتبول، پىۋا، ھەممىدىن مۇھىمى قىماردىن باشقا باش قاتۇرىدىغان غەم يوق ئىدى. ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرۇش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىغا بىر تۈركۈم ئىدىيە ساقچىلىرى قويۇۋېتىلگەن ئىدى، ئۇلار خاتا سۆز - چۆچەك تارقىتاتتى، خەتەرلىك دەپ قارالغان ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە چېكىت قوياتتى. ئۇلارغا پارتىيەنىڭ ئىدېئولوگىيەسىنى سىڭدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىنمايتتى. پرولتارلاردا سىياسىي تۇيغۇنىڭ كۈچلۈك بولۇشى باشقىلارنىڭ دىتىغا ياقمايتتى. ئۇلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغىنى، لازىم بولغاندا ئۇلارنى تېخىمۇ ئۇزۇن ئىشلەپ، تېخىمۇ ئاز ھەق ئېلىشقا رازى قىلىدىغان ئىپتىدائىي ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدى. ھەتتا ئۇلار ئاندا - ساندا نارازى بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ خىل نارازىلىق ھېچقانداق ئىش پەيدا قىلالمايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ كاللىسى ئەڭ ئەقەللىي ئىدىيە - تونۇشلاردىن مەھرۇم بولغاچقا، ئېڭى، دىققىتى پەقەتلا ۋايساش - قاخشاشلارغىلا مەركەزلىشەتتى. مۇتلەق كۆپ سانلىق پرولتارلارنىڭ ئۆيىدە ھەتتا ئېكرانمۇ يوق ئىدى. ئۇلار بىلەن ھەپىلىشىدىغان خەلق ساقچىلىرىمۇ بەكلا ئاز ئىدى. لوندوندا جىنايەت بەكلا كەڭرى يامرىغان بولۇپ، ئوغرى، بۇلاڭچى، زەھەر ئەتكەسچىلىرى، باندىتلار، پاھىشىلەر ھەممىسى پرولتارلاردىن چىقاتتى، ھەممە بۇ ئۇنچىۋالا دىققەتنى قوزغىغۇدەك ئىش ھېسابلانمايتتى. ھەرقانداق ئەخلاقىي مەسىلىلەردە ئۇلار پەقەت ئەجداتلىرىنىڭ يوسۇنلىرىغا ئەگىشەتتى. پارتىيەنىڭ جىنسىيەت تەركچىلىكى بۇلارغا تېڭىلمايتتى، بۇزۇقچىلىق جازالانمايتتى، ئاجرىشىشقا رۇخسەت قىلىناتتى، ھەتتا ئەگەر پرولتارلار ئۆزى خالاپ قالسا، ئۇلارنىڭ دىنىي ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغىمۇ

رۇخسەت قىلىنماتتى. ئۇلار گۇماندىن خالىي ئىدى. خۇددى پارتىيە شوئارىدا ئېيتىلغاندەك: «هايۋانلار ۋە پرولىتارلار ئەركىن» ئىدى.

ۋىنستون دوگغىيىپ، هوشۇقىدىكى يەنە قىچىشىشقا باشلىغان يارىسىنى ئېھتىيات بىلەن قاشلىدى. ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى هاياتنىڭ زادى قانداقلىقىنى ئەسلەشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى، ئادەمنىڭ كاللىسىغا تولا كىرىۋالاتتى. ئۇ تارتمىدىن، پارسونس خانىمدىن ئارىيەتكە ئالغان باللار تارىخ دەرسلىكىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن بىر ئابزاسنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈشكە باشلىدى:

*ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى كونا جەمئىيەتتە، لوندون هازىر بىز كۆرگەندەك گۈزەل شەهەر ئەمەس ئىدى. لوندون قاراڭغۇ، مەينەت ۋە قايغۇ ـ ئەلەمگە تولغان شەهەر بولۇپ، هېچكىمنىڭ قورسىقى تويغۇدەك يېمىكى يوق ئىدى. مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ كىيگۈدەك ئۆتۈكى، هەتتا ئۆيلىرىنىڭ دالدا بولغۇدەك تورۇسىمۇ يوق ئىدى. يېشى سىلەرچىلىكمۇ يوق باللار شەپقەتسىز خوجايىنلىرى ئۈچۈن هەر كۈنى ئون ئىككى سائەتلەپ ئىشلەيتتى، ئەگەر ئىشتا چاققان بولمىسا قامچىلىناتتى. ئۇلارغا پەقەت قېتىپ كەتكەن پارچە ـ پۇرات نان ۋە سوغۇق سۇ بېرىلەتتى.*

*بىراق مۇشۇنداق ئېغىر نامراتلىق ئىچىدە، ئازساندا هەشەمەتلىك ئۆيلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭدا بايلار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يېگىرمە ـ ئوتتۇزغا يېقىن چاكارلىرى بولاتتى. بۇ بايلار كاپىتالىستلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار كەينى ۋاراقتىكى رەسىمدىكىدەك سېمىز، كۆرۈمسىز، يۈزلىرىدىن قەبىھلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئادەملەر ئىدى. كۆرگىنىڭلاردەك ئۇلار ئۇزۇن قارا پەلتو، ئوچاقنىڭ*

*مورىسىدەك ئىگىز، پارقىراق قالپاق كىيىۋالاتتى. قارا پەلتو ــ مۇراسىم پەلتوسى، قالپاق ــ مۇراسىم قالپىقى دەپ ئاتىلاتتى. بۇلار كاپىتالىستلارغىلا خاس كىيىملەر بولۇپ، باشقىلارنىڭ كىيىشى رۇخسەت قىلىنمايتتى.*

*دۇنيادىكى جىمى نەرسە كاپىتالىستلارنىڭ بولۇپ، باشقىلار كاپىتالىستلارنىڭ قۇللىرى ھېسابلىناتتى. ھەممە يەر، ئۆي، زاۋۇت، پۇللارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ ئىدى. ئەگەر كىمكى ئۇلارغا بويسۇنمىسا، تۈرمىگە تاشلايتتى، ياكى خىزمىتىنى تارتىۋالاتتى ۋە ئۇلارنى ئاچ قويۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئەگەر ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇلارغا گەپ قىلماقچى بولسا، ئۇلارغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، قالپىقىنى قولىغا ئېلىپ «جاناپلىرى» دەپ گەپ قىلىشى كېرەك ئىدى. بارلىق كاپىتالىستلارنىڭ باشلىقى «پادىشاھ» دەپ ئاتىلاتتى.*

ۋىنستون داۋامىنى كۆرمىسىمۇ بىلەتتى. ئەمدى ئۇزۇن يەڭلىك بىشوپلار، ئاق يەكتەكلىك سودىيەلەر، كىشەنلەر، جازا ھارۋىلىرى، توققۇز تىللىق قامچا، شەھەر باشلىقىنىڭ مول زىياپىتى، پوپنىڭ پۇتىغا سۆيۈش دېگەندەكلەر تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە «تۇنجى كېچە ھوقۇقى» دەيدىغان بىر ئىشمۇ بار، ئەلۋەتتە، بۇ بالىلارنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلمىگەندۇ. بۇ بەلگىلەنگەن قانۇن بولۇپ، ھەر بىر كاپىتالىستنىڭ، ئۆز قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ھەر قانداق ئايال بىلەن بىرگە بولۇش ھوقۇقى بار ئىدى.

سىز بۇلارنىڭ قانچىلىكىنىڭ يالغانلىقىغا قانداقمۇ ھۆكۈم قىلالايتتىڭىز؟ بەلكىم كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش ئەھۋالى ئىنقىلابتىن بۇرۇنقىدىن ياخشىدۇ. پەقەت سىزنىڭ سۆڭەكلىرىڭىزدىكى ئۇنىسىز ئېتىراز، چىدىغۇسىز تۇرمۇشىڭىز، شۇنداقلا، ئىلگىرىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆلنىلەر چوقۇم ھازىرقىدەك ئەمەستى دەيدىغان تەبىئىي سېزىمىگىزلا، بۇنىڭغا قارشى بىردىنبىر پاكىت ئىدى، خالاس. ئۇ تۇيۇقسىز ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى ياكى ئەنسىزلىكى ئەمەس، بەلكى كىشىلەردىكى يوقسۇزلۇق، پاسكىنىچىلىق ۋە جانسىزلىق ئىكەنلىكىدىن چۆچۈدى. ئەتراپىڭىزغا قاراپ باقسىڭىز، ھاياتنىڭ ھەرگىز ئېكراندىكى ھەر كۈنى تۆكۈلۈپ تۇرغان يالغانلار ۋە پارتىيەنىڭ ئۆزى قولغا كەلتۈرمىز دەۋاتقان غايىلىرى بىلەن ئازراقمۇ يېقىن كەلمەيدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىز. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۆپ قىسمى، ھەتتا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئىلمان سۇدەك ئۆتەتتى، سىياسىي بىلەن ئالاقىسى يوق ئىدى. كۆلنىلىرى پەقەت ئىشقا ئەمەك، كەچلىكى ياتىدىغان يەر تېپىش، يىرتىق پايپاقلىرىنى ياماش، شېكەر جەۋھىرى تابلېتى تالىشىش، تاماكىسىنىڭ كۆتىكىنى يىغىش بىلەن ئۆتەتتى. پارتىيەنىڭ نىشانى ناھايىتى قورقۇنچلۇق، ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئىدى، ئۇلار زور بىنالار، ماشىنىلار، قورقۇنچلۇق قوراللار بىلەن تولغان، ئەسكەر ۋە ئەسەبىي تەلۋىلەر ئىناق ـ ئىتتىپاق ۋەزىيەت ياراتقان، ھەممە ئوخشاش ئويلايدىغان، ئوخشاش شوئار توۋلايدىغان، مەڭگۈ ئەمگەك قىلىدىغان، ئىشلەيدىغان، كۈرەش قىلىدىغان، ئۆلتۈرىدىغان، جازالايدىغان ــ مۇشۇ ئۈچيۈز مىليون ئادەمنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان بىر دۇنيا ياراتماقچى ئىدى. رېئاللىق بەكلا ئېچىنىشلىق ئىدى، كىشىلەر پاسكىنا شەھەرلەردە تۆشۈك ئاياغلىرى بىلەن مېڭىشىپ يۈرۈشەتتى، سېسىق كاپۇستا ۋە ئەۋرەز پۇرايدىغان 19 ـ ئەسىرنىڭ ئۆيلىرىدە تۇراتتى. ئۇ لوندوننى تەسەۋۋۇر قىلدى، ناھايىتى كەڭ، ئىنتايىن ۋەيرانە، ئەخلەت چېلەكلىرى بىلەن تولغان بىر مەنزىرە كۆز ئالدىغا كەلدى، بۇ مەنزىرىدە ئۇزۇن يۈزلۈك، شالاڭ چاچلىق پارسونس خانىم توسۇلۇپ قالغان تۇرۇبا جەينىكى بىلەن ھەپىلىشىپ تۇراتتى. ئېكران كېچە ـ كۈندۈز كىشىلەرنىڭ

يىمەك ـ ئىچمىكى، كىيىم ـ كېچىكنىڭ كۆپەيگەنلىكى، ئۆيلىرىنىڭ ياخشىلانغانلىقى، كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنىڭ موللاشقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئىستاتىستىكىلارنى قولاق ـ مېڭىمىزگە قۇيۇپ تۇراتتى، ھازىرقى تەشۋىقاتتىكى لوندونلۇقلارنى ئەللىك يىل بۇرۇنقى لوندونلۇقلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن، ئىش ۋاقتى قىسقا، سالامەتلىكى ياخشى، بەدىنى تېخىمۇ قاۋۇل، كۈچلۈك، تېخىمۇ ئەقىللىق، تەربىيە كۆرگەن بولۇپ چىقىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بۇ ئىستاتىستىكا، گەپلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ يا راستلىقىنى يا يالغانلىقىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايتتى. مەسىلەن، پارتىيە مۇنداق دەيتتى: ئىنقىلابتىن بۇرۇن پرولېتارلاردا ساۋاتسىزلارنىڭ سانى 15% ئىدى، ھازىر 40% ئادەم ساۋاتلىق بولدى. ئىنقىلابتىن بۇرۇن بوۋاقلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ھەر مىڭدا 300 ئىدى، ھازىر ھەر مىڭدا 160 غا يەتتى ... سانلار ھەممە ساھەدە مۇشۇنداق ماڭاتتى. بۇ ئىككى نامەلۇملۇق يەككە تەڭلىمىگە ئوخشايتتى. بەلكىم تارىخ دەرسلىكلىرىدىكى كىشىلەر قىلچە گۇمانسىز، توغرا دەپ بىلگەن نۇرغۇن نەرسىلەر ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي خىيال ـ تەسەۋۋۇر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بەلكىم بۇ يەردە ھەرگىزمۇ «تۈنجى كېچە ھوقۇقى» دەيدىغان قانۇن ياكى كاپىتالىست دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر ۋە ياكى ھېلىقىدەك ئېگىز، پارقىراق قالپاق ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى.

ھەممە نەرسە خىرەلىشىپ كەتتى. ئۆتمۈش ئۆچۈرۈلدى، ئۇنىڭ كىچىككىنە ئىزنالىرىمۇ ئۇنتۇلدى، يالغان ھەقىقەتكە ئايلاندى. ئۇ ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن ھاياتىدا پەقەت بىرلا قېتىم، تارىخنىڭ بۇرمىلانغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ قىلمىشىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايدىغان كونكرېت، خاتاسىز بىر پاكىتنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدى. بۇ پاكىت ۋىنستوننىڭ قولىدا پەقەت ئوتتۇز سېكونتلا تۇرالىغانىدى. ئۇ كەسىرىن بىلەن 1973 ـ يىللار ئەتراپىدا ئايرىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەن، ئەمما بۇ ئىش بولسا ئۇنىڭدىن يەتتە ياكى سەككىز بۇرۇنقى ئىش ئىدى.

ئۇ 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى، پارتىيەنىڭ ئەسلىدىكى رەھبەرلىرى ئۇزۇل ـ كېسىل، مەڭگۈلۈككە تازىلىنىۋاتقان بىر مەزگىل ئىدى. 1970 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇلاردىن غوجاكىدىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. باشقىلارنىڭ ھەممىسى خائىنلار ۋە ئەكسىلئىنقىلابچىلار دەپ ئاتىلىپ چىقىرىلدى. گولدسېتىين قېچىپ كەتكەن ۋە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانىدى، باشقا بىر نەچچىسى بولسا يوقاپ كەتكەن ئىدى. كۆپىنچىسى ئالاھىدە بىر ئاممىۋى سوتتا جىنايەتلىرىنى تولۇق تاپشۇرغاندىن كېيىن، ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى جونېس، ئارونسون، رۇسېرفورد قاتارلىق ئۈچەيلەنلا تىرىك قالغانىدى. ئۇلار قولغا ئېلىنغان ۋاقىت 1965 ـ يىلى بولسا كېرەك. ھەر ۋاقىتتىكىدەك، ئۇلار بىرەر يىلدىن ئارتۇق يوقاپ كەتتى، ھېچكىم ئۇلارنىڭ ئۆلۈك ـ تىرىكلىكىنى بىلمەيتتى. ئاندىن ئۇلار تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلىشتى. ئۇلار دۈشمەن دۆلەتلەرنى ئاخبارات بىلەن تەمىنلىگەن (ئۇ چاغدا دۈشمەن دۆلەت ياۋروئاسىيا ئىدى)، ئومۇمنىڭ پۇلىنى يەۋالغان، نۇرغۇن ئىشەنچلىك پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆلتۈرگەن، ئىنقىلاب باشلىنىشتىن ئىلگىرىلا غوجاكىغا قارشى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ بېشىغا چىققان ئىدى ... ئۇلار بۇ جىنايەتلىرىنى تاپشۇرغاندىن كېيىن كەچۈرۈم قىلىندى ۋە پارتىيە ئىچىدىكى ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، خىزمەت بېرىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ خىزمەتلەر ئاڭلىماققا مۇھىم، ئەمما بىكار خىزمەتلەر ئىدى. ئۇلار تايمىس گېزىتىگە ئۇزۇن تۆۋەنلەرنى يېزىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قانداق ئاينىغانلىقىنى ئانالىز قىلدى ۋە ئۇلارنى تۈزىتىشكە نۇرغۇن ۋەدە ـ ئىرادىلەرنى بىلدۈرۈشتى.

ئۇلار قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ۋىنستون ئۇلارنى بىرنەچچە قېتىم

«كاشتان دەرىخى قەھۋەخانىسى»دا كۆرگەنىدى. ئۆزىنىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇلارغا قارىغان چېغىدىكى ۋەھىمە ئارىلاش ھاياجىنىنى ئەسلىدى. ئۇلار ۋىنستونغا قارىغانىدا بەكلا قېرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار پارتىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى قەھرىمانلىق دەۋرىدىن قېلىپ قالغان ئەڭ ئاخىرقى بۈيۈك ئادەملەر ئىدى. يەر ئاستى كۈرەش ۋە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ قەھرىمانلىق ئىزنالىرى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنىلا بىلىنەر - بىلىنمەس زاھىر بولۇپ تۇراتتى. گەرچە چىسلا، پاكىتلار شۇ چاغلاردىلا خىرەلەشتۈرۈلۈپ بولۇنغان بولسىمۇ، ۋىنستوندا يەنىلا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى، غوجاكىنىڭ ئىسمىدىن نەچچە يىل بۇرۇنلا بىلىدىغانىدەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ ۋىنستون يەنىلا ئۇلارنىڭ جىنايەتچى، دۈشمەن، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ مۇشۇ بىر - ئىككى يىل ئىچىدە مۇقەررەر كۆزدىن يوقىتىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ باققانلاردىن ئاخىرقى ھېسابتا تىرىك قۇتۇلغانلار يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت قەبرىسىنى كۈتۈپ يۈرگەن تىرىك مۇردىلار ئىدى.

ئۇلارغا يېقىن ئۇستەللەرنىڭ ھېچكىم ئولتۇرمىغان، ھەممىسى بوش تۇراتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا كۆرۈنۈپ يۈرۈشمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى. ئۇلار جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى، ئالدىدا مۇشۇ قەھۋەخانىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بولغان قەلەمپۇر پۇراقلىق ئارچا ھارىقى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رۇسېرفوردنىڭ قىياپىتى ۋىنستوندا ھەممىدىن بەك تەسىر قالدۇرغان ئىدى. رۇسېرفورد ئىلگىرى مەشھۇر كارىكاتۇرا رەسسامى بولۇپ، ئۇنىڭ رەسىملىرى ئىنقىلابتىن ئىلگىرى ۋە ئىنقىلاب جەريانىدا كۆپچىلىك جامائەت پىكرى قوزغاشتا پىلتە بولغانىدى. ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ھازىرمۇ ئۇنىڭ كارتون رەسىملىرى تايمىس گېزىتىگە بېسىلدى. بۇ رەسىملەر پەقەت ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئۇسلۇبىنىڭ ئادەتتىكىچىلا تەقلىدى بولۇپ، نېمىشقىكىن ناھايىتى جانسىز، قايىل قىلارلىق ئەمەس ئىدى. يەنىلا شۇ كونا تېما، يەنى كونا كەپە، ئاچ - يالىڭاچ

بالىلار، كوچا ئۇرۇشلىرى، ئۇزۇن قالپاقلىق كاپىتالىستلارنى ــ ئۇلارنىڭ شۇنچە توساقلار ئىچىدە، شۇنچە ئۇمىت يوق تۇرۇپمۇ يەنىلا كونا دەۋرگە قايتىشقا توختىماستىن تىرىشىۋاتقانلىقىنى سىزاتتى. ئۇ جۇغى تولىمۇ يوغان، بەستلىك، چاچلىرى مايلىق، كۆلرەڭ، تاتۇق يۈزلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن، كالپۇكى نىگىرلارنىڭكىدەك قېلىن ئادەم ئىدى. بىر چاغلاردا بۇ گەۋدە چوقۇم ئىنتايىن كۈچلۈك، زور بولغىيتتى، مانا هازىر ئاجىزلاشقان، هەممە تەرەپكە ساڭگىلاپ، بوششىپلا كەتكەن، قارىماققا غولاپ چۈشۈۋاتقان تاغقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ چاغ سائەت ئون بەش ئەتراپىدا ئىدى، بۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەردە ئادەم بەك كۆپ بولمايتتى. ۋىنىستون ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ بۇنداق بىر ۋاقىتتا قەھۋەخانىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئورۇندۇقلار دېگۈدەك بوش ئىدى. ئېكراندىن يەڭگىل مۇزىكا چىقىۋاتاتتى. بۇ ئۈچەيلەن بىر بۇلۇڭدا ئۈنچىقماستىن مىدىر - سىدىر قىلىشماي ئولتۇرۇشاتتى. بۇيرۇتمىسىمۇ مۇلازىم ئۇلارغا بىر ئىستاكان ئارچا هارىقى ئەپكەلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلدە ئورۇقى تىزىپ قويۇلغان بىر شاخمات تاختىسى تۇراتتى. بەلكىم يېرىم مىنۇتلار ئۆتكەندۇ ئېكراندا چىقىۋاتقان مۇزىكا ئۆزگەردى. ئۇنىڭ ئۇدارىنى تەسۋىرلەش قىيىن، ئۇ بىر خىل غەلىتە چىرقىراق، مەسخىرىلىك ئاهاڭ ئىدى، ۋىنىستون بۇنى كۆڭلىدە «ئاگاهلاندۇرۇش ئاهاڭى» دەپ ئاتىدى. ئۇندىن كېيىن ئېكراندىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

*بۆك - باراقسان كاشتان ئاستىدا،*
*مەن سېنى ساتتىم ۋە ساتتىڭ سەن مېنى.*
*ئۇلار ئۇندا ياتتى، ياتتۇق بىز بۇندا،*
*بۆك - باراقسان كاشتان ئاستىدا.*

بۇ ئۈچەيلەن مىت قىلمىدى. ۋىنىستون رۇسېرفوردنىڭ تونۇغۇسىز

ئۆزگىرىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدى، ئۇنىڭ چاناقلىرىدا ياش لىغىرلاپ قالغانىدى. شۇ چاغدا ۋىنستون توساتتىن جىغغىدە تىترىدى، نېمىگە بۇنداق تىترىگىنىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ تۇنجى قېتىم رۇسېرفورد بىلەن ئارونسوننىڭ بۇرنىنىڭ ئېزىلىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۈچەيلەن قولغا ئېلىندى. ئۇلار قويۇۋېتىلگەندىن باشلاپلا يېڭى بىر سۇيىقەستنى پىلانلىغانىدەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى سوتىدا، ئۇلار ئىلگىرىكى كونا جىنايەتلىرىنى قايتىدىن تاپشۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە يېڭى بىر قاتار جىنايەتلىرىنىمۇ تاپشۇردى. ئۇلار ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى ۋە پارتىيە تارىخىغا ئىبرەت ئۈچۈن يېزىلدى. بۇ ئىشتىن بەش يىل كېيىن، يەنى 1973 - يىلى ۋىنستون ھاۋا تۇرۇبىسىدىن كەلگەن بىر يۆگەم ماتېرىيالنى ئېچىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر پارچە قەغەزنى كۆرۈپ قالدى، ئەمما دەرھال كۆرمەسكە سالدى. ئۇ ئېچىپلا ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى بىلگەنىدى. ئۇ ئون يىل بۇرۇنقى تايمس گېزىتىنىڭ چوققا تەرىپىدىن يىرتىۋېلىنغان بولغاچقا، چىسلامۇ ئېنىق بېسىلغان ئىدى. ئۇنىڭدا نيۇيوركتىكى پارتىيە شۆبىسىنىڭ بىر قانچە ۋەكىللىرىنىڭ رەسىمى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا جونس، رۇسېرفورد، ئارونسونلار بار ئىدى. خاتا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىسمى رەسىمنىڭ تېگىگە چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان ئىدى.

بۇ يەردىكى مۇھىم نۇقتا شۇكى، ئىككىلا سوتتا، بۇ ئۈچەيلەن ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزلىرىنىڭ ياۋروئاسىيادا ئىكەنلىكىنى، كانادادىكى بىر مەخپىي ئايرودورومدىن، سىبىرىيىدىكى بىر جايغا بېرىپ، شۇ يەردە ياۋروئاسىيانىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئۇلارغا مۇھىم ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغانلىقىنى ئىقرار قىلغانلىقى بايان قىلىنغانىدى. چىسلا ۋىنستوننىڭ ئېنىق ئېسىدە، ئۇ يازنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. ھەيران قالارلىقى بۇ ھېكايە يەنە باشقا نۇرغۇن ھۆججەتلەردىمۇ خاتىرىلەنگەن ئىدى. دېمەك

خۇلاسە شۇكى، ئۇلارنىڭ ئىقرارى يالغان ئىدى.

ئەلۋەتتە، بۇ بىر ئالاھىدە بايقاش ئەمەس. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىمۇ، ۋىنستون تازىلاشتا يوقىتىلغانلارنىڭ، ئەمەلىيەتتە ئەيىپلەنگەن جىنايەتلىرىنى سادىر قىلىپ باقمىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ باقمىغانىدى. بىراق بۇ بىر پارچە رەسىم بىرەر گېئولوگىيىلىك نەزەرىيىنى ئاغدۇرۇۋېتىدىغان تاشقا ئايلانغان سۆڭەك پارچىسىدەك كۆز بىلەن كۆرگىلى، قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان ئەمەلىي پاكىت ئىدى. ئەگەر ئۇنى ئېلان قىلىپ، دۇنياغا ئۇقتۇرغىلى بولىدىغان بولسا، بۇنىڭ بىلەن پارتىيەنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتكىلى، شۇنداقلا بۇ رەسىمنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنىمۇ ئاشكارىلىغىلى بولاتتى.

ئۇ خىزمىتىنى داۋام قىلدى. ئۇ رەسىمنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى بىلگەن ۋە ئۇنى يەنە بىر پارچە قەغەز بىلەن يۆگەپ قويغانىدى. ھېلىمۇ تەلىيىگە يارىشا، ئۇ ھۆججەتلەرنى ئاچقاندا، بۇ رەسىم ئېكران تەرەپتىن قارىغاندا دۈم چۈشكەن ئىدى.

ئۇ بۇ قەغەزنى تىزىغا قويدى ۋە ئورۇندۇقنى كەينىگە سۈردى، بۇنداقتا ئېكراندىن ئاز - تولا يىراقلاشقىلى بولاتتى. چىرايىنى قىينالمايلا ئىپادىسىز تۇتقىلى، ھەتتا نەپەسىنىمۇ كونترول قىلغىلى بولاتتى. ئەمما يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى كونترول قىلغىلى بولمايتتى، ئېكران ھەتتا يۈرەكنىڭ سوقۇشىنىمۇ سېزەلەيتتى. ئۇ تەخمىنەن ئون مىنۇتقىچە تۇيۇقسىز بىرەر ئىش — مەسىلەن، تۇيۇقسىز بىرەر شامالنىڭ ئۇنى ئېچىپ تاشلىشى — ئۇنى ئاشكارىلاپ سالارمۇ دەپ دەككە - دۈككىدە قىينالدى. ئاندىن ئۇنى قايتا ئاچماستىن، باشقا تاشلاندۇق قەغەزلەر بىلەن بىللە خاتىرە تۆشۈكىگە تاشلىۋەتتى. ئەمدى بىر نەچچە مىنۇتقا قالمايلا ئۇ كۈلگە ئايلىنىپ كېتەتتى.

بۇ ئون - ئون بىر يىل بۇرۇنقى ئىش. بۈگۈن بولغان بولسا، ۋىنستون ئۇ رەسىمنى ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ھەيران قالارلىقى، ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ۋىنستونغا نىسبەتەن ئاشۇ پاكىتنى قولدا

تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا — گەرچە ئۇ رەسىم پەقەتلا بىر ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىسى بولسىمۇ - بىرەر ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ شۇنداق ئويلاپ قالدى، ئەسلىي يوقىتىلىشى لازىم بولغان بىر پاكىتنىڭ ساقلىنىپ قالغىنىغا قارىغاندا، پارتىيەنىڭ ئۆتمۈشنى كونترول قىلىشى سەل بوشاپ قالدىمۇ نېمە؟

ھالبۇكى، ئۇ رەسىمنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغىلى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى بىر پاكىت دېگىلى بولمايتتى. ئۇ شۇ پاكىتنى بايقىغان ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا، ئوكيانىيە ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئەمەس ئىدى، شۇڭلاشقا بۇ ئۆلگەن ئۈچەيلەن ئەمدى چوقۇم ئوكيانىيەنى شەرقىي ئاسىيا جاسۇسلىرىغا ساتقان قىلىناتتى. ئۇ رەسىمنىڭ ئىشىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىقرارى ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم — ۋىنستونمۇ ئېنىق ئەسلىيەلمەيتتى — ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قايتا - قايتا يېزىلغان، چىسلا ۋە ئورۇنلار قايتا - قايتا ئۆزگەرتىلىپ، ئەسلىدىكى پاكىتنىڭ ھېچقانداق قىممىتى قالمىغان ئىدى. بۇنداق چوڭ ئالدامچىلىق، ساختىپەزلىكلەرنىڭ زادى نېمىشقا ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەسلىك دەل ۋىنستوننى ئەڭ قىينايدىغان ئىش ئىدى. ئۆتمۈشنى بۇرمىلاشنىڭ دەماللىق پايدىسى بەكلا ئېنىق ئىدى، ئەمما بۇنىڭ ئاخىرقى مۇددىئاسى بەكلا سىرلىق ئىدى. ئۇ قەلىمىنى قايتا ئالدى ۋە يېزىشقا باشلىدى:

*مەن قانداقلىقىنى چۈشىنىمەن، ئەمما نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشەنمەيمەن.*

ئۇ ھەر دائىمقىدەك ئۆزىنىڭ ساراڭ يا ئەمەسلىكىنى ئويلاپ قالدى. بەلكىم ھازىر ساراڭلار بەكلا ئاز بولۇشى مۇمكىن. بىر چاغلاردا يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ساراڭلىق ھېسابلىناتتى، بۈگۈن بولسا «ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ» دەپ قاراش ساراڭلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېسابلىنىدىغان بولىدى. ھازىر بەلكىم يالغۇز ۋىنستونلا مۇشۇنىڭغا ئىشىنىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۆزى يالغۇزلا بولسا، ئۇنداقتا ساراڭ دېگەن گەپ. ئەمما ئۆزىنى ساراڭ دەپ ئويلاش ئۇنى بەك بىئارام قىلىپ كەتمىدى، لېكىن ئۇنىڭغا نىسبەتەن قورقۇنچلۇقى، ئۆزىنىڭ شۇ قارىشىنىڭمۇ خاتا چىقىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى ئىدى.

ۋىنستون بايىقى بالىلار تارىخ كىتاۋىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭ باش مۇقاۋىسىدىكى غوجاكىنىڭ سۈرىتىگە قارىدى. ئۇنىڭ سېھىرلىك كۆزلىرى ئۇنىڭكىگە سانچىلدى. بۇ خۇددى غايەت زور بىر كۈچتەك سىزنى يەلكىڭىزدىن بېسىپ تۇراتتى، ئۇ بەزىدە خۇددى سىزنىڭ كاللىڭىزغا كىرىۋېلىپ مېڭىڭىزنى چايقاۋاتقان، سىزنى ئەقىدە ـ قاراشلىرىڭىزدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەۋاتقان، سىزنى سەزگۈلىرىڭىزنىڭ ئېيتىپ بەرگەنلىرىگە ئىشەنمەسلىككە چاقىرىۋاتقان بىر كۈچكە ئايلىناتتى. ئاخىرىدا، پارتىيە سىزنى ئىككىگە ئىككىنى قوشسا بەش بولىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرەتتى ۋە ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى جاكارلايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ لوگىكىسى مۇشۇنى تەلەپ قىلاتتى. ئىنسانلارنىڭ تەجرىبىلىرىلا ئەمەس، تاشقى دۇنيانىڭ رېئال مەۋجۇتلۇقىمۇ ئۇلارنىڭ پەلسەپىسى تەرىپىدىن ئىنكار قىلىناتتى. ئەقەللىي ساۋاتلار سەپسەتە ئىچىدىكى سەپسەتە دەپ قارىلاتتى. ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ قورقۇنچلۇقى — سىزنىڭ ئۇلار تەلەپ قىلغاننىڭ تەتۈرىسىچە تەپەككۇر قىلىشىڭىز ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ توغرا بوپقېلىش ئېھتىماللىقى ئىدى. چۈنكى ئىككىگە ئىككىنى قوشسا تۆت بولىدىغانلىقىنى ياكى يەرشارىنىڭ تارتىش كۈچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ياكى ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىز زادى قانداق بىلەلەيمىز؟ ئەگەر ئۆتمۈش ۋە تاشقى دۇنيا پەقەت ئاڭدىلا مەۋجۇت بولسا، يەنە كېلىپ ئاڭنى كونترول قىلغىلى بولسا، ئۇنداقتا قانداق بولۇشى مۇمكىن؟!

ياق! توساتتىن ئۇنىڭدا ئەسلىي يوق بىر جۈرئەت پەيدا بوپقالدى. نېمىشقىكىن، ھېچقانداق بىر تاشقى سەۋەبسىزلا ئوبرايىننىڭ چىرايى

ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەپقالدى. ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ئىشەنچ بىلەن ئوبراينىڭ ئۆزى بىلەن بىر ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ خاتىرىسىنى ئوبراين ئۈچۈن يېزىۋاتقان ئىدى. بۇ خۇددى بىر تۈگىمەس خەتتەك ھېچكىم ئوقۇيالمايتتى، بۇ خەت پەقەت ئالاھىدە بىر ئادەم ئۈچۈن يېزىلىۋاتقان ۋە ئۇشبۇ مەقسەتتىن كۈچ ئالغان ئىدى.

پارتىيە سىزگە ئۆز كۆزىڭىز، ئۆز قۇلىقىڭىزغا ئىشەنمەسلىكنى تاپىلايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاداققى، شۇنداقلا ئەڭ مۇھىم بۇيرۇقى ئىدى. ئۇ ئۆزىگە قارشى غايەت زور كۈچنى ۋە پارتىيەنىڭ زىيالىيلىرى بىلەن بولغان مۇنازىرىدە ئۆزىنىڭ بەكلا ئاسان يېڭىلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، يۈرىكى تاش ئاستىدا مىجىلىپ كەتكەندەك بوپكەتتى. ئۇ جاۋاب بېرىش تۈگۈل، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىنچىكە، چوڭقۇر داۋلىلىرىنىمۇ چۈشىنەلمەيتتى. ئەمما، يەنىلا ئۇنىڭ توغرا! ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا، ئۇنىڭ توغرا ئىدى. تولىمۇ ئوچۇق، تولىمۇ ئاددىي بولغان ھەقىقەت قوغدىلىشى كېرەك ئىدى. ھەقىقەتچىلىك مەسىلىكى توغرا ئىدى، بۇنىڭغا شەك قىلماسلىق لازىم ئىدى! تاشقى دۇنيا مەۋجۇت، ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ھەقىقىي ئىدى. تاش قاتتىق، سۇ ھۆل، بوشلۇقتىكى نەرسە يەرگە چۈشىدۇ. ئۇ خۇددى ئوبراينغا سۆزلەۋاتقاندەك، شۇنداقلا ناھايىتى مۇھىم بىر ئاكسىئومىك ھەقىقەتنى تىركەۋاتقاندەك مۇنۇلارنى يازدى:

*ھۆرلۈك ئىككىگە ئىككىنى قوشسا تۆت دېيىشتۇر. ئەگەر مۇشۇ توغرا تېپىلسا، باشقا ھەممە نەرسە مۇشۇنىڭغا ئەگىشىدۇ.*

## 8

تار كوچىنىڭ تۆرىدىكى بىر يەردىن قاينىتىلغان ھەقىقىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەھۋەنىڭ ـــ زەپەر قەھۋەسى ئەمەس، ھەقىقىي قەھۋەنىڭ ـــ ھىدى ئاستا ـ ئاستا كوچىغا تارالدى. ۋىنستون ئىختىيارسىز توختىدى. ئۇ شۇ ئىككى سېكونتنىڭ ئىچىدە، يېرىم ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بالىلىق دۇنياسىغا قايتىپ قالغاندەك بولدى. ئاندىن بىر ئىشىك جالاقىدە ئېتىلدى ـ دە، قەھۋە ھىدىمۇ ئاۋازدەكلا ئۈزۈلۈپ قالدى.

ئۇ پىيادىلەر يولىدا بىر نەچچە كىلومېتىر يول يۈردى، ھوشۇقىدىكى يارىسى لوقۇلداپ ئاغرىۋاتاتتى. يېقىنقى ئۈچ ھەپتە ئىچىدە، بۇ ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئاممىۋى پائالىيەت مەركىزىگە بارماسلىقى. بۇ بىر يەڭگىلتەكلىك ئىدى. كېيىسى ئېيتىش كېرەككى، چوقۇم بىراۋ سىزنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگىنىڭىزنىڭ سانىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئېلىپ تۇراتتى. پىرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەتتە پارتىيە ئەزاسىنىڭ بىكار ۋاقتى بولمايتتى، پەقەت ئۇخلىغاندىلا يالغۇز قالاتتى. پارتىيە ئەزالىرى خىزمەت، تاماق، ئۇيقۇدىن سىرت ۋاقىتلىرىدا، بەزى ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشى كېرەك، دەپ قارىلاتتى. يالغۇزلۇقنى خالاپ قالغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ھەر قانداق ئىش، ھەتتا يالغۇز پىيادە مېڭىشمۇ سەل خەتەرلىك ھېسابلىناتتى. بۇ «يېڭى تىل»دا «ئۆزھايات» دېگەن مەخسۇس ئىبارە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ سۆز شەخسىيەتچىلىك، ئۆز مەركەزچىلىك دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرەتتى. بىراق بۈگۈن كەچ ئۇ مىنىستىرلىكتىن چىققاندا، ئاپرېل شامىلىنىڭ ھىدى ئۇنى جەلپ قىلىۋالدى. بۈگۈن ئاسمان بۇ يىلنىڭ باشقا چاغلىرىدىكىدىن سۈزۈك ۋە ئىللىق ئىدى. توساتتىنلا پائالىيەت مەركىزىدىكى ئۇزۇن، شاۋقۇنلۇق كېچە، زېرىكىشلىك، ئادەمنى ھاردۇرۇۋېتىدىغان مۇسابىقە، لېكسىيەلەر، ھاراق بىلەن تۇتۇپ تۇرۇلىدىغان يولداشلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلار ۋىنستونغا ئاجايىپ چىدىغۇسىز مەزىسىز تۇيۇلدى. ئۇ ئاپتوبۇس بېكىتىدىن شارتتىدە ئايرىلىپ، لوندوننىڭ سىرلىق ئوردىدەك كوچىلىرىغا كىرىپ كەتتى، ئاۋۋال شىمالغا، ئاندىن شەرققە، ئاندىن جەنۇبقا بۇرۇلدى ۋە

قايسى تەرەپكە مېڭىۋاتقىنىنى بىلەن كارى يوق ھالدا ئۆزىنى قەدىمنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتتى.

«ئەگەر ئۈمىت بار دېيىلسە، — خاتىرىسىگە شۇنداق يازغانىدى ئۇ، — ئۇ پرولېتارلاردا.» ۋىنستون يەنە شۇ سۆزنى ئويلاپ قالدى، بۇ سۆز بىر سىرلىق ھەقىقەتنىڭ، شۇنداقلا بىر ئوچۇق سەپسەتىنىڭ بايانى ئىدى. ئۇ ھازىر ئىلگىرىكى سان پانكراس بېكىتىنىڭ شەرقىي شىمالىغا ئۇدۇل كېلىدىغان يەردىكى بىر قوڭۇر رەڭلىك نامراتلار مەھەللىسىدە ئىدى. ئۇ ياپيالڭ تاشلار يېيىتىلغان كوچىدا مېڭىۋاتاتتى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقى ئىشىكلىرى ئەگرى - مايماق بولۇپ كەتكەن، ئىككى قەۋەتلىك پاكار ئۆيلەر بىلەن توشقان بولۇپ، كىشىگە چاشقان كاتىكىدەكلا تەسىرات بېرەتتى. كوچىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىگە پاسكىنا سۇلار يىغىلىپ كۆلچەك ھاسىل قىلغانىدى. بۇ، شۇنداقلا ئىككى يانغا سوزۇلۇپ كىرىپ كەتكەن كىچىك كوچىلارغا سانجاق - سانجاق ئادەم — لەۋلىرىنى قېنىق لەۋسۇرۇختا بويىۋالغان ياش قىزلار، قىزلارنى قوغلاۋاتقان يىگىتلەر، بۇ قىزلارنىڭمۇ ئون يىلدىن كېيىن قانداق بولۇپ قالىدىغىنىنى كۆرسىتىپ قويىدىغانىدەك ئىغاڭلاپ كېتىۋاتقان توپتەك سېمىز ئاياللار، ئاران دەلدۈگۈنۈپ مېڭىۋاتقان قېرىلار، كۆلچەكلەردە يالىڭاياق ئويناۋاتقان باللار تولۇپ كەتكەنىدى. باللار ئانىلىرى ئاچچىقلاپ تووۋلىسا دەرھال قېچىپ كېتەتتى. كوچىدىكى تۆتتىن بىر قىسىم دەرىزىنىڭ ئەينىكى چېقىق، قالغانلىرى تاختايدا ئېتىپ قويۇلغان ئىدى. كۆپىنچە ئادەم ۋىنستونغا دىققەت قىلمىدى. پەقەت بىر قانچەيلەنلا ئېھتىيات ۋە قىزىقىش ئارىلاش قاراپ قويدى. پەرتۇق تارتىۋالغان، قوللىرىنى قوشتۇرۇۋالغان يوغان ئىككى ئايال ئىشىك ئالدىدا پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ۋىنستون ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بەزى پاراڭلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى:

— شۇنداق، مەن ئۇنىڭغا دېمەن، ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ. ئەگەر سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ، سەنمۇ مەندەك قىلغان

بولاتتىك. مەن دەيمەن: ئادەمنى تەنقىتلىمەك ئاسان، ئەمما مىنىڭ مەسىلەم سىڭىشكە ئوخشىمايدۇ.

— ھەي، — دېدى يەنە بىرى، — مەسىلە دەل مۇشۇ يەردە.

بۇ قۇلاقنى يەيدىغان ئاۋازلار تۇيۇقسىز توختاپ قالدى. ۋىنستون ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئايال ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك بىلەن سەپسالدى. توغرىسىنى دېگەندە، بۇنى دۈشمەنلىك نەزىرى دېگىلى بولمايتتى، بۇ پەقەت ئادەم تۇيۇقسىز بەزى ھايۋانلارغا يولۇقۇپ قالغاندا پەيدا بولىدىغان جىددىيلىشىش ۋە ئېھتىيات ئىدى. پارتىيەنىڭ كۆك رەڭلىك خىزمەت فورمىسى بۇنداق كوچىلاردا ئاسانلىقچە ئۇچراپ قالمايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇنداق يەرلەردە، بىرەر ئىشى بولمىسا كۆرۈنۈپ يۈرۈش تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس ئىدى. چارلىغۇچىلارغا ئۇچراپ قالسىڭىز، سوئال ـ سوراققا كۆمۈلۈپ كېتەتتىڭىز: «كىنىشكىڭىزنى كۆرۈپ باقايمۇ، يولداش؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز؟ سائەت قانچىدە ئىشتىن چۈشكەن ئىدىڭىز؟ ئادەتتە ئۆيىڭىزگە مۇشۇ يولدىن قايتامسىز؟» ... ئەلۋەتتە، ئۆيگە باشقا يولدا قايتىشنى چەكلەيدىغان ئېنىق بەلگىلىمە يوق، ئەمما ئىدىيە ساقچىلىرى بۇنداق لاغايلاپ يۈرگىنىڭىزنى ئاڭلاپ قالسا، دىققىتى قوزغىلىپ قالاتتى.

تۇيۇقسىزلا كوچا پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاگاھلاندۇرۇپ توۋلىغان ئاۋاز كېلىشكە، كىشىلەر چۆچۈپ كەتكەن توشقاندەك ئۆزلىرىنى ئىشىكلىرىگە ئېتىشقا باشلىدى. ۋىنستوننىڭ ئالدىدىلا بىر ئايال ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىپ، كۆلچەكتە ئويناۋاتقان كىچىك بىر بالىنى پەرتۇقىغا ئوراپلا ئۆزىنى يەنە ئىشىككە ئاتتى. بۇ ئىش كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا تاماملاندى. شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە، گارمۇندەك قاتلىشىپ كەتكەن قارا كاستيۇملۇق بىر ئەر كىشى ياندىكى بىر كوچىدىن ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ يۈگرەپ چىقتى ۋە ئاسماننى كۆرسىتىپ:

— دىرژابىل ! پەخەس بولۇڭ! كاللىڭىزنىڭ ئۈستىدىلا، تېز

يېتىشىۋېلىڭ، ئەپەندىم!

نىمە سەۋەبتىنكىنتاڭ، پرولىتارلار راكېتا - بومبىلارغا «دىرىژابىل» دېگەن ئىسىمنى قويۇۋېلىشقان ئىدى. ۋىنستون دەرھال يۈزىچىلاپ ئۆزىنى يەرگە ئاتتى. پرولىتارلارنىڭ بۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشى دائىم دېگۈدەك توغرا چىقىپ قالاتتى. گەرچە راكېتا ئاۋازدىن تېز ئۇچسىمۇ، خۇددى پرولىتارلاردا بىر تۇغما ئىقتىدار باردەك راكېتا كېلىشتىن بىر قانچە سېكونت بۇرۇن بىلىپ قالاتتى. ۋىنستون قولى بىلەن بېشىنى يۆگىۋالدى. پۈتۈن كوچىنى كۆتۈرۈۋېتىدىغاندەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ ۋىنستوننىڭ دۈمبىسىگە ئۇششاق بىر نەرسىلەر پوكولداپ چۈشتى. ۋىنستون ئورنىدىن تۇرغاندا، ئۆزىنىڭ بىر مۇنچە ئەينەك پارچىلىرى ئاستىدا قالغانلىقىنى بايقىدى.

ئۇ داۋاملىق ماڭدى. بومبا كوچىنىڭ 200 مېتىرچە باش تەرىپىدىكى بىر قانچە ئۆينى تۈزلىۋەتكەن ئىدى. ئاسماندا قاپقارا ئىس لەيلەپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى بىردەمدىلا خارابىگە ئايلىنىپ قالغان يەردىن قويۇق چاڭ - توزاڭ كۆتۈرۈلگەن، كىشىلەر شۇ چاڭ - توزاڭ ئارىسىدا غۇژمەكلىشىپ تۇراتتى. ۋىنستون كىچىك ياغاچ دۆۋىسىگە يېقىنلاشتى، ياغاچ پارچىلىرى ئارىسىدا قان ئىزى تۇراتتى. يېقىن بېرىپ قارىۋىدى، ئۇ بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كەتكەن قول بولۇپ چىقتى. قان يۇقىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ قول گېپىستا ياسالغاندەك ئاپئاق بولۇپ كەتكەنىدى.

ۋىنستون بۇ نەرسىنى ئەۋرەز يولىغا تېپىۋېتىپ، يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ كىشىلەر توپىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ياندىكى كىچىك كوچىغا قايرىلدى. ئالاھەزەل ئۈچ - تۆت مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ بومبا پارتلىغان رايوندىن يىراقلاشتى. كوچىلاردىكى بۇ پاسكىنىچىلىققا تولغان تۇرمۇش يەنىلا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك داۋاملىشىۋاتاتتى. بۇ سائەت يىگىرمىگە يېقىنلاشقان ۋاقىت بولۇپ، ھاراق دۇكانلىرى (پرولىتارلار بۇنى «قاۋاقخانا» دەپ ئاتايتتى) خېرىدار بىلەن توشۇپ

كەتكەن ئىدى. قاۋاقخانىلارنىڭ قاسماق بېسىپ كەتكەن ئىشىكلىرى توختىماستىن ئېچىلىپ، يېپىلىپ تۇراتتى، كوچا پىۋا، ھەرە تورزۇندىسى ۋە سۈيدۈكنىڭ پۇرىقى ئارىلاش سېسىق ھىدقا تولۇپ كەتكەنىدى. كوچىدىكى بىر بۇلۇڭدا ئۇچەيلەن بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ تۇراتتى، ئوتتۇرىدىكى ئادەم بىر پارچە گېزىتنى تۇتۇۋالغان، ئىككەيلەن ئۇنىڭ مۈرىسىدىن گېزىتكە قاراۋاتاتتى. ۋىنستون يېقىن كېلىپ ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىنى كۆزەتمەي تۇرۇپلا، ئۇلارنىڭ گېزىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇلارنىڭ خېلى مۇھىم بىر خەۋەرنى ئوقۇۋاتقانلىقى ئېنىق چىقىپ تۇراتتى. ۋىنستون ئۇلاردىن بىر قانچە قەدەم يىراقلىشا ـ يىراقلاشمايلا، ئۇلار توساتتىن چۇۋۇلۇشتى ۋە ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ كەتتى. ئۇلار خۇددى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ــ مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمنى تۇۋۇك ئاڭلىماسەن ئاۋۋال! ئۆتكەن ئون تۆت ئايدىن بۇيان ئاخىرقى خانىسى يەتتە بىلەن ئاخىرلاشقىنى ئۇتۇپ باقمىدى!

ــ ياق، ئۇتقان!

ــ ياق، ئۇتمىغان! مەن ئۆتكەن ئىككى يىلدىكى ئۇتقان نومۇرلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىپ ساقلاپ قويغان. سائەتكە ئوخشاشلا ئېنىق خاتىرىلەپ قويغان. ساڭا دەپ قوياي، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئاخىرقى خانىسى يەتتە ئەمەس.

ــ ياق، يەتتە بارىمۇ ئۇتۇپ باققان، ساڭا كېسىپ دېيەلەيمەن، يا يەتتە يا تۆت بىلەن ئاخىرلاشقان بىرى ئۇتۇپ باققان. ئۇ فېۋرالنىڭ ئىككىنچى ھەپتىسىغۇ دەيمەن.

ــ ئاناڭنى فېۋرالنىڭ! مەن ھەممىسىنى شۇنداق ئېنىق قىلىپ يېزىپ قويغان تۇرسام! ئاخىرقى خانىسى...

ــ يىغىشە زۇۋانىڭنى! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇچىنچى ئادەم.

ئۇلار لاتارىيە توغرىلىق مۇنازىرىلىشىۋاتاتتى. ئۇ ئوتتۇز مېتىرچە مېڭىپ بولغاندىن كېيىن كەينىگە قارىدى، ئۇلار تېخىچە تالىشىۋاتقان، يۈزلىرى قىزىرىپ، تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەن ئىدى. لاتارىيىدە ھەر ھەپتە نۇرغۇن مۇكاپات تارقىتىلىدىغان بولۇپ، بۇ پرولتارلار ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان چوڭ ئىش ئىدى. مىليونلىغان پرولتارلار ئۈچۈن لاتارىيەنى ئۇلارنىڭ ياشىشىدىكى بىردىنبىر سەۋەب دېگىلى بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. لاتارىيە ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى، ئازابى، تەسەللىسى ۋە ئەقلىي پائالىيىتى ئىدى. لاتارىيەنىڭ گېپى چىقسىلا، تۈزۈك ساۋاتى يوق كىشىلەرمۇ ناھايىتى ئىنچىكە ھېسابلىيالايدىغان، خاتىرىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالاتتى. نۇرغۇن ئادەم پەقەت لاتارىيىگە مۇناسىۋەتلىك مەخپىي رېتسىپ، بېشارەت، تۇمار سېتىپ جان باقاتتى. ۋىنستوننىڭ لاتارىيە بىلەن ئىشى يوق ئىدى. لاتارىيەنى مولچىلىق مىنىستىرلىكى باشقۇراتتى. ئەمما ۋىنستون تارقىتىلىدىغان مۇكاپاتلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئوبرازلىق بۇيۇملار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى (ئەمەلىيەتتە، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىلەتتى). پەقەت ئىنتايىن ئاز ساندىكى ھەقىقىي مۇكاپاتلا ئۇتقانلارنىڭ قولىغا تارقىتىلاتتى، ۋەھالەنكى بۇلارمۇ ئەمەلىيەتتە يوق ئادەملەر ئىدى. كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقە تولۇق ئېتىۋېتىلگەن بۇ دۆلەتتە، بۇنى بېجىرىش ناھايىتى ئاسان ئىش ئىدى.

ئەمما، ئەگەر ئۈمىد بار دېيىلسە، ئۇ پرولتارلاردا. سىز مۇشۇنىڭغىلا ئۈمىد باغلىشىڭىز كېرەك ئىدى. بۇ گەپنى يازغاندا، ئاڭلىغاندا ئەقىلگە مۇۋاپىق تۇيۇلىدۇ، ئەمما كوچا - كويلاردا ئۇلار بىلەن ئۇچراشقان چاغلىرىڭىزدا، ئۇ بىر ئېتىقادقا ئايلىنىدۇ. ئۇ بۇرۇلغان كوچا پەسكە سوزۇلغان يانتۇ يول ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ باققاندەك تۇيغۇغا كەپقالدى. ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە بىر چوڭ كوچا بار ئىدى. ئالدى تەرەپتە بىر يەردىن كىشىلەرنىڭ توۋلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. بۇ

www.uyghurkitap.com

كوچا بىردىنلا ئەگىلدى، كوچىنىڭ ئايغىدا بىر تاش پەلەمپەي بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ تار ۋە چوڭقۇر كوچىغا تۇتىشاتتى. بۇ كوچىدا بىر قانچە يايمىچى سولىشىپ كەتكەن كۆكتاتلارنى سېتىۋاتاتتى. شۇندىلا ۋىنستون بۇنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ چوڭ يولغا تۇتىشىدىغان تار كوچا بولۇپ، پەسكە ئازراقلا ماڭسا بىر دوقمۇش ئۇچرايتتى، شۇ يەرگە بەش مىنۇت كېلىدىغان يەردە بىر ئەخلەت دۇكىنى بار ئىدى. ۋىنستون هازىر ئىشلىتىۋاتقان قارا خاتىرىسىنى دەل مۇشۇ يەردىن سېتىۋالغان ئىدى. قەلەمدان ۋە سىياهىنى بولسا ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردىكى بىر دەپتەر ـ قەلەم دۇكىنىدىن سېتىۋالغان ئىدى. ئۇ كوچىدىكى تاش پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە بىر دەم تۇردى. تار كوچىنىڭ ئۇدۇلىدا دەرىزىلىرى قارىماققا قىرو باغلاپ كەتكەندەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە قويۇق توپا ـ چاڭ بېسىپ كەتكەن، قاراڭغۇ، مەينەت بىر قاۋاق بار ئىدى. قېرىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ كەتكەن، ئەمما يۇرۇش ـ تۇرۇشى چاققان بىر بوۋاي قاۋاققا كىرىپ كەتتى، بوۋاينىڭ ئاپپاق، ئۇزۇن بۇرۇتلىرى قىسقۇچپاقنىڭ قىسقۇچىدەك ئىككى تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ۋىنستون تېخىچە شۇ يەردە قاراپ تۇراتتى، بوۋاي ئاز دېگەندىمۇ سەكسەندىن كەم ئەمەس، بۇنداق بولغاندا، ئىنقىلاب باشلانغان چاغدىلا بۇ بوۋاي ئاللىقاچان ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ بولغان بولىدۇ. بۇ بوۋاي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار ئاللىبۇرۇن يوقالغان كاپىتالىزم دۇنياسى بىلەن هازىرقى دۇنيانى باغلايدىغان ئەڭ ئاخىرقى زەنجىر ئىدى. هازىر پارتىيەنىڭ ئىچىدىمۇ، ئىدىيەسى ئىنقىلابتىن بۇرۇن يېتىلىپ بولغان ئادەملەر ئاساسەن قالمىغان ئىدى. بۇ بىرئەۋلات مويسىپىتلار 50 ــ 60 ـ يىللاردىكى چوڭتازىلاشتا يوقىتىلىپ بولغان، ئىنتايىن ئازساندىكى هايات قالغانلىرىمۇ شۇچاغلاردىلا ئىدىيە، ئەقىل جەهەتتە مۇتلەق تەسلىم بولۇپ بولغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى تۇرمۇش ئەهۋالى توغرىلىق هەقىقىي بىر نەرسە دەپ بېرەلەيدىغان ئادەم بار دېيىلسە، ئۇ چوقۇم پرولېتارلاردىن

چىقاتتى. توساتتىنلا ئۇنىڭ كالللىسىغا ھېلىقى تارىخ دەرسلىكىدىن كۆچۈرۈۋالغان بىر ئابزاس كىلىپ قالدى ـ دە، ۋۇجۇدىنى بىر خىل ھاياجان چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ قاۋاققا كىرىپ، ھېلىقى بوۋاي بىلەن تونۇشقۇسى، ئۇنىڭدىن «بالىلىق ھاياتىڭىز ھەققىدە سۆزلەپ بېرىڭ، ئۇ چاغلاردا تۇرمۇش قانداق ئىدى؟ ئىشلار ھازىرقىدىن ياخشىمىدى يا يامانمىدى؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىغۇسى كەلدى.

ئۇ بۇ يەردە تۇرۇۋەرسە خىيالىدىن يالتىيىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپلا پەلەمپەيدىن چۈشتى ۋە كوچىنى كېسىپ ئۆتتى. بۇ قىپقىزىل ساراڭلىق ئىدى. ئەلۋەتتە، پرولتارلار بىلەن پاراڭلىششىنى، ئۇلارنىڭ قاۋاقلىرىغا بېرىپ تۇرۇشنى مەنئىي قىلىدىغان بەلگىلىمە يوق، بىراق بۇنداق ئىش بىر پارتىيە ئەزاسىغا نىسبەتەن نورمال ھېسابلانمايتتى، كۆز ـ قۇلاقتىن ساقلىنىش تەس ئىدى. ئەگەر چارلىغۇچىلار ئۇچراپ قالسا، ئۇ بەلكىم بېشىم قېيىپ كېتىپتۇ، ھۇشۇمنى يوقىتىپتىمەن، دەپ باھانە كۆرسىتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار بۇ گەپكە ئىشىنىپ قالمايتتى. ئۇ قاۋاقنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىردى، ئىتتايىن سېسىق بىر خىل پىۋا ھىدى ۋىنستوننىڭ بۇرنىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ كىرگەن زامان، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ شاپپىدە پەسەيدى. ئۇ ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭ كۆك رەڭلىك پارتىيە فورمىسىغا قاراۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىر بۇرجەكتە دارت ئويناۋاتقانلارمۇ يېرىم مىنۇتچە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. بوۋاي پۈكەيدىكى ناھايىتى بەستلىك، بىلەكلىرى توم بىر مۇلازىم يىگىت بىلەن بىر نېمىلەرنى تالاش ـ تارتىش قىلىشىۋاتاتتى. ئىستاكانلىرىنى كۆتۈرۈشۇۋالغان بىر مۇنچەيلەن بولسا بۇ مەنزىرىگە قاراپ تۇراتتى.

— مەن تولىمۇ سىپايىلىق بىلەن سورىدىم، شۇنداقتۇ؟! — دېدى بوۋاي مەيدىسىنى تىكلەپ، — ئەمما سەن بۇ ئەبگا قاۋىقىڭدا بىر پىنتلىق ئىستاكان يوق دەۋاتىسەن؟

— زادى نېمە ئۇ پىنت دېگىنىڭ؟ — دېدى ئۇ مۇلازىم بارماقلىرىدا پۈكەيگە تايىنىپ، بەدىنىنى ئالدىغا قىيسايتقان ھالدا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— قاراڭلار بۇنىڭغا! پىنتنى بىلمەي تۇرۇپ تېخى ئۆزىنى قاۋاق مۇلازىمى دەپ يۈرگىنىنى! بىر پىنت يېرىم كۇارت، تۆت كۇارت بولسا بىر گاللونغا تەڭ بولىدۇ! بۇنىڭدا كىلەر قېتىم ساۋادىڭنى چىقىرىپ قوياي

— ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى يىگىت قىسقىلا، — بىز پەقەت بىر لىتىر، يېرىم لىتىر دەپ ھېسابلايمىز. ئالدىڭدىكى ئىشكاپتا ئىستاكان بار.

— مەن بىر پىنتلا ئىچمەن زادى، — دەپ تۇرىۋالدى بوۋاي، — تولا گەپ ئويناتما، بىز ياش چاغلاردا لىتىر دېگىنىڭنى ئىشلەتمەيتتۇق.

— سەن ياش چاغدا، بىز دەرەخنىڭ ئۈچىدا ياشايتتۇق، — دېدى مۇلازىم ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ.

كىشىلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، ۋىنستون كىرگەن چاغدىكى ئوڭايسىز كەيپىياتمۇ يوقاپ كەتكەندەك بولدى. بوۋاينىڭ ئاق يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەندى، ئۇ ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى غوتۇلدىغىنىچە بۇرۇلدى - دە، ۋىنستونغا سوقۇلۇپ كەتتى. ۋىنستون سىپايىلىق بىلەن ئۇنىڭ بىلىكىنى تۇتىۋالدى.

— مەن مېھمان قىلايمۇ؟ — دېدى ۋىنستون.

— سىز بىر ئەپەندىم، — دېدى بوۋاي قەددىنى قايتىدىن رۇسلاپ. ئۇ ۋىنستوننىڭ كىيىمگە دىققەت قىلمىغاندەك قىلاتتى، — بىر پىنت، — دەپ قوشۇپ قويدى ئۇ مۇلازىمغا ئالىيىپ قاراپ، — بىر پىنت گازلىق ھاراق.

مۇلازىم چەبدەسلىك بىلەن قېلىن ئەينەك ئىستاكاننى پۇكەينىڭ ئاستىدىكى چېلەك سۈيىدە چايقاپلا، قوڭۇر رەڭ پىۋىدىن ئىككى يېرىم لىتىر قۇيدى. پرولېتارلارنىڭ قاۋاقلىرىدا پەقەت پىۋىنىلا تاپالايتتىڭىز. ئۇلار ئارچا ھارىقى ئىچمەيتتى. ئەمما ئىچەي دېسە، ئوڭايلا تاپالايتتى. دارت ئويۇنى يەنە قىزىپ كەتتى، كىشىلەر يەنە ئۆزلىرىنىڭ لاتارىيە

ھەققىدىكى پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى. ۋىنستوننىڭ بۇ يەردە بارلىقى بىردەمدىلا ئۇنتۇلۇپ كەتتى. دەرىزىنىڭ ئاستىدا بىر ياغاچ ئۈستەل بار ئىدى، ئۇلار ئۇ يەردە باشقىلارنىڭ تىڭشاپ قېلىشىدىن ئەنسىرىمەي پاراڭلىشالايتتى. بۇ بەك خەتەرلىك تەۋەككۈلچىلىك ئىدى، شۇنداقتىمۇ ۋىنستون كىرىپلا بۇ يەردە ئېكران يوقلىقىنى بىلگەچكە، بىر ئاز خاتىرجەم ئىدى.

— تېخى پىنتىنىڭ گېپىنى قىلما دەۋاتىدۇ، — دېدى بوۋاي ئولتۇرغاچ، بوۋاي تېخىچە قاخشاۋاتاتتى، — يېرىم لىتىر بەكلا ئاز، خۇمار بېسىلمايدۇ. بىر لىتىر بەك جىق، تولا سىيدۈرۈپ بىكار قىلىۋېتىدۇ، باھاسىنىڭ قىممەتلىكىچۇ تېخى.

— ياشلىقىڭىزدىن ھازىرغىچە نۇرغۇن چوڭ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرگەنسىز؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون تومۇر تۇتۇپ.

بوۋاينىڭ نۇرسىز كۆك كۆزلىرى خۇددى مۇشۇ قاۋاقنىڭ ئىچىدىن بىر ئۆزگىرىش ئىزدەۋاتقاندەك، ئاۋۋال دارت ئويناۋاتقانلاردىن پۇكەيگە، ئاندىن ئەرلەر ھاجەتخانىسىنىڭ ئىشىكىگە يۆتكەلدى.

— پىۋا ھازىرقىدىن ياخشى ئىدى، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — ھەم ئەرزانتى! ياش چېغىمدا ئىسپىرتى تۆۋەن پىۋىنىڭ، بىز ئۇچاغدا گازلىق ھاراق دەيتتۇق، بىر پىنتى تۆت پېنسقا كېلەتتى، بۇ ئۇرۇشتىن بۇرۇن شۇنداقتى، ئەلۋەتتە.

— قايسى ئۇرۇش؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون.

— ئۇرۇش ئەزەلدىن توختاپ باقمىغان تۇرسا، — دېدى بوۋاي چۈشىنىكسىزلا. ئۇ ئىستاكىنىنى قولىغا ئېلىپ، گەۋدىسىنى يەنە تىكلىدى ۋە، — سالامەتلىكىڭىزنىڭ ياخشى بولۇشىنى تىلەيمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ ئۇچلۇق بوغدىيىكى ئاستى - ئۈستىگە تېز - تېز ئۆرلەپ - پەسلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىستاكىنى قۇرۇقدالغان ئىدى. ۋىنستون

www.uyghurkitap.com

پۈكەيگە بېرىپ يەنە ئىككى يېرىم لىتىرلىق ئىككى ئىستاكان پىۋا ئەكەلدى. بوۋاي لىق بىر لىتىر ئىچسە تولا سىيگۈسى كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— سىز ياشتا مەندىن بەكلا چوڭ، — دېدى ۋىنستون، — سىز چوقۇم مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرا ياشقا كىرىپ بولغان، سىز ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى چاغلارنىڭ قانداقلىقىنى ئەسلىيەلەيسىز. مەن دېمەتلىكلەردىن ھېچقايسىمىز ئۇ چاغلار ھەققىدە بىر نېمە بىلمەيدىكەنمىز. ئۇ چاغلار توغرىلىق بىز پەقەت كىتابلاردا ئوقۇغانىنىلا بىلىمىز، بەلكىم كىتابلاردىكىسىمۇ بەك توغرا بولماسلىقى مۇمكىن. مېنىڭ سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار. تارىخ كىتابلىرىدا ئېيتىلىشىچە، ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى ھايات ھازىرقىغا قەتئىي ئوخشىمايدىكەن. ئۇ چاغلاردىكى زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك، نامراتلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىكەن. مۇشۇ لوندوندىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم خەلق، تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە قورسىقى تويغۇدەك يېمەك-ئىچمەككە ئېرىشەلمەي ئۆتىدىكەن. يېرىمىدىن كۆپىنىڭ پۇتىغا كىيگىدەك ئۆتۈكىمۇ يوق ئىكەن. ئۇلار ھەر كۈنى ئون ئىككى سائەت ئىشلەيدىكەن، مەكتەپتىن سائەت توققۇزدا قايتىدىكەن، ئون ئادەم بىر ئۆيدە ياتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ناھايىتى ئازساندا كاپىتالىستلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار ئىكەن، ئۇلار ئىنتايىن باي ۋە كۈچلۈك ئىكەن. ھەممە نەرسە شۇلارنىڭ ئىكەن. ئۇلار ناھايىتى ھەشەمەتلىك، چوڭ ئۆيلەردە تۇرىدىكەن، ئوتتۇز-قىرىق چاكىرى بار ئىكەن. سىرتقا چىققاندا موتورلۇق ماشىنىلىرى ۋە تۆت ئاتلىق پەيتونىدا ئولتۇرىدىكەن. شامپان ئىچىدىكەن، ئېگىز قالپاقلارنى كىيىدىكەن.

بوۋاي بىردىنلا ئېچىلىپ كەتتى.

— ئېگىز قالپاقلار! — دېدى ئۇ، — بەك قىزىق، تېخى تۈنۈگۈنلا مۇشۇ ئېگىز قالپاقلارنى ئويلاپ قالغانتىم، نېمىشقىلىقىنى

بىلمەيمەن، بۇنى كۆرۈپ باقمىغىلى نەچچە يىللار بوپتىكەن، راستىلا بەك ئۇزۇن بوپكېتىپتۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بۇ قالپاقنى يەڭگەمنىڭ ماتەمىدە كىيىپتىكەنمەن. زادى ئېنىق ۋاقىت - چېسلاسىنى دەپ بېرەلمەيمەن، ئەمما چوقۇم ئەللىك يىللار ئىلگىرىكى ئىش. ئەلۋەتتە، بۇنى مەخسۇس ئاشۇنداق ئالاھىدە سورۇنلار ئۈچۈن ئارىيەتكە ئالىدىغان گەپ، بۇنى بىلىسىز ھەقىچان.

— قالپاقنىڭ گېپى مۇھىم ئەمەس، — دېدى ۋىنستون سەۋرچانلىق بىلەن، — بۇ يەردە مۇھىمى، بۇ كاپىتالىستلار ۋە شۇلارغا تايىنىپ جان باقىدىغان ئازساندىكى ئادۋوكات ۋە پوپلارنىڭلا ئىلكىدە يەر بار ئىكەن. ھەممە نەرسە شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىكەن. سىز ۋە باشقا سىزدەك ئادەتتىكى ئادەملەر ۋە ئىشچىلار ئۇلارنىڭ قۇللىرى ئىكەن. ئۇلار سىلەرنى قانداق خالىسا شۇنداق قىلىدىكەن. سىلەرنى خۇددى كالا - قويلارنى توشۇغاندەك كاناداغا يۆتكەيدىكەن. خالىسا سىلەرنى توققۇز تىللىق قامچىلاردا ساۋايدىكەن. ئۇلار يېنىڭلاردىن ئۆتكەندە، بېشىڭلاردىكى قالپىقىڭلارنى قوللىرىڭلارغا ئېلىپ تۇرۇشۇڭلار كېرەككەن. ھەممە كاپىتالىست يېنىدا بىر توپ يالاقچىلارنى ئېلىپ يۈرۈيدىكەن، بۇ يالاقچىلار....

بوۋاي يەنە ئېچىلىپ كەتتى.

— يالاقچىلار! — دېدى بوۋاي، — بۇ گەپنى ئاڭلاپ باقمىغىلى بەكلا ئۇزۇن بوپتۇ. بۇ گەپ دائىم مېنى ئىلگىرىكى زامانلارغا ئېلىپ كېتىدۇ. راستىلا شۇنداق. مەن بەزىدە يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن ۋايىد باغچىسىغا كىشىلەرنىڭ نۇتقىنى ئاڭلىغىلى باراتتىم، ئۇلار قۇتقازغۇچى قوشۇن، رىم كاتولىكلىرى، يەھۇدىيلار، ھىندىلار ... توغرىلىق سۆزلەيتتى. ئۇ يەردە بىر ئەبلەخ بار ئىدى، ھازىر ئىسمىنى ئەسلىيەلمىدىم، ئەمما بەكلا يامان ناتىق ئىدى. ئۇ ئۇلارنى قىلچىلىك يۈز - خاتىرە قىلماي تىللايتتى. يالاقچىلار! بۇرژۇئازىيىنىڭ يالاقچىلىرى! ھۆكۈمران سىنىپنىڭ غالچىلىرى! پارازىتلار! بۇ ئۇلارنىڭ

يەنە بىر نامى ئىدى، يەنە ئۇلارنى چىلبۆرە دەپمۇ ئاتىلىدىغاندى، چوقۇم شۇنداق ئاتىلىدىغانغۇ دەيمەن. ئەلۋەتتە، بىلىسىز، ئۇ ئىشچىلار پارتىيىسىنى دېمەكچى.

بوۋاي سورىمىغانغا جاۋاب قىلىۋاتاتتى.

— مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم، — دېدى ۋىنىستون، — سىز ئۇ ۋاقىتلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىر بىز بەكرەك ئەركىن دەپ ھېس قىلامسىز؟ ھازىر ھەقىقىي ئادەمدەك مۇئامىلىگە ئېرىشىۋاتىمەن دەپ قارامسىز؟ كونا زامانلاردا باي، يۇقىرى تەبىقىدىكى ئادەملەر...

— ئاقسۆڭەكلەر، — دېدى بوۋاي گەپ قىستۇرۇپ.

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ، مېنىڭ سورىۋاتقىنىم، بۇ كىشىلەر پەقەت ئۆزلىرىنىڭ باي، سىلەرنىڭ نامرات ئىكەنلىكىڭلار ئۈچۈنلا سىلەرنى ئۆزلىرىدىن تۆۋەن كۆرەمتى؟ مەسىلەن: ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا، سىلەر راستىنلا قالپىقىڭلارنى ئېلىپ ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە مەجبۇرمىدىڭلار؟

بوۋاي ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن ئۇ پىۋىسىنى ئوبدانلا بىر ئوتلىۋېتىپ دېدى:

— ھەئە، ئۇلار سىزنىڭ قالپىقىڭىزنى قولىڭىزغا ئېلىشىڭىزنى ياقتۇراتتى. بۇ ھۆرمەتنى بىلدۈرەتتى. مەن بۇنىڭغا قوشۇلمايتتىم، ئەمما مەنمۇ بىر قانچە قېتىم شۇنداق قىلغان، مەجبۇر بولغان دېسىڭىزمۇ بولىدۇ.

— مەن پەقەت تارىخ كىتابلىرىدا ئوقۇغانلىرىمنىلا دەۋاتىمەن جۇمۇ، ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ قولچوماقلىرى يولدا ماڭغاندا، سىزنى راستىنلا ئەۋرەزگە ئىتتىرىۋېتەمتى؟

— ئۇلارنىڭ بىرى مېنى بىر قېتىم ئىتتىرىۋەتكەن، خۇددى تۈنۈگۈنكى ئىشتەكلا يادىمدا. ئۇ قولۋاق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن كۈننىڭ كەچقۇرۇنى ئىدى. بۇنداق كەچلەردە جېدەل - ماجىرا تولا

بولاتتى. مەن شافتبۇري كوچىسىدا بىر ياش ئەبلەخكە سوقۇلۇپ كەتتىم. بۇ پۈتۈنلەي بىر تەسادىپىيلىق ئىدى. قارىسام بىر ئىپسلزادە ئىكەن. كۆينەك، ئىگىز قالپاق، قارا پەلتو كىيىۋاپتۇ. ئىگىز - پەس دەسسەپ قاپتىكەن... «كۆزۈڭنى ئىچىپ ماڭمامسەن؟» دىدى ئۇ. مەن «ئاناڭنى، كوچىنى سەن سېتىۋالغانمىدىڭ؟» دىدىم. ئۇ «كاللاڭنى ئۈزۈۋىتىمەن، ماڭا گەپ ياندۇرساڭ» دىدى. مەن «سەن مەست بوپقاپسەن، سەن بىلەن كېيىن ھېسابلىشىمەن» دىدىم. شۇ چاغدا ئۇ مېنى تۇيۇقسىز مەيدەمدىن ئىتتىرىۋەتتى، مەن يېقىنلا يەردىكى ئاپتۇبۇسنىڭ چاقى ئاستىغا يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم، ئۇ مېنىڭ تازا ياش چاغلىرىم ئىدى، مەنمۇ تازا بىر...

ۋىنستوننىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. بوۋاينىڭ خاتىرىسى ئەخلەت بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈن سورىسىمۇ بىرەر كېرەكلىك گەپ چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بەلكىم پارتىيە يازغان تارىخ راست بولسا كېرەك، ھەتتا پۈتۈنلەي توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىر سىناپ باقماقچى بولدى.

— بەلكىم مەن ئۇبدان چۈشەندۈرەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مۇنداق. سىز بەكمۇ ئۇزۇن ياشاپسىز. ئۆمرىڭىزنىڭ يېرىمى ئىنقىلابنىڭ ئالدىدا ئۆتۈپتۇ. 1925 - يىلدىن بۇرۇنلا ئاللىبۇرۇن چوپچوڭ ئادەم بولۇپ بولغان ئىكەنسىز. شۇ ئەسلىمىلىرىڭىزگە قارىغاندا، 1925 - يىلدىن بۇرۇنقى تۇرمۇش ھازىرقىدىن ياخشىمۇ ياكى ناچارمۇ؟ ئەگەر تاللاش مۇمكىن بولسا، سىز قايسى ۋاقىتتا ياشاشنى تاللايتتىڭىز؟

بوۋاي دارت ئويناۋاتقانلارغا قاراپ ئويغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ پىۋىسىنى ئاستا بىر ئوتلىدى. ئۇ پىۋىنىڭ تەسىرىدە سالماقلىشىپ قالغاندەك، ھەممىنى سىغدۇرۇپ كېتەلەيدىغان پەيلاسوپلار كەبى گېپىنى باشلىدى:

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— مەن نېمىنى كۈتۈۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن، سىز مېنىڭ ئۇزاققا قالماي يەنە ياشىرىپ كېتىمەن دېيىشىمنى كۈتۈۋاتىسىز. كىشىلەردىن سورىسىڭىز، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چوقۇم ياشلىقىغا قايتقۇسى بارلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ياشلىقتا ئەلۋەتتە ساغلام، كۈچلۈك بولىسىز. بىراق مېنىڭ يېشىمغا كەلگەندە ياخشى بولالمايسىز. پۇتۇم قاتتىق ئاغرىپلا تۇرىدۇ، كېچىلىرى ئالتە ـ يەتتە قېتىم سىيگىلى چىقىمەن. شۇنداقتىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن قېرىلىقىڭىزمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئەۋزەل يەرلىرى بار. ياشلارنىڭكىدەك غېمىڭىز بولمايدۇ. ئاياللار بىلەن سۆرۈشىپ يۈرمەيسىز. ئۇ بەك قالتىس ئىش. ئوتتۇز يىلچە بوپتۇ، ئايال زاتىغا يېقىن يولاپ باقماپتىمەن، ئىشەنسىڭىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەممۇ بەك خالاپ كەتمەيمەن.

ۋىنستون ئارقىسىنى دەرىزىگە قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئەمدى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى. ئۇ يەنە پىۋا ئەكىلىشكە تەمشىلىۋىدى، بوۋاي بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدىكى چىدىغۇسىز سېسىق ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى. پىۋا ئۇنىڭغا ئوبدانلا تەسىرىنى كۆرسەتكەنىدى. ۋىنستون قولىدىكى قۇرۇق ئىستاكانغا تىكىلگىنىچە بىرەر ـ ئىككى مىنۇت ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ قاۋاقنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەيلا قالدى. ۋىنستوننىڭ ئويىدا، ئۇزۇن بولغاندا يەنە يىگىرمە يىلدىن كېيىن، «ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى تۇرمۇش، ھازىرقىدىن ياخشىمىدۇ ياكى ئەمەسمىدۇ؟» دېگەن ئاددىي، ئەمما مۇھىم سوئالغا جاۋاب تېپىش مۇمكىن ئەمەس بىر ئىشقا ئايلىناتتى. ھالبۇكى، ھازىرمۇ بۇنىڭغا جاۋاب بەرگىلى بولمايۋاتاتتى. چۈنكى ناھايىتى ئاز ساندىكى ھايات مويسىپىتلار ئىچىدىمۇ، ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى سېلىشتۇرالايدىغانلار چىقمايۋاتاتتى. ئۇلار خىزمەتدىشى بىلەن بولغان بىر قېتىملىق جېدەلنى، يوقاپ كەتكەن ناسوسنى قانداق ئىزدىگەنلىرىنى، ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان سىڭلىسىنىڭ چىراي ئىپادىسىنى، يەتمىش يىل بۇرۇنقى مەلۇم

بىر سەھەردىكى ھاۋاغا ئۆرلىگەن ئىس - تۈتەكنى ... دېگەندەك مىڭلىغان ئەھمىيەتسىز نەرسىلەرنى ئەسلىيەلەيتتىيۇ، ھالبۇكى باشقا بارلىق مۇناسىۋەتلىك پاكىتلار ئۇلارنىڭ خاتىرىسىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇلار چۇمۇلىگە ئوخشاش ناھايىتى ئۇششاق نەرسىلەرنى كۆرەلەيتتىيۇ، چوڭ نەرسىلەرنى كۆرەلمەيتتى. خاتىرىلەر پالەچلەنگەن، يازما پاكىتلار بۇرمىلىنىپ بولغاندا، پارتىيەنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى قانچىلىك ياخشى قىلىۋەتكەنلىكى ھەققىدىكى دەۋاسىنى قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. چۈنكى، بۇلارنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئۆلچەم، ئىسپات يوق ئىدى، ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايتتى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ تەپەككۇرى بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇ توختاپ ئالدىغا قارىدى. ئۇ بىر تار كوچىدا ئىدى، بۇ يەردىكى ئۆيلەر ئارىسىدا چېچىلاڭغۇ جايلاشقان بىر قانچە كىچىك، قاراڭغۇ دۇكان بار ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ ئۈستىدىلا رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن ئۈچ دانە تۆمۈر شارچە ساڭگىلاپ تۇراتتى، قارىماققا ئۇلارغا ئىلگىرى چىرايلىق ھەل بېرىلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بۇ يەرنى تونۇغاندەك قىلدى. توغرا! ئۇ دەل ھېلىقى خاتىرىسىنى سېتىۋالغان ئەخلەت دۇكىنىنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

بىر قورقۇنچ ئۇنىڭ تاپىنىدىن كىرىپ بېشىدىن چىقىپ كەتتى. خاتىرىنى سېتىۋېلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك خەتەرلىك ئىش ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا، بۇ ئەتراپقا يەنە ھەرگىز يېقىن يولىماسلىققا قەسەم قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ خىيال قايىنىمىغا چۆكۈپ كەتكەندە، قەدەملىرى ئۇنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ ئەكەپتۇ. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۈتۈپ بېرىدىغان يەڭگىلتەك ھاياجانلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خاتىرە يېزىشنى باشلىغان ئىدى. ئۇ سائەت 21 گە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، دۇكاننىڭ تېخىچە ئوچۇقلۇقىنى بايقىدى. ئۇ كوچىدا تۇرغاندىن دۇكاننىڭ ئىچىدە تۇرۇشنى بىخەتەررەك ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ئىختىيارسىز دۇكانغا ئالدى. ئەگەر كېيىن سوراق قىلىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالسا، ساقال تىغى ئىزلەپ كىرگەنتىم دېيەلەيتتى.

دۇكاندار ئەمدىلا بىر ئاسما مايچىراغنى ياندۇرغان بولۇپ، بىر خىل يېقىملىق پۇراق چىقىرىپ تۇراتتى. ئۇ ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى سەل - پەل دوگىيىپ قالغان، بۇرۇنلىرى ئۇزۇن، قېلىن كۆزەينىكىنىڭ ئارقىسىدىكى كۆزلىرى يېقىملىق كۆرۈنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى دېگۈدەك ئاقىرىپ كەتكەن، ئەمما قاشلىرى شۇنداق قويۇق ۋە قارا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزەينىكى، يېنىك - سىپايە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، كىيىۋالغان كونا قارا چاپىنى، ئۇنى خۇددى قەغەز - يېزىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر زىيالىيدەك ياكى بىر مۇزىكانتتەك كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى سەل تىۋۋەن، ئەمما يۇمشاق بولۇپ، تەلەپپۇزى كۆپ سانلىق پرولېتارلارنىڭكىگە ئوخشاش بۇزۇلۇپ كەتمىگەنىدى.

— سىزنى كوچىدا چېغىڭىزدىلا تونۇغانتىم، — دېدى ئۇ دەرھاللا ھەمدە، — ھېلىقى ياش ئايالنىڭ ئالبۇمىنى سېتىۋالغان سىزغۇ. قەغەزلىرى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. قايماق قەغەز دەپ ئاتىلاتتى. بۇنداق ئېسىل قەغەزلەر ئەللىك يىلنىڭ ياقى يوق جۇمۇ، — دېدى ئۇ كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ۋىنستونغا قاراپ، — مەن قىلىپ بەرگۈدەك ئىش بارمۇ ئەپەندىم؟ يا مۇنداقلا بىر قاراپ باقاي دېگەنمىدىڭىز؟

— ئۆتۈپ كېتىۋاتقانتىم، — دېدى ۋىنستون، — قاراپ باقاي دېدىم شۇ، بىرەر نەرسە لازىم ئەمەس.

س ئۇمۇ بوپتۇ، چۈنكى مەندىمۇ سىزگە لازىم نەرسىلەرمۇ يوق مېنىڭچە، — دېدى ئۇ كەچۈرۈم سورىغاندەك ئىشارەت بىلەن، — دۇكانىمنىمۇ كۆردىڭىز، قۇپقۇرۇققۇ دەپقالغانىسىز ھەقىچان. سىزگىلا دەيمەن، ئاسارە - ئەتىقە سودىسىنىڭمۇ قۇيرۇقىنى قۇم باستى. كىشىلەرمۇ بىر نەرسە ئالماس بولۇپ كەتتى، ھەم مالمۇ يوق ھازىر. ئۆي جاھازلىرى، ساپال - ئەينەك بۇيۇملارنىڭمۇ ھەممە تۈرى دېگۈدەك يوقاپ كېتىۋاتىدۇ. نەچچە يىل بولغانىدۇ، بىرەر مىس شامدانىمۇ كۆرۈپ

باقماپتىمەن.

ئەمەلىيەتتە، كىچىككىنە دۇكان نەرسە - كىرەكلەر بىلەن لىق تولغان، ئەمما قىممىتى بار بىرەر نەرسە تېپىش ئاساسەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەسسىگۈدەك يەرمۇ كىچىككىنە ئىدى. چۈنكى تامغا تويا بېسىپ كەتكەن، ناھايىتى كۆپ قۇرۇق رەسىم راملىرى يۆلەپ قويۇلغان ئىدى. يۇكەي ئىچىدە بىر پاتمان بۇرما مىخ، بولتىلار دەستىلەپ تىزىۋېتىلگەن، داتلاپ كەتكەن ئىسكىنە، بىسى يېنىپ كەتكەن قەلەمتىراچ، ئۇدۇل مېڭىپ باققىنىمۇ ئۇققىلى بولمايدىغان دات بېسىپ كەتكەن قول سائەتلىرى ۋە باشقا ئەسكى - تۈسكىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. بىر بۇرجەكتىكى كىچىك ئۈستەل ئۈستىدە سىرلانغان ناس قۇتىسى، چىرايلىق تاشتىن ئويۇلغان، ئايال لار ئىشلىتىدىغان ئىلمەك قاتارلىق بىر مۇنچە ئۇششاق - چۈششەك تۇراتتى. ۋىنستون ئۇنى - بۇنى كۆرۈۋاتقاندا، كۆزى چىراغ يورۇقىدا پارقىراپ تۇرغان يۇمىلاق، سىلىق بىر نەرسىگە چۈشتى ۋە ئۇنى قولىغا ئالدى.

ئۇ بىر يۈزى يۇمىلاق يەنە بىر يۈزى تەكشى ئېغىر ئەينەك بولۇپ، خۇددى يېرىم شارغىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ رەڭگى ۋە ماتېرىيالى ئادەمگە خۇددى يامغۇر سۈيىدەك يۇمشاق، يېقىشلىق تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ نەرسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھالرەڭ، شەكلى غەلىتە بىر نېمە بولۇپ، گۈلگە ياكى دېڭىز ئاپتاپپەرىسىگە ئوخشايتتى. يۇمىۋلاق تەرىپىدىن قارىغاندا كۆزگە يوغان كۆرۈنەتتى.

— بۇ نېمە؟، — دەپ سورىدى ۋىنستون قىزىقىپ.

— مارجان تاش، ئاۋۇ ئىچىدىكىسى، — دېدى بوۋاي، — چوقۇم ھىندى ئوكيانىنىڭ بۇ. ئىلگىرى بۇنى مۇشۇنداق ئەينەكنىڭ ئىچىگە ئېلىپ ياسايدىكەندۇق. كۆرۈنۈشىدىن قارىغاندا يۈز يىل بۇرۇن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن ياسالغاندەك قىلىدۇ.

— چىرايلىق نەرسىكەن، — دېدى ۋىنستون.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— راست، راستىنلا چىرايلىق، — دېدى بوۋايمۇ تەستىقلاپ.

— ئەمما ھازىر بۇنداق نەرسىلەرنى ئاساسەن تاپقىلى بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي يۆتىلىپ، — ئەگەر ھازىر ئالاي دەپ قالسىڭىز، تۆت دوللارغىلا بېرىۋېتىمەن، ئىسىمدە قېلىشىچە، ئىلگىرى سەككىز فوندقا يارايتتى، ھازىر قانچىلىك پۇل بولغىيتتى، ھەي ھېسابلاپ چىقىرالمىدىم، ئىشقىلىپ خېلىلا جىق پۇل ئىدى. بىراق ھازىر كىمنىڭ كارى بۇنداق ئاسارە - ئەتىقىلەر بىلەن؟ شۇنچە ئاز ئۇچرايدىغان تۇرۇقلۇق...

ۋىنستون دەرھال تۆت دوللارنى تۆلىۋېتىپ، ئۇ نەرسىنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇنى قىزىقتۇرغىنى، ئۇنىڭ چىرايلىقلىقى ئەمەس، بەلكىم ئۇنىڭدىكى ئۇ مەنسۇپ بولغان بۈگۈنگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بىر دەۋرنىڭ پۇرىقى ئىدى. بۇنداق يۇمشاق، يامغۇر سۈيىگە ئوخشايدىغان ئەينەك، ئۇ كۆرۈپ باققان باشقا ئەينەكلەرگە ئوخشىمايتتى. بۇ نەرسىنىڭ ھېچنىمىگە ئىشلەتكىلى بولمايدىغانلىقى ئۇنى بەك قىزىقتۇرغان ئىدى، شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇنى بىر زامانلاردا قەغەز باسقۇ قىلىپ ئىشلىتىپتىكەن دەپ پەرەز قىلدى. ئۇ ۋىنستوننىڭ يانچۇقىنى خېلىلا ئېغىر باستى، ئەمما تەلىيىگە، ئانچە بۆرتۈپ چىقىپ تۇرمىدى. بۇ بىر غەلىتە نەرسە ئىدى، بىر پارتىيە ئەزاسىغا نىسبەتەن بۇنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش سەل خەتەرلىك ئىدى. كونا، شۇنداقلا چىرايلىق ھەرقانداق نەرسە گۇمانلىق سانىلاتتى. بوۋاي تۆت دوللارنى ئېلىپ خۇشاللىقىدىن ئېچىلىپلا كەتتى. ۋىنستون ئۇنىڭغا ئەسلىدە ئىككى، ئۈچ دوللار بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى.

— ئۈستىدە يەنە بىر ئۆي بار، قاراپ باقارسىزمىكىن، ئىچىدىغۇ جىق نەرسىمۇ يوق، پەقەت بىر قانچە پارچە - پۇرات نەرسىلەرلا بار، — دېدى ئۇ، — ئەگەر چىققۇڭىز بولسا، چىراغ ياندۇراي، — دېگەچ يەنە بىر چىراغنى ياندۇردى بوۋاي. بوۋاي قولىدا چىراغ، مۈكچىيىپ مېڭىپ ۋىنستونغا يول باشلىدى. ئۇلار تىك، كونا پەلەمپەيدىن

ۋە بىر تار كارىدوردىن ئۆتۈپ، بىر ئۆيگە كىردى. ئۇ ۋي كوچىغا قارىمايتتى، بەلكى يايپاڭ تاشلار ياتقۇزۇلغان بىر سەيناغا قارايتتى، بۇ يەردىن سانجاق - سانجاق تۇرخۇنلار كۆرۈنەتتى. ئۆي گويا بىراۋ يېڭى كۆچۈپ كىرىدىغاندەك ئوبدانلا سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان ئىدى. پولغا بىر پارچە گىلەم سېلىنغان، تامغا بىر - ئىككى پارچە رەسىم ئېسىلغان، تام مەش بار تامغا بولسا چوڭ بىر يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇق يۆلەپ قويۇلغان، تام مەشنىڭ تەكچىسىگە قويۇلغان كونا ئۇسلۇبتىكى ئەينەك سائەت چىكىلداپ مېڭىپ تۇراتتى، بۇ ئون ئىككىلىك سائەت ئىدى. دەرىزىنىڭ ئاستىغا ئۆينىڭ تۆتتىن بىرىنى دېگۈدەك ئىگىلەيدىغان چوڭ كارىۋات قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىدە تېخىچە ماتراس بار ئىدى.

— خوتۇنۇم ئۆلۈپ كەتكىچە مۇشۇ ئۆيدە تۇرغانتۇق، — دېدى بوۋاي خۇددى بىرەر ئىشقا ناماقۇل بولغاندەك قىياپەتتە، — ئۆيدىكى سەرەمجانلارنى ئاز - ئازدىن سېتىۋەتتىم، هازىر مۇشۇ چىرايلىق قىزىل قارىغاي كارىۋاتلا قالدى، ئوبدانراق تازىلىۋەتسىڭىز ئىشلىتەلەيسىز. ئەمما سىزگە سەل كىچىكسىز كۆرۈنىدۇ ھەقچان.

بوۋاي ئۆينى ئوبدانراق يورۇتۇش ئۈچۈن چىراغنى ئېگىزرەك كۆتۈردى. بۇ سۇس يورۇقلۇقتا، ئۇ ۋي ئىچى ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ۋىنستوننىڭ كاللىسىدىن بىردىنلا بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىش خىيالى كەچتى، ئەگەر ئۇ ۋزى جۈرئەت قىلالىسا، بەلكىم ھەپتىلىكنى بىر دوللاردىن ئالغىلى بولىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ بەكلا قورقۇنچلۇق خىيال ئىدى، قانداق تېز كەلگەن بولسا، كاللىدىن شۇنداق تېز قوغلاپ چىقىرىش لازىم ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ ئۇ ۋي ۋىنستوندا بىر خىل قەدىمنى، ئەجدادلارنى سېغىنىش تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ قويدى. ۋىنستون بۇنداق ئۆيدە تۇرسا قانداق تۇيغۇدا بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەكلا قىلاتتى. تام مەشتە ئوت لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرسا، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئۆزۈڭنى تاشلاپ، پۇتلىرىڭنى

پۇت قويىدىغان يېرىگە قويۇپ يېتىپ كەتسەڭ، چەينەكتە چاي قايناپ تۇرسا، شۇنداق يالغۇز، جىمجىت، ھېچكىم سېنى ماراپ، تىڭشاپ يۈرمىسە، پەقەتلا چەينەكنىڭ كۇشۇلدىغان ئاۋازى بىلەن سائەتنىڭ چىكىلدىغىنىدىن باشقىنى ئاڭلىمىساڭ...

— بۇ ئۆيدە ئېكران يوق! — دەپ تاشلىدى بوۋاي شۇرلاپ.

— ھەي، — دېدى بوۋاي، — بۇنداق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ باقمىدىم، بەكلا قىممەت. ھەم مەنمۇ بۇنىڭغا بىر ئېھتىياج باردەك ھېس قىلمىدىم. ھە راست، ئاۋۇ بۇلۇڭدا بىر قاتلىما ئۇستەل بار.

— ئەگەر ياندىكى ياپقۇچىنى ئىشلەتمەي دېسىڭىز، يېڭى قەۋەت ئورنىتىشىڭىز لازىم، ئەلۋەتتە.

يەنە بىر بۇلۇڭدا بىر كىچىك كىتاب ئىشكاپى بار ئىدى، ۋىنستون تۆيمايلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كىتاب ئەمەس، ئەخلەت بار ئىدى. خۇددى باشقا يەرلەردىكىگە ئوخشاشلا، پرولتارلار مەھەللىلىرىدىمۇ ئۆي - ئۆيلەرنى ئالا قويماي كىتاب يىغىش، كۆيدۈرۈش ئاللىبۇرۇن تاماملىنىپ بولغان ئىدى. ئوكيانىيەدە، 1960 - يىلىدىن بۇرۇن نەشر قىلىنغان بىرەر پارچە كىتاب تېپىش ئاساسەن دېگۈدەك مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بوۋاي چىراغنى تۇتقىنىچە، كارىۋاتنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغائېسىلغلىق، ئەتىرگۈل ياغىچىدىن ياسالغان رامكىغا ئېلىنغان بىر رەسىمنىڭ ئالدىدا تۇراتتى.

— ناۋادا ئىلگىرى بېسىلغان نەرسىلەرگە قىزىقسىپ قالسىڭىز، — دېدى بوۋاي سىلىققىنا.

ۋىنستون رەسىمگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. بۇ بىر تۆمۈر ئويما بولۇپ، دەرىزىلىرى چاسا، ئېلىپىس شەكىللىك بىنانىڭ رەسىمى ئىدى، بىر رىشاتكا بىلەن قورشالغان بىنانىڭ ئالدىدا بىر كىچىك مۇنار، كەينىدە بىر ھەيكەل كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ۋىنستون بۇنىڭغا قاراپ بىر پەس تۇرۇپ كەتتى. ئۇ بۇ ھەيكەلنى تونۇيدىغاندەك ھېس

قىلدىيۇ، ئەمما زادى قايسى ھەيكەل ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى.

— راسكا تامغا ئورنىتىۋېتىلگەن، بىراق سىزگە ئاجرىتىپ ئېلىپ بېرەلەيمەن.

— بۇ بىنانى تونۇدۇم، — دېدى ۋىنستون ئاخىرى، — ھازىر خارابىگە ئايلىنىپ كەتتى، ئۇ ئادالەت ئوردىسىنىڭ سىرتىدىكى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا.

— توغرا! سوت بىناسىنىڭ سىرتىدا. بۇ يەر نەچچە يىل بۇرۇن بومباردىمان قىلىنغان. بىر چاغلاردا چېركاۋ بولۇپ، ئىسمى سېينت كلېمېنت دانىس ئىدى، — دەپ كۆلۈمسىرىدى بوۋاي خۇددى سەل قاملاشمىغان گەپ قىلىپ سېلىپ ئەپۇ سورىغاندەك، — «ئاپېلسىن ۋە لېمونلار، سېينت كلېمېنت چېركاۋى شوئنداق جاراڭلار»، — قوشۇپ قويدى بوۋاي.

— نېمە دېگەن گەپ ئۇ؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون.

— ھە، «ئاپېلسىن ۋە لېمونلار، سېينت كلېمېنت چېركاۋى شوئنداق جاراڭلار.» بۇ بىز كىچىك چاغلاردا ئوقۇيدىغان ناخشا ئىدى. داۋامىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئەڭ ئاخىرىسىلا ئېسىمدە قاپتۇ:

*شام كېلىدۇ كارىۋاتقا نۇرلار چاچقىلى،*
*پالتا كېلەر بېشىڭغا، كېسىپ - چاپقىلى،*

بۇ بىر ئۇسۇل ناخشىسى ئىدى. بۇ ئۇسۇلدا كىشىلەر قوللىرىنى ئېچىپ سوزۇپ تۇراتتى، سىز ئاستىدىن ئۆتەتتىڭىز، «پالتا كېلەر بېشىڭغا، كېسىپ - چاپقىلى» دېگەن يېرىگە كەلگەندە، سىزنى تۇتۇۋالاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ چېركاۋنىڭ ناملىرى ئىدى، لوندوندىكى چوڭ چېركاۋلارنىڭ ھەممىسىنىڭ نامى ناخشىنىڭ ئىچىدە بار ئىدى.

ۋىنستون «بۇ چېركاۋ قايسى ئەسىرگە تەۋەدۇ» دېگەن خىيالدا

بىر دەم تـوۇرۇپ قالـدى. لوندوننىـڭ بىنالىرىنىـڭ قۇرۇلغـان ۋاقتىنـى ئېنىـق بىلىـش بـەك تـەس ئىـدى. يېڭـى كۆرۈنـدىغـان، ھەيۋەتلىـك ھەرقانـداق بىنـا، ئىنقىلابتىـن كېيىـن سېلىنغان ئىدى، ئەكسـىچە، كونا، مۇدھىـش كۆرۈنـدىغان بىنـالار بولسا ئوتتـۇرا ئەسىرنىڭ دەپ قارىلاتتـى. كاپىتالىـزم ھۆكـۈم سۈرگەن ئەسىرلەردە قىممىتـى بـار ھېچقانـداق نەرسە ئىشلەپچىقىرىلمىغان دەپ قارىلاتتـى. كىشىلەرنىڭ بىنـا، قۇرۇلۇشـلاردىن بىلىدىغـان تارىخـى ھەرگىـز كىتابتىـن بىلىدىغىنىدىـن كـۆپ بولمايتتـى. تارىخنـى ئـازراق بولسـىمۇ يورۇتـۇپ سېلىش ئېھتىماللىقى بـار ھەرقانـداق ھەيكـەل، ئويما بۇيۇمـلار، خاتىـرە ئابىدىلـەر، يـول - كوچىلارنىـڭ ناملىـرى سىسـتېمىلىق يوسـۇندا ئۆزگەرتىۋېتىلگـەن ئىـدى.

— مەن ئۇنىڭ ئىلگىرى بىر چېركاۋ ئىكەنلىكىنـى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى ۋىنستون.

— تېخـى قېپقالغان نۇرغۇن چېركاۋلار بار، راست، — دېدى بوۋاي، — ئەمما ھازىـر چېركاۋ ئەمەس، باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئاۋۇ ناخشىنىڭ داۋامـى قانداقتى؟ ھە، ئېسـىمگە كەلدى!

*ئاپېلسىن ۋە لىمونلار*
*سېينت كلېمېنت چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار.*
*سەن ماڭا ئۈچ فارسىڭ[1] قەرزدار،*
*سېينت مارتىن چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار.*

مۇشۇنچىلىك ئەسلىيەلىدىم. فارسىڭ ھازىرقى تىيىنغا ئوخشايدىغان كىچىك مىس تەڭگە پۇل.

— سېينت مارتىن چېركاۋى قەيەردە؟ — سورىدى ۋىنستون.

[1] ئەنگلىيەنىڭ بۇرۇنقى پۇل بىرلىكى، تۆتتىن بىر پېنسقا تەڭ كېلىدۇ.

— سېينت مارتىن؟ ئۇ ھازىرمۇ بار، زەپەر مەيدانىدا، رەسىم كۆرگەزمىخانىسىنىڭ يېنىدا. ئالدىدا يوغان دەرۋازا، تۈۋرۈكلىرى بار ئېگىز پەشتاقلىق بىنا شۇ.

ۋىنستون ئۇ يەرنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ يەر ھازىر ھەرخىل تەشۋىقات بۇيۇملىرى كۆرگەزمە قىلىنىدىغان بىر مۇزېي ئىدى، ئىچىدە راكېتا بومبىلار، لەيلىمە ئىستىھكام، دۈشمەنلەرنىڭ ۋەھشىي ـ ياۋۇزلۇقى تەسۋىرلىنىدىغان شامدا ياسالغان ھەيكەل ـ رەسىملەر بار ئىدى.

— ئۇ چېركاۋ بۇرۇن ئېتىزلىقتىكى سېينت مارتىن دەپ ئاتىلاتتى، ئەمما ئۇ ئەتراپتا ئېتىزلىق بارلىقى مېنىڭ پەقەت ئېسىمدە يوق، — قوشۇپ قويدى بوۋاي.

ۋىنستون ئۇ رەسىمنى سېتىۋالمىدى. ئۇ ئەينەك قەغەز باسقۇدىنمۇ خەتەرلىك بۇيۇم ھېسابلىناتتى، ھەمدە رامكىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنمىغىچە ئۇنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ۋىنستون بوۋاي بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالدى، بوۋاينىڭ ئەسلى ئىسمى ۋىكس ئەمەس، بەلكى چاررىڭتون ئىكەن. كىشىلەر چوقۇم ئىشىك ئالدىدىكى ئويۇپ قويۇلغان خەتكە قاراپ ۋىكس دەپ ئويلاپ قالاتتى. بوۋاي بۇ يىل ئاتمىش ئۈچكە كىرىپتۇ، مۇشۇ دۇكاندا تۇرغىلى ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ.

شۇ جەرياندا بوۋاي ئۇ خەتنى ئۆزگەرتىۋېتىشنى ئىزچىل ئويلاپ يۈرۈپتۇيۇ، ئەمما ئۆزگەرتكەننىڭ نېمە پايدىسى بارلىقىغا كاللىسى يەتمەپتۇ. ئۇلار ئۆزئارا ئاشۇ تولۇق ئەسلىگىلى بولمىغان ناخشىنىڭ گېپىنى قىلىشتى:

*ئاپېلسىن ۋە لېمونلار*
*سېينت كلېمېنت چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار.*

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

*سەن ماڭا ئۈچ فارسىڭ قەرزدار،*
*سىيىنت مارتىن چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار.*

قىزىق، ئۆزىڭىز بۇ ناخشىنى ئېيتسىڭىز، خۇددى چېركاۋ قوڭغۇراقلىرىنىڭ جاراڭلاۋاتقان ساداسىنى ئاڭلىغاندەك سېزىمگە چۆمەتتىڭىز، لوندوننىڭ يوقالغان بۇ قوڭغۇراق سادالىرى قەيەردىدۇر بىر يەرلەردە مەۋجۇت ئىدى، ئەمما ئۇلار بۇرمىلانغان، ئۇنتۇلغان ئىدى. ۋىنستون ئەرۋاھ كەبى چېركاۋ مۇنارلىرىدىن ئارقا - ئارقىدىن ياڭراۋاتقان قوڭغۇراق سادالىرىنىڭ ئىچىگە غەرق بوپكەتتى. ھالبۇكى، ئۇ تېخى ھازىرغىچە ئۆز قۇلىقى بىلەن چېركاۋ قوڭغۇرىقىنىڭ جاراڭلىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدى.

ئۇ چاررىڭتون ئەپەندى بىلەن خوشلاشتى ۋە ئۆزىنىڭ كوچىغا چىقىشتىن بۇرۇن بىر قۇر قارىۋېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بوۋاينىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز پەلەمپەيدىن چۈشتى. ۋىنستون يەنە بىرەر ئايلاردىن كېيىن، بۇ دۇكانغا قايتا بىر كېلىشنى ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغان ئىدى. بەلكىم بۇ ئىش، پائالىيەت مەركىزىدە ئالۋاڭغا بىر كەچ ئۆتكۈزگەنگە قارىغاندا، خەتەرلىك بولماسلىقى مۇمكىن ئىدى. دۇكاندار بوۋايغا ئىشەنگىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرمەي تۇرۇقلۇق، خاتىرىنى سېتىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە يەنە قايتا كېلىشىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ھاماقەتلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ!

توغرا، ئۇ يەنە كېلەتتى، ئۇ شۇنداق ئويلىدى. ئۇ يەنە چىرايلىق ئەخلەتلەرنىڭ ئىچىدىن يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئاۋۇ چېركاۋنىڭ رەسىمىنى رامكىسىدىن ئاجرىتىپ ئېلىپ، پەلتوسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ ئەكېلىشى مۇمكىن ئىدى. يەنە چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ خاتىرىسىدە قېپقالغان باشقا ناخشىلارنى كوچىلاپ بېقىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ھەتتا بۇ ئۆينى ئىجارىگە ئېلىشنەك

ساراڭلارچە خىيالمۇ كاللىسىدىن چاقماق چاقماقتىن دەكلا ئۆتۈپ كەتتى. بايامقى بەش مىنۇتلۇق ناخشا قويىنىغا غەرق بولۇش ئۇنى پەرۋاسىز قىلىۋەتتىمۇ تاڭ، ئۇ دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ كوچىنى كۆزىتىپ باقمايلا، چىقىۋەردى. ھەتتا ئۇ بايامقى ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتىشنى باشلاپ كەتتى:

*ئاپېلسىن ۋە لىمونلار*
*سىيىنت كلېمېنت چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار.*
*سەن ماڭا ئۈچ فارسىڭ قەرزدار،*
*سىيىنت مارتىن چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار.*

توساتتىن ۋىنستوننىڭ پۇتلۇن ئىچ ئەزايى مۇزلاپ، جېنى ھەلقۇمىغا تىقىلىپ قالدى. ئالدى تەرەپتىن پارتىيە فورمىسى كىيىۋالغان بىرى كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسى ئون مېتىرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ھېلىقى قارا چاچلىق قىز ئىدى. كۆڭلى خېلى قاراڭغۇلاشقان بولسىمۇ، ئۇنى تونۇش قىيىن ئەمەس ئىدى. ئۇ قىز ۋىنستوننىڭ كۆزىگە شۇنداق بىر قارىدى ۋە خۇددى كۆرمىگەندەكلا يولىغا مېڭىۋەردى.

ۋىنستون بىر نەچچە سېكۇنت خۇددى پالەچ بوپقالدەك قەدەملىرىنىمۇ يۆتكىيەلمىدى. ئاندىن ئۇ ئوڭغا بۇرۇلۇپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن مېڭىپ كەتتى، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ خاتا يۆنىلىشكە كىرىپ قالغىنىنىمۇ بىلەلمىدى. قانداقلا بولمىسۇن بىر سوئالنىڭ جاۋابى يېشىلدى. قارا چاچلىق قىزنىڭ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەنلىكىدىن ئەمدى ھېچقانداق گۇمان قالمىدى. ئۇ جەزمەن ۋىنستونغا ئەگىشىپ بۇ يەرگىچە كەلگەنىدى. چۈنكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇشۇنداق كەچتە، مۇشۇنداق ئارقا كوچىلاردا يۈرۈشى، ئۇچرىشىپ قېلىشى ھەرگىزمۇ تەسادىپىيلىق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەر پارتىيە ئەزالىرى تۇرىدىغان يەردىن بەكلا يىراقتا بولۇپ، ئۇدۇل كەپقېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس

ئىدى. ئۇ قىزنىڭ ئەمدى رەسمىي ئىدىيە ساقچىسىنىڭ ئادىمى بولۇشىمۇ ياكى ئاكتىپ ئىشتىن سىرت ئىشپىيون بولۇشىمۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى. ۋىنستوننى پايلاپ يۈرگەنلىكىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئىدى. ئۇ قىز ۋىنستوننى بايا قاۋاقتا كىرگەندىلا كۆرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۈنىڭ مېڭىشى قىيىنلاشتى. يانچۇقىدىكى ھېلىقى ئەينەك ھەر قەدەمدە ئۈنىڭ يانپىشىغا تېگىپ بىئارام قىلىۋەتتى. ۋىنستون ئۈنى تاشلىۋېتەيمۇ - يا، دەپ سەل ئىككىلىنىپ قالدى. ئەڭ يامىنى ئۈنىڭ بېلى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى. ئۇ بىرەر ھاجەتخانىغا بېرىۋالمىسا خۇددى ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەمما بۇنداق چەت بۇلۇڭلاردا ئاممىۋى ھاجەتخانا يوق ئىدى. بۇ جىددىي ئاغرىقمۇ ئاستا قويۇپ بەردى، ئەمما يەنىلا بىردەمگىچە ئاغرىقنىڭ تەسىرى كەتمىدى.

بۇ بىر خالتا كوچا ئىدى. ۋىنستون نېمە قىلىشنى ئويلاپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، كەلگەن تەرەپكە ياندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلغاندا، ئۇ قىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتكىلى ئەمدى ئۈچ مىنۇتچە بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. بەلكىم ئۇ قارا چاچلىق قىزغا يېتىشەلىشى مۇمكىن ئىدى. ۋىنستون ئۈنىڭ ئىزىدىن پايلاپ مېڭىپ، خىلۋەت بىر جايغا كەلگەندە تاش بىلەن كاللىسىغا بىرنى قويۇپلا ئۆلتۈرۈۋېتەلىشى، بەلكىم يانچۇقىدىكى ئەينەك شارچە بىلەنمۇ بۇ ئىشنى بىجىرگىلى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ دەرھال بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتى، چۈنكى ئۈنىڭ شۇ تاپتا ئۈنداق جىسمانىي قۇۋۋىتى يوق ئىدى، ئۇ يۈگۈرەلمەيتتى، كېلىشتۈرۈپ بىرنىمۇ سالالمايتتى. ئۈنىڭ ئۈستىگە ئۇ قىزمۇ ياش، قاۋۇل، ئۆزىنى قوغدىيالايتتى. ئۇ يەنە ھازىرلا پائالىيەت مەركىزىگە بېرىپ، ئۇ يەردە ھەممە ئادەم تارقالغۇچە تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ بۈگۈن كەچتە مۇشۇ يەردە بولغانلىقىغا ئىسپات تەييارلاپ قويۇشنىمۇ ئويلىدى. ئەمما بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا ئۈنىڭدا قىلچىلىك مادار قالمىغانىدى.

ئۇنىڭ ھازىر ئويلايدىغىنى ئۆيگە بالدۇرراق قايتىپ، تىنچلىنىۋېلىش ئىدى. ئۇ ئۆيگە كەلگەندە سائەت 22 دىن ئاشقانىدى. 23 يېرىمدە چىراغ ئۆچۈرۈلەتتى. ئۇ ئاشخانىسىغا كىردى ۋە زەپەر ئارچا ھارىقىدىن يېرىم پىيالە ئىچتى. ئاندىن ھېلىقى ئۇستىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى ۋە تارتمىدىن خاتىرىسىنى ئالدى. بىراق ئۇ خاتىرىنى ئېلىپلا ئاچمىدى. ئېكراندىن بىر ئايالنىڭ چىرقىراق ئاۋازدا ئېيتقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ ئېكراندىكى ئاۋازدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، خاتىرىسىنىڭ مۇقاۋىسىغا تىكىلىپ خىيال سۈرۈپ باققان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى.

ئۇلار ئادەتتە سىزنى تۇتقىلى دائىم كېچىدە كېلەتتى. ئىشنىڭ ئوڭى ئۆلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈۋېلىش ئىدى، بەزى كىشىلەر شۇنداق قىلغانىدى. غايىپ بولغانلارنىڭ نۇرغۇنى ئەمەلىيەتتە ئۆلۈۋالغانلار ئىدى. بىراق مىلتىق ـ تاپانچا ياكى تېز تەسىر قىلىدىغان زەھەر دېگەندەك نەرسىلەرنى تاپقىلى بولمايدىغان بۇنداق يەردە ئۆلۈۋېلىشقىمۇ زور جۈرئەت كېتەتتى. ئۇ ئاغرىق ۋە قورقۇنچنىڭ ئادەمنى بىئولوگىيە نۇقتىسىدىن كاردىن چىقىرىدىغانلىقىنى، ئادەم بىرەر ھەرىكەت قىلاي دېگەندە بەدەننىڭ ئادەمگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ھەيران قالدى. ئەگەر ۋىنستون گاچ ـ گوۋ بولغان بولسا، بەلكىم قارا چاچلىق قىزنى جىمىقتۇرالىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇنىڭدا ئۆزى يولۇقىدىغان خەتەرنىڭ غايەت زور ۋەھىمىسىدىن ھەرىكەت قىلغۇدەك ماغدۇرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ خەتەرلىك پەيتلەردە تاشقى دۈشمەن بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز بەدىنى بىلەن كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ چۆچۈدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ، گەرچە ئارچا ھارىقى ئىچىۋالغان بولسىمۇ، بېلىدىكى ئاغرىق ئۇنىڭ ئۈزۈپ قويماي پىكىر يۈرگۈزۈشىگە كاشىلا قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەرقانداق باتۇرانە ياكى تراگېدىيەلىك دەقىقىلەردىمۇ مۇشۇنداق بولىدىغاندەك ھېس قىلدى. جەڭ مەيدانلىرىدا، قىيناقخانىلاردا، چۆكۈۋاتقان كېمىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بوپقالغىنىڭىزدا، سىز كۆرەش قىلىۋاتقان نىشاننى ئۇنتۇپ كېتىشىڭىز، تەن شۇ دەقىقىدىكى بىردىنبىر غەمگە ئايلىنىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا سىزنىڭ قورقۇنچ ياكى ئاغرىق ئازابىدىن جېنىڭىز چىقىپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، ھايات سىزگە نىسبەتەن بىر مىنۇت، بىر مىنۇتتىن ئاچلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ھەتتا ئېچىشىۋاتقان ئاشقازان، ئاغرىۋاتقان چىشلار بىلەن كۆرەش قىلىش جەريانىغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى.

ئۇ خاتىرىسىنى ئاچتى. بەزى نەرسىلەرنى يېزىۋېتىش مۇھىم ئىدى. ئېكراندىكى ئايال يېڭى بىر ناخشىنى باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ئۇچلۇق ئەينەك پارچىسىدەك ۋىنىستوننىڭ مېڭىسىگە سانچىلىشقا باشلىدى. ئۇ خاتىرىسىنى ئاتاپ يېزىۋاتقان ئوبراين ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەرنى ئويلىدى، ئاندىن ئىدىيە ساقچىلىرى ئۇنى تۇتقاندىن كېيىن نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. سىزنى دەرھاللا ئۆلتۈرۈۋەتسە مەيلىتى. ئۆلتۈرۈلۈش سىز ئارزۇلايدىغان ئىشقا ئايلىنىپ بولغانىدى. ئەمما ئۆلۈمدىن بۇرۇن جىنايىتىنى تاپشۇرۇش (ھەممەيلەن بۇنى تىلغا ئالمىسىمۇ، شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى) قاتارلىق بىر قاتار ئىشلار بار ئىدى: تازىم قىلىپ گۇناھىڭىزغا رەھىم قىلىشىنى تىلەپ نالە قىلاتتىڭىز، سۆڭەكلىرىڭىز چېقىلىپ، چىشلىرىڭىز ئېزىۋېتىلەتتى، چاچلىرىڭىز قانغا مىلىنىپ كېتەتتى ...

ئاقىۋەتتە بەرىبىر ئوخشاش ئۆلۈم بولغاندىكىن، يەنە نېمىدەپ بۇ قىيناقلارنى تېتىش كېرەككەن؟ ھاياتىڭىزنى بىر نەچچە كۈن ياكى بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرسىڭىز نېمە بوپتۇ؟ تەكشۈرۈشتىن ئۆتەلىگەن، جىنايىتىنى تاپشۇرمىغان ئادەم چىقىپ باقمىغان ئىدى. ناۋادا ئىدىيە جىنايىتى بىلەن ئەيىپلىنىپلا قالدىڭىز، ئۆلۈم سىزگە نىسبەتەن پەقەتلا بىر ۋاقىت مەسىلىسى بوپقالاتتى، خالاس. ئۇنداقتا، ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان بۇنداق قورقۇنچ - ۋەھىمىنى، چوقۇم يوق ئۇمىتلەر بىلەن كۈتۈش كېرەكمۇ؟

ۋىنستون ئەمدى ئوبرايىننىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا ئاز - تولا ئەكىلەلىدى. «بىز قاراڭغۇلۇق يوق يەردە كۆرۈشىمىز» دېگەنىدى ئوبرايىن ئۇنىڭغا. ۋىنستون بۇنىڭ مەنىسىنى بىلەتتى ياكى بىلمەن دەپ ئويلايتتى. قاراڭغۇلۇق يوق يەر، ھېچكىم كۆرەلمەيدىغان تەسەۋۋۇردىكى كەلگۈسىدە ئىدى. بۇنى باشقىلار بىلەن پەقەت بىشارەت يولى ئارقىلىقلا سىرلىق رەۋىشتە ئورتاقلاشقىلى بولاتتى. ئەمما ئېكراندىكى ئاۋازنىڭ قۇلىقىغا توختىماي ئۇرۇلۇشى بىلەن ۋىنستون خىياللىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇ سىگارتتىن بىرنى چىشلىدى. ئۇنىڭدىكى تاماكىنىڭ يېرىمى ۋىنستوننىڭ تىلىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، ئۇنى تۈكۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭدىكى ئاچچىق تۇپىنىڭ تەمى ئادەمنىڭ تىلىدا قالاتتى. ۋىنستوننىڭ كاللىسىدىكى ئوبرايىننىڭ ئورنىغا غوجاكا ئالماشتى. بىر نەچچە كۈن بۇرۇنقىدەك، ۋىنستون يانچۇقىدىن بىر تەڭگىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. بۇ يۈز ئۇنىڭغا سالماق، ئېغىر بېسىق، مېھرىبانلىق نەزىرىدە تىكىلىپ تۇراتتى. ئاشۇ قاپقارا بۇرۇتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغىنى قانداق بىر كۈلكە بولغىيتتى؟ خۇددى ئېغىر جاراڭلاۋاتقان ھالاكەت سىگنالىدەك مۇنۇ سۆزلەر يەنە ۋىنستوننىڭ كاللىسىدىن كەچتى:

*ئۇرۇش تىنچلىقتۇر*
*ھۆرلۈك قۇللۇقتۇر*
*نادانلىق قۇدرەتتۇر*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى بۆلۈم

## 1

چۈشتىن بۇرۇن ئىككى سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ۋىنستون بۆلۈمچىدىن چىقىپ ھاجەتخانىغا ماڭدى. ئۇزۇن، يورۇق كارىدوردا، ئالدى تەرەپتىن بىرەيلەن ــ ھېلىقى قارا چاچلىق قىز كېلىۋاتاتتى. ھېلىقى كۈنىدىكى ئۇچرىشىشتىن تۆت كۈن ئۆتكەن ئىدى. يېقىن كەلگەندە، ئۇ قىزنىڭ بىر بىلىكىنىڭ تېڭىپ ئېسىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى، تېڭىقنىڭ رەڭگى قىزنىڭ پەلتوسى بىلەن ئوخشاش بولغاچقا، يىراقتىن پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بىلىكى بەلكىم يوغان رومان يېزىش ماشىنىلىرىنىڭ بىر يەرلىرىدە قىسىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، رومانلارنىڭ ۋەقەلىكى شۇ يەردە «توقۇلۇپ چىقاتتى». رومان باشقارمىسىدا بۇنداق ھادىسىلەر تولا بولۇپ تۇراتتى.

تەخمىنەن تۆت مېتىرچە قالغاندا، قىزچاق پۇتلىشىپ يۈزىچىلا دۈم چۈشتى ۋە ئاغرىققا چىدىيالماي قاتتىق توۋلاپ تاشلىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ ياردار قولى ئاستىدا قالغاندەك قىلاتتى. ۋىنستون توختىدى. قىزچاق تىزلىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ يېقىلىپ چۈشكەن يۈزى سارغىيىپ، بۈگۈن ئادەتتىن تاشقىرى قىپقىزىل بويالغان لەۋلىرى بىلەن بەكلا سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانىدى. كۆزلىرى ئاغرىق ئەمەس، قورقۇنچقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەزەردە ۋىنستونغا قاراپ قېتىپلا قالغان،

چىرايىدىن بولسا بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى. غەلىتە بىر خىل تۇيغۇ ۋىنستوننىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالدى: ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان دۈشمىنى، شۇنداقلا ئاغرىق ئازابىدىكى — بەلكىم سۆڭىكى سۇنۇق — بىر ئىنسان بالىسى تۇراتتى. ۋىنستوننىڭ قەدەملىرى ئاللىبۇرۇن ئىختىيارسىزلا ئۇ قىزغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن يۆتكىلىپ بولغان ئىدى. ۋىنستون قىزنىڭ تېڭىقلىق قولىنىڭ ئۈستىگە يىقىلغىنىنى بىلىپ، خۇددى ئۆزىنىڭ قولى ئاغرىغاندەك بىئارام بولۇپ كەتتى.

— ئاغرىدىمۇ؟ — سورىدى ۋىنستون.

— ھېچقىسى يوق. شۇ بىلىكىم ئازراق ئاغرىدى. بىردەمدىلا ياخشى بوپكېتىدۇ، — دېدى قىزچاق يۈرىكى دۈپۈلدەپ. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

— بىرەر يېرىڭىز سۇنۇپ كەتمىگەندۇ؟

— ياقەي، بىردەم ئاغرىغاندىن كېيىن ئوڭشىلىپ قالىدۇ، — ئۇ دېدى-دە، بوش قولىنى ۋىنستونغا سۇندى. ۋىنستونمۇ ئۇنى تارتىپ تۇرغۇزۇپ قويدى. قىزچاقنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ، خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدى.

— ھېچقىسى يوق، — يەنە تەكرارلىدى قىزچاق، — بېغىشىم بىر نېمىگە ئۇرۇلۇپ كەتكەنتى. رەھمەت يولداش.

قىزچاق شۇنداق دەپلا چەبدەس قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتقان يۆنىلىشىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى، قارىغاندا ئۇنىڭغا راستىنلا ھېچنېمە بولمىغاندەك قىلاتتى. بۇ تاسادىپىيلىق پەقەت يېرىم مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئاخىرلاشتى. ھېس-تۇيغۇسىنى چىرايىغا چىقارماسلىق تۇغما تەبىئەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدەكلا قىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش دەل ئېكرانىنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ، دەقىقىلىك ھەيرانلىقنى يوشۇرۇش ھەقىقەتەن قىيىن ئىش ئىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋىنستون قىزچاقنى يۆلەپ تۇرغۇزغان شۇ ئىككى ـ ئۈچ سېكونتتا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، قىزچاق ۋىنستوننىڭ قولىغا ناھايىتى كىچىك بىر نەرسە تۇتقۇزۇپ ئۈلگۈرگەنىدى. شەكسىزكى، قىزچاق ئەسلىدە مەقسەتلىك يىقىلغان ئىدى. ئۇ كىچىك ۋە ياپىلاق نەرسە ئىدى. ۋىنستون ھاجەتخانىنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەندە، ئۇنى يانچۇقىغا سېلىۋەتتى. ئۇنى بارماقلىرىدا سىلاشتۇرۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ تۆتبۇرجەك قاتلانغان بىر قەغەز ئىكەنلىكىنى سەزدى.

ئۇ تەرەت قاچىسى ئالدىدا تۇرغاچ، بارماقلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ ئۇنىڭ قېتىنى ئاچتى. قەغەزدە چوقۇم بىر ئۇچۇر بار ئىدى. ئۇنىڭ دەرھاللا ھاجەتخانىنىڭ ئايرىمخانىسىغا كىرىپ ئوقۇغۇسى كەپكەتتىيۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بۇ بەكلا دۆتلۈك ئىدى. چۈنكى بۇ يەردە ئېكرانىنىڭ كۆزىگە چۈشمەيدىغان يەر يوق دېيىشكە بولاتتى.

ۋىنستون بۆلۈمچىسىگە قايتىپ كىرىپ ئولتۇردى. چاندۇرماي قەغەز پارچىسىنى ئۈستەلدىكى باشقا قەغەزلەرنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، ئاندىن خاتىرىلىگۈچنى ئالدىغا تارتتى. «بەش مىنۇت، پەقەت بەش مىنۇتلا تاقەت قىلسام.» ۋىنستوننىڭ يۈرىكى كۆكرىكىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تېپچەكلەپ كېتىۋاتاتتى. تەلىيىگە، بۇگۈنكى خىزمەتلىرى دائىملىق، ئاددىي ئىشلار ئىدى، بىر قاتار سانلارنى تۈزىتىۋەتىسىلا تۈگەيتتى.

قەغەزدىكىسى چوقۇم سىياسىي گەپ ئىدى. ئۇنىڭ پەرىزىچە پەقەت ئىككىلا ئېھتىماللىق مەۋجۇت ئىدى. بىرى، خۇددى ۋىنستوننىڭ پەرىزىدىكىدەك، قىزچاقنىڭ ئىدىيە ساقچىسى بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ ئۇچۇرنى نېمىشقا بۇنداق ئۇسۇلدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى چۈشەنمىدى، بەلكىم ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى باردۇ. ئۇ ئۇچۇر بىر تەھدىتتۇ، ياكى ئۆلۈۋېلىش تەپسىلاتىدۇ، ياكى بىرەر يەرگە چاقىرغاندۇ. ۋىنستون شۇنچە تىرىشىپ تۇرۇپمۇ، تېخىمۇ ۋەھىملىك مۇنداق بىر ئېھتىماللىقنى كاللىسىدىن

چىقىرىۋېتەلمىدى: بۇ ئۇچۇر ئىدىيە ساقچىلىرىدىن ئەمەس، ئەكسىچە بىرەر يەر ئاستى تەشكىلاتىدىن كەلگەن بولسىچۇ؟ دېمەك، قېرىنداشلار مەۋجۇت! قىزچاق بەلكىم ئۇلارنىڭ ئەزاسى بولۇشى مۇمكىن! ئەلۋەتتە، بۇ بەكلا بىمەنە خىيال ئىدى، ئەمما ۋىنستوننىڭ قولى قەغەزگە تەگكەندىلا، شۇنداق خىيال كاللىسىغا پەيدا بولغان، بىرەر - ئىككى مىنۇتلاردىن كېيىن ئاندىن بىرىنچى ئېھتىماللىق كاللىسىغا كەلگەن ئىدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى ئۇنىڭغا بۇ ئۇچۇرنىڭ ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى، يەنىلا بىر خىل نامەلۇم ئۈمىد يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە يالقۇنجاپ تۇراتتى، ھەتتا ئۇ خاتىرىلىگۈچكە سانلارنى سۆزلەۋاتقان چاغدىمۇ، ئاۋازىنىڭ تىترەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خېلىلا قىينالدى.

ئۇ ئالدىدىكى پۈتتۈرۈپ بولغان قەغەزلەرنى يۆگەپ ھاۋا تۇرۇبىسىغا سېلىۋەتتى. سەككىز مىنۇت ئۆتتى. ئۇ كۆزەينىكىنى قايتا بىر ئوڭشىۋېتىپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك نەپەس ئېلىۋالدى، ئاندىن تېخى پۈتتۈرۈپ بولالمىغان قەغەزلەرنى ئالدىغا تارتتى، قەغەز پارچىسى شۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ قەغەزنى تۈزلىدى، قەغەزگە يوغان قىلىپ: «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن خەتلەر قولدىلا يېزىلغان ئىدى.

ۋىنستون قولىدىكى قورقۇنچلۇق نەرسىنى خاتىرە تۆشۈككە تاشلىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، بىر نەچچە سېكونت قاتقاندەك ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ قەغەزنى تۆشۈككە تاشلىۋەتكەچ — گەرچە شۇنداق قىلىشنىڭ قانچىلىك خەتەرلىكلىكىنى بىلسىمۇ — ئۇ خەتلەر يەنە بارمىدۇ دېگەندەك، ئۈستىدىكى خەتكە يەنە بىر كۆز يۈگۈرتۈۋالدى. ئەمدى خىزمەتكە دىققىتىنى يىغىش بەكلا قىيىنغا چۈشتى. ئۇنى قىيناپ كەتكىنى ئالدىدىكى ئۇششاق - چۈششەك خىزمەتلەرگە دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىچىدىكى ھاياجىنىنى ئېكراندىن يوشۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئىچ - ئەزايىغا ئوت كەتكەندەك بولۇپ كەتتى. ناھايىتى ئىسسىق، قىستا - قىستاڭ، ۋاراڭ - چۇرۇڭغا

توشقان ئاشخانىدا چۈشلۈك تاماق يېيىش بىر ئازاب ئىدى. ۋىنستون چۈشلۈك تاماقتا بىردەم بولسىمۇ يالغۇز ئولتۇرۇشنى بەكلا ئىستىگەن بولسىمۇ، ئەپسۇس پارسونس ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان سېسىق تەر ھىدى دۆملەنگەن سەينىڭ پۇرىقىنىمۇ بېسىپ چۈشكەنىدى. ئۇ يەنە نەپرەت ھەپتىسى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان تەييارلىقلار ھەققىدە كاپىلداشقا باشلىدى. ئۇ غوجاكىنىڭ قەغەزدە ياسالغان باش ھەيكىلىگە ئالاھىدە زوقلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھەيكەلنىڭ كەڭلىكى ئىككى مېتىر كېلىدىكەن، ئۇنى پارسونسنىڭ قىزى بار ئىشپىيونلار ئەترىتى، ئاتايىن نەپرەت ھەپتىسى ئۈچۈن ياساپ چىقىپتۇ. ۋىنستون بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭلار ئارىسىدىن پارسونسنىڭ گېپىنى ئۇبدانراق ئاڭلىمىسا تېخى، شۇنىڭغا تۇتۇلۇق پات - پات سوئال سوراپ قويمىسا تېخى، ئۇنىڭ ئىچى بەكلا سىقىلىپ كەتتى. ۋىنستوننىڭ كۆزى قىزچاقنىڭ كۆزى بىلەن تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ باشقا ئىككى قىز بىلەن تاماقخانىنىڭ قارشى ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئىدى. قىزچاق ئۇنى كۆرمىگەنگە سېلىپ ئولتۇردى، ۋىنستونمۇ ئۇ يۆنىلىشكە قايتا قارىمىدى.

چۈشتىن كېيىن كۈن تېخىمۇ تەس ئۆتتى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىنلا، ئۇ ھەممىنى قويۇپ خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىنچىكىلىك ۋە ئۇزۇن ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەر كەلگەنىدى. ئۇلار ئىككى يىل بۇرۇنقى ئىشلەپچىقىرىشقا ئالاقىدار سانلىق مەلۇماتلار بولۇپ، ھەممىسىنى قايتىدىن تۈزىتىدىغان گەپ ئىدى. بۇلار ئارقىلىق ھازىر چەتكە قېقىلىپ قالغان بىر نەپەر غوللۇق ئىچكى پارتىيە ئەزاسىغا جىنايەت يۈكلىگىلى بولاتتى. بۇنداق ئىشلارغا ۋىنستوننىڭ ئېپى بار ئىدى، ئىككى سائەتلەرگىچە داۋاملاشقان جىددىي خىزمەتتە، ئۇ قىزمۇ ۋىنستوننىڭ كاللىسىدىن چىقىپلا كەتكەنىدى، بۇ ۋاقىت ئۆتۈپ ئۇ ۋىنستوننىڭ كۆز ئالدىغا يەنە قايتىپ كەلدى، بۇنىڭ بىلەن ۋىنستون يالغۇزلۇقنى يەنە شۇنچىلىك

خالاپ كەتتى. ئۇ پەقەت يالغۇز قالغاندىلا بۇ ئىشقا زېھنىنى يىغىپ ئويلىنالايتتى. بۈگۈن كەچ، ئۇ پائالىيەت مەركىزىگە بېرىشى لازىم ئىدى. ئۇ ئىچىرغا تېتىمايدىغان كەچلىك تاماقنى ھاپىلا - شاپىلا يەۋېتىپلا پائالىيەت مەركىزىگە كەلدى. ئاۋۋال قارىماققا تولىمۇ سۈرلۈك، ئەمما ئەخمىقانە بىر «مۇزاكىرە گۇرۇپپىسى»غا قاتنىشىۋېتىپ، ئاندىن ئىككى مەيدان تىك - تاك توپ ئوينىدى. بىر نەچچە رومكا ئارچا ھارىقى ئىچكەندىن كېيىن، «INGSOC ئىنسوك ۋە شاخمات» ناملىق لېكسىيىگە يېرىم سائەت قاتناشتى. ئۇ ئۆلگۈدەك زېرىككەنىدى. ئەمما بۈگۈن بىرلا قېتىم ئۇنىڭدا بۇ مەركەزدىكى پائالىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئىستەك بولمىدى. «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن خەتلەر ئۇنىڭدا يەنە ياشاشنىڭ ئۈمىت شامىنى ياندۇرغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇششاق - چۈششەك تەۋەككۈلچىلىكلەرنى سەل ئەخمىقانىلىق ھېس قىلىپ قالدى. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ، ياتقىلى كارىۋىتىغا چىققاندا، سائەت 23 بولغانىدى. مۇشۇ قاراڭغۇدىلا ئۇ ئېكراندىنمۇ كۆڭلى خاتىرجەم ھالدا خىيال سۈرەلەيتتى، ئەمما يەنىلا ئاۋاز چىقىرىپ سالسا بولمايتتى.

ئەمدى قىزچاق بىلەن قانداق كۆرۈشۈش كېرەك؟ مانا بۇ ئەمدىكى باش قاتۇرىدىغان ئەمەلىي مەسىلە ئىدى. ۋىنستون قىزچاق بىرەر تۇزاق قۇرۇۋاتقانمىدۇ يە؟ دېگەنلەرنى خىيالىغا ئەكىلىپ يۈرمىدى. ئۇنىڭ ئۇنداق قىلمايدىغانلىقىغا ۋىنستوننىڭ ئىشەنچى بار ئىدى، چۈنكى ئۇ قىزچاق خەتنى بېرىۋاتقان چاغدىلا، ئۇنىڭدىكى ھاياجاننى ھېس قىلغان ئىدى. گەرچە ئۇ چاغدا قىزچاقمۇ قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان بولسىمۇ، ھاياجىنىنى يوشۇرۇش يەنىلا مۇمكىن بولمىغانىدى. ۋىنستون ئۇنى رەت قىلىشنى ئەسلا ئويلاپمۇ باقمىدى. تېخى بەش كۈننىڭ ئالدىدا ۋىنستون ئۇنىڭ كاللىسىنى تاش بىلەن ئېزىۋېتىشنى ئويلاپ يۈرگەنىدى، ھېچقىسى يوق، ئەمدى ئۇ مۇھىم ئەمەس. خۇددى چۈش كۆرگەندەك، ۋىنستون ئۇنىڭ يالىڭاچ، ياش بەدىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ قىزچاقنى خۇددى باشقا كىشىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشاش دۆت - كالۋا، كاللىسى يالغانچىلىق ۋە نەپرەت بىلەن توشۇپ كەتكەن، قەلبىدە قىلچىلىك رەھىم - شەپقەت يوق دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ئاپپاق بەدەنلىرىدىن ئايرىلىشنى خىيالىغا ئەكەلگەندە، بىردىنلا بىر خىل تەلۋە - ساراڭلارچە ھېسسىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىشغال قىلىۋالدى. ۋىنستون قىزچاقنىڭ مەن بىلەن دەرھال كۆرۈشمىدى دەپ يالتىيىۋېلىشىدىن ھەممىدىن بەك قورقۇپ قالدى. ئەمما كۆرۈشۈشتە ئەمەلىي قىيىنچىلىق بەك زور ئىدى. ئۇ شاخماتتا مات بولۇپ بولغاندا، يەنە مېڭىشقا ئۇرۇنغاندەك بىر ئىش ئىدى. قايسى يولغا ماڭماق، ئېكراندىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتىڭىز. ئەمەلىيەتتە، ۋىنستون خەتنى ئوقۇۋاتقاندىلا، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنىڭ بارلىق مۇمكىن يوللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققانىدى. ئەمدى خۇددى ئۇستەلدە بىر قاتار سايمانلارنى رەتلەۋاتقاندەك، ئۇ يوللارنى بىر - بىرلەپ كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، بۈگۈنكىدەك ئۇچرىشىپ قېلىش ئەمدى تەكرارلانمايتتى. ئەگەر ئۇ ئارخىپ باشقارمىسىدا ئىشلىگەن بولسا، نىسبەتەن ئاسان بولاتتى. ۋىنستون رومان باشقارمىسىنىڭ ئىشخانىلىرىنىڭ يول - قۇرۇلمىلىرىنى تۈزۈك بىلمەيتتى، ئۇ يەرگە بارىدىغانغا ھېچبىر باھانىسىمۇ يوق ئىدى. ئەگەر قىزچاقنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا، ئۆيىگە قايتقاندا كەينىگە چۈشۈپ، مەلۇم بىخەتەررەك يەردە كۆرۈشۈشكە ئامال قىلىپ باقسا بولاتتى، ئەمما بۇ بەك خەتەرلىك ئىدى. چۈنكى ئۇنداقتا مىنىستىرلىكنىڭ ئەتراپىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى، ئۇ ھالدا مۇقەررەر بايقىلىپ قالاتتى. پوچتىدىن خەت ئەۋەتىشنى بولسا تەسەۋۋۇر قىلغىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى تەكشۈرۈلمەيدىغان خەت يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئادەملەر ئاساسەن خەت يېزىشمايتتى. ناۋادا ئۇچۇر ئەۋەتىش زۆرۈر بوپقالسا، نۇرغۇن ئىدىيوم - جۈملىلەر بېسىلغان ئاتكىرتكىلار بولۇپ، شۇنىڭدىكى سۆز تېمىسىغا مۇناسىۋەتسىزلىرىنى سىزىۋەتسىلا بولاتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىنستون ئۇ قىزنىڭ ئادرېسىنى ئەمەس، ھەتتا ئىسمىنىمۇ بىلمەيتتى. ئاخىرىدا، ئۇ ئەڭ بىخەتەر جاي تاماقخانىكەن، دەپ ئويلىدى. ئەگەر ئىككىسى تاماقخانىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئېكراندىن يىراقراق، ئەتراپىنى جىق ئادەم ئوراپ تۇرىدىغان بىر ئۈستەلدە پەقەت ئوتتۇز سېكونتلا بىللە ئولتۇرالىسا، بىر نەچچە ئېغىز گەپ قىلىۋېلىش مۇمكىن بولاتتى.

بىر ھەپتە ئۆتتى، ھايات ئايىغى چىقماس چۈشتەك داۋام قىلماقتا ئىدى. ئىككىنچى كۈنى، ۋىنستون تاماقخانىدىن ئايرىلىشىغا ئۇ پەيدا بولدى، پۈشتەك چېلىنىپ بولغان ئىدى. قارىغاندا قىزچاق سمېنا ئالماشقاندەك قىلاتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ سالماي ئۆتۈشۈپ كەتتى. ئەتىسى ئۇ تاماقخانىغا ئادەتتىكى ۋاقىتتا پەيدا بولدى، ئەمما ئۇ باشقا ئۈچ قىز بىلەن بىللە ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەل ئېكراننىڭ ئاستىدىلا ئولتۇرغان ئىدى. ئاندىن يەنە ئۇدا ئۈچ كۈن پەيدا بولمىدى. ۋىنستوننىڭ پۈتۈن بەدىنى، قەلبى گويا سېزىمچانلىقى زىيادە ئېشىپ كەتكەندەك، ئاجايىپ بىئارامىلىق ئىچىدە قىينىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ئاڭلىغان، سۆزلىگەن ھەربىر سۆزى، باشقىلار بىلەن ھەر قېتىملىق كۆرۈشۈشى ئۇنىڭغا ئازابتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ خۇددى ھېچنېمىنى يوشۇرالمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ھەتتا ئۇخلىغاندىمۇ، ۋىنستوننىڭ كاللىسىدا قىزچاقنىڭ رەسىمى لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ خاتىرىسىنى قولىغا ئېلىپمۇ باقمىدى. ئۇ ھازىر پەقەت خىزمەتتىلا ئازراق يەڭگىللىك ھېس قىلالايتتى، ھېچبولمىسا ئالدىراش خىزمەت ئىچىدە، ئۇ ئون مىنۇت ئەتراپىدا بولسىمۇ ئۆزىنى ئۇنتۇيالايتتى. ۋىنستون قىزچاققا نېمە بولغانلىقى توغرىلىق ھېچنېمە بىلمەيتتى، سۈرۈشتىمۇ قىلالمايتتى. بەلكىم ئۇ پارغا ئايلىنىپ كەتكەندۇ، بەلكىم ئۆلتۈرۈۋېتىلگەندۇ، يا بولمىسا خىزمىتى ئوكيانىيەنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يۆتكەلگەندۇ. ئەمما ئەڭ ئازابلىق، شۇنداقلا ئېھتىماللىقى ئەڭ يۇقىرىسى شۇكى، بەلكىم ئۇ قارارىدىن يالتىيىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

كېيىنكى كۈنى ئۇ پەيدا بولدى. ئۇ بۇ قېتىم قولىنىمۇ ئىسسىۋالمىغان، پەقەت بېغىشىغىلا پىلاستىر چاپلىۋالغان ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك خوش بوپكەتتىكى، ئۆزىنى تۇتالماي قىزچاققا بىر نەچچە سېكونت تىكىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئەتىسى ئۇنىڭغا ئوبدانىلا پۇرسەت كەلگەنىدى. ئۇ تاماقخانىغا كىرگەندە، قىزچاق ئاللىبۇرۇن تامدىن يىراقراق بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ بولغان ئىكەن، بۇ چاغ خېلى بالدۇر بولۇپ، ئادەممۇ بەك كۆپ ئەمەس ئىدى. ئۆچىرەت ئاستا يۆتكىلىۋاتاتتى، ۋىنستون ئەمدى پوكەيگە يېقىنلاشقاندا، ئالدىدىكى ئادەم شېكەر جەۋھىرى تابلېتىنى ئالالماي گەپ تالىشىپ، يەنە ئىككى مىنۇت ۋاقىتنى ئالدى. ۋىنستون تامىقىنى ئېلىپ قىزچاق تەرەپكە قەدەم ئالغاندا، ئۇ تېخىچە يالغۇز ئولتۇرغانىدى. ۋىنستون بىمالال قىزچاق تەرەپكە قاراپ ماڭغاچ، ئۇنىڭ ئۈستىلىنىڭ يانلىرىدىكى بوش ئورۇنلارغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۈچ مېتىرلا قالغاندا، كەينىدىن بىر ئاۋاز «سىمىس!» دەپ چاقىرىپ قالدى. ۋىنستون ئاڭلىمىغانغا سېلىپ مېڭىۋەردى. «سىمىس!» ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى. مېڭىۋەرگەنىنىڭ پايدىسى بولمىدى، ئۇ كەينىگە بۇرۇلدى. چاقىرغىنى ۋىلشېر ئىدى. سېرىق چاچلىق، چىرايى تاتىراڭغۇ كۆرۈنىدىغان بۇ يىگىتنى ۋىنستون تۇزۇكمۇ تونۇمايتتى. ۋىلشېر ۋىنستوننى يېنىدىكى بوش ئورۇنغا تەكلىپ قىلىۋاتاتتى. رەت قىلىش خەتەرلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى بىلىپ چاقىرغان يەردە، ئۇنىڭ كارى بولماستىن باشقا يالغۇز بىر قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ ئولتۇرۇش دىققەتنى قوزغاپ قوياتتى. ۋىنستون كۈلۈمسىرەپ ئۇ كۆرسەتكەن يەردە ئولتۇردى. بۇ تاتىراڭغۇ يۈزمۇ ۋىنستونغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ۋىنستون خىيالىدا ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جوتۇ بىلەن بىرنى سالدى. بىر نەچچە مىنۇتقا قالمايلا قىزچاقنىڭ ئۈستىلىمۇ توشۇپ كەتتى.

قىزچاقمۇ ۋىنستوننىڭ ئۇنىڭغا قاراپ كەلگىنىنى كۆرگەن ئىدى. ئۇمۇ چۈشەنگەندۇ بەلكىم. ۋىنستون ئەتىسى بالدۇرراق كەلدى. دېگەندەك قىزچاق يەنىلا تۈنۈگۈنكىدەك ئورۇندا يالغۇز ئولتۇراتتى. ۋىنستوننىڭ

ئالدىدىكىسى ۋىجىك، قوڭغۇزغا ئوخشايدىغان، ھەرىكەتلىرى چاققان، ياپىلاق يۈز، كۆزلىرى كىچىك ھەم ھەممىگە گۇمان نەزەردە قاراپلا يۈرىدىغان ئادەم ئىدى. ۋىنستون تامىقىنى ئېلىپ بۇرۇلغاندا، ئۇ ئادەمنىڭ قىزچاقىنىڭ ئۈستىلىگە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئۇمىدى يەنە سۇغا چىلاشتى. يىراقراق يەردە يەنە بىر بوش ئورۇن بار ئىدى، ئەمما بۇ ئادەمنىڭ مېڭىشىدىن قارىغاندا، زادى ئادەم ئاز يەردە ئولتۇرمىسا، راھەت ھېس قىلالمايدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. ۋىنستوننىڭ يۈرىكى مۇزدەك بولۇپ كەتتى ۋە ئۇ ئادەمنىڭ كەينىدىن ماڭدى. قىزچاق بىلەن يالغۇز ئولتۇرالمىسا، بىر ئۈستەلدە ئولتۇرغاننىڭ پايدىسى يوق ئىدى. ۋىنستون تۇيۇقسىز ئۇ ئادەمگە قاتتىق سوقۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئادەم دۈملا چۈشتى، قولىدىكى تەخسىسى يىراققا ئۇچۇپ كەتتى، قەھۋە، شورپىسىمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قەستەن قىلدىڭ دەۋاتقاندەك ۋىنستونغا سەت ئالايدى. ھېچقىسى يوق. ۋىنستون قىزچاقىنىڭ ئۈستىلىدە ئولتۇردى، ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپقالغانىدى.

ۋىنستون ئۇنىڭغا قارىمىدى. ئۇ تامىقىنى ئالدىغا تارتىپ، يېيىشكە باشلىدى. باشقىلار كېلىشتىن بۇرۇن گەپ قىلىۋېلىش كېرەك ئىدى. ئەمما شۇ تاپتا ۋىنستوننى بىر تەسۋىرلىگۈسىز قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. كۆرۈشكەندىن ھازىرغىچە بىر ھەپتە ئۆتكەنىدى. قىزچاق يالتىيىۋالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى، توغرا! ئۇ چوقۇم يالتىيىۋالدى! بۇ ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، رېئاللىقتا مۇنداق بىر ئىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايتتى. ئەگەر ۋىنستون ھېلىقى قۇلىقىنى تۈك قاپلاپ كەتكەن شائىر ئامپۇلفورسىنىڭ بوش ئورۇن ئىزدەپ يۈرگىنىنى كۆرمىگەن بولسا، گەپ قىلىشتىن يالتايغان بولاتتى. ئامپۇلفورس يەنە ئازراقلا كۆز يۈگۈرتسە ۋىنستوننى كۆرەتتى ـ دە، چوقۇم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇراتتى.

گەپ قىلىشقا پەقەت بىر مىنۇتلا ۋاقىت بار ئىدى. ۋىنستون ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىزچاق ئىككىلىسى تامقىنى يېيىشتى. ئۇلار يەۋاتقان نەرسە سۇيۇق سەي شورپىسى ۋە ئاق پۇرچاق ئىدى. ۋىنستون شىۋىرلاپ گېپىنى باشلىدى. ھەر ئىككىلىسى بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئىككىلىسى قوشۇقتا سەي شورپىسىنى ئېغىزىغا سېلىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا ئۇلار بىر نەچچە ئېغىز زۆرۈر گەپلىرىنى قىلىشىۋالدى:

— سائەت نەچچىدە ئىشتىن چۈشىسىز؟

— ئون سەككىز يېرىمدە.

— قەيەردە كۆرۈشەلەيمىز؟

— خاتىرە مۇنارىنىڭ قېشىدىكى زەپەر مەيدانىدا.

— ئۇ يەردە ئېكران بەك كۆپ.

— چاتاق يوق، ئادەملەرمۇ بەك جىق.

— سىگنال؟

— مېنى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا كۆرمىگىچە يېقىنلاشماڭ. ماڭا قارىماڭ، پەقەت ماڭا يېقىن يەردە تۇرۇڭ.

— سائەت نەچچىدە؟

— ئون توققۇزدا.

— بولىدۇ.

ئامپۇلفورس ۋىنستوننى كۆرمەي باشقا بىر يەردە ئولتۇرغان ئىدى.

ئۇلار قايتا پاراڭلاشمىدى. ئىككەيلەن ھازىر بىر ئۈستەلدە بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرالايتتى، ئەمما ئۇلار بېشىنى كۆتۈرمىدى. قىزچاق تامقىنى تېزلا يەپ بولۇپ بۇ يەردىن ئايرىلدى. ۋىنستون سىگارتىنى چېقىرىپ تۇتاشتۇردى.

ۋىنستون دېيىشكەن ۋاقىتتىن بالدۇر زەپەر مەيدانىغا كېلىپ بولغانىدى. ئۇ مەيداندىكى غايەت زور نەشۋىقات تۈۋرۈكىنىڭ ئاستىدا چۆگىلەپ يۈردى، تۈۋرۈكنىڭ چوققىسىدا غوجاكىنىڭ ھەيكىلى غەربىي

جەنۇب تەرەپتىكى ئاسمانغا قاراپ تۇراتتى. بىرىنچى ھاۋا رايونىدىكى بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا، غوجاكا ياۋروئاسىيانىڭ ئايروپىلانلىرىنى (بىر نەچچە يىل بۇرۇن شەرقىي ئاسىيا ئايروپىلانلىرى ئىدى) پاچاقلىغان ئىدى. مەيدانىنىڭ ئالدىدىكى كوچىغا ئۇلىشىپ كىرىۋېلىپ ئىسمىلىك بىرەيلەننىڭ ئاتقا مىنگەن ھەيكىلى ئورنىتىلغانىدى. بەش مىنۇت ئۆتۈپ كەتتى، ۋىنستوننى يەنە قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. ئۇ كەلمەيدۇ! ئۇ بۇددا چوقۇم يالتايدى! ۋىنستون مەيدانىنىڭ شىمال تەرىپىگە ئۆتتى، ئۇ سېينىت مارتىن چېركاۋىنى كۆرۈپ، قەلبىنى كىچىككىنە خۇشاللىق قاپلىدى. ئۇنىڭ قوڭغۇراقلىرى بار ۋاقتىدا «سەن ماڭا ئۈچ فارسىڭ قەرزدار» دەپ جاراڭلايتتى. شۇندىلا ۋىنستون قىزچاقنىڭ خاتىرە مۇنارىنىڭ ئاستىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ يۇمىلاق تۈۋرۈككە ئايلاندۇرۇپ چاپلانغان تەشۋىقات رەسىملىرىنى كۆرۈۋاتقاندەك تۇرغانىدى. كۆپرەك ئادەم يىغىلمىغىچە، قىزچاقنىڭ يېنىغا بېرىش خەتەرلىك ئىدى. بۇ يەردىكى ئۈچ بۇرجەك تاملارنىڭ ھەممىسىدە ئېكران بار ئىدى. شۇ ئەسنادا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تۋۋلاشقان ئاۋازلىرى ئارقىدىنلا، بىر مۇنچە ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلارنىڭ ئۆتۈۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇشتۇمتۇت كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مەيداندىن يۈگرەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. قىزچاقمۇ خاتىرە مۇنارىنىڭ تېگىدىكى شىر ھەيكىلىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپلا يۈگرەۋاتقانلارغا قوشۇلۇپ كەتتى. ۋىنستونمۇ دەرھاللا ئەگەشتى. ئۇ يۈگرەۋاتقاندا، كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىدىن، ياۋروئاسىيا مەھبۇسلىرىنى باسقان بىر مۇنچە ماشىنىلارنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى بىلدى.

توپ - توپ بولۇپ قىستىلىشىپ كەتكەن كىشىلەر، مەيدانىنىڭ جەنۇب تەرىپىنى توسۇۋالغان ئىدى. ۋىنستون ئادەتتە مۇشۇنداق ئادەم توپلىرىنىڭ سىرتىدىراق تۇرۇۋالاتتى، ئەمما بۈگۈن جان - جەھلى بىلەن قىستىلىپ، توپنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ سىلجىدى. بىردەمدىلا ئۇ قىزچاققا يېقىنلاشتى، قولىنى سۇنسىلا يېتەتتى. ئەمما ئىككىسىنى ئوخشاشلا يوغان، بەستلىك بىر ئەر ۋە بىر ئايال پرولتار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توسۇۋالغان ئىدى. قارىغاندا خوتۇنى بولسا كېرەك، بۇ ئىككەيلەن خۇددى ئۈتكىلى بولمايدىغان گۈش تامدەك تۇرغانىدى. ۋىنستون يانغا ئازراق يۆتكىلىپ، مۇرىسىنى ئىككەيلەننىڭ ئارىسىغا كۆچەپ سىغدۇردى، ئىككەيلەننىڭ سېمىز يانپاشلىرى ئارىسىدا، ۋىنستوننىڭ ئىچ - ئەزالىرى خۇددى ئېزىلىپ كەتكەندەك ئاغرىپ مىڭ بالالىقتا ئۆتىۋالدى، ئۆتۈپ بولغۇچە تەرلەپ چىلىق - چىلىق بولۇپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قىزچاقنىڭ يېنىدىلا ئىدى. مۇرىلىرى تېگىشىپ تۇراتتى، ئۇلار ئالدى تەرەپكە قارىشىپ تۇراتتى.

ئۇزۇن قاتارلاشقان كوزۇپلۇق ماشىنىلار ئاستا مېڭىۋاتاتتى، كوزۇپنىڭ تۆت بۇرجىكىدە ئاپتومات تۇتۇۋالغان، مۇز چىراي مۇھاپىزەتچىلەر تىك تۇراتتى. كوزۇپتا جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن، يېشىل رەڭلىك فورما كىيىۋالغان موڭغۇلچىراي مەھبۇسلار بىر - بىرىگە قىستىلىشىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇشقان ئىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق نەرسىگە قىزىقىسىنىش ئالامەتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ماشىنا ھەربىر سىلكىنگەندە تۆمۈرنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى، ھەممىسىنىڭ پۇتىدا ئىشكال بار ئىدى. نۇرغۇن ماشىنا ئۆتتى. ۋىنستون مەھبۇسلارنىڭ ماشىنا كوزۇپىدا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما پەقەت پات - پاتلا قاراپ قوياتتى. ئىككەيلەن مۇرىلىرىدىن جەينەكلىرىگىچە چىڭ تېگىشىپ تۇرۇشقانىدى، ئۇلارنىڭ مەگزىلىرى تېگىشىپلا قالاي دېگەن بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ھارارىتىنى ھېس قىلالايتتى. قىزچاق يەنە ئاشخانىدىكىدەك تەشەببۇسكارلىق بىلەن، ئېپادىسىز بىر ئاۋازدا شىۋىرلىدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىغان بولۇپ، ئەتراپتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدا ئۇنىڭ ئاۋازىنى پەرقلەندۈرۈش بەكلا تەس ئىدى.

— ئاۋازىمنى ئاڭلىيالىدىڭىزمۇ؟

— ھەئە

— يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن بىكار بولالامسىز؟

— ھەئە

— ئەمسە ئوبدان ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىڭ، پادىڭتون بېكىتىگە بارسىز!

قىزچاقنىڭ ھەربىيلەرگە خاس ئىنچىكىلىكى ئۇنى ھەيران قالدۇردى، ئۇ ۋىنستونغا ماڭىدىغان يولنى تەپسىلى ئېيتىپ بەردى:

— پويىزدا يېرىم سائەت ماڭغاندىكىن كېيىن چۈشىسىز، ئاندىن بېكەتتىن چىقىپ سولغا بۇرۇلۇپ ئىككى كىلومېتىر ماڭىسىز، ئۈستىدىكى لىمى يوق بىر دەرۋازىدىن ئۆتىسىز، ئېتىزلىقتىن كېسىپ ئۆتىدىغان بىر يولغا كىرىسىز، ئاندىن ئوت - چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن بىر يول بار، ئۇنىڭدىن بىر چاتقاللارنىڭ ئارىسىدىكى چىغىر يولغا كىرىسىز، ئاندىن قۇرۇپ موخ بېسىپ كەتكەن بىر دەرەخنىڭ قېشىدا تۇرسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ خۇددى خەرىتە كاللىسىدا باردەكلا ئېيتىپ بەردى.

— ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە

— يەنە بىر دەپ بېرەي، ئاۋۋال سولغا، ئاندىن ئوڭغا، يەنە سولغا، ئاندىن لىمى يوق دەرۋازىدىن ئۆتىسىز.

— بىلدىم. سائەت قانچىدە؟

— ئون بەش ئەتراپىدا. سەل ساقلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، مەن باشقا يول بىلەن بارىمەن. ئېنىق ئېسىڭىزدە تۇتۇۋالدىڭىزمۇ؟

— ھەئە

— ئۇنداقتا مەندىن تېز يىراقلىشىڭ.

قىزچاقنىڭ ۋىنستونغا بۇنى دېيىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئەمما ئۇلار بۇ چاغدا، بۇ توپنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدى. ماشىنا تېخىچە ئۆتۈۋاتاتتى. مەھبۇسلار يەنىلا ئاۋۋالقىدەك ئۆلۈكتەك

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قارىشىپ تۇراتتى. باشتا ئۇيىاق - بۇياقتىن ئىسقىرتقان، توۋلىغان ئاۋازلار ئاڭلانغان ئىدى، بۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىشى ئىدى، ئەمما ئۇلار تېزلا توختاپ قالدى. ھەممەيلەندە بىر خىل ھەيرانلىق، قىزىقىش بار ئىدى. ئۇلارغا نىسبەتەن، ياۋروئاسىيالىق ياكى شەرقىي ئاسىيالىق چەتئەللىكلەر ناتونۇش ھايۋانغا ئوخشايتتى. ئەمەلىيەتتە ئوكيانىيىلىكلەر بۇلارنى پەقەت مەھبۇس ھالىتىدىلا كۆرۈپ باققان، كۆردى دېگەنلىرىمۇ، پەقەتلا ھازىرقىدەك بىر نەچچە مىنۇتلا كۆرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئازساندىكى ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى سۈپىتىدە ئاشكارا دارغا ئېسىلىدىغانلىرىدىن باشقىلىرىغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، باشقىلىرى پەقەت يوقاپلا كېتەتتى. بەلكىم ئەمگەك لاگېرلىرىدا بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى موڭغۇلچىراي ئەمەس، ياۋروپا ئىرقىدىكىلەر كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇستى - بېشى مەينەت، ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن، ئىنتايىن ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ نىگاھى ئورۇقلاپ بۆرتۈپ چىققان مەڭىز سۆڭەكلىرىنىڭ ئۇستىدىن ئۆتۈپ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ۋىنستونىنىڭكى بىلەن ئۇچرىشىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدىن بەزىدە بىر خىل جىددىيلىكنى كۆرگىلى بولاتتىيۇ، يەنە چاقماقتەكلا يوقاپ كېتەتتى. ماشىنا كانۋويى ئاخىرلىشاي دېدى. ئەڭ ئاخىرقى ماشىنىنىڭ كوزۇپىدا بىر قېرى بوۋاي كۆرۈندى. بوۋاينىڭ ئۆسۈپ چاڭگىلىشىپ كەتكەن كۈمۈشرەڭ چاچلىرى يۈزىنى توسۇۋالغان ئىدى. ئۇ قوللىرىنى ئالدىغا قوشتۇرۇۋالغان بولۇپ خۇددى باغلىۋېتىلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئىككىسىنىڭ ئايرىلىدىغان ۋاقتى بوپقالدى. ئەڭ ئاخىرىدا، قىستاڭچىلىق ئۇلارنى بىر يەرگە ئەكىلىپ قويدى، قىزچاقنىڭ قولى ۋىنستونىڭكىنى چىڭگىدە بىرنى سىقىپ قويدى.

بەلكىم ئون سېكونتمۇ ئۆتمىگەندۇ، ئەمما ئۇلارغا ناھايىتى ئۇزۇن قول تۇتۇشۇپ تۇرغاندەك بىلىندى. ۋىنستون ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ ھەممە يېرىنى ئېنىق بىلىۋالماقچى بولغاندەك، قىزچاقنىڭ بارماقلىرىنى،

چىرايلىق ياسالغان تىرناقلىرىنى، ئىش قىلىپ يىرىكلىشىپ كەتكەن ئالقانلىرىنى، بىغىشىنىڭ يىنىدىكى يۇمران گۆشلىرىنى سىلاشتۇرۇپ كەتتى. گەرچە قولى بىلەن سىلىغان بولسىمۇ، خۇددى كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى. شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇ قىزچاقنىڭ كۆزىنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. بەلكىم قوڭۇر بولۇشى مۇمكىن، ئەمما قارا چاچلىق قىزلار ئادەتتە كۆك كۆز كېلىدۇ. بېشىنى بۇراپ قىزچاقنىڭ كۆزىگە قاراش شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئىنتايىن ھاماقەتلىك ئىدى. ئۇلار قوللىرىنى چىڭ تۇتۇشۇپ، ئادەملەر توپىنىڭ ئىچىدە ئالدى تەرەپتىن كۆرۈنى ئۆزمەي قارىشىپ تۇردى. ۋىنستون ئۇمىت قىلىۋاتقان قىزنىڭ كۆزلىرى ئورنىدا، بىر مەھبۇسنىڭ قايغۇلۇق كۆزلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن چاچلىرى ئارىسىدىن ۋىنستونغا تىكىلىپ تۇراتتى.

## 2

ۋىنستون بۆككىدە شاخلار ئالا - بۇلىماچ سايە تاشلىغان چىغىر يولدىن ئۆتتى، ئالتۇندەك قۇياش نۇرى شاخلارنىڭ ئارىسىدىن چىغىر يولغا نۇر سېپەتتى. يولنىڭ سول تەرىپىدىكى دەرەخ ئاستىدىكى ھەممەل گۈللەر بىلەن قاپلانغان يەر تۇمانلىق كۆرۈنەتتى. ئىسسىق ھاۋا تېرىگە چاپلىشىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. بۈگۈن 2 - ماي ئىدى. دەرەخزارلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بۇلبۇللارنىڭ سايراۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

ۋىنستون سەل بالدۇر كەلگەنىدى. بۇ يەرنى تېپىش ئۇنداق قىيىنغا چۈشمىدى. قىزچاقنىڭ تەجرىبىسىگە قاراپ، ئۇ بەك قورقۇپمۇ كەتمىدى، ئادەتتىكى ئەھۋالدا چوقۇم بوش ئەنسىرىمەيتتى. ۋىنستون خۇددى ئۇنى شۇنداق بىخەتەر بىر جاي تاپالايدىغاندەك ھېس قىلغان ئىدى. ئادەتتە سىز ئۆزىڭىزنى لوندونغا قارىغاندا يېزىدا سەل بىخەتەر تۇرالايمەن دېيەلمەيتتىڭىز. توغرا، بۇ يەردە ئېكران يوق، ئەمما بۇ

يەردىكى مەخپىي جايلارغا تىگىشىغۇچ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن، ئاۋازنى ھەرۋاقىت ئېلىنىپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي، يالغۇز يول يۈرۈش ئاسان ئەمەس. يۈز كىلومېتىردىن ئاشمايدىغان مۇساپىگە پاسپورتىڭىزنى ئېلىۋالمىسىڭىزمۇ بولاتتى. ئەمما پويىز ئىستانسىسى دېگەندەك يەرلەردە چارلىغۇچىلارغا ئۇچراپ قالسىڭىز، ئۇلار پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك كىنىشكىلىرىنى سۈرۈشتۈرەتتى ۋە ھەرخىل سوئاللارنى سوراپ سىزنى بىئارام قىلاتتى. تەلىيىگە ئۇنىڭغا چارلىغۇچىلارمۇ ئۇچرىمىدى، پويىز بېكەتتىن مېڭىپ كەلگىچە، ئۇ ئارقىسىغا چاندۇرماستىن پات - پات قاراپ، كەينىگە ئادەم چۈشۈۋالمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ئىدى. پويىزدا لىق پرولېتارلار بار ئىدى، ياز ھاۋاسىدىنمۇ تاڭ، ئۇلارنىڭ كەيپىياتى ياخشى كۆرۈنەتتى. ۋىنستون چىققان ياغاچ ئورۇندۇقلۇق بۆلمىگە، باشقا يەنە بىر چوڭ ئائىلىمۇ چىققان ئىدى، چىشى چۈشۈپ كەتكەن ئۇلۇغ مومىسىدىن، ئەمدى بىر ئايلىق بولغان نەۋرىسىگىچە بىر مۇنچە ئادەم بىللە بولۇپ، ئۇلار بوگۈن چۈشتىن كېيىنلىك ۋاقتىنى يېزىدىكى تۇغقىنى بىلەن ئۆتكۈزمەكچى ۋە شۇ پۇرسەتتە قارا بازاردىن سېرىق ماي تاپماقچى ئىكەن.

يول ئازراق كېڭەيدى، ۋىنستون قىزچاق دەپ بەرگەن چاتقالنىڭ ئارىسىدىكى قوي - كالىلار مېڭىپ شەكىللىنىپ قالغان چىغىرغا كىردى. ۋىنستوندا سائەت يوق ئىدى، ئەمما ئۇ ئون بەش بولمىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلەيتتى. پەستىكى ھەمەل گۈللەر بەكلا قويۇق بولۇپ، ئۇلارغا دەسسىمەي قەدەم ئالغىلى بولمايتتى. ئۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، پەستىكى ھەمەل گۈللەردىن تېرىشكە باشلىدى، ئۇنىڭدا بىرەر دەستە گۈل قىلىپ قىزچاققا بېرەرمەن دېگەن خىيالمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇ چوڭ بىر دەستە گۈل قىلدى، گۈلنىڭ ھىدى ئانچە پۇراقلىق ئەمەس ئىدى. دەل شۇچاغدا ئۇ كەينىدىن كەلگەن بىر ئاۋازدىن قېتىپلا قالدى. قەدەم تىۋىشى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ گۈل

تېرىۋەردى. مۇشۇنداق قىلىش ئەڭ توغرا ئىدى. بۇ ئاشۇ قىزچاق بولۇشى مۇمكىن، ياكى باشقا ئىزنىغا چۈشكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئەتراپقا قاراش مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى، ئۇ داۋاملىق تېرىۋەردى، بىر قول يەڭگىلگىنە ئۇنىڭ مۈرىسىگە چۈشتى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ قارا چاچلىق قىز ئىدى. قىزچاق بېشىنى چايقىدى، ئۇ ئۈنچىقماسلىقنى بېرىلگەن سىگنال ئىدى. ئاندىن ئۇ چاتقاللاردىن ئايرىلىپ، تار چىغىر يولدىن ۋىنستوننى باشلاپ دەرەخزارلىقنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىلگىرى بۇ يەرگە كېلىپ باققاندەك قىلاتتى، چۈنكى ئۇ ساسلىق ئازگاللاردىن تولىمۇ چەبدەسلىك بىلەن ئاتلاپ - ئاتلاپ مېڭىۋاتاتتى. ۋىنستون ئەگىشىپ ماڭدى، قولىدا گۈللەرنى چىڭ سىقىمدىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا قاۋۇل، تولغان بىر بەدەن مېڭىۋاتاتتى، ئۇ بېلىگە چىڭ قىلىپ قىزىل بەلۋاغ چىگىۋالغان بولۇپ، تولغان كاسىسىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن ۋىنستون ئۆزىنى تەققى - تۇرقى قاملاشمىغان بىر ئەر كىشىدەك ھېس قىلىپ قالدى. ھەتتا ھازىرمۇ، قىزچاق بۇرۇلۇپلا ۋىنستونغا قارىسا، نېيىتىدىن يەنە يالتىيىۋالىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ھاۋانىڭ يېقىملىقلىقى ۋە يوپۇرماقلارنىڭ يېشىللىقى ئۇنى بوشاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ پويىز بېكەتتىدىن مېڭىپ كەلگىچە، ماي ئېيىنىڭ قۇياش نۇرى، ئۇنى بەدەنلىرى كىرلىشىپ كەتكەندەك، ئۆڭسۈلى قالمىغاندەك تۇيغۇغا ئەكىلىپ قويغانىدى. ئىشخانىدىن چىقماي ئىشلىگەچكە، لوندوننىڭ قايقارا ئىس - توزانلىرى ۋىنستوننىڭ تەر تۆشۈكچىلىرىنى ئېتىۋەتكەن ئىدى. قىزچاق ۋىنستونغا خۇددى ئۇنى تا ھازىرغىچە بۇنداق يورۇق، ئوچۇقچىلىقتا كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراۋاتاتتى. ئۇلار قىزچاق گېپىنى قىلغان ھېلىقى دەرەخنىڭ يېنىغا كەلدى. قىزچاق دەرەختىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، شاخ - شۇمبىلارنى قايرىدى، ئۇ يەرنىڭ ئىچىدە چىقىدىغان بىرەر ئېغىز كۆرۈنمەيتتى. ۋىنستون ئەگىشىپلا كىردى. بۇ يايپېشىل ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان كىچىككىنە بىر

تۆپىلىك بولۇپ، تۆت ئەتراپى زىچچىدە ئۆسكەن كۆچەتلەر بىلەن ھەم توسۇلغان ئىدى. قىزچاق توختاپ بۇرۇلدى.

— مانا كەلدۇق ئاخىرى، — دېدى قىزچاق.

ۋىنستون قىزچاقتىن پەقەت بىر قانچە قەدەملا يىراقلىقتا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ تېخىچە قىزچاققا يېقىنلىششقا پېتىنالمايۋاتاتتى.

— چىغىر يولدا گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلدىم، — داۋاملاشتۇردى قىزچاق، — ئۇ يەردە مەخپىي تىڭشىغۇچ بولۇشى مۇمكىن، مېنىڭچىغۇ يوق، ئەمما بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ چوشقىلارنىڭ بىرەرى چوقۇم ئاۋازىڭىزنى تونۇۋېلىشى مۇمكىن. مانا بۇ يەر بىخەتەر.

ئۇنىڭدا تېخىچە قەدەم ئالغىدەك جۈرئەت يوق ئىدى. «مانا بۇ يەر بىخەتەر» دەپ تەكرارلىدى ۋىنستون تىللىرى كالۋالاشقان ھالدا.

— شۇنداق، دەرەخلەرگە قاراڭ، — دېدى قىزچاق.

بۇ ئىنچىكە ئەرمىدۇن كۆچەتلىرى ئىدى. ئىلگىرى بىر قېتىم كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، ھازىر قايتىدىن كۆكلەپ قويۇق دەرەخزارلىققا ئايلىنىپ قالغانىدى. تومۇقى ئاران ئادەمنىڭ بېغىشچىلىك كېلەتتى.

— كۆچەتلەر تېخى كىچىك، تىڭشىغۇچ يوشۇرۇپ قويالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۇ يەرگە كېلىپ باققان، — دېدى قىزچاق.

ئۇلار دېيىشكىلى گەپ تاپالمايۋاتاتتى. ۋىنستون ئەمدى قىزچاق تەرەپكە يېقىنلاشتى. قىزچاق ۋىنستوننىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. چىرايىدا خۇددى ۋىنستوننى سىز نېمانداق مىس - مىس دېگەندەك بىلىنەر - بىلىنمەس مەسخىرە كۈلكىسى بار ئىدى. يەردە ھەمەل گۈللەر چېچىلىپ ياتاتتى، بۇ گۈللەر شاخلىرىدىن ئۆزلىرى چۈشۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ۋىنستون قىزچاقنىڭ قولىنى تۇتتى.

— ئىشىنەمسىز؟ تا مۇشۇ دەقىقىگىچە سىزنىڭ كۆزىڭىزنىڭ قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، — دېدى ۋىنستون. قىزچاقنىڭ

كۆزى قوڭۇر، كىرپىكلىرى قارا ئىدى، — مانا، مېنى ئەمدى ئوبدان كۆردىڭىز، قانداق يەنە قاراشقا چىدىيالامدىكەنسىز؟

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولمامدىغان.

— مەن ئوتتۇز توققۇز ياش، مىڭ بالالىقتا قۇتۇلالمىغان بىر ئايالىم بولغان، ھوشۇقۇمدا يارا بار، يەنە تېخى بەش چىشىم يالغان.

— كارىم يوق، — دېدى قىزچاق.

ئارقىدىنلا كىم ئاۋۋال ھەرىكەت قىلدىكىنىتاڭ، قىزچاق ۋىنستوننىڭ قۇچىقىغا كىرىپ قالدى. باشتا ۋىنستوندا بۇ ئىشلارغا ئىشىنەلمەسلىكتىن ئۆزگىچە تۇيغۇ بولمىدى. قىزچاقنىڭ ياش بەدىنى ۋىنستوننىڭكىگە چاپلىشىپ تۇراتتى، چاچلىرى ۋىنستوننىڭ يۈزىگە يېپىشىپ تۇراتتى. ئاخىرى قىزچاق بېشىنى بۇرىدى، ۋىنستونمۇ قىزچاقنىڭ چوڭ، قىپقىزىل لەۋلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى. قىزچاق ۋىنستوننىڭ بويىنىغا چىڭ ئېسىلىۋالغان بولۇپ، توختىماستىن «سۆيۈملۈكۈم، قەدىرلىكىم، ھاياتىم» دەۋاتاتتى. ۋىنستون قىزچاقنى يەرگە ياتقۇزدى، قىزچاقتا ھېچقانداق قارشىلىق يوق ئىدى، ۋىنستون قىزچاقنى نېمە قىلسا بولۇۋېرەتتى. ئەمما شۇ تاپتا ۋىنستوندا بەدەنلىرىنىڭ تېگىشىشىدىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايۋاتاتتى. ئۇ تېخىچە ئىشىنەلمەسلىك ۋە بىر خىل پەخىرلىنىش تۇيغۇسىدا ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقىنىدىن بەكلا خۇشال، ئەمما ئۆزىدە ھېچبىر ھەۋەس ھېس قىلالمايۋاتاتتى. بۇ ئىشلار بەكلا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىدى، قىزچاقنىڭ گۈزەللىكى، ياشلىقى ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويغانىدى. ۋىنستونمۇ ئاياللار بىلەن بىرگە بولمىغىلى بەك ئۇزۇن بولۇپ كەتكەنىدى. سەۋەبىنى ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. قىزچاق رۇسلىنىپ ئولتۇردى ۋە چاچلىرى ئارىسىدىن بىر تال ھەمەل گۈلنى ئېلىۋەتتى. ئۇ ۋىنستوننىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ چاپلىشىپ ئولتۇردى.

— ھېچقىسى يوق سۆيۈملۈكۈم، ئالدىرىمىساقمۇ بولىدۇ. پۈتۈن

www.uyghurkitap.com

چۈشتىن كېيىن بىزنىڭ. قانداق بۇ يەر پەيزىمكەن؟ مەن بىر قېتىملىق دالا يۈرۈشىدە ئېزىپ قېلىپ، مۇشۇ يەرنى بايقاپ قالغانتىم. ئەگەر بىرەرى بۇ يەرگە يېقىنلاپ قالسا، ئۇنىڭ تىۋىشىنى يۈز مېتىر نېرىسىدىن ئاڭلىغىلى بولىدۇ.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— جۇلىيا. مەن سىزنىڭكىنى بىلىمەن، ۋىنستون — ۋىنستون سىمىس.

— قانداق بىلىۋالدىڭىز؟

— مېنىڭچە، مەن بىر نەرسىلەرنى سۈرۈشتۈرۈشتە سىزدىن ياخشىراققۇ دەيمەن، سۆيۈملۈكۈم. قېنى ماڭا دەڭچۇ، ھېلىقى خەتنى بېرىشتىن ئىلگىرى، مەن ھەقتە قانداق ئويلاردا بولغانتىڭىز؟

ۋىنستون ئۇنىڭغا پەقەت يالغان ئېيتقۇسى كەلمىدى. بەلكىم دەسلەپىدىلا، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ يامان خىيالىنى ئېيتىش، مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

— سىزنى كۆرۈشنى پەقەت خالىمايتتىم، ئاۋۋال باسقۇنچىلىق قىلىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈۋېتىش ئويىدا بولۇپ باققانتىم. ئىككى ھەپتە ئىلگىرى ئىككىمىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، تاش بىلەن كاللىڭىزنى مىجىۋېتىشنىمۇ خىيال قىلىپ باققان. راستىنى دېسەم، سىزنى ئىدىيە ساقچىلىرى بىلەن ئالاقىسى بار دەپ گۇمان قىلغانتىم.

قىزچاق ئېچىلىپ كۈلۈپ كەتتى. ئېنىقكى، ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ نىقابلىنىش ماھارىتىنىڭ ئۇستۇنلىكىگە بېرىلگەن ماختاش دەپ چۈشەنگەن ئىدى.

— ياق، ھەرگىزمۇ ئىدىيە ساقچىسى ئەمەس! راستىنلا شۇنداق ئويلىغان بولغىيمىتتىڭىز؟

— ياقەي، ئۇنداقمۇ ئەمەس، شۇ قىياپىتىڭىزدىن شۇنداق ئويلاپ قاپتىكەنمەن. سىزمۇ تولىمۇ ياش، چىرايلىق، ساغلام ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا

بۇنداق ئويلاپ قالغىنىمنى سىزمۇ چۈشىنىسىز، مەن تېخى سىزنى ...

— مېنى بىر مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى دەپ ئويلاپ قاپسىز - دە سۆز - ھەرىكىتىمگە قاراپلا. بايراقچە، نامايىش، ۋىئوسكا، مۇسابىقە، كوللېكتىپ دالا يۈرۈشلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىشى ئەمەسمۇ؟ تېخى يەنە بۇ قىز پۈرسەت تاپسىلا، مېنى ئىدىيە ساقچىلىرىغا چېقىپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جېنىمدىن ئايرىلىمەن دەپمۇ ئويلىدىڭىز ھەقىچان؟

— ھەئە، شۇنداقراق ئويلاپ قالغىنىممۇ راست، سىزمۇ بىلىسىز، نۇرغۇن ياش قىزلار شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— مانا مۇشۇ نەرسىنىڭ قىلغان ئىشى، — دەپلا ئۇ بېلىدىكى شەھۋانىيەتكە قارشى ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ قىزىل بەلۋېغىنى يېشىپ، شاخ ئۇستىگە چۆرۈۋەتتى. ئاندىن قولىنى بېلىگە قويغاندا، قولى بىر نەرسىگە تەگكەندەك بولۇپ، يەلتوسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر پارچە شاكىلات چىقاردى. ئۇ شاكىلاتنى ئوتتۇرىدىن ئۇشتۇپ بىرىنى ۋىنىستونغا سۇندى. شاكىلات قارا ۋە پارقىراق بولۇپ، كۈمۈش رەڭ قەغەزگە ئورالغان ئىدى. شاكىلات ئادەتتە سۇس قوڭۇر رەڭ بىر نېمە بولۇپ، خۇددى ئەخلەتنى كۆيدۈرگەندە چىقىدىغان ئىستەك تېتىيتتى. بۇرۇن بىر چاغلاردا قىزچاق ھازىر ئۇنىڭغا بەرگەندەك بىر شاكىلاتنى تېتىپ باققانلىقى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇنىڭدا شاكىلاتنى بىر ئېغىز چايناش بىلەن تەڭلا، تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان، تولىمۇ كۈچلۈك، ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان ئەسلىمىلەر ئويغاندى.

— بۇنى قەيەردىن تاپتىڭىز؟ — سورىدى ۋىنىستون.

— قاراڭغۇ بازاردىن، — دېدى جۇلىيا پەرۋاسىزلىق بىلەن، — بۇنداق نەرسىلەرنى تېپىشقا ئېپىم بار. مۇسابىقىلەردە يامان مەن. ئىشپىيونلار ئەترىتىدە چېغىمدا بىر كىچىك گۇرۇپپىنىڭ بېشى ئىدىم. شەھۋانىيەتكە قارشى ياشلار ئۇيۇشمىسىدا ھەپتىدە ئۈچ كەچ پىدائىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇپ ئىشلەيتتىم. سائەت - سائەتلەپ ئۇلارنىڭ قورۇق گەپلىرىنى پۈتكۈل لوندونغا چاپلايتتىم. نامايىشلاردا پلاكاتنىڭ بىر بېشىنى دائىم مەن كۆتۈرەتتىم. ھەردائىم كۆتۈرەڭگۇ يۈرەتتىم، ھەرقانداق ئىشقا باھانە كۆرسەتمەيتتىم، كىشىلەر بىلەن تەڭ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراپ - جارقىرايتتىم. دېمەكچىمەنكى، بىخەتەرلىكنىڭ بىردىنبىر يولى مۇشۇ ئىدى.

شاكىلاتنىڭ بىرىنچى پارچىسى ۋىنستوننىڭ ئاغزىدا ئېرىپ بولدى. تەمى بەك پەيزى ئىدى. لېكىن بايامقى ئەسلىمە ۋىنستوننىڭ ئېڭىنىڭ بىر بۇلۇڭلىرىدا، گويا كىچىكلا سەزگىلى بولىدىغان، ئەمما ئېنىق شەكلىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان، كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا كۆرۈنگەن نەرسىدەك لەيلەپ يۈرەتتى. ئۇ بۇلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتى. ھالبۇكى، ۋىنستون بۇ ئەسلىمىنىڭ ئەسلىدە ئۆزى يېنىۋېلىشنى خالايدىغان، ئەمما قىلىنىپ بولغان مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئەسلىمىسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

— سىز بەك ياشكەنسىز، — دېدى ۋىنستون، — سىز مەندىن ئون، ئونبەش ياش ئەتراپىدا كىچىك. قەيىرىمنىمۇ ياقتۇرۇپ قالغانسىز؟

— ئۇ سىزنىڭ يۈزلىرىڭىزدە. مەن بىر تەلىيىمنى سىناپ باقاي دەپ ئويلىدىم. مەن كىشىلەرنى تونۇۋېلىشقا ئۇستا. مەن سىزنى بىر كۆرۈپلا، سىزنىڭ ئۇلارغا قارشى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىۋالغانتىم.

ئۇنىڭ «ئۇلار» دېگىنى پارتىيەنى، يەنە كېلىپ ئىچكى پارتىيەنى كۆرسىتەتتى. جۇلىيا ئۇلار توغرىلىق تولىمۇ نەپرەت ھېسسىياتى بىلەن سۆزلىدى، ئەگەر بىر بىخەتەر يەر بار دېيىلسە، بۇ يەرنىڭ دەل ئاشۇ ئەڭ بىخەتەر يەر ئىكەنلىكىنى ۋىنستون بىلگەن بولسىمۇ، جۇلىيانىڭ بۇنداق ئوچۇق نەپرىتى، ئۇنى يەنىلا سەل تەشۋىشلەندۈرۈپ قويدى. ۋىنستوننى ھەيران قالدۇرغىنى، جۇلىيانىڭ تىلىدىكى قوپاللىق ئىدى. ئادەتتە پارتىيە ئەزالىرى قەسەم قىلىپ گەپ قىلمايتتى، ۋىنستوننىڭ ئۆزىمۇ ئۇنداق قەسەم قىلىپ تۇۋلاپ يۈرمەيتتى. لېكىن

جۇلىيا پارتىيەنى، بولۇپمۇ ئىچكى پارتىيەنى تىلغا ئالسىلا، ئۇششاق كوچىلاردىكى مەينەت سۇ ئازگاللىرىنىڭ قېشىدىكى تاملارغا يېزىپ قويۇلغان ئەپسانىۋى تىللارنى ئىشلىتىپ تىللاپ كېتەتتى. ۋىنستون جۇلىيانىڭ بۇ ئىشىدىن بىزارلىق ھېس قىلمىدى، بۇ پەقەتلا جۇلىيانىڭ پارتىيە ۋە ئۇنىڭ يولىغا بولغان نەپرىتىنىڭ ئىپادىلىرى ئىدى. بۇ خۇددى ئات سېسىق ئوت - چۆپكە ئۇچراپ قالسا، بۇرنىنى ئۆرۈپ پۇشقۇرغاندەك تولىمۇ تەبىئىي بىر ئىنكاس ئىدى. ئۇلار بۇ يەردىن چىقىپ، بەللىرىدىن تۇتۇشۇپ، سايىلىق چىغىر يولدا يېقىن چاپلىشىپ ميڭىشتى. ۋىنستون ئۇنىڭ قىزىل بەلۋاغنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن بېلىنىڭ نەقەدەر يۇمشاق ئىكەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار تۆۋەن ئاۋازدا شۋىرلىشىپ ماڭدى. جۇلىيا سىرتتا پەس ئاۋازدا گەپ قىلىشنىڭ بىخەتەررەك ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتكەن ئىدى. ئۇلار كىچىك بىر ياغاچلىقنىڭ قېشىغا كەلدى. جۇلىيا ئۇنى توختاتتى.

— ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالمايلى، باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ. شاخنىڭ كەينىدە تۇرساق ھېچكىم كۆرەلمەيدۇ، — دېدى جۇلىيا. ئۇلار كورىلۇس دەرىخىنىڭ سايىسىدا ئۆرە تۇرۇشتى. قۇياش نۇرى قويۇق يوپۇرماقلار ئارىسىدىن، ئۇلارنىڭ مەڭزىلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى. ۋىنستون يىراقتىكى كەڭ دالىغا قاراپ بىردىنلا قاتتىق ھەيرانلىق ھېس قىلدى. ئۇ بۇ يەرنى تونۇغان ئىدى. بۇ يەر ئوت - چۆپلىرى ئالا قويماي يېيىلىپ كەتكەن كونا بىر ئوتلاق بولۇپ، ئوتتۇرىنى تولا ميڭىپ شەكىللىنىپ قالغان، كىچىك بىر چىغىر يول كېسىپ ئۆتەتتى. ئۇ يەر - بۇ يەردە چاشقانلار كولاپ چىقىرىۋەتكەن توپىدىن شەكىللىنىپ قالغان كىچىك تۆپىلىكلەر بار ئىدى. ئۇدۇلدىكى ئەبجەق چىتلاق تەرەپتە، قارىياغاچ شاخلىرى مەيىن شامالدا يەڭگىل تەۋرىنىپ تۇراتتى، قويۇق يوپۇرماقلار بولسا ئاياللارنىڭ چېچىدەك يۇمشاق يەلپۈنۈپ تۇراتتى. چوقۇم مۇشۇ يەرگە يېقىن بىر يەردە، بېلىقلار ئۈزۈشۈپ يۈرىدىغان بىر كىچىك ئېقىن باردەك ئىدى، ئەمما ئۇرنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋىنستوننىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

— مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا بىر ئېقىن بار ئەمەسمىدى؟ — دەپ پىچىرلىدى ۋىنستون.

— ھەئە بار، ئۇ مۇشۇ ئېتىزلىقنىڭ يەنە بىر بېشىدا. بېلىقلارمۇ بار، تېخى چوڭلىرى بار. ئۇلارنىڭ سۆگەتلەرنىڭ ئاستىدىكى كىچىك كۆلچەكلەردە، قۇيرۇقلىرىنى ئوينىتىپ تۇرغىنىنى كۆرەلەيسىز.

— بۇ ئالتۇن يېزا، راستلا شۇ، — دەپ شىۋىرلىدى ۋىنستون.

— ئالتۇن يېزا؟

— ھېچ، راستىنلا. دائىم چۈشۈمدە مۇشۇ مەنزىرىنى كۆرەتتىم.

— قاراڭ، — پىچىرلىدى جۇلىيا.

بىر قۇش ئۇلاردىن بەش مېتىرچە يىراقلىقتىكى شاخ ئۈستىگە قونىدى، شاخ ئۇلارنىڭ بېشى بىلەن تەڭ ئېگىزلىكتە ئىدى. قۇش ئۇلارنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى. قۇش ئاپتاپتا، ئۇلار بولسا سايىدە ئىدى. قۇش قاناتلىرىنى بىر كېرىپ يىغدى، خۇددى قۇياش نۇرىدىن قېچىۋاتقاندەك، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالدى ۋە ئارقىدىنلا زوق - شوق بىلەن سايراشقا باشلىدى. بۇ جىمجىتلىقتا قۇشنىڭ سايرىشى، ئادەتتىن تاشقىرى جاراڭلىق ئاڭلىناتتى. ۋىنستون بىلەن جۇلىيا بىر - بىرىگە چىڭ چاپلىشىپ، ھاياجان ئىچىدە بۇ نەغمىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى. نەغمە داۋاملاشماقتا، خۇددى بۇ قۇش ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆز - كۆز قىلىپ قويماقچى بولغاندەك، ئاھاڭلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆزگىرىپ چىقىۋاتاتتى، ئاھاڭ - كۇيلەر تەكرارلىنىپ قالمايتتى. بەزىدە ئۇ بىر نەچچە سېكونت توختاپ، قانات - قۇيرۇقلىرىنى قايتىدىن بىر تۈزەشتۈرۈۋالاتتى - دە، يەنە نەغمىسىنى باشلاپ كېتەتتى. ۋىنستون ئۇنىڭغا بىر خىل ئەيمىنىش، ھۆرمەت تۇيغۇسىدا قاراپ كەتتى، قۇش نەغمىسىنى كىملەرگە، نېمىلەرگە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندۇ؟ ئەتراپتا ئۇنىڭ يا بىر ھەمرىيى، يا باشقا بىرەر رەقىبى يوق ئىدى. قۇشنى بۇ

شاخقا قونىدۇرۇپ، بۇنداق زوق - شوق بىلەن بىكاردىن - بىكار ناۋا قىلدۇرغان نېمىدۇ؟ ۋىنستون بىردىن ئەتراپتا تىڭشىغۇچ بارمىدۇ يوقمىدۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدى. ۋىنستون ۋە جۇلىيا ناھايىتى پەس ئاۋازدا شۇبىرلىشىپ پاراڭلىشىۋاتاتتى، تىڭشىغۇچ ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئالالمىسىمۇ، قۇشنىڭكىنى چوقۇم ئالالايتتى. بەلكىم تىڭشىغۇچنى مەخسۇس مۇشۇلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن ھىلىقىدەك قوڭغۇزسىمان ئادەملەر قولاق يېقىپ ئاڭلاۋاتقاندۇ. بىراق، بىردەمدىن كېيىن قۇشنىڭ نەغمىسى ۋىنستوننىڭ خىيالىنى يەنە ئېلىپ كەتتى. قۇشنىڭ سايرىشى خۇددى بىر سۇيۇق جىسىمغا ئوخشاش، ۋىنستوننىڭ بېشىغا تۆكۈلۈپ، ئاندىن يوپۇرماقلار ئارىسىدىن سىپىلىپ تۇرغان قۇياش نۇرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ پىكىرلىرىنى توختىتىپ، تۇيغۇلىرىنى قويۇۋەتتى. ئۇنىڭ بىلەكلىرى ئارىسىدىكى قىزنىڭ بېلى يۇمشاق ۋە ئىللىق ئىدى. ۋىنستون ئۇنى بېلىدىنلا ئالدىغا تارتتىدە، ئۇلارنىڭ مەيدىلىرى بىر - بىرىگە تېگىشىپ تۇردى. جۇلىيانىڭ بەدىنى ۋىنستوننىڭكىگە ئېرىپ سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سىلاشتۇرۇۋاتقان قوللىرى خۇددى سۇنىڭ ئىچىدە يۆتكىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بوپقالدى، ئۇلارنىڭ لەۋلىرى چىڭ چاپلاشقان بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ باياتقى كۈچلۈك سۆيۈشۈشلىرىدىن خېلىلا پەرقلىق ئىدى. ئۇلار لەۋلىرىنى ئاجرىتىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ، ئۇلۇق - كىچىك بىر تىنىشتى. قۇش چۆچۈپ پالاققىدە بىر قانات قېقىپ ئۇچۇپ كەتتى.

ۋىنستون ئېغىزىنى جۇلىيانىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ «ئەمدى» دەپ پىچىرلىدى.

— بۇ يەردە ئەمەس، — دېدى جۇلىيا، — بايىقى يېرىمىزگە قايتايلى، ئۇ يەر بىخەتەرەك.

ئۇلار بىردەمدىلا بايىقى مەخپىي ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىشتى. جۇلىيا ۋىنستونغا يۈزلىنىپ ئۆرە تۇردى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ نەپەسلىرى تېزلىشىپ كەتكەندى. جۇلىيانىڭ لەۋلىرىدە بىلىنەر - بىلىنمەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كوللومىسىرەش پەيدا بولدى. ئۇ ۋىنستونغا بىر نەچچە دەقىقە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، فورمىسىنىڭ سىرتمىسىنى تارتتى. دەل شۇ! بۇ دەل ۋىنستوننىڭ چۈشى ئىدى. خۇددى ۋىنستون تەسەۋۋۇر قىلغاندەك، جۇلىيانىڭ كىيىملىرىنى يېشىپ بىر ياققا چۆرۈۋەتكەن ھەرىكىتى، ۋىنستوننى گوياكى پۈتۈن بىر مەدەنىيەتنى بىتچىت قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭ بەدەنلىرى قۇياش نۇرىدا ئاپئاق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزى جۇلىيانىڭ بەدىنىدىن تېزلا ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس كوللومىسىرەپ تۇرغان سەپكۈن يۈزىگە يۆتكەلدى. ئۇ جۇلىيانىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى ئالقىنى ئارىسىغا ئالدى.

— بۇ ئىشنى ئىلگىرى قىلىپ باققانمۇ؟

— ئەلۋەتتە، نەچچە يۈز قېتىم، ئىشقىلىپ بەك جىق.

— پارتىيە ئەزالىرى بىلەنمۇ؟

— ھەئە، دائىم پارتىيە ئەزالىرى بىلەن.

— ئىچكى پارتىيە ئەزالىرى بىلەنمۇ؟

— ياق، ئۇ چوشقىلار بىلەن ئەمەس، بىرەر قېتىممۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇرسەت تاپسىلا كىرىۋالىدىغانلار جىق. ئۇلار ھەرگىزمۇ كۆرۈنگىنىدەك ئۇنداق ئالىجاناپ ئەمەس.

ۋىنستوننىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى. جۇلىيا نەچچە ئون قېتىملاپ قىلىپ باققانىدى. ۋىنستون ئۇنى نەچچە يۈز ھەتتا، نەچچە مىڭ قېتىملاپ بولغان بولسىكەن دەپ ئۈمىت قىلىپ قالدى. چىرىكلىشىشنىڭ ھەرقانداق بىر كىچىككىنە ئالامىتىمۇ، ۋىنستونغا بىر خىل ياۋايىلارچە ئۈمىت بېغىشلايتتى. كىم بىلىدۇ، پارتىيە بەلكىم يىلتىزىدىن سېسىپ بولغان بولۇشى، ئۇنىڭ جاپالىق تۇرمۇش ۋە مۇتلەق شەخسىيەتسىزلىككە كۈچەپ تەرغىب قىلىشى، بەلكىم ئۆزىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى يېپىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ۋىنستون ئۇلارغا

سىفلىس، ماخاۋ كېسەللىكلىرىنى يۇقتۇرۇپ قويالىغان بولسا، ئۇ بۇنى ئىچ - ئىچىدىن خالاپ قىلغان بولاتتى. ئىشقىلىپ ئۇلارنى ئاجىزلىتىدىغان، چىرىتىدىغان، تەۋرىتىدىغان قانداق ئىش بولسا ئۇ قەتئىي يانمايتتى. ۋىنستون جۇلىيانىڭ قولىدىن پەسكە تارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىر - بىرى بىلەن تىزلىنىپ قارىشىپ تۇرۇشتى.

— ئاڭلاڭ، ئۇلار بىلەن بۇ ئىشنى قانچە كۆپ قىلسىڭىز، سىزنى شۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالىمەن، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئوبدان چۈشەندىم.

— مەن پاكلىققا ئۆچ، ياخشىلىققا ئۆچ! مەن ھەرقانداق بىر يەردە ئەخلاق بولمىسىكەن، ھەممەيلەن سۆڭەكلىرىگە قەدەر چىرىپ، بۇزۇلۇپ كەتسىكەن دەيمەن.

— ئۇنداقتا ياخشىغۇ، مەن دەل سىزگە لايىقكەنمەن. مەن سۆڭەكلىرىمغىچە چىرىگەن بىر ئادەممەن.

— بۇ ئىشنى ياخشى كۆرەمسىز؟ مەن بىلەن دېمەكچى ئەمەس، بەلكى شۇ ئىشنىڭ ئۆزىنى دېمەكچى؟

— ئىنتايىن.

ۋىنستوننىڭ ھەممىدىن بەك مۇشۇنى ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. ئادەملەردىكى مۇھەببەت ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بۇ تۇغما، ئاددىي ئىستەك پارتىيەنى كۆكۈم - تالقان قىلىدىغان قۇدرەتكە ئىگە كۈچ ئىدى. ۋىنستون جۇلىيانى ھەمەل گۈللەرنىڭ ئۈستىگىلا باستى. بۇ قېتىم ئوڭۇشلۇق بولدى. ئۇلارنىڭ جىددىي نەپەستىن كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان كۆكسى ئەمدى نورماللاشتى. ئۇلار تولىمۇ تاتلىق بىر خىل ئامالسىزلىق بىلەن بىر - بىرىدىن ئاجرىدى. قۇياش تېخىمۇ قىزىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئۇيقۇ باستى. ۋىنستون فورمىنى تارتىپ ئەكىلىپ، جۇلىيانىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمىنى يۆگەپ قويدى. ئۇلار تولىمۇ تېزلا ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

www.uyghurkitap.com

تەخمىنەن بىر يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ۋىنستون ئويغاندى. ئۇ ئولتۇردى ۋە يېنىدىكى سەپكۈن چىرايغا سەپسالدى. ئۇ تېخىچە قولىنى ياستۇق قىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن باشقا يېرىنى چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇبدان سەپسېلىپ قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ چۆرىسىنى ئورىغان بىر - ئىككى قورۇقنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇنىڭ قارا چاچلىرى ئالاھىدە قويۇق ۋە يۇمشاق ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭ فامىلىسىنى ۋە تۇرىدىغان ئادرېسىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.

بۇ ياش، كۈچلۈك بەدەن ئۇيقۇ ئىچىدە ئاجىز ئىدى.بۇ ۋىنستوندا ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش، قوغداش تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ قويدى. لېكىن بايامقى دەرەخ سايىسى ئاستىدا، قۇشنىڭ نەغمىسىنى ئاڭلىغاندىكى پەرۋاسىزلىق، مۇلايىملىق تۇيغۇسى قايتا يېنىپ كەلمىدى. ئۇ يېپىپ قويغان فورمىنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭ سىلىق، ئاپئاق بېقىنلىرىغا قارىدى. ئۇ شۇنداق ئويلاپ قالدى، بۇرۇنقى چاغلاردا بىر ئەر قىزنىڭ بەدىنىگە قارايتتى ۋە ئۇنىڭدا ھەۋەس پەيدا بولاتتى، مۇشۇنچىلىكلا ئاددىي ئىش ئىدى. ئەمما ھازىر ساپ مۇھەببەتمۇ، ساپ شەھۋەتمۇ تېپىلمايتتى. ھېچقانداق تۇيغۇ پاك ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇ قورقۇنچ، نەپرەت بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ قۇچاقلىشىشى بىر جەڭ، يۇقىرى پەللىگە يېتىشى بولسا غەلىبە ئىدى. بۇ پارتىيەگە ئۇرۇلغان بىر زەربە بولالايتتى، بۇ بىر سىياسىي ھەرىكەت ئىدى.

## 3

— بىز بۇ يەرگە يەنە كېلەمىز، — دېدى جۇلىيا، — ئادەتتە، مەخپىي ئورۇننى ئىككى قېتىم ئىشلىتىشتىن چاتاق چىقمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ئۇدا بىر ئاي ياكى ئىككى ئاي دېگەنلىك ئەمەس.

ئويغىنىپلا، جۇلىيانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرى جىددىي، ئەستايىدىل تۈس ئالدى، ئۇ كىيىملىرىنى تېز ـ تېز كىيىپ، بەلۋىغىنى بېلىگە چەگدى ۋە قايتىش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا باشلىدى. تەبىئىيكى، بۇ جۇلىيانىڭ ئىشى ئىدى. ئۇنىڭدا ۋىنستوندا يوق ئىنچىكىلىك بار ئىدى. ئۇ سان ـ ساناقسىز دالا يۈرۈشلىرىگە چىققان بولغاچقا، لوندوننىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلارنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇ ۋىنستونغا بايا كەلگىنىدىن باشقا يەنە بىر يولنى ئۆگەتتى. «ھەرگىز ئوخشاش يول بىلەن قايتماڭ» دېدى ئۇ گويا مۇھىم بىر پرىنسىپنى سۆزلەۋاتقاندەك. ئۇ باشتا ماڭىدىغان، ۋىنستون بولسا يېرىم سائەتتىن كېيىن ماڭىدىغان بولدى.

جۇلىيا ۋىنستونغا بىر يەرنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردى. ئۇ يەردە، ئۇلار يەنە تۆت كۈندىن كېيىن، ئىشتىن چۈشكەندە كۆرۈشىدىغانغا كېلىشتى. ئۇ نامرات رايونلارنىڭ بىرىدىكى بىر كوچا بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ئوچۇق بازار بار ئىدى، داۋاملىق قىستا ـ قىستاڭ، شاۋقۇن ـ سۈرەن بولىدىغان يەر ئىدى. جۇلىيا ئۇ يەردە بوغۇچ ياكى يىپ ئىزدىگەن بولۇپ، يايمىلارنى ئارىلاپ يۈرەلەيتتى. ئەگەر ئۇ بۇ يەرنىڭ بىخەتەرلىكىگە جەزم قىلالىسا، ۋىنستونغا كېلىشكە ئىشارە قىلىدىغان، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ۋىنستونمۇ ئۇنى تونۇماسقا سېلىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدى. ئەگەر تەلىيى بوپقالسا، قىستاڭچىلىق ئارىسىدا ئون، ئون بەش مىنۇت پاراڭلىشىپ، يەنە بىر ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇرغىلى بولاتتى.

— ئەمدى ماڭمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، ۋىنستون ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى پىششىق ئېسىدە تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، — مەن سائەت ئون توققۇز يېرىمغا بېرىپ بولۇشۇم كېرەك، مەن يەنە ئىككى سائەت ئەتراپىدا، شەھۋانىيەتكە قارشى ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقات ۋەرەقىلىرى دېگەندەك نېمىلەرنى تارقاتمىسام بولمايدۇ. ئادەمنىڭ رەسمىي ئوغىسىنى قاينىتىدۇ ـ ھە؟ چېچىمنى بىر تاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قويۇڭـە، ئارىسىدا يوپۇرماقلار بوپقالسا دەيمىنا؟ قانداقكەن؟ بولمىسا، مـاڭاي ئەمىسـە، خەيـر - خـوش سۆيۈملۈكۈم، خـوش.

ئـۇ ئۆزىنـى ۋىنستوننىڭ قۇچىقىغا ئاتتى ۋە ئۇنى ئەسەبىلەرچە بىر سۆيۈۋەتكەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى، ئاندىن تىنۋش چىقارماي دەرەخزارلىققا كىرىپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. ھەتتا مۇشۇ چاغدىمۇ ۋىنستون جۇلىيانىڭ يا فامىلىسى يا ئادرېسىنى سورىۋالمىدى. لېكىن بۇنى بىلىۋالغانلىقىمۇ پايدىسى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرەر ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇچرىشالىشى ياكى خەت بىلەن ئالاقىلىشەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

دېگەندەك، ئۇلار بۇ يەرگە قايتا كەلمىدى. پۈتۈن بىر ماي ئېيى ئىچىدە، ئۇلار پەقەت بىرلا قېتىم باشقا يەردە بىللە بولالىدى. ئۇ جۇلىيا بىلىدىغان يەنە بىر مەخپىي ئورۇن ئىدى. ئۇ ئوتتۇز يىل ئىلگىرى، ئاتوم بومبىسى چۈشۈپ ۋەيران بولغان بىر چېركاۋنىڭ سائەت مۇنارىنىڭ ئىچى ئىدى. ئۇ يەرگە بېرىۋالسىڭىزلا ناھايىتى بىخەتەر يەر ئىدى، ئەمما ئۇ يەرگە بېرىش بەكلا خەتەرلىك ئىدى. باشقا چاغلاردا، ئۇلار ھەر كۈنى كەچ دېگۈدەك، پەقەت كوچىلاردا ۋە باشقا ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا ئۇچراشتى، ھەر قېتىمقى ئۇچرىشىش پەقەت ئون بەش، يىگىرمە مىنۇتتىن ئاشمايتتى. ئادەتتە كوچىلاردا بىر ئاماللارنى قىلىپ گەپ قىلىشقىلى بولاتتى. قىستاڭ كوچىلاردا كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ماڭغاندا، قەتئىي بىر - بىرىگە قاراشمايتتى، ھەتتا بەك يانمۇ - يان مېڭىپمۇ كەتمەيتتى. پەقەت خۇددى مۇنارىدىكى چىراغ بىر ئۆچۈپ بىر يانغاندەك، ئۇلارنىڭ پارىڭىمۇ شۇنداق ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ داۋاملىشاتتى. بىرەر فورمىلىق ئادەمگە ئۇچراشقاندا ياكى ئېكرانغا يېقىنلاپ قالغاندا، تەبئىيلا زۇۋان سۈرۈشمەيتتى، سەل يىراقلاشقاندا پاراڭنى كەلگەن يەردىن داۋاملاشتۇرۇپ كېتەتتى، ئاخىرىدا ئايرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە، پارىڭى يەنە ئۈزۈلەتتى، ئەتىسى ئۇچراشقاندا يەنە شۇ يەردىن گېپىنى باشلىيالايتتى. جۇلىيا بۇنداق

پاراكەندىشتا ئۇبدانلا كۆنۈپ قالغانىدى، ھەتتا ئۇ بۇنى «پارچىلاپ پاراكەندىش» دەپ ئاتىۋالغانىدى. ئۇ لەۋلىرىنى مىدىرلاتمايمۇ گەپ قىلالايتتى. ئۇلار بىر ئاي ئەتراپىدا، دىگۈدەك ھەركۈنى كەچتە كۆرۈشۈپمۇ، ئاران بىرلا قېتىم سۆيۈشەلىدى. ئۇ چاغدا ئۇلار چوڭ كوچىنىڭ يېنىدىكى پىيادىلىكلەر يولىدا ئۈن - تىنسىز مېڭىۋاتاتتى. جۇلىيا ئادەتتە چوڭ كوچىدىن يىراق تۇرغاندا قەتئىي گەپ قىلمايتتى. ئۇشتۇمتۇت، قۇلاقنى يارغۇدەك گۈم قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئەتراپ تىترەپ كەتتى. ھاۋانى قاراڭغۇلۇق باستى. ۋىنستون يول ياقىسىغا يىقىلىپ، ئۇ يەر - بۇ يېرى يارىلانغان، قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىدى. يېقىنلا بىر يەردە راكېتا بومبا پارتلىغان ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىز جۇلىيانىڭ ئۆزىدىن بىرەر غېرىچ نېرىدا ياتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ يۈزى ناھايىتى يېقىن ئىدى. جۇلىيانىڭ يۈزى، ھەتتا لەۋلىرىمۇ ئاپپاق بورىدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئۆلگەنمىدۇ؟! ۋىنستون ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ، يۈزىگە سۆيگەندە ھارارەتنى سەزدى. ۋىنستون لەۋلىرىگە بىر قات پاراشوكتەك بىر نېمىنىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقىنى تۇيدى، ئىككىلىسىنىڭ يۈزى قېلىن بىر قات توپا - چاڭنىڭ ئاستىدا قالغانىدى.

بەزى كەچلىرى، ئۇلار دېيىشكەن يەرگە بارغاندا، بىر - بىرىگە ئىشارىمۇ قىلىشماي ئۆتۈشۈپ كېتىشكەن چاغلار بولدى، چۈنكى بۇنداق چاغدا يېقىن ئەتراپتا چارلىغۇچىلار ياكى ئاسماندا تىك ئۇچارلار كۆزىتىپ يۈرگەن بولاتتى. ئۇنى ئانچە خەتەرلىك ئەمەس دېگەندىمۇ، ۋاقىت تېپىپ كۆرۈشۈش بەكلا قىيىن ئىدى. ۋىنستون ھەپتىدە ئاتمىش سائەت ئىشلەيتتى، جۇلىيانىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ئىدى. ئۇلارنىڭ بىكار ۋاقتى خىزمىتىنىڭ سالمىقىغا قاراپ پەرقلەنگەچكە، تولا ھاللاردا ئۇدۇل كەلمەي قالاتتى. جۇلىيا كەچ تەرەپلەردە ئاساسەن دېگۈدەك بىكار بولالمايتتى. ئۇنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى لېكسىيەلەردە، نامايىشلاردا شەھۋانىيەتكە قارشى ياشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەشۋىقلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارقىتىش، نەپرەت ھەپتىسى ئۆچۈن تەييارلىق قىلىش، ئىقتىسادچىللىق ھەپتىسى ئۈچۈن ئىئانە توپلاش ۋە باشقا مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئىشلار بىلەن ئۆتەتتى. «بۇ بولىدىغان ئىش، بۇ دېگەن ناھايىتى ياخشى نىقاپلىنىش» دەيتتى ئۇ. ھەتتا ئۇ ۋىنستوننى بىر نىمىلەرنى دەپ يۈرۈپ، ھەپتىدە بىر كەچ قورال - ياراق زاۋۇتىدا پىدائىي بولۇپ ئىشلەشكە تىزىملىتىپ قويدى. ئادەتتە پارتىيەنىڭ ئاكتىپلىرى دائىم شۇنداق قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ۋىنستون ھەپتىدە بىر كەچ تۆت سائەت ۋاقتىنى، ئاشۇ يەردە چىدىغۇسىز زېرىكىش ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان بولدى، ئۇ ئۇششاق مىتاللاردىن بومبىنىڭ پىلتىسىدەك بىر نىمىلەرنى قۇراشتۇراتتى. بۇ قۇرغاق، قاراڭغۇ يەردە بولقا - بازغانلارنىڭ تاراڭلىغان ئاۋازلىرى تېكراننىڭ ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ، ئادەمنى چىدىغۇسىز قىينايتتى.

ئۇلار چېركاۋ مۇنارىدا ئۇچراشقان چېغىدا، ئۇلارنىڭ پارچە پاراڭلىرى ئاخىرى پۈتتۈنلەندى. ئۇ تولىمۇ ئىسسىق بىر چۈشتىن كېيىن ئىدى. مۇنارنىڭ سائىتى ئاستىدىكى كىچىك تۆتبۇرجەك ئۆي ئىچىمۇ ناھايىتى دىمىق، ئىچىدىكى كەپتەر مايافلىرى بەكلا سېسىق پۇراپ كەتكەنىدى. ئۇلار توپا، شاخلار بېسىپ كەتكەن پول ئۈستىدە بىر ئولتۇرغانچە نەچچە سائەت پاراڭلىشىپ كەتتى. ئۇلار پات - پات ئادەم كېلىپ قالغان قالمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، مۇنارنىڭ كۆزنىكىدىن رۇجەكىدىن قاراپ قوياتتى.

جۇلىيا يىگىرمە ئالتە ياش ئىدى. ئۇ باشقا ئوتتۇز نەپەر قىز بىلەن بىللە بىر ئۈيچە ياتاقتا بىللە تۇراتتى (دائىم ئاياللارنىڭ سېسىقچىلىقى ئىچىدە تۇرىدىغان گەپ! ئاياللارغا بەكلا ئۆچ بوپكەتتىم، دەپ قوياتتى ئۇ پات - پات). ۋىنستوننىڭ پەرەز قىلغىنىدەك، ئۇ رومان باشقارمىسىنىڭ رومان يازىدىغان ماشىنىسىدا ئىشلەيتتى. ئۇ خىزمىتىنى ياقتۇراتتى. ئۇ قۇۋۋىتى ناھايىتى زور بىر موتورنى ماگدۇرىدىغان ۋە ئاسرايدىغان ئىشنى قىلاتتى. ئۇ بەك «ئەقىللىق

ئەمەس» ئىدى، ئەمما ماشىنا بىلەن قىلىدىغان ئىشلارغا قولى بەك كېلەتتى. ئۇ بىر رومانىنىڭ دەسلەپتە پىلان كومىتېتى تەرىپىدىن باش تېمىسى ئۇتتۇرىغا قويۇلغىنىدىن تارتىپ، ئەڭ ئاخىرىدا قايتا يېزىش گۇرۇپپىسىنىڭ قولىدىن پۈتۈپ چىققانغا قەدەر بولغان، بىر پۈتۈن ئىش جەريانىنى پىششىق بىلەتتى. ئەمما ئۇ پۈتۈپ بولغان ئاخىرقى مەھسۇلاتقا قىزىقمايتتى. ئۇ مەن ئوقۇشقا بەك قىزىقىپ كەتمەيمەن دەيتتى. كىتاب پەقەتلا خۇددى بىر مېۋە مۇرابباسى ياكى ئاياغ بوغۇچىدەك ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىر مەھسۇلات ئىدى، خالاس. ئاتمىشىنچى يىللاردىن بۇرۇنقى ئىشلار ھەققىدە ئۇنىڭ ئېسىدە ھېچنېمە يوق ئىدى. ئۇنىڭغا ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى ۋاقىتلار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن ئۇ ئەسلىيەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئۇنىڭ بوۋىسى ئىدى، ئۇ جۇلىيا سەككىز ياش ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەنىدى. مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئۇ خوكىي توپ كوماندىسىنىڭ باشلىقى ئىدى، ھەمدە يەنە ئۇدا ئىككى يىل گىمناستىكا مۇسابىقىسىنىڭ چېمپىيونى بولغانىدى. ئۇ «ئىشپىيونلار»دا ئەترەت يېتەكچىسى، شەھۋانىيەتكە قارشى ياشلار ئۇيۇشمىسىغا قاتنىشىشتىن ئىلگىرى ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بىر شۆبىسىدە سېكرېتار بولغانىدى. ئۇ دائىم شۇنداق جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ كۆرۈنەتتى (بۇ سادىقلىقىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەرلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى). ھەتتا ئۇ شەھۋەت بۆلۈمىدە ئىشلەشكىمۇ تاللانغانىدى. ئۇ رومان باشقارمىسىنىڭ بىر بۆلۈمى بولۇپ، ئاساسەن پرولېتارلار ئۈچۈن ئەرزان باھالىق شەھۋانىيەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىراتتى. جۇلىيانىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەردە ئىشلەيدىغانلار ئۇ بۆلۈمنى «ئېغىل» دەپ ئاتايتتى. ئۇ بۇ بۆلۈمدە بىرەر يىلچە ئىشلىگەن بولۇپ، «قاس - قاس ھېكايىلەر»، «قىزلار ياتىقىدىكى بىر كېچە» دېگەنىدەك نامدىكى پېچەتلەنگەن كىتابچىلارنى چىقىرىشقا ياردەملەشكەن ئىدى. پرولېتارلارنىڭ ياشلىرى بۇ نەرسىلەرنى خۇددى قانۇنسىز نەرسە سېتىۋالغاندەك ئوغرىلىقچە سېتىۋالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ كىتابلار قانداقراق ئىدى؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون قىزىقسىنىپ.

— ھەي، پۈتۈنلەي ئەخلەت. بەكلا تېتىقسىز، راستلا. ھەممىسىدە پەقەت ئالتىلا ۋەقەلىك بار، ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر ۋەقەلىكنى، ئۇنىداق مۇنداق ئۆزگەرتىپلا ئالتە قىلىۋالغان. مەن پەقەت شۇ رومان يېزىش ماشىنىسىدىلا ئىشلىگەن، قايتا يېزىش گۇرۇپپىسىدا تۇرۇپ باقمىغانمەن، مېنىڭ قەلىمىم ياخشى ئەمەس سۆيۈملۈكۈم، راستلا ياخشى ئەمەس، يارىمايدۇ.

ئۇ شەھۋانىيەت بۆلۈمىنىڭ باشلىقىدىن باشقا، ھەممىسىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن ھەيران قالدى. ئەسلىدە ئەرلەر ئاياللارغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ شەھۋەت نەپسىنى ئوبدان كونترول قىلالمايدۇ، ئۆزلىرى ھەپىلىشىدىغان بۇ شەھۋانىي بۇيۇملارنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئاسان ئۇچراپ كېتىدۇ، دەپ قارالغاچقا ئۇ يەردە پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئاياللار ئىشلەيدىكەن.

— ھەتتا ئۇلار بۇ يەردە توي قىلىپ بولغان ئاياللارنىڭ ئىشلىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئۇلارچە قىزلار بەك ساپ كېلەرمىش، ئەمما مەن ئۇنداق ئەمەس.

جۇلىيا تۇنجى قېتىم ئون ئالتە يېشىدا ئەر كىشى بىلەن بىرگە بولغانىكەن، ئۇ ئاتمىش ياشلاردىكى بىر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ، كېيىن قولغا ئېلىنىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان ئىكەن. «ئۇ ئوبدان قىلدى، بولمىسا ئۇ جىنايىتىنى تاپشۇرغاندا مېنىڭ ئىسمىمنى چىقىرىپ سالاتتى» دېدى جۇلىيا. ئۇ ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن بىللە بوپتۇ. ئۇنىڭچە ھايات ناھايىتى ئاددىي ئىدى: سىز كۆڭلۈمنى ئاچاي دەيسىز، ئۇلار (يەنى پارتىيە) سىزنى بۇنىڭدىن توسىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز قولىڭىزدىن كەلگىنىچە چەكلىمىنى بۇزىسىز. جۇلىيا «ئۇلار»نىڭ سىزنىڭ خۇشاللىقىڭىزنى تارتىۋالماقچى بولغىنىنى، خۇددى سىز ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات

قىلغانغا ئوخشاشلا بىر تەبىئىي ئىش، دەپ ئويلايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ پارتىيەگە ئۈچ ئىدى، ئۇنى ناھايىتى ئەپسانىۋى تىللار بىلەن تىللايتتى. ئەمما پارتىيەنىڭ ھەممە ئىشىغا تەنقىدىي پوزىتسىيەدە ئەمەس ئىدى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا چېقىلمىسىلا بولاتتى، ئۇ پارتىيەنىڭ تەشەببۇس، قاراشلىرىغا قىزىقمايتتى. ئۇ «يېڭى تىل»دىكى سۆزلەردىن، كوندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزلىشىپ كەتكەنلىرىدىن باشقىلىرىنى ئىشلەتمەيتتى. ئۇ «قېرىنداشلار» ھەققىدە ھېچنېمە ئاڭلىمىغانىدى، ئۇنداق بىر نەرسىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىشىنىمۇ رەت قىلاتتى. پارتىيەگە قارشى ھەرقانداق تەشكىللىك ئىسيان مۇقەررەر مەغلۇب بولىدۇ، بۇ بەكلا دۆتلۈك دەپ قارايتتى ئۇ. ئۇنىڭچە ئەقىللىقچە خىلاپلىق قىلىپ تۇرۇش، شۇنداقلا جاننى ساقلاپ قېلىش ئاقىلانىلىك ئىدى. ۋىنستون ياشلارنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق ئويلايدىغانلار قانچىلىكتۇ دەپ ئويلاپ قالدى. ئىنقىلاب دەۋرىدە چوڭ بولغان كىشىلەر، پارتىيەنى خۇددى ئاسمانغا ئوخشاش ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان بىر نەرسە سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ئىدى، ئۇنىڭ نوپۇزىغا قارشى چىقماسلىقنى، خۇددى توشقان ئىتتىن ئۆزىنى چەتكە ئالغاندەك بىر ئادەتتىكى ھەقىقەت دەپ بىلەتتى، ئۇلارنىڭ كاللىسىدا بۇنىڭدىن باشقا نەرسە يوق ئىدى.

ئۇلار تويى قىلىش ئېھتىماللىقىنى دېيىشىپ ئولتۇرمىدى. بۇنى ئويلاپ يۈرۈشنىڭمۇ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. ۋىنستون گەرچە كەسىرىنىدىن بىر ئامالارنى قىلىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، كومىتېتنىڭ بۇنداق بىر تويغا رۇخسەت قىلىشىنى ئۈمىت قىلىش ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك ئىدى.

— ئايالىڭىز قانداقراق ئايال ئىدى ؟ — دەپ سورىدى جۇلىيا.

— سىز ‹يېڭى تىل› دىكى ياخشى ئىدىيەلىك دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بىلەمسىز؟ تۇغما سادىق - مۇتەئەسسىپ، يامان ئويلاردا بولۇش قولىدىكى كەلمەيدۇ دېگەن مەنىدىكى؟

— ياق، ئۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنداق ئادەملەرنى خېلى ئوبدان بىلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋىنستون ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى نىكاھى ھەققىدە ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى. قىزىق يېرى، جۇلىيا خۇددى بۇنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمىنى ئاللىبۇرۇن بىلىدىغاندەك قىلاتتى. جۇلىيا كەسىرىنىنىڭ ۋىنستوننىڭ بەدىنى ئۇنىڭغا تېگىپ بولغىچە بىردىنلا كىرىشىپ، چىڭىپ كېتىدىغانلىقىنى، گەرچە ۋىنستوننىڭ بىلىنى چىڭ تۇتۇۋالسىمۇ، خۇددى يەنىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى ئىتتىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ۋىنستونغا خۇددى كۆزى بىلەن كۆرگەندەكلا ئېيتىپ بەردى. ۋىنستون جۇلىيا بىلەن بۇ ئىشلارنى تولىمۇ ئەركىن - ئازادە سۆزلىشەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. كەسىرىن ۋىنستونغا نىسبەتەن ئاللىبۇرۇن بىر ئازابلىق ئەسلىمىگە ئايلىنىپ بولغانىدى، پەقەت ئەسلىسىلا كۆڭلى سەل غەش بولاتتى، خالاس.

— ئاشۇ ئىش بولمىغان بولسا، مەن چىداپ كېتەلەيتتىم، — دېدى ۋىنستون. ئۇ جۇلىياغا كەسىرىنىنىڭ ھەر ھەپتىنىڭ ئوخشاش بىر كېچىسىدە، چوقۇم تەلەپ قىلىدىغان ئاشۇ مۇراسىمىنى سۆزلەپ بەردى. — كەسىرىن بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە ئۆچ ئىدى، ئەمما بۇنى قىلىشتىن توختاپ قالالمايتتى، ئۇنىڭ بۇنى نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز. — دېدى ۋىنستون.

— پارتىيە ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىمىز، — دېدى جۇلىيا دەرھاللا.

— بۇنى قانداق بىلىسىز؟

— مەكتەپكە بارغان ئەمەسمۇ مەن سۆيۈملۈكۈم. ئون ئالتە ياشتىن يۇقىرىلارغا ئايدا بىر قېتىم جىنسىيەت دەرسى بار ئىدى. ياشلار ئىتتىپاقىدىمۇ بولغان. ئۇلار بۇنى سىزگە يىللاپ سىڭدۈرىدۇ. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، بۇنىڭ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۈنۈمى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، سىز ھەرگىز بۇنىڭغا ئېنىق شۇنداق دېيەلمەيسىز، ئىنسانلار بەكلا ساختىپەز ئەمەسمۇ؟

ئۇ بۇ تېمىدا تېخىمۇ كۆپ سۆزلەشكە باشلىدى. جۇلىيانىڭ

نەزىرىدە ئۇنىڭ جىنسىي ئىستىكى ھەممىدىن مۇھىم ئىدى. مۇشۇ تېمىغا كەلسىلا ئۇ باشقىچە ئەقىللىق، ئۆتكۈر بولۇپ كېتەتتى. ۋىنستونغا ئوخشىمايدىغىنى، ئۇ پارتىيەنىڭ جىنسىي پاكلىقنى نېمىشقا تەرغىپ قىلىدىغانلىقىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى. بۇ ھەرگىز جىنسىي ئىستەكنىڭ پارتىيەنىڭ كونتروللۇقىنىڭ سىرتىدا، بىر مۇستەقىل دۇنيا قۇرۇۋالىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇنى چوقۇم ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە يوق قىلىش لازىملىقى سەۋەبىدىنلا ئەمەس ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، جىنسىي بېسىلىش بەلكىم بىر خىل ئەسەبىيلىككە ئايلىنىشى، ھەتتا تەرەققىي قىلىپ ئۇرۇشخۇمارلىققا ياكى داھىيغا سارائلارچە چوقۇنۇشقا ئۆلىپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى. جۇلىيا بۇنى مۇنداق بايان قىلدى:

— سىز جىنسىي ئالاقە قىلغاندا، ئېنېرگىيىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىسىز. سىز ئۇنىڭدىن ھوزۇر، خۇشاللىق ھېس قىلىسىز، ۋە ھەممىگە نېمە كارىم دەيدىغان بولىسىز. ئۇلار سىزنىڭ بۇنداق تۇيغۇدا بولۇشىڭىزغا چىداپ تۇرالمايدۇ. ئۇلار سىزنىڭ دائىم ئاشۇ ئېنېرگىيىڭىز بىلەن جۇشقۇن يۈرۈشىڭىزنى ئۈمىت قىلىدۇ. ئاشۇ مارشلار، نامايىشلار، ۋارقىراش - جارقىراشلار، بايراق لەپىلدىتىشلەرنىڭ ھەممىسى شۇ جىنسىي ئىستەكنىڭ پارتلىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر سىز ئىچىڭىزدىن خۇشاللىق ھېس قىلىپ قالسىڭىز، ئۇ چاغدا غوجاكا، ئۈچ يىللىق پىلان، نەپرەت پائالىيىتى ۋە باشقا چىدىغۇسىز ئىشلارغا قايسى كۈچىڭىز بىلەن ھاياجانلىنالايسىز، ئەسەبىيلىشەلەيسىز؟

«توپتوغرا» ۋىنستون شۇنداق ئويلىدى. جىنسىيەتنى چەكلەش بىلەن سىياسىي ئورتودوكساللىق (ساداقەتمەنلىك) ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن يېقىن باغلىنىش مەۋجۇت. چۈنكى ناۋادا پارتىيە ئىنساننىڭ بەزى تۇغما ئىستەكلىرىنى بېسىپ، ئۇنى باشقا جايلارغا ئىشلىتىپ خورىتىپ تۇرمىسا، پارتىيە ئەزالىرىدا بولۇشى تەلەپ قىلىنىدىغان قورقۇنچ، نەپرەت، سارائلارچە ئىشىنىش دېگەنلەرنى قانداقمۇ مۇۋاپىق سەۋىيىدە ئوتتۇرا تۇرغىلى بولسۇن؟ جىنسىي ئىستەك پارتىيە ئۈچۈن خەتەرلىك

كۈچ، پارتىيە ئۇنى بىر ۋاستە قىلىپ پايدىلانغان ئىدى. مانا مۇشۇ ئوخشاش ھىيلىنى، پارتىيە ئىنساندىكى تۇغما ئاتا - ئانىلىق ئىستىكىگىمۇ ئىشلەتكەن ئىدى. ئەمەلىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئائىلىنى كۆزدىن يوقاتقىلى بولمايتتى. ئۇلار ئاتا - ئانىلارنى، بالىلىرىنى يەنىلا كونىچە تۇرمۇشتىكىگە ئوخشاش سۆيۈش، ئامراق بولۇشقا ئىلھاملاندۇراتتى، ۋەھالەنكى، يەنە بىر تەرەپتىن بالىلىرىنى ئۆز ئاتا - ئانىلىرىغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا سىستېمىلىق تەرزدە كۆندۈرگەن، ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىرىنى كۆزىتىدىغان، ئۇلارنىڭ گۇمانلىق ئىش - ھەرىكەتلىرىنى يەتكۈزىدىغان كىچىك ئىشپىيونلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىققان ئىدى. ئائىلە ماھىيەتتە، ئىدىيە ساقچىخانىسىنىڭ كېڭەيتىلگەن بىر قىسمىغا، ھەممە ئادەمنى كېچە - كۈندۈز ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرى ئارقىلىق كۆزىتىپ تۇرىدىغان بىر قورالغا ئايلاندۇرۇلغان ئىدى.

ۋىنستوننىڭ خىياللىرى ئۇشتۇمتۇتلا يەنە كەسىرىنغا كەتتى. ئەگەر كەسىرىن ۋىنستوننىڭ ئىدىيىسىدىكى ئاينىشنى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە دۆت بوپقالمىغان بولسا، مۇقەررەركى، ئۇنى ئىدىيە ساقچىلىرىغا مەلۇم قىلاتتى. لېكىن شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭغا كەسىرىننى ئەسلەتكەن نەرسە، ۋىنستوننىڭ پىشانىسىدىن تەر مونچاقلىرىنى چىقىرىۋەتكەن چۈشتىن كېيىننىڭ دىمىق ئىسسىقى ئىدى. ۋىنستون جۇلىياغا دەل ئون بىر يىل بۇرۇنقى مۇشۇنداق بىر ئىسسىق چۈشتىن كېيىندە، يۈز بەرگەن — يۈز بېرەلمىگەن دېيىشمۇ مۇمكىن — بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرىشكە باشلىدى. بۇ ئۇلار توي قىلىپ ئۈچ - تۆت ئايلاردىن كېيىنكى ئىش ئىدى. ئۇلار كېنتنىڭ مەلۇم بىر يېرىدىكى بىر قېتىملىق دالا يۈرۈشىدە يولدىن ئېزىپ قالىدۇ. ئۇلار باشقىلارنىڭ پەقەت ئىككى مىنۇت ئەتراپىدىلا كەينىدە قالغانىدى، ئەمما ئۇ ئىككىسى خاتا بۇرۇلۇپ مېڭىپ قالىدۇ ۋە بىر تاش كولاش مەيدانىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالىدۇ. ئۇ يىگىرمە مېتىرچە چوڭقۇرلۇقتىكى

يـەر بولـۇپ، ئـۇلار تـىـك قىيانىـڭ بېشـىغىلا كېلىـپ قالغـان ئـىدى، قىيانىـڭ تېگىـدە بولسـا يوغـان تاشـلار بـار ئـىدى. ئۇلار ئەتراپتـا يـول سـورىغىدەك بىـرەر ئادەمنـى تاپالمايـدۇ. كەسـىرىن ئېزىـپ قالغانلىقىنـى بىلىپلا جىددىيلىشىشكە باشـلايدۇ. بـۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلـۇق گۇرۇپپىدىـن بىـرەر مىنـۇت بولسـىمۇ ئايرىلىـپ قېلىـش، كەسـىرىننى بىـر خاتالىـق سادىر قىلغانـدەك تۇيغۇغـا ئەكىلىـپ قويغانـىدى. ئـۇ دەرھـال قايتىـپ، يولنـى ئىزدەيلـى دەيـدۇ. ئەممـا دەل شـۇ چاغـدا، ۋىنسـتوننىڭ كـۆزى يۇتىنىـڭ ئاستىدىكى قىيـا تاشـنىڭ ئارىسـىدىن ئۈسـۈپ چىققـان لوتـۇس گۈلىگـە چۈشـتى. بىـر لوتـۇس گۈلـى ئىككـى خىـل رەڭلىـك بولـۇپ، بىـرى ھالـرەڭ، يەنـە بىـر خىـش قىزىلـى رەڭگىـدە ئـىدى، ھەيـران قالارلىقـى، ئىككىلىسـى بىـر يىلتىزدىـن ئۈسـۈپ چىققـان ئـىدى. ئـۇ ئىلگىـرى بۇنـداق گۈلنـى كـۆرۈپ باقمىغاچقـا، كەسـىرىننى كېلىـپ كۆرۈشـكە چاقىرىـدۇ.

ـــ كەسـىرىن، قـاراڭ ئـاۋۇ گۈللەرگـە. ئـاۋۇ قىياغـا يېقىـن يەردىكىسـى. بۇنـداق ئىككـى خىـل رەڭلىـك گۈلنـى كۆرۈپ باققانمۇ سـىز؟ ـــ كەسـىرىن ئاللىبۇرۇن بۇرۇلۇپ مېڭىپ بولغانىدى، ۋىنستوننىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ، زورىغـا قايتىـپ كېلىـدۇ. ئـۇ ۋىنسـتون كۆرسـەتكەن تەرەپكە قـاراش ئۈچۈن قىياغـا يېقىنلىشـىدۇ. ۋىنسـتون ئۇنىـڭ سـەل كەينىـدە تۇرغـان بولـۇپ، ئۇنـى مەھكەمـرەك تۇرسـۇن دەپ ئۇنىـڭ بېلىدىـن تۇتۇۋالـىدۇ. دەل شـۇ تاپتـا ۋىنستون ئۆزلىرىنـى ھېچكىمنىـڭ كۆرمەيدىغانلىقىنـى ھېس قىلىـدۇ. بـۇ ئەتراپتـا نـە ئادىمـزات، نـە بىـر قـۇش يـوق ئـىدى. بۇنـداق يـەردە مەخپىـي تىڭشـىغۇچ بولـۇش ئېھتىماللىقـى بـەكلا تـۆۋەن ئـىدى، بولغـان تەقدىردىمۇ ئـۇ پەقـەت ئاۋازنـىلا ئالالايتتـى. ئـۇ چۈشـتىن كېيىننىـڭ ئـەڭ چىڭقـى قىزىـق ۋاقتـى ئـىدى. كۈچلـۈك قۇيـاش نـۇرى ئاسـتىدا، ئۇنىـڭ پېشانىلىرىدىن مۇنچـاق ـ مۇنچـاق تـەر دانىچىلىـرى تەپچىـرەپ چىقىـپ كەتكەنىـدى. شـۇ چاغـدا كاللىسـىدىن كەچكـەن شـۇنداق بىـر خىيـال ئۇنـى چۆچۈتىۋەتكەنىـدى...

ـــ نېمىشقا ئىتتىرىۋەتمىدىڭىز؟ مەن بولغـان بولسـا ئىتتىرىۋېتەتتىم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— دېدى جۇلىيا.

— شۇنداق سۆيۈملۈكۈم سىز شۇنداق قىلالايسىز، مەن ھازىرقىدەك بولغان بولسام، مەنمۇ ئېتىراپ قىلاتتىم، بەلكىم ئۇنداق قىلالماسلىقىممۇ مۇمكىن، ئەلۋەتتە.

— ئېتىراپ قىلغانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلدىڭىزمۇ؟

— ھەئە، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا پۇشايمان قىلدىم.

ئۇلار ئاشۇ توپا بېسىپ كەتكەن پولدا ياتامدۇ - يان ئولتۇرۇشتى. ۋىنستون ئۇنى ئۆزىگە يېقىن تارتتى. ئۇ بېشىنى ۋىنستوننىڭ مۈرىسىگە قويدى. ئۇنىڭ چاچلىرىدىن كېلىۋاتقان خۇشپۇراق، كەپتەرنىڭ مايىقلىرىنىڭ سېسىق پۇرىقىنى بېسىپ كەتتى. ئۇ بەكلا ياش دەپ ئويلىدى ۋىنستون. ئۇنىڭ تۇرمۇشتىن يەنە كۈتىدىغانلىرى بار. ئۇ بىر ئادەمنى قىيادىن ئىتتىرىۋېتىشنىڭ ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.

— ئەمەلىيەتتە، ئۇنداق قىلغانلىقىڭمۇ ھېچنېمىگە پايدىسى يوق، — دېدى ۋىنستون.

— ئەمىسە نېمىشقا پۇشايمان قىلدىم دەيسىز؟

— مەن ئىشنى پاسسىپ ئۇسۇلدا ئەمەس، ئاكتىپ ئۇسۇلدا ھەل قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. بىز ئويناۋاتقان بۇ ئويۇندا بىز يېڭەلمەيمىز. پەقەت بەزى مەغلۇبىيەتلىرىمىز بەزىلىرىدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، خالاس.

ۋىنستون ئۇنىڭ مۈرىلىرىنىڭ قوشۇلماسلىق مەنىسىدە مىدىرلىغانلىقىنى سەزدى. مۇشۇنداق تېمىلاردا پاراڭلاشقاندا، جۇلىيا ھەمىشە ۋىنستون بىلەن قارشىلىشىپ قالاتتى. ئۇ يەككە ئادەم مۇقەررەر مەغلۇب بولىدۇ، دېگەننى بىر تەبىئىي قانۇنىيەت دەپ قاراشقا قوشۇلمايتتى. مەلۇم نۇقتىدىن جۇلىيامۇ ئۆزىنىڭ ھامىنى ئەدىيە ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىدىن ۋە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمايتتى،

يەنە بىر تەرەپتىن بولسا يەنىلا ئۆزىنىڭ مەخپىي بىر دۇنياسىنى قۇرۇۋېلىپ، شۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى خالىغانچە ياشىيالايمەن، پەقەت تەلەي، قۇۋلۇق، يۈرەك بولسىلا بىر گەپ بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ بۇ يەردە بەخىت دېگەن بىر نىمىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، ھەقىقىي غەلبىنىڭ بىز ئۆلۈپ ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىنكى كەلگۈسىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى، يەنە ئۇ پارتىيەگە قارشى يەك شىمايلىغاندىن كېيىنلا، ئۆزەڭنى ئەڭ ياخشىسى مەن ئەمدى بىر جەسەت دەپ ئويلىۋېتىشنىڭ لازىملىقىنى تېخىمۇ چۈشەنمەيتتى.

— بىز ئۆلگەن، — دېدى ۋىنىستون.

— بىز تېخى ئۆلمىدۇق، — تاقارىشتى جۇلىيا.

— مەن جىسمانىي نۇقتىدىن دېمىدىم. بەلكىم يېرىم يىل، بىر يىل، ھەتتا بەش يىل ياشىيالارمىز. مەن ئۆلۈمدىن قورقىمەن. سىز ياش بولغاچقا، بەلكىم مەندىن بەكرەك قورقۇشىڭىز مۇمكىن. ئېنىقكى، بىز پەقەت ئۆلۈمنى كاللىمىزدىن چىقىرىۋېتىشكە تىرىشىپ بېقىۋاتىمىز، ئەمما بۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئىنسانلار ئىنسان پېتى مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق ئوخشاش بىر نەرسە بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ.

— ئۇھ، قورۇق گەپ! سىز مېنى قۇچاقلاپ يېتىشنى خالامسىز ياكى بىر ئىسكىلىتنىمۇ؟ مۇشۇ تىرىكلىكتىن ھۇزۇرلانغۇڭىز يوقمۇ؟ سىز ماۋۇ مېنىڭ قولۇم، ماۋۇ پۇتۇم، بۇ مەن، مەن مەۋجۇت، مەن ھايات دېگەن تۇيغۇلارنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

جۇلىيا ئۆرۈلۈپ ۋىنىستونغا چاپلاشتى. ۋىنىستون فورمىنىڭ ئۈستىدىنلا ئۇنىڭ كۆكسىنىڭ چىڭ ۋە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭدىكى ياشلىق ۋە جۇشقۇنلۇق ۋىنىستونغا قۇيۇلۇۋاتقاندەك قىلاتتى. «ھەئە، ياخشى كۆرىمەن» دېدى ۋىنىستون.

— ئەمىسە تولا ئۆلۈمنىڭ گېپىنى قىلماڭ. ئاڭلاڭ سۆيۈملۈكۈم،

بىز ھازىر كېلەر قېتىم كۆرۈشىدىغان ئىشنى دېيىشىۋالايلى. بىز ئاۋۇ دەرەخزارلىقتىكى يەرگە بارساقمۇ بولىدۇ، ئۇ يەرگە ئۇزۇن بولدى بارمىدۇق. لېكىن، بۇدا چوقۇم باشقا يولدىن بېرىشىڭىز كېرەك. مەن ھەممىنى پىلانلاپ قويىدۇم. سىز پويىزغا چىقسىز ... قاراڭ، مەن سىزگە سىزىپ كۆرسىتىپ قوياي.

ئۇ ئاۋۋال پولدىكى توپىدىن ئازراق يىغدى ۋە كەپتەرنىڭ چاڭگىسىدىن بىر تال تاياقچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەرىتە سىزىشقا كىرىشىپ كەتتى.

## 4

ۋىنستون چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى كونا ھۇجرىغا تەپسىلىي سەپسېلىۋاتاتتى. دەرىزە يېنىدىكى چوڭ كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە كونا گىلەم ۋە قېپى يوق ياستۇق قويۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇلۇپ قويۇلغان ئىدى. تام ئوچاقنىڭ ئۈستىدىكى كونا پاسوندىكى تام سائىتى چىكىلداپ مېڭىپ تۇراتتى. بۇلۇڭدىكى قاتلىما ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە، ۋىنستون سېتىۋالغان ئەينەك قەغەزباسقۇ بۇ سۇس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پارقىراپ تۇراتتى.

بىر ياندىكى تاختاي ئۈستىدە، مايماق بوپكەتكەن بىر قەلەي ئوچاق، بىر دانە تاۋا ۋە ئىككى تال ئىستاكان تۇراتتى، بۇلارنى چاررىڭتون ئەپەندى ئەكىرىپ بەرگەن ئىدى. ۋىنستون ئازراق سۇ قاينىتىش ئۈچۈن ئوچاقنى ياقتى ۋە ئۈستىگە ئازراق سۇ قويدى. ئۇ بىر قەغەز كونۋېرتتا لىققىدە زەپەر قەھۋەسى ۋە بىر نەچچە تال شېكەر جەۋھىرى تابلېتى ئالغاچ كەلگەن ئىدى. سائەتنىڭ ئىسترېلكىسى ئون يەتتىدىن يىگىرمىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە سائەت ئون توققۇزدىن يىگىرمە ئۆتكەنىدى. جۇلىيا دەل ئون توققۇز يېرىمدا كەلمەكچى بولغانىدى.

ئەخمەق، ئەخمەق، ئۇنىڭ يۈرىكى داۋاملىق شۇنداق دەۋاتاتتى، بىلىپ تۇرۇپ ئۆزۈڭنى بىكاردىن بىكارغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىۋاتىسەن. پارتىيە ئەزالىرى سادىر قىلىپ سالىدىغان بارلىق جىنايەتلەر ئىچىدە، يوشۇرۇش ئەڭ تەس جىنايەت مۇشۇ ئىدى. بۇ پىكىر ئەڭ دەسلەپتە ئۇنىڭ كاللىسىغا، ئۆيىدە ھېلىقى پارقىراپ تۇرغان ئەينەك قەغەزباسقۇغا كۆزى چۈشكەندىلا كەلگەنىدى. ئۆزى پەرەز قىلغاندەك چاررىكتون ئەپەندى بۇ ئۆينى ئۇنىڭغا ئوڭايلا بېرىۋەتتى. ئېنىقكى، ئۇنى ۋىنستونىدىكى دوللار خۇش قىلىۋەتكەن ئىدى. ھەتتا ئۇ ۋىنستوننىڭ بۇ ئۆينى شۇ ئىشقا ئىشلەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەندىمۇ يا ھەيران قالمىدى، يا ئاچچىقى كېلىپمۇ قالمىدى. بەلكى ھېچ ئىش بولمىغاندەك نەزىرىنى باشقا ياقلارغا بۇراپ، ۋىنستونغا بەزى تەپسىلاتلارنى ئېيتىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا ئەمدى بەك كۆزىگە كىرىۋالمايدىغاندەك، ئەمدى يوقاپ كېتىدىغاندەك تۇيغۇ بەردى. «ئادەمنىڭ مەخپىيىتى بەكلا قىممەتلىك» دېدى بوۋاي. بىراۋ مۇشۇنداق بىر يەرگە ئاران ئېرىشكەندە، بۇنى بىلىدىغانلارنىڭ بۇ ئىشنى ئۆزىلا بىلىپ قېلىشى ئەقەللىي بىر ئەخلاق ئىدى. ئۇ يەنە بىر ئىشىكنى دەپ بەردى، ئۇ ئارقا ھويلىغا تۇتىشىدىغان بولۇپ، ئۇ يەردىن باشقا يەنە بىر كىچىك كوچىغا چىققىلى بولاتتى، ئۇ بۇلارنى دەۋاتقاندا خۇددى ئۆزى ئېيتقاندەك، ئاستا - ئاستا كۆزدىن يوقاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى.

دەرىزىنىڭ ئاستىدا بىرەيلەن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن پەردىنىڭ ئارقىسىدىن قارىدى. ئىيۇن قۇياشى ئوتتەك نۇرلىرىنى پەستىكى سەيناغا سېپىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە تۆۋرۈكتەك يوغان، قىزىل بىلەكلىرى ناھايىتى تومۇ، پەرتۇق تارتىۋالغان بىر ئايال كىر دېسى بىلەن كىر يايىدىغان ئارغامچا ئارىسىدا پالاقشىپ مېڭىپ يۈرەتتى، ئارغامچىغا نۇرغۇن تۆتبۇرجەك ئاق نەرسىلەر ئېسىلغان بولۇپ، قارىغاندا بوۋاقلارنىڭ يۆگەكلىرىدەك قىلاتتى. ئۇ كىيىم يايىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئاسقۇنى چىشلىۋالمىسىلا كۆچلۈك ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ كېتەتتى:

*پەقەتلا بىر خام - خىيالدۇر بۇ،*
*ئۆتنۈپ كېتەر ئاپرېل ئېيىدەك.*
*سۆزدىن، بېقىشتىن ئويغانغان چۇشلەر،*
*ئېلىپ كېتەر يۈرىكىمنى ئوغرىدەك.*

يېقىنقى بىر نەچچە ھەپتىنىڭياقى، لوندوننىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇشۇ ناخشا ياڭراۋاتاتتى. بۇ مۇزىكا باشقارمىسىنىڭ بىر تارمىقىنىڭ، پرولىتارلار ئۇچۇن ئىشلەپ تارقاتقان نۇرغۇن ناخشىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىدى. ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئادەم يازمىغان ئىدى، ئۇ پەقەت بىر مۇزىكا ماشىنىسى تەرىپىدىن يېزىلىپ چىقاتتى. ئەمما بۇ ئايال بۇ ناخشىنى شۇنداق ئاھاڭدار ئېيتتىكى، بۇ تېتىقسىز، ئەخلەت ناخشىمۇ ئادەمگە خېلى يېقىملىق ئاڭلىنىپ قالدى. ۋىنستون ئۇ ئايالنىڭ ناخشىسىنى، ئۇنىڭ ئايىغىدىن چىققان يېقىمسىز پالاقشىغان تىۋىشىنى، كوچىدىكى بالىلارنىڭ تووۋلاشلىرىنى، ۋە يىراقتىن جايدىكى ماشىنىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىيالىدى. بىراق، ئۆي ئىچى ئاجايىپ جىمجىت ئىدى، چۈنكى ئۆيدە ئېكران يوق!

«ئەخمەق، ئەخمەق، ئەخمەق!» ئۇ يەنە ئويلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە بايقىلىپ قالماي بىر نەچچە ھەپتە كېلىپ - كېتەلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. بىراق ئۇلارنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە، يېقىن بىر ئۇۋا تېپىشتىن ئىبارەت ئوتتەك كۈچلۈك ئارزۇسى بۇ ۋەھىمە، قورقۇنچلاردىن غالىب كەلدى. ئاشۇ چېركاۋدىكى كۆرۈشۈشتىن كېيىن، خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇلارغا يەنە بىر ئۇچرىشىش مۇمكىن بولمىدى. نەپرەت ھەپتىسى يېقىنلاپ قالغاچقا، خىزمەت ۋاقتى ھەسسىلەپ ئۇزىراپ كەتكەن ئىدى. گەرچە تېخى بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن قىلىنىدىغان دەبدەبىلىك، مۇرەككەپ

تەييارلىق خىزمەتلىرى ھەممەيلەننىڭ خىزمەت سالمىقىنى بەكلا ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن ئىدى. ئاخىرى ئۇلار بىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتتا كۆرۈشۈشكە ئامال قىلالىدى. ئۇلار دەرەخزارلىقتىكى ھېلىقى كونا جايغا بېرىشقا كېلىشكەن ئىدى. بۇنىڭ ئالدىنقى كۈنىسى كەچتە، ئۇلار كوچىدا ئۇچراشتى. باشقا چاغدىكىدەكلا، ۋىنستون جۇلىيا بىلەن كىشىلەر توپى ئارىسىدا ماڭغاندا، ئۇنىڭغا قارىمايتتى، شۇنداقتىمۇ، شۇنداق بىر قاراشتىلا، ئۇ جۇلىيانىڭ يۈزىنىڭ ئادەتتىكىدىن بەكرەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— تۈگەشتى، — دېدى جۇلىيا ئەتراپنىڭ بىخەتەرلىكىگە جەزم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — ئەتىكى ئىشنى دېمەكچىمەن.

— نېمە؟

— ئەتە چۈشتىن كېيىن كېلەلمەيدىغان بوپقالدىم.

— نېمىشقا؟

— ھەي، شۇ ئادەتتىكى سەۋەب، خىزمەت ۋاقتىم ئىلگىرى سۈرۈلۈپ قالدى.

ۋىنستون بىردىنلا بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەندى. ئۇ جۇلىيا بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدە، ئۇنىڭ جۇلىياغا بولغان ھېسسىياتى، ئىنتىلىشىدە ئۆزگىرىش بولغانىدى. دەسلەپتە، ھەقىقىي ھېسسىيات دەيدىغان نەرسە يوق ئىدى. تۇنجى قېتىملىق بىر يەردە بولۇش، پەقەتلا ئىرادىنىڭ كۈچى بىلەنلا ئىشقا ئاشقانىدى. ئەمما ئىككىنچى قېتىمدىن باشلاپ ئۇنداق بولمىدى. ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ ھىدى، لەۋلىرىنىڭ تەمى، ئۇنىڭ تېرىلىرى خۇددى ۋىنستوننىڭ بەدىنىگە، ئەتراپىدىكى ھاۋاغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولدى. جۇلىيا ۋىنستونغا نىسبەتەن بولمىسا بولمايدىغان بىر ماددىي زۆرۈرىيەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى، ۋىنستون ئۇنىڭغا ئېرىشىشنىلا ئەمەس، بەلكى شۇنداق ئېرىشىش ھوقۇقۇم بار دەپ ئويلايدىغان

بوپقالغانىدى. جۇلىيا «مەن كىيىلەلمەيدىكەنمەن» دېگەندە، ۋىنستوندا خۇددى ئۇ يالغان ئېيتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. دەل شۇ دەقىقىدە، ئۇلار قىستاڭچىلىقتا بىر يەرگە كېلىپ قالدى ۋە قوللىرى تېگىشىپ كەتتى. جۇلىيا ۋىنستوننىڭ بارمىقىنىڭ ئۇچىنى بىرنى چىڭگىدە سىقىپ قويدى، ئۇ بۇنى جىنسىي ئىستەك بىلەن ئەمەس، بەلكى مۇھەببەت بىلەن سىققاندەك قىلاتتى. ۋىنستون ئاياللار بىلەن بولغان تۇرمۇشتا، ئادەمنى دەردتە قويىدىغان بۇنداق ئىشلارنىڭ تولا بولۇپ تۇرىدىغان نورمال ھادىسە ئىكەنلىكىنى تۇيۇقسىز ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ۋىنستوننىڭ ۋۇجۇدىنى ئۇنىڭغا نىسبەتەن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان ھېسداشلىق قاپلىۋالدى. ۋىنستون بىر توي قىلىپ بولغىلى ئون يىل بولۇپ بولغان ئەر - خوتۇنلاردىن بولغان بولساق، كوچىلاردا ھېچنېمىدىن ئەنسىرىمەي، ئەركىن - ئازادە قوللىرىمىزنى تۇتۇشۇپ مېڭىپ كەتسەك، بازاردىن ئۆيگە لازىم ئۇششاق - چۈششەكلەرنى بىللە ئالساق نەقەدەر ياخشى بولاتتى دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئۇ يەنە ھەممىدىن بەكرەك، بولسا ئۆزىمىزنىڭ ئايرىم بىر ئۆيى بولسا، ھەر قېتىم كۆرۈشكەندە چوقۇم جىنسىي ئالاقە قىلىشنى ۋەزىپە قىلىۋالمىساق دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئەمەلىيەتتە، چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىش خىيالى ئۇنىڭغا مۇشۇ چاغدا ئەمەس، بەلكى ئەتىسى تۇيۇقسىز كەلگەنىدى. ئۇ بۇ خىيالىنى جۇلىياغا ئېيتقاندا، ئۇ ئويلىمىغان يەردىن تەييار بولۇپ تۇرغاندەكلا ماقۇللۇقىنى بىلدۈردى. ئىككىلىسى بۇنىڭ بىر قېقىرزىل ساراڭلىق، ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى. بۇ ئۆز قەبرىسىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرۇپ مۇشۇلارنى خىيال قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ كاللىسىغا تۇيۇقسىز شەپقەت مىنىستىرلىكىنىڭ يەر ئاستى گەمىلىرى كېلىپ قالدى. پۈتۈلۈپ كەتكەن بۇ خىل قورقۇنچىنىڭ ئادەمنىڭ ئېڭىغا خالىغاندا كىرىپ - چىقىپ تۇرۇشى بەكلا غەلىتە بىر ئىش ئىدى.

بۇ بىر مۇقەررەرلىك ئىدى، بۇ قورقۇنچ، خۇددى توقسان توققۇزدىن كېيىن يۈز كەلگەندەكلا، چوقۇم كەلگۈسىدە ئۆلۈمدىن بۇرۇن بېشىمىزغا كېلەتتى. ھېچكىم بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايتتى، پەقەت ئازراق كەينىگە سۈرۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. بەلكىم يەنە بىراۋ ئۆزى خالاپ، بىلىپ تۇرۇپ بۇنى يەنە ئالدىغىمۇ سۈرەتتى.

بۇ چاغدا، پەلەمپەيدىن تېز - تېز ماڭغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا جۇلىيا ئۆيگە ئېتىلىپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ قوپال، قوڭۇر رەڭ بىررىنىت رەختتىن تىكىلگەن سومكا كۆتۈرۈۋالغانىدى. ۋىنستون ئۇنى مىنىستىرلىكتە دائىم مۇشۇنداق سومكا كۆتۈرۈۋالغان ھالەتتە كۆرەتتى. ئۇ جۇلىيانى قۇچاقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، بىراق جۇلىيا تېزلا ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقتى، چۈنكى ئۇنىڭ قولىدا تېخى سومكىسى بار بولۇپ، سەل ئەپسىز ئىدى.

— جىندەك تۇرۇپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ، — نېمىلەرنى ئەكەلدىم، كۆرسىتىپ قوياي. سىز ھەقىچان ئاشۇ تېتىقسىز زەپەر قەھۋەسىدىن ئالغان كەلدىڭىز، شۇنداقتۇ؟ چوقۇم ئەكەلدىڭىز. ئەمدى ئۇنى تاشلىۋەتسىڭىز بولىدۇ، ئۇنىڭ لازىمى يوق. قاراڭ بۇلارغا.

ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خالتىسىنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە قويۇلغان كۆلۈچ، ئەتۋىركىلەرنى ئېلىۋەتتى، ئاستىدا بىر نەچچە قەغەز خالتا تۇراتتى. ۋىنستون جۇلىيا سۇنۇپ بەرگەن قەغەز خالتىنى ئېلىپ، بىر خىل غەلىتە، ئەمما تونۇش بىر نەرسىنى سەزدى. ئۇ ئېغىر، قۇمغا ئوخشايدىغان بىر نەرسە بىلەن توشقۇزۇلغان ئىدى.

— شېكەر ئەمەستۇ؟

— ھەقىقىي شېكەر، شېكەر جەۋھىرى ئەمەس. مانا بۇ يەردە ھەقىقىي ئاق بولكا بار، ھېلىقى بىز يەيدىغىنى ئەمەس. يەنە ئازراق مۇرابba، سۈتمۇ بار، ئەمما قاراڭ! مانا ماۋۇ مەن رەسمىي پەخىرلىنىدىغان نەرسە، ئۇنى لاتىغا يۆگىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم، چۈنكى...

جۇلىيانىڭ ۋىنستونغا نېمە ئۈچۈنلىكىنى دەپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قويۇق ھىدى ئاللىبۇرۇن ئۆيىنى قاپلىغان ئىدى، بۇ پۇراق گوياكى ۋىنستوننىڭ باللىق دەۋرىدىن كەلگەندەك ئىدى، بۇنداق پۇراقنى ھازىرمۇ ئاندا - ساندا پۇراپ قالاتتىڭىز. كارىدورلاردىكى مەلۇم ئىشىكلەر جاڭگىدە ئېتىلىشتىن بۇرۇن، بۇرنىڭىزغا پۇراپ قالاتتى، ياكى بەزىدە كوچىلاردا تۇيۇقسىز پۇراپ قالاتتىڭىزيۇ، يەنە دەرھال غايىب بولاتتى.

— بۇ قەھۋە، ھەقىقىي قەھۋەكەن، — دېدى ۋىنستون.

— بۇ ئىچكى پارتىيەنىڭ قەھۋەسى، بۇ يەردە ساق بىر كىلو بار.

— بۇ نەرسىلەرنى قانداق قولغا چۈشۈردىڭىز؟

— بۇ ھەممىسى ئىچكى پارتىيەنىڭ نەرسىلىرى، ئۇ چوشقىلارنىڭ ھەممە نېمىسى تەل. لېكىن، مۇلازىملەر، خىزمەتچىلىرى يەنە بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئازراقتىن سوقۇۋالىدۇ. قاراڭ، يەنە ئازراق چايمۇ بار.

ۋىنستون ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. ئۇ قەغەز قاپنىڭ بىر بۇرجىكىنى يىرتتى.

— مانا بۇ ھەقىقىي چاي، قارا بۆلجۈرگەن يوپۇرمىقى ئەمەس.

— يېقىندىن بېرى چاي خېلى كۆپىيىپ قالدى، ئۇلار ھىندىستان ياكى باشقا بىر يەرلەردىن ئەكەلدىمىكى، — دېدى جۇلىيا چۈشىنىكسىزلا، — لېكىن، گېپىمنى ئاڭلاپ ماڭا ئۈچ مىنۇت كەينىڭىزنى قىلىپ ئولتۇرۇڭ، سۆيۈملۈكۈم. كارىۋاتنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇڭ. دېرىزىگە بەك يېقىن بېرىۋالماڭ. مەن ھە دېمىگىچە كەينىڭىزگە قارىماڭ.

ۋىنستون پەردىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇردى. پەستىكى سەينادا، ھېلىقى سېمىز ئايال يەنىلا كىر دېسى بىلەن كىر يايىدىغان ئارغامچا ئارىسىدا پالاقلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئېغىزىدىكى ئىككى تال ئاسقۇنى

ئېلىپ، زوق ـ شوق بىلەن ناخشا ئېيتىشنى باشلاپ كەتتى:

*دەيدۇ ئۇلار ۋاقىت قادىر ھەممىگە،*
*دەيدۇ ئۇلار ئۇنتالايسەن ھەممىنى.*
*ئەمما ئۆتكەن قايغۇ ـ شادلىق، ياش ـ كۈلكە،*
*تىلغاپ چىقار توختىماستىن قەلبىمنى.*

ئۇ ئايال بۇ باش ـ ئايىغى يوق، مالىماتاڭ ناخشىنى ئېسىدە چىڭ ساقلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ناخشا ساداسى يېقىملىق ياز ھاۋاسى بىلەن لەيلەپ كېلىپ ئادەمگە ھەم خۇشاللىقنى ھەم قايغۇنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدىن بەكلا رازىدەك كۆرۈنەتتى، ياز كېچىلىرى ئۇزۇلۇپ قالمىسا، يۇيىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەر تۈگەپ قالمىسا، ئۇ بۇ يەردە بالىلارنىڭ يۆگەكلىرىنى يېيىپ، تېتىقسىز ناخشىلارنى ئېيتىپ يەنە بىر مىڭ يىل بولسىمۇ خاتىرجەم ياشاپ كېتەلەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ بىردىنلا ھېچبىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئۆزى يالغۇز، ئۆزلۈكىدىن بىرەر ناخشىغا غىڭشىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ بەكلا غەلىتىلىك ھېس قىلدى. بۇ خۇددى ئۆزىگە سۆزلەپ سېلىشقا ئوخشاش، بەكلا خەتەرلىك ئادەت ۋە ساداقەتسىزلىكنىڭ ئالامىتى ئىدى. قارىغاندا ئىنسانلار ئاچارچىلىققا مۇپتىلا بولغاندا، ھەرقانداق نەرسە ھەققىدە ناخشىلارنى ئېيتىپ باقىدەك.

— ئەمدى قارىسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ بۇرۇلدى، ئۇ بىر قاراپلا كۆز ئالدىدىكى ئادەمنى دەماللىققا تونۇيالمىدى. ئەسلىدە ئۇ جۇلىيانى يالىڭاچ كۆرەرمەن دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ يالىڭاچ ئەمەس ئىدى. يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن بەكلا چوڭ ئىدى. ئۇ يۈزىنى بويىغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇ جەزمەن پرولتارلارنىڭ بازىرىدىكى بىرەر دۇكانغا كىرىپ، ئۆزى ئۈچۈن تولۇق بىر يۈرۈش گىرىم بۇيۇملىرى سېتىۋاپتۇ. ئۇنىڭ لەۋلىرى قىزىق بويالغان، مەڭزىگە ماي، قاڭشىرىغا ئۇپا سۈرتۈلگەن ئىدى. ھەتتا كۆزىنىڭ ئاستىغىمۇ بىر نەرسە ئىشلەتكەن چېغى كۆزلىرى تېخىمۇ پارقىراپ كەتكەنىدى. گىرىم تازا ۋايىغا يېتەلمەي قالغانىدى، بىراق ۋىنستوننىڭ بۇنداق ئىشلاردىكى تەلپى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىلگىرى بىرەر ئايال پارتىيە ئەزاسىنىڭ گىرىم قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ يۈزىدىكى مۇۋاپىق ئورۇنلارغا ماس رەڭلەرنى ئىشلىتىپ، چىرايلىقلىشىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭغا ھەقىقىي بىر ئاياللىق نازاكەت قوشۇلغانىدى. ئۇنىڭ قىسقا چاچلىرى ۋە ئوغۇل بالىچە فورمىسى بۇ ئۇنۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىدى. ۋىنستون ئۇنى قۇچاقلىۋىدى، ئۇنىڭ بۇرنىغا سۈنئىي رۇخسار گۈل ئەتىرىنىڭ ھىدى ئۇرۇلدى. ئۇ ھېلىقى يەر ئاستىدىكى قاراڭغۇ، مەينەت ئاشخانا ئۆيىنى، قېرى ئايالنىڭ تۆشۈكتەك ئېغىزىنى ئەسلىدى. ئۇ ئايالمۇ دەل مۇشۇنداق پۇرايدىغان ئەتىرنى ئىشلەتكەنىدى. ئەمما شۇ تاپتا ئۇلار مۇھىم ئەمەس ئىدى.

— ئەتىرمۇ بار!

— ھەئە سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىمنى بىلەمسىز؟ مەن چوقۇم بىر ئاماللارنى قىلىپ، ھەقىقىي ئايالچە ئۇزۇن كۆينەك كىيىمەن، بۇ فورمىلارغا ھۆ بولۇپ كەتتىم. مەن سۈزۈك يىپەك پايپاق ۋە ئېگىز پاشنا ئاياق كىيىمەن! بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە مېنىڭ پارتىيە ئەزاسى ئەمەس، بەلكى بىر ئايال بولغۇم بار!

ئۇلار كىيىملىرىنى سېلىپ چۆرۈۋېتىپ، كارىۋاتقا ياماشتى. بۇ ۋىنستوننىڭ تۇنجى قېتىم جۇلىيا بار يەردە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ يالىڭاچ بولۇشى ئىدى. ئۇ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ تاتىراڭغۇ، ئورۇق بەدەنلىرىدىن، ھوشۇقىدىكى يارىسى ۋە ئۇنىڭ سەل ئۈستىدىكى رەڭگى

ئۆزگىرىپ كەتكەن يېرىدىن نومۇس قىلاتتى. كارىۋاتتا كىرلىك يوق بولۇپ، ئۇلار ياتقان ئەدىيال كونا ئەمما سىلىق ئىدى. كارىۋاتنىڭ چوڭلۇقى ۋە يۇمشاقلىقى ئۇلارنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى. «قۇرتلا قىملداپ كەتكەندۇ ئىچىدە، كىمنىڭ كارى؟» دېدى جۇلىيا. ھازىر پرولېتارلارنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەردە، بۇنداق قوش كىشىلىك كارىۋاتنى كۆرگىلى بولمايتتى. ۋىنستون بالا چېغىدا مۇشۇنداق كارىۋاتتا يېتىپ باققان ئىدى. لېكىن، بۇ جۇلىيانىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم قوش كىشىلىك كارىۋاتتا يېتىشى ئىدى.

ئۇلار كارىۋاتتا يېتىشقىنىچە بىردەمدىلا ئۇيقۇغا كەتتى. ۋىنستون ئويغانغاندا سائەت ئاللىبۇرۇن توققۇزغا يېقىنلىشىپ قالغانىدى. ئۇ قىمىرلىمىدى، چۈنكى جۇلىيا بېشىنى ئۇنىڭ بىلىكىگە قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ئىدى. جۇلىيانىڭ گىرىم - بوياقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، ۋىنستون بېشىنى قويۇپ ياتقان ياستۇققا يۇقۇپ قالغانىدى، ئەمما يۈزىگە سۈۋالغان مايىنىڭ سۇس ئىزى ئۇنىڭ مەڭىز سۆڭەكلىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ تۇراتتى. پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىنى ۋە تام ئوچاقنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئوچاقتا بايا قويۇپ قويغان سۇ قايناپ كەتكەنىدى. پەستىكى ئايالمۇ ناخشىسىنى توختاتقان، پەقەت كوچىدىن بالىلارنىڭ تۇۋلاشقان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. ۋىنستون ئىزى يوق قىلىنغان ئاشۇ ئۆتمۈشتىمۇ، كىشىلەر سالقىن ياز كەچلىرىدە كارىۋاتتا مۇشۇنداق يالىڭاچ يېتىپ، خالىغاندا بىرگە بولۇپ، خالىغاندا پاراڭلىشىپ، سىرتتىكى ئاۋازلاردىن ھۇزۇرلىنىپ، ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلگەندە تۇرۇپ، ئەمدى ئورنىمىزدىن تۇرمىساق بولمايدۇ دېگەن تۇيغۇلاردىن خالىي ھالەتتە ياشاپ باققان بولغىيمىدى؟ مۇشۇ ئۇلارنىڭ نورمال تۇرمۇشى بولغىيمىدى؟ دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. ياق، چوقۇم ئۇنداق ئەمەس، نەدىمۇ بۇنداق تۇرمۇش نورمال تۇرمۇش ھېسابلانسۇن؟ جۇلىيا ئويغاندى، ئۇ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، جەينەكلىرىگە تايىنىپ تۇرۇپ، قايناۋاتقان چەينەككە قارىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— سىزنىڭ يېزىمى قالماپتۇ، مەن ئەمدى تۇرۇپ قەھۋە تەييارلاي، بىزنىڭ يەنە بىر سائەت ۋاقتىمىز باركەن، سىلەرنىڭ بىناڭنىڭ توكى سائەت قانچىدە ئۆچۈرۈلىدۇ؟

— يىگىرمە ئۈچ يېرىمدا.

— بىزنىڭ ياتاقتا يىگىرمە ئۈچتە. ئەمما سىز بالدۇرراق ئورنىڭىزدىن تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ، چۈنكى... ۋوي! مەينەت، نىجىس! يوقال! — ئۇ ئېگىلىپلا پەستىكى ئايغىنى ئېلىپ ئۇنى بىر بۇرجەككە ئاتتى، ئۇنىڭ ئوغۇل بالىلارنىڭكىدەك بۇ چەبدەس ھەرىكىتى، نەپرەت پائالىيىتىدە گولدستېيىنغا لۈگەتنى ئاتقىنىغا ئوخشاپ كەتتى.

— نېمىكەن ئۇ؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون ھەيرانلىق بىلەن.

— چاشقان. ئۇنىڭ تامدىكى تاختاينىڭ ئارقىسىدىن تۇمشۇقىنى چىقىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ يەردە بىر تۆشۈك باركەن. ئىشقىلىپ ئۇنى ئوبدانلا بىر قورقۇتۇپ قويدۇم.

— چاشقان! مۇشۇ ئۆيدە! — دېدى ۋىنستون ئالاقزادە بولۇپ.

— ھەممە يەردە بار ئۇ نېمىلەر — دېدى جۇلىيا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياتقاچ، — ئۇ نېمىلەر بىزنىڭ ياتاقنىڭ ئاشخانىسىدىمۇ بار. لوندوننىڭ نۇرغۇن يەرلىرىدە مىغىلدىشىپ يۈرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ بالىلارغا ھۇجۇم قىلىدىغىنىنى بىلەمسىز؟ بەزى كوچىلاردا ئاياللار بوۋاقلىرىنى بىرەر - ئىككى مىنۇتمۇ قويۇپ قويالمايدۇ. يوغان بىغىررەڭ بىر خىللىرى بار، شۇلار شۇنداق قىلىدۇ. تېخىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغىنى بۇ نەرسىلەر....

— بولدى، ئەمدى داۋاملاشتۇرماڭ، — دېدى ۋىنستون كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىپ.

— سۆيۈملۈكۈم! تاتىرىپ كەتتىڭىزغۇ؟ نېمىش بولدى؟ چاشقانلار كۆڭلىڭىزنى بىئارام قىلامدۇ؟

— مەن دۇنيادا ھەممىدىن بەك قورقىدىغان نەرسە چاشقان!

جۇلىيا خۇددى ئۇزى بەدەنلىرىنىڭ ھارارىتى بىلەن ۋىنستوننى تىنچلاندۇرۇپ قويماقچى بولغاندەك، ۋىنستونغا چىڭ چاپلاشتى. ۋىنستون كۆزىنى دەرھال ئاچمىدى. ئۇ گويا بىر نەچچە مىنۇت بىر قاباھەتلىك چۈشنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا بۇ چۈشتىن قۇتۇلالمىغان ئىدى. داۋاملىق دېگۈدەك ئوخشاش بىر چۈش ئىدى. ئۇ قاپقاراڭغۇدا بىر تامنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، تامنىڭ يەنە بىر تەرپىدە بولسا قاراشقىمۇ پېتىنغىلى بولمايدىغان بىر نەرسىلەر بار ئىدى. ئۇ چۈشىدە ئۆزىنى ئۇزى ئالدايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلاتتى، چۈنكى ئۇ ئەمەلىيەتتە تامنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتى. ئۇ ئازراق كۈچىسىلا، خۇددى مېڭىسىدىن بىر نەرسىنى تارتىپ چىقارغاندەك، ئۇ نەرسىنىمۇ كۆز ئالدىغا ئەكىلەلەيتتى. ئەمما ئۇ دائىم ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى كۆرمەيلا ئويغىنىپ كېتەتتى. ئىشقىلىپ، ئۇ بايا جۇلىيا ئاپىغىنى ئاتقان نەرسە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر نېمە ئىدى.

— كەچۈرۈڭ، ھېچقىسى يوق، مەن يەقەت چاشقانلارغا ئۆچ، — دېدى ۋىنستون.

— ئەنسىرىمەڭ سۆيۈملۈكۈم، ئۇ نېملەر ئەمدى بۇ يەردىن يوقىلىدۇ. مەن بىز مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۇ تۆشۈكنى ھەم ئېتىۋېتىمەن. كېلەر قېتىم كەلگىنىمىزدە، مەن ئازراق سىمونت ئالغاچ كېلىپ، تولۇق ھىملىۋېتىمەن.

بۇ قورقۇنچ بىردەمدىلا ئاساسەن ئۇنتۇلدى. ۋىنستون سەل ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ قالدى، ئۇ كارىۋاتنىڭ بېشىغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇردى. جۇلىيا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، فورمىسىنى كىيىپ، قەھۋە دەملەشكە تۇتۇندى. تاۋىدىن كۆتۈرۈلگەن ھىد شۇنداق خۇشپۇراق ئىدىكى، ئۇلار بۇنىڭدىن ھاياجانلىنىپ كەتتى ۋە ئىشىك - دەرېزىلەرنى ھەم ئېتىۋەتتى، چۈنكى پۇراق سىرتقا چىقىپ كېتىپ قالسا بولمايتتى. قەھۋەنىڭ پۇرىقىدىنمۇ بەكرەك ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا شىكەرنى سالغاندىن كېيىنكى قەھۋە يۈزىدە پەيدە بولىدىغان سىزىقچىلار ئىدى. ۋىنستون نەچچە يىللاردىن بۇيان، پەقەت شىكەر جەۋھىرىلا ئىشلىتىپ، شىكەرنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. جۇلىيا بىر قولىنى يانچۇقىغا سېلىپ، بىر قولىدا مۇراببا سۈرتۈلگەن بولكىنى تۇتۇپ، بىردەم كىتاب ئىشكاۋىغا سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى، بىردەم قاتلىما ئۈستەلنى قانداق قىلىپ ئوڭشىغىلى بولار دەپ، سىنچىلاپ كۆزىتىپ كېتەتتى، بىردەم ئۆزىنى ھېلىقى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا تاشلاپ ئۇنى لەپەڭشىتىپ يېتىپ باقاتتى، يەنە تامدىكى سائەتكە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ھېلىقى ئەينەك قەغەزباسقۇنى كارىۋاتنىڭ يېشىغا ئەكىلىپ يورۇقتا بەك ئىنچىكىلەپ قاراپ كەتتى، ئۇنىڭ يۇمشاق، يامغۇر سۈيىدەك سىلىق قىياپىتى جۇلىيانى مەھلىيا قىلىۋالغان ئىدى.

— بۇ نېمىدۇ سىزنىڭچە؟

— بۇ ھېچنېمە ئەمەس، يەنى مەن دېمەكچى بۇنى تېخى ھېچكىم ئىشلىتىپ باقمىغان. شۇڭلاشقا ئامراق مەن بۇنىڭغا. بۇ ئۇلار ئۆزگەرتىۋەتكەن تارىخنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان بىر پارچىسى. ئەگەر كىشىلەر بىلەلىسە، بۇ يۈز يىللار بۇرۇنقى دۇنيانىڭ ئىزناسى.

— ئاۋۇ تامدىكى رەسىمچۇ؟ — دېدى جۇلىيا تامنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، — ئۇمۇ يۈز يىللار بۇرۇنقى رەسىممۇ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن، شۇنداق دېيەلەيمەن، بەلكىم ئىككى يۈز يىل بۇرۇنقى بولۇشى مۇمكىن. ھازىر ھېچنېمىنىڭ يېشىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — جۇلىيا ئۇنى كۆرگىلى ئۇنىڭ قېشىغا باردى، — مانا مۇشۇ يەر، بايا چاشقانلار تۇمشۇقىنى چىقارغان، — دېدى جۇلىيا رەسىمنىڭ ئاستىدىكى تاختاينى تېپىپ تۇرۇپ، — ھەي، بۇ يەر قەيەر؟ مەن ئۇنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن.

— ئۇ بىر چېركاۋ، ھېچبولمىسا بۇرۇن. ئىسمى سېينت كلېمېنت

دېيىنس، ــ چاررىگتون ئەپەندى ئۆگىتىپ قويغان ھېلىقى ناخشا ۋىنستوننىڭ ئېسىگە كەلدى ۋە خۇددى سېغىنغاندەك غىڭشىپ قويدى:

*ئاپېلسىن ۋە لېمونلار*
*سېپىنت كلېمىنت چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار*

ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى جۇلىيا ئۇنىڭ داۋامىنى چۇشۇردى:

*سەن ماڭا ئۈچ فارسىڭ قەرزدار،*
*سېپىنت مارتىن شۇنداق جاراڭلار.*
*قاچان بېرىسەن قەرزىمنى دەپ،*
*كونا بېيلى شۇنداق جاراڭلار.*

داۋامىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، ئەمما ئەڭ ئاخىرىسى ئېسىمدە:

*شام كېلىدۇ كارىۋاتقا نۇرلار چاچقىلى،*
*پالتا كېلەر بېشىڭغا، كېسىپ - چاپقىلى.*

بۇ خۇددى ئۇتتۇرىدىن ئىككىگە ئايرىۋېتىلگەن مەخپىي پارولغا ئوخشاپ قالغانىدى، «كونا بېيلى»نىڭ كەينىدە چوقۇم يەنە بىر مىسرا بار ئىدى. بەلكىم ناۋادا چاررىگتون ئەپەندىگە ئەسلەتسە، ئۇنىڭ ئېسىگە كەپقېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— كىم ئۆگەتكەن بۇنى سىزگە؟

— چوڭ دادام، مەن بەك كىچىك ۋاقتىلىرىمدا بۇنى داۋاملىق ئېيتىپ بېرەتتى. مەن سەككىز ياش چاغلىرىمدا ئۇ پارغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى، ئىشقىلىپ يوقاپ كەتكەن. مەن لېمون دېگەن نېمىدۇ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دەپ قالغانتىم، مەن ئاپېلسىننى كۆرگەن. ئۇ ئىككىلىسى پوستلىرى قېلىن، سېرىق رەڭلىك مېۋىكەن.

ــ مەن لىموننى ئەسلىيەلەيمەن. ئەللىكىنچى يىللاردا ئۇ تولا ئىدى. ئۇ شۇنچىلىك چۈچۈمەل ئىدىكى، پۇراپ قويسىمۇ چىشلىرى قاماپ قالاتتى، ــ دېدى ۋىنستون.

ــ كېيىسپ دېيەلەيمەنكى، رەسىمنىڭ كەينىدە چوقۇم قۇرت ـ ھاشارەتلەر ئۆۋۈلاپ كېتىنگلىك، مەن بىرەر كۈنى ئۇنى ئېلىپ بىر تازىلاپ قوياي. ئەمدى ماڭىدىغان چاغ بولدىغۇ دەيمەن. مەن ئاۋۋال يۈزۈمدىكى ماۋۇ نېمىلەرنى يۇيۇۋېتەي. ھەي نېمانداق زېرىكىشلىك! يۈزىڭىزدىكى ئاۋۇ لەۋ سۈرۈخنى بىردەمدىن كېيىن تازىلاپ قوياي.

ۋىنستون قوپماي بىردەم ياتتى. ئۆي قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. ئۇ يورۇق تەرەپكە ئۆرۈلدى ۋە ئەينەك قەغەز باسقۇغا تىكىلىپ يېتىپ كەتتى. ئادەمنى ئۆزىگە بۇنداق جەلپ قىلىۋالغان بۇ نەرسە، ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى مارجان تاش بولماستىن، ئەينەكنىڭ ئىچى ئىدى. ئۇ شۇنچە قېلىن ئىدىيۇ، يەنىلا خۇددى ھاۋادەك شۇنداق سۈزۈك كۆرۈنەتتى. ئەينەكنىڭ سىرت يۈزى خۇددى ئاسماندەك، ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە دۇنياسىنى قاپلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى. راست، ئۇ كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ بىلەن ماۋۇ كارىۋات، قاتلىما ئۈستەل، تامدىكى سائەت، ئاۋۇ ئويما رەسىم، ھەتتا مۇشۇ قەغەز باسقۇنىڭ ئۆزىمۇ ئەگىشىپ كىرىپ كەتكەنىدى. قەغەز باسقۇ ئۇنىڭ ئۆيى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى مارجان تاش بولسا جۇلىيانىڭ ۋە ئۆزىنىڭ ھاياتى ئىدى، ئۇ خۇددى بۇ كىرىستالنىڭ ئىچىدە مەڭگۈلۈككە قېتىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

## 5

سايىم يوقاپ كەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەن ئۇ ئىشقا كەلمىدى. بىر نەچچە هاماقەت ئۇنىڭ كەلمىگەنلىكى هەققىدە بىر نېمىلەرنى بىلجىرلىشىپ كەتتى. ئەتىسىدىن باشلاپ، هېچكىم ئۇنىڭ گېپىنى قىلمىدى. ئۈچىنچى كۈنى، ۋىنستون ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ ئالدى زالىدىكى ئۇقتۇرۇش دوسكىسىغا قارىغىلى باردى. ئۇ يەردە شاخمات كومىتېتىدىكىلەرنىڭ ئىسمى بار تىزىملىك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئادەتتە سايىمنىڭ ئىسمىمۇ بولاتتى. بۈگۈن تىزىملىكتە يا ئۆچۈرۈلگەن، يا سىزىۋېتىلگەن هېچقانداق ئالامەت يوق، تىزىملىك ئاۋۋالقىغا ئوخشاشلا چاپلانغان، پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئىسمى يوق تۇراتتى. مۇشۇ يېتەرلىك ئىدى. سايىم غايىب بولغان ئىدى: ئۇنداق بىر ئادەم مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان ئىدى.

هاۋا بەكلا ئىسسىپ كەتتى. مىنىستىرلىكنىڭ پەنجىرە - دەرىزىسىز بۇ سىرلىق ئۆردىسىدا، هاۋا تەڭشىگۈچلۈك ئۆيلەرنىڭ هاۋاسىلا نورمال تېمپېراتۇرىدا ئىدى، ئەمما سىرتتىكى تاش ياتقۇزۇلغان پىيادىلىكلەر يولىدا، ئادەمنىڭ پۇتى قىزىپ كېتەتتى. بولۇپمۇ ئىشقا چىققان - چۈشكەندىكى جىددىي ۋاقىتلاردا تراموۋاينىڭ ئىچى چىدىغۇسىز سېسىقچىلىققا تولۇپ كېتەتتى. نەپرەت هەپتىسى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان تەييارلىق جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، مىنىستىرلىكنىڭ بارلىق خىزمەت - خادىملىرى سىمىنا قوشۇپ ئىشلەۋاتاتتى. نامايىش، يىغىن، هەربىي پارات، لېكسىيە، شام هەيكەل، هەر خىل كۆرگەزمە بۇيۇملىرى، كىنو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى، ئىشقىلىپ هەممىسى ئورۇنلاشتۇرۇلىشى، تەييارلىنىشى كېرەك ئىدى. سۇپىلار تىكلىنىپ، هەيكەللەر ياسىلىپ، شوئارلار ئويۇلۇپ، ناخشىلار تەييارلىنىپ، ئىغۋالارمۇ تارقىتىلىپ، ساختا رەسىملەرمۇ ياسىلىپ بولۇشى لازىم ئىدى. جۇلىيا ئىشلەيدىغان رومان باشقارمىسىمۇ رومان ئىشلەشنى توختىتىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ياۋۇزلۇقلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەسۋىرلىنىدىغان كىچىك كىتابچىلەرنى ئىشلەۋاتاتتى. ۋىنىستوننىڭ ئۆزىنىڭ دائىمىي خىزمىتىدىن باشقا، ھەركۈنى ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت تايمىسنىڭ كونا سانلىرىنى كۆرۈپ، نۇتۇقلاردا نەقىل قىلىنىدىغان خەۋەرلەرنى ئۆزگەرتىش، ياساش بىلەن مەشغۇل ئىدى. كېچە بىر ۋاقىتلاردا كوچىلاردا نۇرغۇن پرولېتارلار توپ - توپ يۈرۈشكەندە، شەھەرنىڭ ھاۋاسى بۆلەكچىلا قىزىپ كېتەتتى. راكېتا بومبىلار تېخىمۇ كۆپ پارتلايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىدە ناھايىتى يىراق يەرلەردىن غايەت زور پارتلاش ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى، ئەمما بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە ئاجايىپ سۆز - چۆچەكلەر تارقىلاتتى.

نەپرەت ھەپتىسىنىڭ باش ناخشىسى قىلىپ تەييارلانغان ناخشا («نەپرەت ناخشىسى» دەپ ئاتىلاتتى) ئىشلىنىپ بولغان بولۇپ، ئېكرانلاردا ئۈزۈلدۈرمەي قويۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاھاڭى، رىتىمىمۇ ناھايىتى ياۋايىلارچە، قوپال بولۇپ، مۇزىكا دېگىلىمۇ بولمايتتى، خۇددى قالايمىقان دۇمباق چالغانغىلا ئوخشايتتى. بۇ ناخشا يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ مارشقا دەسسىگەن ئاۋازى ۋە توۋلاشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى. پرولېتارلار بۇنى ياقتۇرۇپ قالدى. كېچىلىرى كىشىلەرنىڭ بۇنىڭ بىلەن تېخىچە مودىدىن قالمىغان «بۇ پەقەت بىر ئۈمىتسىز خىيال» دېگەن ناخشىنى ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە بەس - بەس بىلەن ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. پارسونسلارنىڭ بالىلىرى بىر قولىدا تارغاق، بىر قولىدا تازىلىق قەغىزى تۇتۇۋېلىپ، كېچە - كۈندۈز مۇشۇنى توۋلاپ، ۋىنىستوننىڭ چىدىغۇچىلىكىنى قويمىدى. ۋىنىستوننىڭ كېچىلىرى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. پارسونس تەشكىللىگەن پىدائىيلار ئەترىتى پۈتۈن كوچىنى نەپرەت ھەپتىسىگە لايىق تەييارلاش ئۈچۈن، بايراقچىلارنى تەييارلاپ، تەشۋىقات رەسىملىرىنى چاپلاپ، ئۆگزىلەرگە بايراق خادىلىرىنى تىكلەپ يۈرۈشتى. ھەتتا راكېتا

بومبىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن، كوچىغا سىم رىشاتكىلارنى تارتىشتى. پارسونىس يالغۇز زەپەر بىناسىلا تۆت يۈز مىتىر ئۇزۇنلۇقتا ھەسەن - ھۈسەن تەييارلايمىز دەپ پو ئاتتى. ئۇ ھازىرقى خۇشاللىقىدا خۇددى بۇلبۇلغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ئىسسىق ھاۋا ۋە جىسمانىي ئەمگەك، ئۇنىڭغا كەچۈرۈنلىرى كۆسار ۋە ئالدى ئوچۇق مايكا كىيىشىلىشقا، ئوبدانلا باھانە بولۇپ بەرگەنىدى. ئۇ ھەممە يەردە چىپىپ يۈرەتتى، ئۇنى ئىتتىرەتتى، بۇنى تارتاتتى، بۇنى ھەرىدەيتتى، ئۇنى مىخلايتتى، ھەممەيلەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن يولداشلىق تەرزىدە سالاملىشىپ، پاراڭلىشىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ھەر بىر تەر تۆشۈكچىسىدىن ئادەم چىدىغۇسىز تەر ھىدى گۈپۈلدەپ كېلىپ تۇراتتى.

بىردىنلا لوندوننىڭ ھەممە يېرىگە يېڭى بىر ۋىۋىسكا چاپلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭدا بىرمۇ خەت يوق ئىدى، ئۇ پەقەت بىر ياۋروئاسىيالىق ئەسكەرنىڭ غايەت زور سۈرىتى بولۇپ، ئۈچ - تۆت مېتىر ئېگىزلىكتە ئىدى. ئۇ ئالدىغا قەدەم تاشلاۋاتقان قىياپەتتە بولۇپ، موڭغۇل چىرايى مۆزدەك ئىپادىسىز بولۇپ، پۇتىغا ناھايىتى يوغان ئۆتۈك كىيىۋالغان ئىدى. بېلىگە ئېسىۋالغان ئاپتوماتىنىڭ چوڭايتىپ كۆرسىتىلگەن ستۋولى سىز قايسى تەرەپتىن قارىماڭ، خۇددى سىزگىلا چىنەپ تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ شەھەرنىڭ تاملىرىدىكى بىكار يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە چاپلاندىكى، ھەتتا غوجاكىنىڭ سۈرىتىدىنمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى. ئۇرۇشقا بەك ئېرەنسىپ كەتمەيدىغان پرولىتارلارمۇ بىردىنلا ناھايىتى ئەسەبىي ۋەتەنپەرۋەرلەرگە ئايلىنىپ كەتتى. گويىاكى بۇ ئومۇمىي كەيپىياتقا ماسلىشىۋاتقاندەك، راكېتا بومبىلارمۇ تولا پارتلاپ، ئېخىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالغىلى تۇردى. بىرى ستېپنىيىدىكى بىر كىنوخانىغا چۈشۈپ، كىنوخانىدىكى نەچچە يۈز تاماشىبىن خارابىنىڭ ئاستىدا قالدى. شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەر نەچچە سائەتكە سوزۇلغان دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى، بۇ مۇراسىم ئەمەلىيەتتە غەزەپ - نەپرەت بىلدۈرۈش يىغىنىغا ئايلىنىپ قالدى. يەنە بىر بومبا بالىلار

ئوينايدىغان بىر ئەخلەتخانىغا چۈشۈپ، نەچچە ئون بالا پارچە - پارچە بولۇپ كەتتى. بۇ يەردىمۇ نامايىش بولدى، نامايىشچىلار گولدستېيىننىڭ رەسىمىنى ۋە تاملارغا چاپلانغان ئاۋۇ موڭغۇلچىراي ئەسكەرنىڭ نەچچە يۈز پارچە رەسىمىنى يىرتىۋېلىپ كۆيدۈرۈۋەتتى، قالايمىقانچىلىقتا نۇرغۇن دۇكانلار بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى. ئىشپىيونلار سىمسىز بىر ئۈسكۈنە بىلەن راكېتا بومبىغا يول باشلاپ بېرىپتۇ، دېگەن سۆز - چۆچەكلەرمۇ تارقالدى. ياشانغان بىر جۈپ ئەر - خوتۇننىڭ چەت ئەلگە باغلانغان دېگەن گۇمان بىلەن ئۆيىگە ئوت قويۇۋېتىلدى ۋە ئۇ ئىككەيلەن ئۆيىدە تۇنجۇقۇپ ئۆلدى.

ۋىنستون ۋە جۇلىيا چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۈستىدىكى ھۇجرىسىغا بارالىغان چاغلىرىدا، سالقىنداش ئۈچۈن ئەديىال سېلىنمىغان كارىۋاتتا بىللە يالىڭاچ يېتىشاتتى. چاشقانمۇ قايتا كۆرۈنمىدى، ئەمما قۇرت - قوڭغۇزلار ئىسسىقتا ئاۋۇپ مىغىلدىشىپ كەتكەنىدى. بىراق بۇ چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى. مەيلى مەينەت ياكى پاكىزە بولسۇن، مۇشۇ ئۆينىڭ ئۆزىلا جەننەت ئىدى. ئۇلار كېلىپلا قاراڭغۇ بازاردىن سېتىۋالغان مۇچ پاراشوكىنى ئۇياق - بۇياققا چېچىۋېتىپ، ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، تەرلەپ كەتكەن بەدەنلىرىنى بىر - بىرىگە چاپلىشىپ بىرگە بولاتتى، ئاندىن بىردەم ئۇخلىشاتتى. ئويغانغىنىدا بولسا قۇرت - قوڭغۇزلارنىڭ قايتىدىن يىغىلىشىپ ھۇجۇمغا تەييارلانغانلىقىنى كۆرەتتى.

ئىيۇن ئېيىدا ئۇلار ئالتە - يەتتە قېتىم كۆرۈشتى. ۋىنستون ئۆزىنىڭ دائىم ئارچا ھارىقى ئىچىدىغان ئادىتىنى تاشلىدى. ئۇ ھازىر ئۇ نېمىگە مۇھتاجدەك قىلمايتتى. ئۆزىمۇ سەل سەمرىپ قالغان، ھوشۇقىدىكى يارىسىمۇ خېلى ئوڭشىلىپ قالغان بولۇپ، ھوشۇقىنىڭ سەل ئۈستىدىرەك كىچىككىنە يەردە، قوڭۇر تاتۇقلا قالغانىدى. ئۇنىڭ سەھەردىكى يۆتىلىمۇ توختاپ قالدى. ھازىر تۇرمۇش ئىلگىرىكىدەك چىدىغۇسىز زېرىكىشلىك ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭدا ئەمدى ئېكرانغا قاراپ

چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويغۇسى، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ئەپسانىۋى تىللار بىلەن تىللىغۇسى كەپقالىدىغان ھاياجانمۇ يوقالدى. ھازىر ئۆلارنىڭ خۇددى ئۆزلىرىنىڭ ئۆيىدەكلا بىر يوشۇرۇن ئۇۋىسى بار ئىدى. ئۆلارغا ھازىر ئاران پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرالايدىغانلىقى، ھەر قېتىمدا ئاران بىر ـ ئىككى سائەتلا بىللە بولالايدىغانلىقىمۇ ئېغىر كەلمەيتتى. ئەڭ مۇھىمى، پەقەت ئاشۇ دۇكان ئۈستىدىكى ھۇجرا مەۋجۇت بولسىلا بولاتتى. ھۇجرىنىڭ شۇ يەردە بىخەتەر مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ تۇرۇشنىڭ ئۆزىلا، شۇنىڭ ئىچىدە ياشىغانلىق بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ ھۇجرا بىر دۇنيا ئىدى، بۇ يەردە تارىختىكى نەسلى قۇرۇپ كەتكەن ھايۋانلار مېڭىپ يۈرەتتى. ۋىنستون چاررىڭتون ئەپەندىنىمۇ يەنە بىر نەسلى قۇرۇغان ھايۋان دەپ ئويلىدى. بەزىدە ئۇ پەلەمپەيگە چىقىشتىن بۇرۇن چاررىڭتون ئەپەندى بىلەن بىر نەچچە مىنۇت پاراڭلىشىپ قوياتتى. بۇ بوۋاي ئاساسەن دېگۈدەك سىرتقا قەدەم باسمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېرىدارمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. بوۋاي مۇشۇ كىچىككىنە دۇكان ۋە تامقىنى تەييارلايدىغان تېخىمۇ كىچىك ئاشخانىسى ئارىسىدا، گويا ئەرۋاھ كەبى ياشايتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئاشخانىسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلىرىنىڭ ئارىسىدا، كانىيى ناھايىتى يوغان بىر پىلاستىنكا قويغۇچ بار ئىدى. ئۇ ۋىنستون بىلەن پاراڭلىشىۋالغىنىدىن بەكلا خۇش بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قىممىتى قالمىغان ئاشۇ كونا نەرسىلىرى ئارىسىدىكى مۆكچەيگەن گەۋدىسى، ئۇزۇن بۇرنى، قېلىن كۆزەينەكى ئادەمگە بىر سودىگەرنى ئەمەس، بەلكى بىر يىغىپ ساقلىغۇچىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ ۋىنستونغا بىر خىل ھارغىن قىزغىنلىق بىلەن ھېلى بىر فار ـ فۇر بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى، ھېلى بىر پۇچۇلۇپ كەتكەن تاماكا كۆلدانىنى ۋە ئۆلۈپ كەتكىلى ئۇزۇن بولغان بىر قىز بوۋاقنىڭ چېچىنى سېلىپ قويغان مارجان قۇتىسىنى كۆرسىتەتتى. ئۇنى سېتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزى زوقلىنىپ كۆرسىتىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىش خۇددى بىر

كونىراپ كەتكەن مۇزىكا قۇتىسىدىن چىققان تىرىكشىغان ئاۋازغا قۇلاق سالغاندەكلا ئىش ئىدى. ئۇ پات - پات ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بەزى ناخشىلارنى، خاتىرىسىنىڭ بىر بۆرجەكلىرىدىن تارتىپ چىقىراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى يىگىرمە تۆت دانە ئاققاش قۇچقاچ توغرىلىق، يەنە بىرى ئەگرى مۈگۈزلۈك كالا توغرىلىق، يەنە بىرى بولسا كۆك روبىننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ناخشا ئىدى. ھەرقېتىم ۋىنستونغا بىرەر يېڭى ناخشىنىڭ گېپىنى قىلغاندا، «سىزنى قىزىقىپ قالارمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم» دەيتتى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. بىراق، ئۇ ھېچقايسى ناخشىدىن بىرەر - ئىككى مىسرادىن باشقىسىنى ئەسلىيەلمەيتتى.

جۇلىيا ۋە ۋىنستوننىڭ ئىككىلىسىگە ھازىر قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقى ئايان ئىدى. بەزىدە ئۆلۈم، ئۇلارغا خۇددى ئۇلار يېتىۋاتقان مۇشۇ كارىۋاتتەكلا، تۇتقىلى بولىدىغان بىر نەرسىدەك كونكرېت ئايان بولاتتى. ئۇلار خۇددى دوزاختا ھۆكۈم قىلىنغان بىر روھ، سائەت جاراڭلاشتىن بۇرۇنقى ئەڭ ئاخىرقى بەش مىنۇتىدا، ئۆزى ئەڭ ھۇزۇرلىنىدىغان ئىشنى قىلىۋالاي دېگەندەك، بەزىدە بىر - بىرىنى شۇنداق بىر ئۈمىتسىزلىك ۋە جىنسىي ئىستەك ئارىلاشقان تۇيغۇدا چىڭ قۇچاقلىشىپ يېتىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنە بەزىدە ھېچ ئىش بولمايدىغاندەك، بىخەتەردەك، ھەتتا مەڭگۇ مۇشۇنداق بولىدىغاندەك خام - خىياللاردىمۇ بولۇپ قالاتتى. ئىشقىلىپ ئۇلار ئىككىسى مۇشۇ ھۇجرىدىلا بولسا، ئۇلارغا باشقا ھېچقانداق زەرەر يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى. بۇ يەرگە كېلىش خەتەرلىك ۋە قىيىن، بىراق ئۆينىڭ ئىچى بولسا بىر پاناھگاھ ئىدى. ۋىنستون ئاشۇ ئەينەك قەغەز باسقۇغا قاراپ كەتكەندە، گويا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكىلى بولىدىغاندەك، ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسا، ۋاقىت توختاپ قالىدىغاندەك تۇيغۇلارغا چۆمۈپ كېتەتتى. ئۇلار بەزىدە قېچىپ كېتىشنىڭ چۈشلىرىنىمۇ سۆزلىشەتتى. ئۇلار تەلىيىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ پېتى ياشاپ ئۆتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلىشاتتى.

ئەگەر كەسىرىن ئۆلۈپ كەتسە، بىر ئامالىلار بىلەن ئىككەيلەن تىوي قىلىۋالساق، ياكى بولمىسا بىللە ئۆلۈۋالساق، ياكى يوقاپ كېتىپ، قىياپىتىمىزنى ئۆزگەرتىپ بىرەر زاۋۇتتا ئىشلىسەك، ئادەم بارمايدىغان ئارقا كوچىلاردا ئۆي تۇتۇپ ياشىساق ... بىراق ئىككىلىسى بۇ خىياللارنىڭ ئۇخلىماي چۈش كۆرگەنلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەمەلىيەتتە، قېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت ئۆلۈۋېلىشلا مۇمكىن ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئىككىلىسىنىڭ بۇنداق ئويى يوق ئىدى. ئۇلار خۇددى ھاۋالا بولسا نەپەسلىنىشكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئۆپكىدەك، مۇمكىن بولسىلا كەلگۈسى دەيدىغان ئۇقۇم يوق ھازىرنىڭ ئىچىدە، بىركۈن، بىر ھەپتە بولسىمۇ ياشىۋېلىشنى ئويلايتتى.

بەزىدە ئۇلار پارتىيەگە قارشى ئىسيانلارنى ئويلاپ كېتەتتى، ئەمما تۇنجى قەدەمنى قانداق ئېلىشنى بىلەلمەيتتى. ھەتتا «قېرىنداشلار»نى مەۋجۇت دېگەندىمۇ، ئۇلارنى قانداق تېپىش، ئۇلارغا قانداق قوشۇلۇشمۇ بىر مۇشەققەتلىك ئىش ئىدى. ۋىنستون جۇلىياغا ئۆزىنىڭ ئوبراينغا بولغان تۇيغۇسىنى، بەزىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ مەن پارتىيەنىڭ دۈشمىنى، ماڭا ياردەم قىلىڭ دېگۈسى كېلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ھەيران قالارلىقى، بۇ جۇلىياغا بىر ھاماقەت خىيال بولۇپ تۇيۇلمىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ چىرايىغا قاراپلا باھا بېرىدىغان بولغاچقا، ۋىنستوننىڭ ئوبراينىڭ كۆزىدىكى شۇنداقلا چاقناپ ئۆتكەن نۇرغا ئاساسەن، ئۇنىڭغا ئىشىنىشى جۇلىياغا تەبىئىي تۇيۇلدى. تېخى جۇلىيا يەنە ھەممەيلەننىڭ پارتىيەگە ئۆچلۈكنگە، ئەگەر بىخەتەر بولسىلا، پۇرسەت تېپىپ قائىدە ـ قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغۇسى بارلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن ئۇ پارتىيەگە قارشى تەشكىللەنگەن بىر ھەرىكەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مەۋجۇت بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى. ئۇنىڭچە، گولدستېين ۋە ئۇنىڭ سىرلىق ئارمىيەسى ھەققىدىكى گەپلەر، پارتىيەنىڭ خەلقنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغان، ئىغۋا ئىدى. پارتىيەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سانسىز نامايىشلىرىدا، جۇلىيانىڭ ئۆزىمۇ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان ئاشۇ جىنايەتچى دېيىلگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بەرسۇن دەپ، ئەڭ يۇقىرى ئاۋازدا كارنىيى يىرتىلغىدەك توۋلايدىغانلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ شۇ جىنايەتنى سادىر قىلغانلىقىغا قىلچىمۇ ئىشەنمەيتتى. ئوچۇق سوت ئېچىلغاندا، ئۇ ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ بىرەر شۆبە ئەترىتىگە كىرىپلا، ئۇلار بىلەن بىللە ئەتىگەندىن كەچكىچە، سوت سەھنىسىنى قورشاپ «خائىنلارغا ئۆلۈم!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرايتتى، ئەتىگەنلىك نەپرەت پائالىيىتىدە بولسا، ئۇ گولدستېيىننى ھەممىدىن بەكرەك تىللايدىغانلاردىن ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇ گولدستېين ۋە ياكى ئۇنىڭ ئىدىيەسى ھەققىدە قىلچىلىك بىر نەرسە بىلمەيتتى. ئۇ ئىنقىلابتىن كېيىن تۇغۇلغان بولغاچقا، ئەللىكىنچى، ئاتمىشىنچى يىللاردىكى ئىدىيىۋى كۆرەشلەرنى بىلمەيتتى. بۇنداق مۇستەقىل بىر سىياسىي ھەرىكەت ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا سىغمايتتى. ئۇنىڭچە، ھەرقانداق ئەھۋالدا پارتىيە يېڭىلمەيتتى، پارتىيەنىڭ تەڭدىشى يوق ئىدى. ئۇ مەڭگۈ مۇشۇنداق مەۋجۇدلۇقىنى داۋاملاشتۇراتتى. سىز پەقەت قارشىلىقىڭىزنى بەزى قائىدىلەرگە يوشۇرۇنچە خىلاپلىق قىلىش، ياكى ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە ياكى بىرەر يەرنى پارتلىتىۋېتىش دېگەندەك ئۇششاق ئىشلار بىلەنلا ئىپادىلىيەلەيتتىڭىز.

ئۇ بەزى ئىشلاردا ۋىنستوندىن بەك سەزگۈر، ھوشيار ئىدى، پارتىيەنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا ئۇنداق ئاسان قايمۇقۇپ قالمايتتى. بىر قېتىم ۋىنستون ئۇنىڭغا ياۋروئاسىيا بىلەن بولغان ئۇرۇشنىڭ گېپىنى قىلغاندا، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك، بۇنداق ئۇرۇشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئېيقانلىقى ۋىنستوننى قاتتىق ھەيران قالدۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، لوندونغا پات - پات چۈشۈپ تۇرىدىغان راكېتا بومبىمۇ، پارتىيەنىڭ خەلقنى «قورقۇپ تۇرسۇن ئۈچۈن» قىلغان ئىشى بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ۋىنستون بۇلارنى ھەقىقەتەن ئويلاپ باقمىغان ئىدى. جۇلىيا ئۇنىڭغا نەپرەت پائالىيىتىدە، تۇيۇقسىز كۈلۈپ

تاشلاشتىن ئۆزىنى قانچىلىك زور كۈچ بىلەن تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىپتقاندا، ۋىنستون ئۇنىڭغا سەل ھەسەت قىلىپ قالدى. ئەمما جۇلىيا پارتىيەنىڭ تەلىماتلىرىدىن، پەقەت ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا تاقاشقان ۋاقىتتا ئاندىن سەل گۇمان قىلاتتى، بولمىسا بۇ ھەقتە ھېچقانداق گۇماندا بولمايتتى. ئۇ پارتىيەنىڭ ھەر خىل ئەپسانىلىرىگە ئىشىنىۋېرەتتى، چۈنكى ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق ئارىسىدىكى پەرق ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇھىم ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، ئۇ مەكتەپتە ئۆگەنگىنىگە ئاساسەنلا، پارتىيەنىڭ ئايروپىلان ياسىغانلىقىغا ئىشىنەتتى (ۋىنستون مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئەللىكىنچى يىللاردا، پارتىيە پەقەت تىك ئۇچارنى ياسىغانلىقىنى دەيتتى، كېيىن جۇلىيالار ئوقۇيدىغان چاغلاردا، ئايروپىلاننىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ياسىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان بولغانىدى، بەلكىم يەنە بىر ئەۋلادتىن كېيىن پار ماشىنىسىمۇ ئۆزىنىڭ ياسىغانلىقىنى دەيتتى). ۋىنستون ئۇنىڭغا ئايروپىلاننىڭ ھەتتا ئۆزى تۇغۇلۇشتىن ۋە ئىنقىلابتىن بۇرۇنلا ياسىلىپ بولغانلىقىنى ئىپتقاندا، بۇ پاكىت بۇنى ھېچقانچە قىزىقتۇرالمىدى. ئايروپىلاننى كىمنىڭ ياسىغانلىقىنى بىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ جۇلىيانىڭ تېخى بۇنىڭدىن ئاران تۆت يىل بۇرۇن، ئوكيانىيەنىڭ ياۋروئاسىيا بىلەن ئەمەس، شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەسلىكى ۋىنستوننى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. جۇلىيا بۇ ئۇرۇشلارنى بىر نومۇسسىزلىق دەپ قارايتتى، ۋەھالەنكى ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدىن خەۋىرى يوق ئىدى. «مەن تېخى بىز ئەزەلدىن ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇش ئىچىدە دەپ ئويلاپتىكەنمەن» دېدى ئۇ پەرۋاسىزلا. بۇ ۋىنستوننى خېلىلا چۆچۈتتى. ئايروپىلاننىڭ ياسىلىشى جۇلىيا تۇغۇلۇشتىن خېلىلا بۇرۇنقى ئىش ئىدى، ئەمما دۈشمەنلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بولسا، تېخى جۇلىيا چوپچوڭ بولۇپ بولغان تۆت يىل بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش توغرىلىق چارەك سائەت ئەتراپىدا تالاش - تارتىش قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ جۇلىياغا

دۈشمەنىنىڭ ئەسلىدە شەرقىي ئاسىيا ئىگەنلىكىنى ناھايىتى غۇۋا بولسىمۇ ئەسلىتەلىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بۇلارغا يەنىلا پەرۋاسىز ئىدى. «كىمنىڭ كارى؟ — دەيتتى ئۇ سەۋرسىزلىك بىلەن، — ئىشقىلىپ ئۇرۇش بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى داۋاملىشىپ تۇرىدۇ، خەۋەرنىڭ يالغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىدۇ.»

بەزىدە ۋىنستون ئۇنىڭغا ئارخىپ باشقارمىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئويدۇرمىچىلىق خىزمىتى ھەققىدە گەپ قىلىپ بېرەتتى. جۇلىيا بۇنداق ئىشلاردىنمۇ بەك قورقۇپ كەتمەيتتى. ئۇ يالغانلارنىڭ ھەقىقەتكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىغاندىمۇ، ئۆز پۇتىنىڭ ئاستىدىكى چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايتتى. ۋىنستون ئۇنىڭغا جونېس، ئارونسون، رۇسېرفورد ۋە ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىكى قەغەزنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەرگەندىمۇ، جۇلىيا بۇنىڭغا ھېچقانداق بىر ئىپادىدە بولمىدى. ھەتتا ئۇ ۋىنستوننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى.

— ئۇلار سىزنىڭ دوستلىرىڭىزمىدى؟

— ياق، مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن. ئۇلار ئىچكى پارتىيە ئەزالىرى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مەندىن ياشتا خېلى چوڭ. ئۇلار ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى ئۆتمۈشكە تەۋە ئادەملەر. مەن ئۇلارنى پەقەت كۆرۈپلا باققان.

— ئۇنداقتا نېمىدىن غەم يەپ كېتىسىز؟ ئادەملەر دائىم ئۆلتۈرۈلۈپ تۇرىدۇغۇ؟ ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟

ۋىنستون چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىپ باقتى:

— بۇ بىر ئالاھىدە ئەھۋال. بۇ ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەمنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش مەسىلىسىلا ئەمەس. سىز ئۆتمۈشنىڭ، ھەتتا تۈنۈگۈندىن باشلاپ يوقىتىلغانلىقىنى ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر ئۆتمۈشنىڭ مەلۇم يەرلەردە يەنە ئىزلىرى قالدى دېيىلسە، ئۇنداقتا ئۇ، سۆز قىلالمايدىغان بەزى بۇيۇملاردا قالىدۇ، مەسىلەن ماۋۇ ئەينەكتەك. بىز ھازىر ئىنقىلاب

ھەققىدە دىگۈدەك ھېچنېمە بىلمەيمىز. مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق خاتىرە، يازمىلار يوقىتىلدى، بۇرمىلاندى، بارلىق كىتابلار قايتا يېزىلدى، پۈتۈن رەسىملەر قايتا سىزىلدى، جىمى بىنا، كوچا، يوللارغا يېڭىدىنناملار قويۇلدى، ھەرقانداق ئىش ـ ۋەقەلەرنىڭ چىسلاسىمۇ ئۆزگەرتىلدى. مانا بۇ جەريانلار مىنۇتلاپ، كۈنلەپ داۋاملىشىپ كېتىۋاتىدۇ. تارىخ توختاپ قالدى. پارتىيەنىڭكى مەڭگۇ توغرا ھېسابلىنىدىغان ئابىغى يوق ھازىردىن باشقا، ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەس. بىلىمەن، ئۆتمۈش بۇرمىلاندى، ھەتتا مەن بۇ ئىشنى ئۆزەم قىلىدىغان تۇرۇقلۇق، يەنە ئۇنىڭ بۇرمىلانغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيمەن. بۇرمىلاشلار پۈتۈپ بولغاندا، ھېچقانداق پاكىت قالمايدۇ. بىردىنبىر پاكىت پەقەت مېنىڭ كاللامدىلا قالىدۇ. مەندىن باشقا ھېچكىمنىڭ مەندەك ئويلايدىغانلىقىغا جەزم قىلالمايمەن. مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمدا، مەن پەقەت بىرلا قېتىم، شۇ ئىش يۈز بېرىپ نەچچە يىللاردىن كېيىن، شۇنىڭغا ئالاقىدار بىر كونكرېت، ماددىي پاكىتتىن بىرنى قولغا چۈشۈرگەن ئىدىم ...

ــ نېمىگە پايدىسى بۇنىڭ؟

ــ پايدىسى يوق، چۈنكى مەن ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ، يەنە بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن تاشلىۋەتكەن ئىدىم. ئەگەر يەنە شۇنداق ئىش بولۇپ قالسا، مەن ئەمدى چوقۇم ساقلاپ قويىمەن.

ــ شۇنداقمۇ؟ مەن ئۇنداق قىلمايمەن! ــ دېدى جۇلىيا، ــ مەن تەۋەككۈلچىلىككە تەييار، ئەمما ئەرزىيدىغان ئىشقىلا. ھەرگىزمۇ كونا گېزىتلەرنىڭ پارچىلىرىغا ئەمەس. سىز ئۇنى ساقلاپ قويغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن نېمە ئىش قىلالايسىز؟

ــ ھېچقانچە ئىش، بەلكىم. ئۇ پەقەت بىر پاكىت. مېنى ئۇنى باشقىلارغا كۆرسەتەلىدى دەپ پەرەز قىلايلى، بەلكىم ئۇ يەر، بۇ يەرلەردە گۇمان قوزغىيالىشى مۇمكىن. مەن بىز ھايات چېغىمىزدا بىرەر نەرسىنى ئۆزگەرتەلەيمىز دەپ تەسەۋۋۇر قىلمايمەن. ئەمما ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە قارشىلىق پەيدا بولۇپ، كىچىك ـ كىچىك گۇرۇپپىلار

بىرلىشىپ زورىيىپ، بەلكىم ئۆزىنىڭ بەزى ئىزنالىرىنى قويۇپ كېتىشى، كېيىنكى ئەۋلاتلار ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىشى مۇمكىن، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ مېنىڭچە.

— مەن كېيىنكى ئەۋلاتلارغا قىزىقمايمەن سۆيۈملۈكۈم. مەن پەقەت ئىككىمىزگىلا قىزىقىمەن.

— سىزنىڭ بېلىڭىزنىڭ ئاستىلا ھەقىقىي ئىسيانكار، — دېدى ئۇ جۇلىياغا.

جۇلىيا بۇ گەپتىن بەكلا زوقلىنىپ كەتتى ۋە ۋىنستوننى قۇچاقلىۋالدى.

پارتىيەنىڭ تەلىماتلىرى ئەپكىلىدىغان ئاقىۋەتلەرگە، جۇلىيا ئازراقمۇ قىزىقمايتتى. ۋىنستون ئۇنىڭغا قوش تەپەككۇر، INGSOC ئىنسوكنىڭ پىرىنسىپلىرى، ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتكىلى بولىدىغانلىقى، «يېڭى تىل»دىكى سۆزلەر ... دېگەندەك تېمىلاردا گەپ قىلغاندا، ئۇ ئاڭلاپ زېرىكىپ كېتەتتى ۋە بۇنداق نەرسىلەرگە ئازراقمۇ دىققەت قىلمايدىكەنمەن، دەيتتى. ئۇ ھەممەيلەن بۇنداق گەپلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەخلەتلىكىنى بىلىدۇ، قانداق قىلىدۇ بۇنىڭ غېمىنى يەنە يەپ، دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئادەم قاچان تەنتەنە قىلىشنى، قاچان قارشى تۇرۇشنى بىلىسىلا شۇ يېتەرلىك دەپ قارايتتى. ئەگەر ۋىنستون بۇ خىل گەپلەرنى داۋاملاشتۇرۇۋەرسە، ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا غەرق بولاتتى. جۇلىيا ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق ئورۇندا ئۇخلىيالايدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، ئورتودوكساللىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئورتودوكسال بولۇۋېلىشنىڭ قانچىلىك ئاسانلىقىنى تونۇپ يەتتى. پارتىيە ئۆز دۇنيا قارىشىنى، دەل شۇنى چۈشىنەلمەيدىغان ئادەملەرگە ئوڭۇشلۇق سىڭدۈرگەن ئىدى. ئۇلار رېئاللىقنىڭ شۇنداق ئوپئوچۇق بۇرمىلىنىشىنى قوبۇل قىلاتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆزىدىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىنىڭ قانچىلىك ئېپلاسلىقىنى چۈشەنمەيتتى، نېمىلەرنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئاممىۋىي ئىش - ھادىسىلەرگە تولۇق دىققەتمۇ قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇلار شۇ

چۈشىنەلمەسلىكى بىلەنلا، ئاندىن سىراگغا ئايلىنىپ قالماي تۇرالىغان ئىدى. ئۇلار ھەممە نەرسىنى يوقىتىۋېتەتتى، يوقىتىۋەتكەن بۇ نەرسىلەر ئۇلارغا زىيان قىلمايتتى، چۈنكى قۇشنىڭ پوكىنىدىكى بىرەر دان خۇددى ھەزىم بولماي شۇپپىتى چىقىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ كەينىدە قالدۇقى قالمايتتى.

## 6

بۇ ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. ئۇ كۈتكەن ئۇچۇر ئاخىرى كەلدى. ئۇ ئۆزىنى پۈتۈن ھاياتىدا دەل مانا مۇشۇ دەقىقىنى كۈتۈۋاتقاندەك ئويلايتتى.

ئۇ مىنىستىرلىك بىناسىنىڭ ئىچىدىكى كارىدوردا مېڭىۋاتاتتى، دەل جۇلىيا ئۇنىڭغا خەتنى بەرگەن يەرگە يېقىنلاشقاندا، كەينىدىن ئۆزىدىن قامەتلىك بىر ئادەمنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ئادەم بوشقىنا بىرنى يۆتەلدى، ئېنىقكى، بۇ ئادەم ۋىنستونغا گەپ قىلماقچى بولۇۋاتاتتى. ۋىنستون بىردىنلا توختاپ، كەينىگە بۇرالدى. ئۇ ئوبراين ئىدى.

ئۇلار ئاخىرى دەرقەمتە بولدى. قىزىق يېرى، ۋىنستوننىڭ كاللىسىغا دەرھال قېچىپ كېتىش كەلدى. ئۇنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك سەكرەپ كەتتى. ئۇ گەپمۇ قىلالماي قالدى. ئوبراين بولسا قەدىمىنى توختاتماي داۋاملىق مېڭىۋەردى ۋە دوستانىلىق بىلەن ۋىنستوننىڭ قولىنى تۇتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قاتارلىشىپ بىللە ماڭدى. ئوبراين باشقا ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان بىرخىل ئەدەپ، سىپايىلىك بىلەن سۆزىنى باشلىدى.

— مەن سىز بىلەن پاراڭلىشىدىغان بىر پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈرگەنتىم، ئالدىنقى كۈنى مەن سىزنىڭ تايمىس گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «يېڭى تىل» ھەققىدىكى بىر ماقالىڭىزنى ئوقۇدۇم. قارىسام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«يېڭى تىل»غا ئىلمىي نۇقتىدىن خېلى قىزىقىدىغاندەك قىلىسىز، — دېدى ئوبرايىن.

ۋىنستون سەل ئۆزىگە كېلىپ:

— ئىلمىي دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەن پەقەتلا بىر ئىشتىن سىرتقى يازغۇچى. ئۇ مەن توختىلىدىغان تېمىمۇ ئەمەستى، مېنىڭ تىلنىڭ قۇرۇلمىسى توغرىلىق تۈزۈك ئەمەلىي ئىش قىلىپ باققىنىممۇ يوق.

— ئەمما ئۇنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن يېزىپسىز، — دېدى ئۇ، — بۇ مېنىڭلا قارىشىم ئەمەس. مەن يېقىندا سىزنىڭ بىر دوستىڭىز بىلەن پاراڭلاشتىم، ئۇ دەل مۇشۇ ساھەنىڭ مۇتەخەسسىسى ئىكەن. ھەي، ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن.

ۋىنستوننىڭ يۈرىكى ئازابتىن چىممىدە قىلدى. ئۇ ئېنىقكى سايمىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى. ئەمما، سايم ئۆلۈپ قالغانلا بولماستىن، ئۇنىڭ بارلىق ئىزلىرى يوقىتىلغان، تولۇق پارغا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ئىدى. ئۇنى بىلىنگىدەك دەرىجىدە تىلغا ئېلىش ئۆلۈمدىن دېرەك بېرەتتى. ئوبرايىننىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا بېرىلگەن سىگنال ئىدى. ئىدىيە جىنايىتىنىڭ كىچىككىنە ئالامىتى بىلەن ئورتاقلىشىش ئارقىلىق، بۇ ئىككەيلەن ھازىر تىل بىرىكتۈرگۈچىلەرگە ئايلاندى. ئۇلار كارىدوردا ئاستا قەدەملەر بىلەن مېڭىۋاتاتتى، بىراق ئوبرايىن توختىدى. ئۇ كۆزەينىكىنى ئوڭشاپ قويدى، نېمىشقىكىن ئۇ بۇ ھەرىكەتنى تولىمۇ سىپايە، يېقىملىق قىلاتتى، ھەتتا مۇشۇ ھەرىكىتى بىلەن، ئادەم ئۇنى ئۆز بىلىپ ئېھتىيات قىلىپ يۈرمەيتتى. ئوبرايىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مېنىڭ ئەسلى دېمەكچى بولغىنىم شۇكى، سىز ماقالىڭىزدە ئۇنتۇلۇپ كېتەي دېگەن ئىككى سۆزنى ئىشلىتىپتىكەنسىز. ئەلۋەتتە، ئۇ مۇشۇ يېقىندا چىققان ماقالىڭىزكەن. «يېڭى تىل» لۇغىتىنىڭ

ئونىنچى نەشرىنى كۆردىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇ تېخى چىقمىغاندۇ. بىزنىڭ باشقارمىدا تېخىچە توققۇزىنچى نەشرىنى ئىشلىتىۋاتىمىز.

— ئونىنچى نەشرى تېخى نەچچە ئايدىن كېيىن ئاران چىقارمىكى. بىر قانچە سىناق نۇسخىسى ئىچكى قىسىمدا تارقىتىلدى. مەندە بىرى بار، ئەگەر قىزىقسىڭىز، كۆرۈپ باقارسىز.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى ۋىنستون گەپنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ.

— لۇغەتتىكى بەزى ئۆزگىرىشلەر خېلىلا چوڭ، ئۆزگىچىلىك بار. پېئىللارنىڭ ئازىيىش مەسىلىسىگە قىزىقسىزغۇ دەيمەن. سىزگە ئۇنى بىرەيلەندىن ئەۋەتسەم بولارمۇ؟ ھەي، مەن بۇنداق ئىشلارنى تولا ئۇنتۇپ قالىمەن. يا سىزگە قولاي بىرەر ۋاقىتتا، مېنىڭ تۇرالغۇمغىلا بېرىپ ئەپكېتەمسىزكىن؟ توختاپ تۇرۇڭ، مەن سىزگە ئادرېسىمنى بېرەي.

ئۇلار ئېكراننىڭ ئالدىدىلا تۇراتتى. ئوبراين تولىمۇ بىمالال يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، سېرىق رەڭلىك بىر سىياھ قەلەم ۋە خۇرۇم قاپلىق كىچىك بىر خاتىرىنى ئالدى. ئۇ دەل ئېكراننىڭ ئاستىدىلا بولۇپ، ئېكران تەرەپتە تۇرغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ نېمە يېزىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرەلەيتتى. ئۇ خاتىرىگە بىر ئادرېسنى يېزىپ، ئۇنى يىرتىپ ۋىنستونغا بەردى.

— مەن ئادەتتە كەچ تەرەپلەردە ئۆيدە بولىمەن. ناۋادا بولماي قالسام، مېنىڭ خىزمەتچىم سىزگە لۇغەتنى بېرىپ قويىدۇ، — دېدى ئوبراين.

ئۇ كېتىپ قالدى، ۋىنستون قەغەزنى سىقىمدىغىنىچە قالدى، بۇ قېتىم يوشۇرۇشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى قالمىغانىدى. ئۇ قەغەزدىكىنى ئوبدان يادلىۋالدى. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۇ بۇنى باشقا

قەغەز پارچىلىرى بىلەن بىللە خاتىرە تۆشۈكىگە تاشلىۋەتتى.

ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئاران بىر - ئىككى مىنۇتلا پاراڭلاشتى. ئېنىقكى، بۇ ۋىنستونغا ئادرېسىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇ ئالدىن پىلانلىغان ئىش ئىدى. مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى، چۈنكى بىۋاستە سورىمىغىچە، باشقىلارنىڭ ئادرېسىنى، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ يەردە ئادرېس خاتىرىسى دەيدىغان نەرسىلەر يوق ئىدى. «مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسىڭىز، مېنى بۇ يەردىن تاپالايسىز» ئوبراين ئۇنىڭغا مۇشۇنداق دېگەن ئىدى. ئېھتىمال لۇغەتنىڭ مەلۇم يېرىدە يوشۇرۇپ قويۇلغان بىرەر ئۇچۇر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بىراق قانداقلا بولمىسۇن، بىر ئىش ئېنىق بولدى. يەنى ۋىنستون ئەزەلدىن ئويلاپ كەلگەن ئاشۇ ئىشلار ھەقىقىي ئىدى، ئۇ مانا ئەمدى ئۇ ئىشلارنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپتى.

ئۇ ھامان بىر كۈنى ئوبرايىننىڭ ئۆزىنى چاقىرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئېنىق جەزىم قىلالمىسىمۇ، ئۇ بەلكىم ئەتە ياكى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھازىر بولۇۋاتقان ئىشلار، پەقەت بۇرۇنلا كۆمۈلۈپ بولغان ئۇرۇقلارنىڭ بىخلىرى ئىدى، خالاس. ئۇنىڭ تۇنجى قەدىمى ئىسيانكار ئويلار بولسا، ئىككىنچى قەدىمى خاتىرە يېزىش بولغانىدى. ئۇ ئىدىيەدىن سۆزگە ئۆتكەنىدى، مانا ئەمدى سۆزدىن ھەرىكەتكە ئۆتۈۋاتاتتى. ئەڭ ئاخىرقى قەدەم بولسا جەزمەن شەپقەت مىنىستىرلىكىدە يۈز بېرىدىغان بەزى ئىشلار ئىدى. ۋىنستون بېشىغا كېلىدىغان ئۇ مۇقەررەرلىكلەرنى قوبۇل قىلىپ بولغانىدى. ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئاللىبۇرۇن باشلىنىشىنىڭ ئىچىگە كۆمۈلۈپ بولغانىدى. بىراق بۇ ئاقىۋەت ۋەھىمىلىك، قورقۇنچلۇق ئىدى، خۇددى يېرىم ئۆلگەندەك، ئۇ ئەجەلنىڭ تەمىنى بالدۇرراق تېتىغاچ تۇراتتى. ئۇ ئوبراين بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ۋە دېيىلگەن گەپلەرنىڭ مەنىسىگە يەتكەن شۇ دەقىقىدە، مۇزدەك بىر ۋەھىمە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چۇلغىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆز قەبرىسىگە

يىقىنلاۋاتقانىدەك بىر تۇيغۇ بار ئىدى، گەرچە ئۇ قەبرىسىنىڭ يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ، بىلىپ بولغان بولسىمۇ، بۇ ۋەھىمىلىك تۇيغۇ يەنىلا ئۇنى قىيناپتتى.

## 7

ۋىنستون ئويغاندى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى. ئۇنىڭغا چىرمىشىپ ياتقان جۇلىيا ئۇنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدى، — دەپ سورىدى.

— بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، — گېپىنى باشلاپلا يەنە توختاپ قالدى ۋىنستون. ئۇنى ئىپادىلەش بەك قىيىن ئىدى. بۇ چۈش ئۇنىڭ ئويغىنىپلا كالىلىسىغا كىرىۋالغان بىر ئەسلىمە بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى.

ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇپ يەنە ياتتى، ئۇ تېخىچە ئاشۇ چۈشىنىڭ ئىلكىدە ئىدى. ئۇ بەكلا كەڭ، ئېنىق چۈش بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى، خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى ياز كېچىسىنىڭ مەنزىرىسىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ياتاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەينەك قەغەز باسقۇسى ئىچىدە كۆرۈندى. ئۇنىڭ سىرتقى يۈزى گۈمبەزسىمان ئاسماننىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى ئاجايىپ يورۇق بولۇپ، ئىنتايىن يىراقتىكى نەرسىلەرنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بۇ چۈش ۋىنستوننىڭ ئانىسىنىڭ بىلىكىنى ئەگكەن بىر ھەرىكەتتى ئىچىدە يۈز بەرگەنىدى. بۇ دەل ئوتتۇز يىلدىن كېيىن، ۋىنستون ھېلىقى كىنودا كۆرگەن يەھۇدىي ئايالنىڭ، بالىسىنى تىك ئۇچارنىڭ بومباردىمانىدىن قوغداش ئۈچۈن، بىلەكلىرى بىلەن باغرىغا بېسىۋالغان ئاشۇ ھەرىكىتىگە ئوپئوخشاش ئىدى.

— بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ، — مەن تا ھازىرغىچە ئانامنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن دەپ ئويلايتتىم.

— نېمىشقا؟— دەپ سورىدى جۇلىيا ئۇيقۇچان.

— مەن ئۇنى ئۆلتۈرمىدىم، جىسمانىي جەھەتتىن.

ۋىنستون چۈشىدە ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى بېقىشىنى ئېسىگە ئالالىدى، ئويغانغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە سېكونت ئىچىدە، نۇرغۇن ئۇششاق ۋەقەلەر ئاستا - ئاستا يىغىلىپ، ئۇنىڭ ئېسىگە قايتىپ كەلدى. بۇلار دەل ۋىنستون نەچچە يىللاردىن بۇيان، ئۆزى مەقسەتلىك ھالدا ئېڭىدىن چىقىرىۋەتكەن ئەسلىمىلەر ئىدى. ئۇ ئېنىق ۋاقتىنى ئېسىگە ئالالمىدى، ئەمما بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە، ئۇ يا ئون يا ئون ئىككى ياش ئىدى.

ئۇنىڭ دادىسى بۇ ئىشتىن بۇرۇنراق يوقاپ كەتكەنىدى. قانچىلىك بۇرۇن ئىكەنلىكىنى ۋىنستون ئېنىق ئەسلىيەلمەيتتى. ئەمما ئۇ يىللارنىڭ ناھايىتى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ئۆتكەنلىكى ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە. پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان ھاۋا ھۇجۇمى، تراموۋاي بېكەتلىرىدە مۇداپىئەلىنىش، ئۇ يەر بۇ يەردىكى دۆۋە - دۆۋە تاش پارچىلىرى، كوچىلارنىڭ ھەممە يېرىگە چاپلانغان چۈشەنگىلى بولمايدىغان شوئار، خىتابنامىلەر، ئوخشاش مايكىلارنى كىيىۋالغان توپ - توپ ياشلار، بولكىخانىلارنىڭ ئالدىدىكى ئۇزۇن ئۆچىرەت، يىراق بىر يەرلەردىن ئاڭلىنىدىغان ملتىق ئاۋازى، يېگۈدەك بىر نەرسىنىڭ يوقلۇقى ... دېگەنلەر ئۇنىڭ ئېسىگە مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ باشقا باللار بىلەن ئەخلەتخانىلاردىن كاپۇستا قۇلاقلىرىنى، بەرەڭگە شۆپۈكلىرىنى، كۆلگە پۇچۇلىنىپ كەتكەن بولكا ئۇۋاق - پارچىلىرىنى ئىزدەپ يۈرىدىغانلىقىنى ئەسلىدى، شۇنداقلا يەنە كالىنىڭ يەم - خەشىكى بېسىلغان ماشىنىلارنىڭ يولدىن ئۆتۈشىنى ساقلاپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئەسلىدى. بۇ ماشىنىلار بەزى ئوڭغۇل - دوڭغۇل يەرلەردىن ئۆتكەندە بىر نەچچە تال مايلىق دان چۈشۈپمۇ قالاتتى.

ئۇنىڭ دادىسى يوقاپ كەتكەندە، ئانىسى ئۇنچىلىك ئازابلىنىپمۇ كەتمىدى، ئەمما بەكلا ئۆزگىرىپ كەتتى. گويا ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كەتكەندەكلا بوپقالدى. ۋىنستونمۇ ئانىسىنىڭ چوقۇم يۈز بېرىدۇ، دەپ

بىلىدىغـان مەلـۇم بىـر ئىشـنى كۈتىۋاتقانلىقىنـى بىلەتتـى. ئـۇ قىلىشـقا تېگىشلىك ھەممـە ئىشنى قىلاتتـى، تامـاق ئېتەتتـى، قاچا يۇياتتـى، ئۇنى - بۇنـى يامايتتـى، جـاي سـالاتتى، ئـۆي سـۈپۈرەتتى، ئوچـاق بېشـىنى سۈرتەتتى. ئـۇ بـۇ ئىشـلارنى شـۇنچىلىك ئاسـتا قىلاتتىكـى، خـۇددى رەسسـامنىڭ ھەيكىلـى ئاپتوماتىـك مىدىرلاۋاتقانـدەكلا بىلىنەتتـى. ئۇنـىڭ قـاۋۇل، جانلىـق، ھەرىكەتچـان جىسـمى تەبىئىـيلا ئاسـتىلاپ، جىمـىپ كەتتـى. بەزىـدە كارىۋاتتـا بىـر ئولتۇرغانچـە بىـر نەچچـە سائەت جىممىـدە ئولتـۇرۇپ، ۋىنسـتوننىڭ سىگىلىسـىغا قارايتتـى. ئۇنـىڭ سىگىلىسـى شـۇنداق ۋىجىـك، ئۇنچىقمـاس ئىـدى، ئورۇقلۇقىدىـن يـۈزى مايمۇننىـڭ بالىسـىغىلا ئوخشـاپ قالغانىـدى. بەزىـدە ۋىنسـتوننى باغرىغـا بېسـىپ، ئۇزۇنغىچـە ھېچنېمـە دېمـەي ئولتـۇرۇپ كېتەتتـى. ۋىنسـتون گـەرچـە كىچىـك، شەخسـىيەتچى بولسـىمۇ، ئانىسـىدىكى بـۇ ئۆزگىرىشـلەرنىڭ ھەرگىـز تىلغا ئېلىنمايدىغـان، بىـراق، يـۈز بەرمەكچـى بولغـان مەلـۇم بىـر ئىـش بىلـەن مۇناسـىۋەتلىك ئىكەنلىكىنـى بىلەتتـى.

ئـۇ ئۆزلـىرى تۇرغـان ئۆيـنـى ئەسـلىدى. ئـۇ بىـر قاراڭغـۇ، ھـاۋا ئۆتۈشـمەيدىغان ئـۆي بولـۇپ، ئـاق ئەدىيـال سېلىنغان كارىـۋات ئۆينىـڭ يېرىمىنـى ئالغان ئىـدى. ئۆيـدە بىـر دانـە گاز ئوچاق ۋە تاماق قويىدىغان بىـر ئىشـكاپ بـار ئىـدى. ئۆيىنـىڭ سـىرتىدىكى لەمپىـدە باشـقا ئائىلىلـەر بىلـەن ئورتـاق ئىشـلىتىدىغان بىـر سـاپال كىـر دېـسى بـار ئىـدى. ئـۇ ئانىسـىنىڭ ئوچاق بېشـىدا بىـر نەرسـە پۇشـۇرىمەن دەپ ئېگىلىـپ تۇرغان قىياپىتىنـى، ئەممـا ئۆزىنىـڭ ئاساسـەن ئـاچ قالىدىغانلىقىنـى، تامـاق ئۈسـتىلىدىكى قاتتىـق جېـدەل - ماجىرالارنـى ئەسـلىدى. ئـۇ ئانىسـىغا نېمىشـقا يەتكـۈدەك تامـاق يـوق دەپ يېنىـش - يېنىشـلاپ ۋارقىـراپ - جارقىـراپ ئۆينـى بېشـىغا كىيەتتـى (ئـۇ ئۆزىنىـڭ ئاۋازىنىـڭ قانـداق چىقىدىغانلىقىنىمـۇ ئەسـلىيەلەيتتى، ئـاۋازى ئـاۋۇال ئۆزۈلـۈپ - ئۆزۈلـۈپ چىقاتتـى، بەزىـدە ئـادەم ھەيـران قالغـۇدەك دەرىجىـدە ئۇنلـۇك چىقىـپ كېتەتتـى). بەزىـدە ئـۇ ئۆزىگـە تەقسـىم قىلىنغاندىـن جىقـراق تاماققـا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېرىشىش ئۈچۈن، يالغاندىن ناھايىتى قىينىلىپ كەتكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يىغلامسىرايتتى. ئانىسى بۇنداق چاغلاردا، تارتىشىپ ئولتۇرمايلا ئۇنىڭغا جىقراق تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. ئۇ «ئوغۇل بالا» بولغاندىكىن جىقراق يېيىشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. ئەمما ئانىسى قانچە كۆپ بەرگەنسېرى، ۋىنستون يەنە شۇنچە تەلەپ قىلاتتى. ھەر ۋاقلىق تاماقتا ئانىسى ئۇنىڭغا سىڭلىسىنىڭ كىسەللىكىنى، جىقراق تاماق يېمىسە بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنداق بەك شەخسىيەتچى بولۇپ كەتمەسلىك ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتى، بىراق بۇنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى بولمايتتى. ئانىسى ئۇنىڭغا ئۇسۇپ بېرىشنى توختاتقاندا، ئۇ ئاچچىقىدىن ۋارقىراپ كېتەتتى ۋە ئانىسىنىڭ قولىدىكى چۆمۈچكە ئېسىلاتتى، بەزىدە سىڭلىسىنىڭ قاچىسىدىن ئازراق ئېلىۋالاتتى. ئۇ بۇنداق قىلسا ئانىسى ۋە سىڭلىسىنى ئاچ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۆزىنى تۇتالمايتتى. ھەتتا ئۇ مەن شۇنداق قىلىشقا تېگىشلىك دەپ ئويلاپ قالاتتى. قورسىقىدىكى بۇ ئاچلىق ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئۇنىڭغا ئاقلاپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى. ئەگەر ئانىسى توسۇپ تۇرمىسا، ئۇ ئىشكاپتىكى ساقلاپ قويۇلغان تاماقلارغىمۇ چاڭ سېلىشتىن يانمايتتى.

بىر كۈنى شاكىلات تارقىتىلدى. شاكىلات تارقىتىلىپ باقمىغىلى بىر نەچچە ئاي بوپكەتكەنىدى. ئۇ بەكلا كىچىك شاكىلات بولۇپ، ئۇلارغا ئىككى ئۇنسىيەلىك (ئېغىرلىق بىرلىكى، شۇ چاغلاردىمۇ ئۇلار ئۇنسىيە ئىشلىتەتتى) بىر پارچىسى تەگكەن ئىدى. تەبىئىيكى، ئۇلار تەڭ ئۈچكە بۆلۈپ يېيىشى كېرەكتى. ئۇشتۇمتۇت، ۋىنستون خۇددى بىراۋ ئۆگىتىپ قويغاندەك، ھەممىسىنى مەن يەيمەن دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. ئانىسى ئۇنىڭغا ئۇنداق ئاچكۆز بولماسلىققا نەسىھەت قىلدى. لېكىن ئەسقاتمىدى، ئۇلار ئۇزاققىچە تالاشتى، ۋارقىراشتى، يىغلاشتى، ئانىسى ئۈنى - بۈنى ۋەدە قىلىپ باقتى. ئۇنىڭ مۇشتۇمدەك سىڭلىسى ئانىسىغا مايمۇن بالىسىدەك چىڭ ئېسىلغىنىچە يوغان كۆزلىرىنى

مۆلدۈرلىتىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئاخىرى، ئانىسى شاكىلاتنى تۆت پارچە قىلىپ، ئۈچ پارچىسىنى ۋىنستونغا، قالغان بىر پارچىسىنى سىڭلىسىغا بەردى. كىچىككىنە قىزچاق قولىدىكى شاكىلاتنى بۇ نېمىدۇ دېگەندەك ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى. ۋىنستون سىڭلىسىغا بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىردىنلا سىڭلىسىنىڭ قولىدىكى شاكىلاتنى يۇلۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى.

— ۋىنستون! ۋىنستون! -دەپ ۋارقىرىدى ئانىسى ۋىنستوننىڭ ئارقىسىدىن، — شاكىلاتنى سىڭلىڭغا بەر!

ۋىنستون توختىدى، ئەمما قايتىپ كەلمىدى. ئانىسىنىڭ ئەنسىرىگەن چىرايى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قېتىپ قالغانىدى. ۋىنستون شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدىمۇ، ئەمدى يۈز بەرمەكچى بولغان، ئەمما ئۆزىمۇ بىلمەيدىغان ھېلىقى ئىش توغرىلىق ئويلاۋاتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى شاكىلاتتىن قۇرۇق قالغانلىقىنى بىلىپ، بىچارىلىك بىلەن يىغلىدى. ئانىسى ئۇنى باغرىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كۆكسىگە ياقتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋىنستونغا سىڭلىسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ شاكىلاتنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە، يۈرۈلۈپلا پەشتاقتىن چۈشۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئانىسىنى كۆرۈپ باقمىدى. ئۇ شاكىلاتنى يەپ بولغاندىن كېيىن، بىر خىل نومۇس، ئۆكۈنۈش تۇيغۇسىدا كوچىدا بىر نەچچە سائەت ئايلىنىپ يۈردى، ئاخىرى ئاچلىق ئۇنى يەنە ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئەكەلدى، لېكىن ئانىسى غايىب بولغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ناھايىتى نورمال بىر ئىش بوپقالغانىدى. ئۆيدە ئانىسى ۋە سىڭلىسىدىن باشقا ھەممە نەرسە شۇ پېتى ئىدى. ئۇلار ھېچنېمىنى، ھەتتا ئانىسىنىڭ پەلتوسىنىمۇ ئالمىغانىدى. ھازىرغىچە ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆلۈك يا تىرىكلىكىنى بىلمەيتتى. بەلكىم ئانىسى مەلۇم ئەمگەك لاگېرىغا ئەۋەتىۋېتىلگەندۇ؛ سىڭلىسى بەلكىم ۋىنستونغا ئوخشاش مەلۇم بىر يېتىمخانىغا ئاپىرىۋېتىلگەندۇ؛ (بۇئىچكى ئۇرۇشتىن كېيىن قۇرۇلغان يەرلەربولۇپ، ئۇلار بۇ يەرنى قايتا ئۆزگەرتىش مەركىزى دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتايتتى) ياكى ئانىسى بىلەن بىللە ئەمگەك لاگېرىغا ئېلىپ كەتكەن ۋە ياكى باشقا جايلاردا ئۆلۈپ قالغاندۇ.

بۇ چۈش ئۇنىڭ ئېڭىدا شۇنچىلىك ئېنىق، سۈزۈك ئىدى، بولۇپمۇ، ئانىسىنىڭ سىڭلىسىنى بىلىكى بىلەن ئورىغان ھەرىكىتى، بۇ چۈشىنىڭ ھەممە مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇنىڭ كاللىسى يەنە ئىككى ئاي بۇرۇنقى يەنە بىر چۈشىگە كەتتى. بۇ چۈشىدە ئانىسى گوياكى ئۆيىدىكى كارىۋاتتا ۋىنستوننىڭ سىڭلىسىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرغاندەكلا، چۆكۈپ كېتىۋاتقان بىر كېمە ئۈستىدە ئولتۇرغانىدى. ئۇ ۋىنستوندىن پەستە، بەكلا چوڭقۇر بىر يەردە ئىدى، ئۇ بارغانسېرى چۆكۈۋاتاتتى، ۋىنستونغا بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىۋاتقان، قېنىقلىشىۋاتقان سۇنىڭ تېگىدىن قاراپ تۇراتتى.

ئۇ جۇلىياغا ئانىسىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. جۇلىيا كۆزىنىمۇ ئاچماي، ئۆرۈلۈپ تېخىمۇ راھەترەك شەكىلدە يېتىۋالدى ۋە:

— ئۇ چاغلاردا سىز رەسمىي بىر ۋەھشىي ھايۋانكەنسىز. ئۇ چاغلاردىكى ھەممە باللار شۇ، — دېدى ئېرەنشىمەي.

— شۇنداق، ئەمما بۇنىڭ مۇھىم يېرى ...

جۇلىيانىڭ تىنىقىدىن ئۇنىڭ قايتىدىن ئۇيقۇغا كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ۋىنستوننىڭ يەنە ئانىسى توغرىلىق سۆزلەپ بەرگۈسى بار ئىدى. ۋىنستون ئانىسى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرىدىن ئۇنى بىر قالتىس ئايال دەپ قارىمايتتى، ئەقىللىق دەپمۇ ئويلىمايتتى، ئەمما ئۇ ئالىجاناب، پاك ئايال ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىپ ياشايتتى. ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىمۇ ئۆزىگە خاس ئىدى، ئۇنى سىرتقى ئامىللار ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئۇنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا تەسىر قىلالمايدىغان نەرسىلەرنى ئۇ مەنىسىز دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ بىراۋنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭغا ھېچنېمە بېرەلمىسىمۇ مۇھەببىتىنى بېرەتتى. ئاخىرقى شاكىلات يوق بولغاندا ئۇ قىزىنى قۇچاقلاپ

قالغانىدى. ئەمما بۇ قۇچاقلاش ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى، يەنىمۇ كۆپرەك شاكىلات پەيدا قىلالمايتتى، قىزنىڭ ياكى ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى توسالمايتتى، بىراق ئۇ شۇنداق قىلىشىم كېرەك دەپلا ئويلايتتى. كېيىنكى يەھۇدىي ئايالمۇ گەرچە ئوق - بومبىلارغا قەغەزچىلىك دالدا بولالمىسىمۇ، بالىسىنى بىلەكلىرى بىلەن شۇنداق قۇچاقلاپ توسۇۋالغان ئىدى. پارتىيە قىلغان ئەڭ يامان ئىش شۇكى، ئۇ سىزنىڭ ماددىي دۇنياغا بولغان كونتروللۇق كۈچىڭىزنى يوق قىلغاندىن كېيىن، سىزنى نوقۇل ھاياجان، ھېس - تۇيغۇلارنىڭ ھېچنېمىگە پايدىسى يوقلۇقىغا قايىل قىلغان ئىدى. سىز پارتىيەنىڭ چاڭگىلىغا چۈشتىڭىزمۇ بولدى، سىزنىڭ بىرەر نەرسىنى ھېس قىلىش - قىلماسلىقىڭىز بىلەن ئۇشبۇ ئىشنى قىلىش - قىلماسلىقىڭىزنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمايتتى. نېمىلا ئىش يۈز بەرسۇن، سىز يوقاپ كېتەتتىڭىز، سىز ياكى سىزنىڭ ئىش - ئىزلىرىڭىزنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. سىز تارىخ دەپتىرىدىن پاك - پاكىزە ئۆچۈرۈلەتتىڭىز. بۇنىڭدىن ئىككى ئەۋلات ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۈچۈن بۇ ئۇنداق مۇھىم ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار تارىخنى ئۆزگەرتىشنى ئويلاپمۇ يۈرمەيتتى. ئۇلار پەقەت بىر - بىرىگە بولغان ئىشەنچ - ساداقەت بىلەن ياشايتتى. مۇھىم بولغىنى، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. بىر ئىشارە، بىر قۇچاقلاش، بىر يىغا، سەكراتتىكى ئادەمگە تەسەللىي بېرىشنىڭ ھەممىسىنىڭ قىممىتى بار ئىدى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت يەنە پرولېتارلارنى ئويلاپ قالدى. ئۇلار ھازىرمۇ مۇشۇنداق ھالەتنى ساقلاپ قالغانىدى. ئۇلار يا پارتىيەگە، يا دۆلەتكە يا بىرەر ئىدىيەگە سادىق ئەمەس ئىدى، پەقەت بىر - بىرىگىلا سادىق ئىدى. ئۇنىڭدا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پرولېتارلارغا نىسبەتەن بىر خىل ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى ۋە ئۇلارنى پەقەت كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئويغىنىپ، دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان كۈچتىنلا ئىبارەت خالاس دەپمۇ ئويلىمىدى. پرولېتارلار ئادىمىيلىكىنى ساقلاپ ياشاۋاتقان ئىدى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئۇنداق قېتىپ كەتمىگەن ئىدى. ئۇلاردا

ئىنسانلاردا بولىدىغان ئەڭ ئىپتىدائىي تۇيغۇ تېخى مەۋجۇت ئىدى، مانا ھازىر ۋىنستون ئاتايىن تىرىشچانلىق كۆرسەتمىسە، ئۇنداق تۇيغۇلارغىمۇ ئېرىشەلمەيتتى. شۇ تاپتا ئۇ قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى يولدا ئۇزۇلۇپ كەتكەن بىر قولنى، خۇددى بىر كاپۇستىنى تەپكەندەك تېپىپ، ئەۋرەزگە چۈشۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى.

— بىز ئەمەس، بەلكى پرولېتارلار ئادەمكەن، — دېدى ۋىنستون ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— نېمىشقا شۇنداق بولمىغىدەك؟ — دېدى جۇلىيا كۆزلىرىنى ئېچىپ. ئۇمۇ ئويغانغانىدى.

ۋىنستون بىردەم ئويغا پاتتى.

— سىز بىز ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىشنىڭ بەك كېچىكىشتىن بۇرۇن، بۇ يەردىن چىققاندىن كېيىن، بىر - بىرىمىز بىلەن قايتا كۆرۈشمەسلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە، سۆيۈملۈكۈم، ئويلاپ باقتىم. نەچچە قېتىم ئويلاپ باقتىم. ئەمما مەن ئۇنداق قىلمايمەن. ئەمدى بەرىبىر، ئاقىۋەت ئوخشاش.

— ھازىرغىچە تەلىيىمىز كېلىۋاتىدۇ، ئەمما ئۇزۇنغا بارمايدۇ. سىز تېخى ياش، سىز قارىماققا نورمال، گۇناھسىز كۆرۈنىسىز. سىز مەندەك ئادەملەردىن نېرى تۇرسىڭىز، يەنە ئەللىك يىل ياشىيالايسىز.

— ياق. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاپ بولغان. سىز نېمە ئىش قىلسىڭىز، مەن سىزگە ئەگىشىمەن. بەك چۈشكۈنلىشىپ كەتمەڭ. مەن بىر نېمىلەرنى قىلىپ تىرىك قالالايمەن، بۇنىڭغا ئىشىنىم بار.

— بىز بەلكىم يەنە يېرىم يىل، ياكى بىر يىل بىللە بولالىشىمىز مۇمكىن، ئۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم ئايرىلىپ كېتىمىز. بىزنىڭ قانچىلىك يالغۇزلىقىمىزنى ھېس قىلامدىڭىزمۇ؟ ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالغاندا، ھەممە

ئىش تۈگەيدۇ. ھېچقايسىمىز بىر - بىرىمىز ئۈچۈن ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمەيمىز. ئەگەر مەن تاپشۇرسام، سىزنى ئېتىۋېتىدۇ، ئەگەر تاپشۇرمىسامۇ، ئوخشاشلا سىزنى ئېتىۋېتىدۇ. مېنىڭ ھېچقانداق گېپىم ياكى ئىشىم سىزنىڭ ئۆلۈمىڭىزنى بەش مىنۇتمۇ ئارقىغا تارتالمايدۇ. ئىككىلىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلەلمەيمىز. بىزنىڭ ھېچنېمىگە قۇربىمىز يەتمەيدۇ. قولىمىزدىن كېلىدىغان بىردىنبىر ئىش — گەرچە ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمىسىمۇ بىر - بىرىمىزگە ئاسىيلىق قىلماسلىق، خالاس.

— مەسىلىنى تاپشۇرۇشنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇنى قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ھېچقانداق خاتاسى يوق، ھەممىيلەن تاپشۇرىدۇ. ئۇلار سىزنى قىيىن - قىستاققا ئالىدۇ.

— مەن ئۇنى دېمەكچى ئەمەس. تاپشۇرغانلىق ئاسىيلىق ئەمەس. سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىز، قىلغانلىرىڭىز مۇھىم ئەمەس، پەقەت مۇھىمى تۇيغۇلىرىمىز. ئەگەر ئۇلار مېنى سىزنى ياخشى كۆرۈشتىن توسۇپ قالالىسا، مانا بۇ ھەقىقىي ئاسىيلىق بولىدۇ.

جۇلىيا ئازراق ئويلاندى.

— ئۇلار بۇنى قىلالمايدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — بۇ ئۇلار قىلالمايدىغان بىردىنبىر ئىش. ئۇلار سىزنى ھەرقانداق نەرسىنى سۆزلىتەلەيدۇ، ئەمما سىزنى ئۇنىڭغا ئىشەندۈرەلمەيدۇ، ئۇلار سىزنىڭ ئىچىڭىزگە كىرەلمەيدۇ.

— شۇنداق، — دېدى ۋىنستون سەل - پەل ئۈمىتلىنىپ، — شۇنداق، بۇ توغرا، ئۇلار ئىچىمىزگە كىرەلمەيدۇ. ئۆزىڭىزنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇرسىڭىزلا، مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەرزىيدۇ. ھەتتا ئۇ ھېچقانداق بىر نەتىجە ئەكىلەلمىسىمۇ، سىز ئۇلارنى يەڭگەن بولىسىز.

ۋىنستون مەڭگۈ ئۇخلىمايدىغان ئېكران توغرىلىق ئويلىنىپ

قالـدى. ئـۇلار سـىزنى كېچـە ـ كۈنـدۈز كۈزىتەلەيتتـى، ئەممـا سـىز كاللىڭىزنـى سـەزگۈر تۇتسـىڭىزلا، ئۇلارنـى يېڭەلەيتتىڭـىز. ئـۇلار ھەرقانچە ئەقىللىـق بوپكەتكـەن تەقدىردىمـۇ، باشـقا ئىنسـانىنىڭ كاللىسـىدا نېمـە ئويلاۋاتقانلىقىنـى بىلەلمەيتتـى. بەلكىـم، ئۇلارنىـڭ قولىغـا رەسـمىي چۈشـۈپ قالغانـدا ئۇنـداق بولماسـلىقىمۇ مۇمكىـن. ھېچكىـم شـەپقەت مىنىسـتىرلىكىنىڭ ئىچىـدە نېمىلەرنىـڭ يـۈز بېرىدىغانلىقىنـى بىلمەيـدۇ، ئەممـا ئـۇ يـەردە ھەرخىـل قىيىن ـ قىستاق، دورا، نېرۋا ئىنكاسلىرىڭىزنى خاتىرىلەيدىغـان ئۈسكۈنە، ئـۇزاق ئۇيقۇسـىزلىق، يالغۇزلۇق ۋە ئۈزۈلدۈرمەي سوراق قىلىنىشلارنىڭ بولۇشـىنى قىيـاس قىلغىلى بولاتتـى. ئىشقىلىپ، پاكىـت يوشـۇرۇپ قېلىـش مۇمكىـن ئەمـەس ئىـدى. سـىزنى سوراق قىلىپ، قىينـاپ پاكىتقـا ئېرىشـىش تامامـەن مۇمكىـن. ئەگـەر مەقسـەت تىرىـك قېلىـش ئەمـەس، ئادىمىيلىكىنـى سـاقلاپ قېلىـش بولسـا، ئـۇ ھالـدا بـۇ نېمىنـى ئۆزگەرتەلەيتتـى؟ ئـۇلار سـىزنىڭ تۇيغۇلىرىڭىزنـى ئۆزگەرتەلمەيتتى، چۈنكـى سـىزمۇ ئـۆز تۇيغۇلىرىڭىزنـى ئۆزگەرتەلمەيتتىڭـىز، ھەتتـا شـۇنداق قىـلاي دېسـىڭىزمۇ. ئـۇلار سـىز دېگـەن، قىلغـان، ئويلىغـان ھەممـە نەرسـىنى بـەش قولـدەك تېپىۋالالىسـىمۇ، ئەممـا ئىنسـان يۈرىكىنىـڭ ئەڭ چوڭقـۇر قاتلاملىرىدىكـى، ئىنسـان ئۆزىمـۇ ئېنىـق ئاڭقىرىـپ بولالمايدىغان تۇيغۇغـا چېقىلالمايتتـى.

## 8

ئۇلار كۆرۈشتى، ئاخىرى كۆرۈشتى!

ئـۇلار ئولتۇرۇۋاتقـان ئـۆي ئۇزۇنچاق، يـورۇق ئـۆي ئىـدى. ئېكراندىـن پـەس ئـاۋاز ئاڭلىنىـپ تۇراتتـى. پولدىكـى قـارا ـ كـۆك گىلـەم، گويـا قـۇش پەيلىرىـدەكلا يۇمشـاق ئىـدى. ئۆينىـڭ يەنـە بىـر بېشـىدا، ئوبرايـن بىر ئۈستەلنىڭ ئالدىـدا ئولتۇرغـان بولـۇپ، ئۈسـتىدە بىـر چىراغ يېشىل نـۇر چېچىـپ تۇراتتـى. ئىككـى تەرىپىـدە نۇرغـۇن قەغـەز چېچىلىـپ تۇراتتـى. خىزمەتچـى ۋىنسـتون بىلـەن جۇلىيانـى كۆرسـەتكەندىلا، ئاندىـن

ئۇ بېشىنى كۆتۈردى.

ۋىنستوننىڭ يۈرىكى شۇنچىلىك سىلىپ كەتتىكى، ئۆزىنى خۇددى بىر ئېغىز زۇۋان سۆزلەلمەيدىغاندەك ئويلاپ قالدى. ئۇلار ئاخىرى كۆرۈشتى، ئۇ شۇ دەمدە پەقەت مۇشۇنىلا ئويلىيالايتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ يەرنىڭ ئۆزىگە كېلىشىمۇ بىر ئالدىراڭغۇلۇق ئىدى، يەنە كېلىپ ئۇلار باشقا - باشقا يولدىن كەلگەن، پەقەت ئوبراينىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىلا ئۇچراشقان بولسىمۇ، يالغۇز كەلمىگىنى تېخىمۇ بىر ھاماقەتلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ يەرگە قەدەم بېسىپ كىرىشنىڭ ئۆزىلا غايەت زور جۈرئەت تەلەپ قىلاتتى. ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆيى ۋە ئۇلار تۇرىدىغان مەھەللىلەرگە باشقىلارنىڭ كىرىپ - چىقىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. بۇ غايەت چوڭ قورونىڭ سۈرى بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىنىڭ شۇنچىلىك ھەشەمەتلىك ۋە كەڭ - ئازادىلىقى، يېمەك - ئىچمەك، تاماكىلارنىڭ پۇراپ باقمىغان مىزىلىك ھىدى، توختىماستىن چىقىپ - چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان سۈرئەتتى ناھايىتى تېز لىفتىلار، ئۇيياق - بۇياققا بۆكچىنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئاق كىيىملىك خىزمەتچىلەر ... ئىشقىلىپ بۇ يەردە ھەممە نەرسە ئادەمنى تولىمۇ ئەيمەندۈرەتتى. گەرچە ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىشكە تولۇق باھانىسى بولسىمۇ، بىرەر يەردىن بىر قارا كىيىملىك تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، كىنىشىلىكىلىرىگنى چىقار دەيدىغاندەك، ئاندىن ئۇنى چىقىرىۋېتىدىغاندەك قورقۇنچتىن بىر قەدەممۇ خالىي بولالمىدى. ئەمما ئوبراينىنىڭ خىزمەتچىسى ئۇلارنى ھېچنېمە دېمەستىنلا كىرگۈزۈۋەتتى. ئۇ ئاق چاپان كىيىۋالغان، جۈغى كىچىك، چاچلىرى قارا، يۈزى ئالماسقا ئوخشاش مۇزدەك ئىپادىسىز ئادەم بولۇپ، ۋىنستون ئۇنى جۇڭگولۇقمىكىن دەپ پەرەز قىلدى. ئۇلار مېڭىۋاتقان كارىدورغا يۇمشاق گىلەم سېلىنغان، تاملىرىغا قايماقرەڭ زىننەت قەغىزى، ئۇنىڭ ئاستىغا ئاق رەڭلىك تاختاي چاپلانغان بولۇپ، ئىنتايىن پاكىزە ئىدى. بۇ ئىككەيلەن ھودۇقۇپ كەتتى، ۋىنستون تاملىرى ئادەملەر تولا سۈۋۈلۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرلىشىپ كەتمىگەن بۇندىن باشقا بىرەر كارىدورنى كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى.

ئوبراين قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ سۇرلۇك يۈزى تۆۋەنگە قارىغان بولۇپ، ئۇدۇل قارىغان ئادەمگە ئۇنىڭ بۇرنىلا كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ بۇ قىياپىتىمۇ ئادەمگە تولىمۇ ۋەزمىن، دانا تەسىر بېرەتتى. ئۇ تەخمىنەن يىگىرمە سېكونت ئەتراپىدا مىدىرلىماي قەغەزدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئاندىن ئۇ خاتىرىلىگۈچنى ئالدىغا تارتىپ، ئۇلار ئۆزلىرىلا بىلىشىدىغان كەسپىي بىر تىلدا بىر نېمىلەرنى دېدى.

— نەرسە - كېرەكلەر بىر پەش بەش پەش يەتتە ئاقلانسە تەستىقلانغان بىر چېكىت تەكلىپ ئالتە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەسسىلەنگەن بىمەنىلىك ئىدىيە جىنايىتىگە يېقىنلاشقان بىكار قىلىش چېكىت قۇرۇلۇشنى داۋاملاشتۇرماسلىق ماشىنىلارنى تولۇق پەرەز قىلماستىن ئالماسلىق چېكىت ئۇچۇر تامام.

ئوبراين ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇلار تەرەپكە يۇمشاق دەسسەپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بايامقى ئىدارىدىكىدەك خىزمەت كەيپىياتى ئازراق يوقىدى. ئۇلار خۇددى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بىسەرامجان قىلىپ قويغاندەك، چىرايى ئادەتتىكىدىن بەكرەك تۈتۈلۈپ قالغانىدى. ۋىنستون باينىقىياقى تولۇق قۇتۇلالمىغان قورقۇنچ قايتىدىن ئۇنى چاڭگىلىغا ئالدى. مەن بىر چوڭ خاتالىق سادىر قىپتىمەن دەپ ئويلىدى ئۇ ھەقىچان. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئوبراينىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر سىياسىي ئاغدۇرمىچى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭ نەدىمۇ بىرەر ئېنىقراق ئىسپاتى بولسۇن؟ پەقەتلا كۆزلىرىنىڭ شۇنداقلا ئۇچرىشىپ قېلىشى ۋە ئىككى بىسلىق بىر نەچچە ئېغىز گەپقۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئوبراين ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرى، پەقەت بىر چۈش - خىيال ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ ھەتتا مەن لۇغەت ئالغىلى كەلگەن دېگەن باھانىگىمۇ ئېسىلىۋالالمايتتى. چۈنكى بۇنداق ئەھۋالدا، جۇلىيانىڭ

كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. ئوبراين ئېكراننىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەچكەن بىر ئوي ئۇنى چۆچۈتتى. ئوبراين توختاپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ تامدىكى بىر كونۇپكىنى باستى، ئېكراندىكى ئاۋاز شۇ زاماتلا توختىدى.

جۇلىيا ھەيرانلىقىدىن ئاۋازىنى تۇتتۇۋالمىدى. ئاللىبۇرۇنلا ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ بولغان ۋىنستون، ھەيرانلىقىدىن چۆچۈپ:

— ئېكراننى ئېتىۋېتەلەيسىز؟! — دەپ تاشلىدى.

— ھەئە، بىز ئېتىۋېتەلەيمىز، بىزدە شۇنداق ئىمتىياز بار، — دېدى ئوبراين.

ئۇ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تۇردى، ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسى ئۇ ئىككەيلەننىڭ ئالدىدا خۇددى مۇنارەدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى تېخىچە شۇنداق سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز ئىدى. ئۇ سوغۇق ئەلپازدا ۋىنستوننىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمما نېمە توغرىلىق؟ ھەتتا ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ مەن شۇنداق ئالدىراش ئادەم تۇرسام، مۇشۇنداق ۋاقىتتا كېلىپ كەيپىمنى ئۇچۇرۇپ دەپ ئويلاپ تۇرغاندۇ. ھېچكىم ئۈنچىقمىدى. ئېكراننى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن، بۇ ئۆي خۇددى گۆردەك ئىمتاس بولۇپ كەتتى. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا، ئېغىر قەدەملەر بىلەن ئۆتمەكتە. ۋىنستون تولىمۇ قىينالغان بولسىمۇ، ئوبرايندىن نەزىرىنى ئۈزمىدى. بىردىنلا بۇ مۇز چىرايدا كۆلۈمسىرەشكە ئوخشاشراق بىر ئالامەت پەيدا بولدى. ئوبراين دائىمقى سىپايە ھەرىكىتى بىلەن كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— مەن سۆزلەمدىم يا سىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— مەن سۆزلەي، — دېدى ۋىنستون دەرھاللا، — ئاۋۇ نەرسە راستىنلا ئېتىكمۇ؟

— ھەئە، ھەممىنى ئېتىۋەتتىم، بىز ھازىر يالغۇز .

— بىز بۇ يەرگە شۇ سەۋەبتىن كەلدۇق ...

ئۇ توختاپ قالدى، ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنىڭ تېخىچە ئېنىق ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ ئوبرايىندىن زادى قانداق ياردەم كۈتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ يەرگە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېيتماق تېخىمۇ قىيىن ئىدى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، ئەمما ئۇ دەۋاتقانلىرىنىڭ تولىمۇ جانسىز، ياسالما ئاڭلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى:

— بىز چوقۇم بەزى يوشۇرۇن سۈيىقەستلەر بار، مەلۇم تەشكىلاتلار پارتىيەگە قارشى مەخپىي ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ، ھەم سىزنىمۇ ئاشۇلارنىڭ بىرى دەپ قارايمىز. بىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاتناشقۇمىز ۋە خىزمەت قىلغۇمىز بار. بىز پارتىيەنىڭ دۈشمەنلىرى. بىز INGSOC ئىنسوكنىڭ تەلىمات - قاراشلىرىغا ئىشەنمەيمىز. بىز ئىدىيە جىنايەتچىلىرى. شۇنداقلا ھەم تاپتىن چىققۇچىلار. بۇنى سىزگە دېيىشىمىز، ئۆزىمىزنى سىزنىڭ ئالقىنىڭىزغا تاپشۇرۇشىمىز ئۈچۈندۇر، ئەگەر سىز بىزنى ئۆزۈڭلار تورغا چۈشتۈڭلار دەپ قارىسىڭىز، ئۇنىڭغىمۇ پىشانىمىزنى سىلىۋېتىمىز، بىز بۇنىڭغا تەييار.

ۋىنستون توختىدى، ئىشىك ئېچىلغاندەك قىلاتتى. دېگەندەك، ۋىجىك، سېرىق چىراي بىر خىزمەتچى ئىشىكنى چەكمەيلا كىرىپ كەلدى. ۋىنستون ئۇنىڭ بوتۇلكا ۋە ئىستاكان بار بىر پەتنۇسنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆردى.

— مارتىن بىزنىڭ ئادىمىمىز، — دېدى ئوبرايىن سوغۇققىنا، — ئىچىملىكلەرنى مۇنۇ يۇمىلاق ئۈستەلگە قوي مارتىن. ئورۇندۇقلىرىمىز يېتەمدىكەن؟ ئۇنداقتا بىز ئولتۇرۇپ ئازادە پاراڭلىشايلى. ئۆزەڭگە بىر ئورۇندۇق ئەكىرگىن. ئەمدى رەسمىي ئىشقا كىردۇق، ئەمدى ئون منۇت خىزمەتچىلىكىڭنى قويۇپ تۇر.

بۇ ۋىجىك ئادەم ئازادە ئولتۇردى. بىراق ئۇنىڭدا يەنىلا بىر چاكارنىڭ، خوجايىنى تەرىپىدىن بېرىلگەن مەلۇم ئىمتىيازدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىدەك كەيپىيات بار ئىدى. ۋىنستون ئۇنىڭغا

كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدى. ۋىنستون تۇيۇقسىز بۇ ئادەمنىڭ بىر ئۆمۈر پەقەت قوشۇمچە رول ئۆتەش بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇ يالغان سالاھىيىتىدىن بىردەم بولسىمۇ، ۋاز كېچىشىنى خەتەرلىك ئىش دەپ ھېسابلىدى. ئوبرايىن بوتۇلكىنى كۆتۈرۈپ ئىستاكانىنى قېنىق قىزىل سۇيۇقلۇق بىلەن تولدۇردى. بۇ ۋىنستوندا ئىلگىرى بىر چاغلاردا، تام ياكى بىر ئېلان تاختىسىدا كۆرگەن بىر رەسىمنى ئەسلەتتى. ئۇ رەسىمدە نۇرغۇن لامپۇچكىلاردىن قۇراشتۇرۇلغان بىر چوڭ بوتۇلكا بار ئىدى، بوتۇلكا ئاستى ـ ئۈستىگە ھەرىكەتلىنىپ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇقنى ئىستاكانغا تۆكۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۈستىدىن قارىغاندا بۇ سۇيۇقلۇق قاپقارىلا كۆرۈنەتتى، ئەمما بوتۇلكىدا بولسا قىزىل ياقۇتتەك جىمىرلايتتى. ئۇ بىر خىل چۈچۈمەل، ئەمما تاتلىق تەمدە ئىدى. ئۇ جۇلىيانىڭ ئۇنى تولىمۇ قىزىقىش بىلەن يۇراپ بېقىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— بۇ ئۈزۈم ھارىقى، — دېدى ئوبرايىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرەپ، — چوقۇم كىتابلاردا بۇ توغرىلىق ئوقۇدىڭىز ھەقچان. ئادەتتە سىرتقى پارتىيىدىكىلەر بۇنى ئۇچرىتالمايدۇ، — ئۇنىڭ چىرايى يەنە سۇرلۈك تۈس ئالدى، ئۇ ئىستاكانىنى كۆتۈرۈپ، — مېنىڭچە بىز ئاۋۋال سالامەتلىكىمىز ئۈچۈن، شۇنداقلا داھىيىمىز ئېممانۇئېل گولدستېيىن ئۈچۈن كۆتۈرەيلى!

ۋىنستون بىر خىل تاقەتسىزلىك بىلەن ئىستاكانىنى كۆتۈردى. ئۈزۈم ھارىقى ئۇ ئوقۇپ باققان، شۇنداقلا چۈشەپمۇ باققان نەرسە ئىدى. بۇ خۇددى ئەينەك قەغەز باسقۇ ۋە ياكى چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ ناخشىلىرىدەك ئاللىبۇرۇن غايىب بولغان رومانتىك ئۆتمۈشكە تەۋە نەرسىلەر ئىدى، ۋىنستون كاللىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە، ئۆتمۈشنى ئالتۇندەك كونا دەۋر دەپ ئاتىۋالغان ئىدى. ۋىنستون نېمىشقىكىن ئۈزۈم ھارىقىنى خۇددى قارا بۆلجۈرگەن مۇرابباسىدەك تاتلىق، ئىچسە بولغۇچە ئادەمنى خۇشكەيپ قىلىدۇ دەپ ئويلايتتى. مانا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئۇنى ھەقىقىي تېپىغاندا بولسا، ئۇ نەرسە ۋىنستوننى خىيالىلا ئۇمىتسىزلەندۈردى. ھالبۇكى، ھەقىقەت شۇكى، ئۇزۇن يىل ئارچا ھارىقى ئىچىش بىلەن ئۇ بۇنى تېپىيالماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ قورۇقدالغان ئىستاكاننى ئۈستەلگە قويدى.

— دېمەك، گولدستېين راستىنلا مەۋجۇت؟ — دېدى ئۇ.

— ھەئە، ئۇ مەۋجۇت، ئۇ ھايات، بىراق نەدىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن.

— ئۇنداقتا ھىلىقى مەخپىي تەشكىلاتلارمۇ راستمۇ؟ ئۇ ئىدىيە ساقچىلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان نەرسە ئەمەسمۇ؟

— ياق، ئۇ راست. بىز ئۇنى «قېرىنداشلار» دەپ ئاتايمىز. سىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ، پەقەت ئۆزىڭىزنىڭ ئۇنىڭغا تەۋەلىكى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن باشقا، ئۇ توغرىلىق باشقا ھېچنېمە بىلەلمەيسىز. بۇنى بىردەمدىن كېيىن سۆزلەپ بېرىمەن، — ئۇ سائىتىگە قاراپ، — ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭمۇ ئېكرانىنى يېرىم سائەتتىن ئارتۇق ئېتىۋېتىشى تازا ئاقىلانىلىك ئەمەس. سىلەر ئەسلىدە بىللە كەلمىسەڭلار بولاتتى، قايتقاندىمۇ ئايرىلىپ مېڭىڭلار. يولداش! سىز باشتا سىز مېڭىڭ، — دېدى ئۇ بېشىنى جۇلىياغا بۇراپ، — بىزنىڭ يەنە يىگىرمە مىنۇت ۋاقتىمىز بار، مەن سۆزۈمنى ئاۋۋال سىزدىن بەزى سوئاللارنى سوراشتىن باشلايمەن، چۈشەنگەيسىز. ئومۇمەن ئېيتقاندا، سىلەر نېمە ئىشلارنى قىلىشقا تەييار؟

— بىز قىلالايدىغان ھەرقانداق ئىش بولسا بولۇۋېرىدۇ، — دېدى ۋىنستون.

ئوبراين سەل بۇرۇلۇپ، ئۆزىنى ۋىنستونغا توغرىلىدى. ئۇ ۋىنستون جۇلىياغىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارىغاندەك، جۇلىياغا بەك پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى بىردەم يۇمۇۋالدى، ئاندىن كېيىن بىر خىل تۆۋەن، ئىپادىسىز ئاۋازدا سوئاللىرىنى داۋاملاشتۇردى، قارىماققا

بۇ بىر رەسمىيەت خاراكتېرلىك سوئال ـ جاۋابقىلا ئوخشايتتى، ئەمەلىيەتتە، ئوبراين ئۆزىمۇ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابىنى بىلەتتى.

— هاياتىڭىزنى تەقدىم قىلىشقا تەييارمۇ؟

— ھەئە.

— ئادەم ئۆلتۈرۈشكە تەييارمۇ؟

— ھەئە.

— نەچچە يۈز بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى قىلىشقىچۇ؟

— تەييار.

— دۆلىتىڭىزنى چەتئەل كۈچلىرىگە سېتىشقىچۇ؟

— تەييار.

— سىز ئالدامچىلىق، ئويدۇرمىچىلىق قىلىشقا، گۆرۈگە ئېلىۋېلىشقا، باللارنىڭ كاللىسىنى چىرىتىشكە، بۇزۇقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، جىنسىي كېسەللىكلەرنى تارقىتىش ئۈچۈن، ھەرخىل دورىلارنى تارقىتىشقا، ئىشقىلىپ پارتىيەنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا ياردىمى بولىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا تەييارمۇ؟

— تەييار.

— مەسىلەن، ئەگەر بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن كىچىك بالىنىڭ يۈزىگە كىسلاتا چاچىدىغان ئىش توغرا كېلىپ قالسا، قىلالامسىز؟

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى يوقىتىپ، ھاياتىڭىزنىڭ قالغان قىسمىدا مۇلازىم ياكى پېرىستان ئىشچىسى بولۇپ ئۆتەلەمسىز؟

— ھەئە.

— ئەگەر بىز بۇيرۇق قىلىپ قالساق، ئۆلۈۋېلىشقا تەييارمۇ؟

— ھەئە.

— سىلەر ئىككىڭلار بۇنىڭدىن كېيىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا، مەڭگۈ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كۆرۈشمەسلىككە تەييارمۇ؟

— ياق! — دەپ توۋلىۋەتتى جۇلىيا.

ئوبراين جاۋاب بېرىپ بولغۇچە ۋىنستونغا ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ گەپ قىلغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ تىلى مىدىرلاۋاتاتتى، ئەمما ئۇ بىردەم بۇنى، بىردەم ئۇنى دېمەكچى بولۇپ، زادى دەيدىغان گېپىنى تاپالمىدى، ئاخىرىدا بىر جۈرئەت بىلەن «ياق» دېدى.

— بۇنى دەپ ئوبدان قىلدىڭىز، — دېدى ئوبراين، — بىز ھەممىنى بىلىشىمىز كېرەك.

ئوبراين جۇلىياغا بۇرۇلدى ۋە مەنىلىك ئاھاڭدا:

— سىز ئۇنى ھايات قالدى دېگەندىمۇ، ئۇنىڭ باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسىز؟ بىز بەلكىم ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇپقېلىشىمىز مۇمكىن. ئۇنىڭ چىرايى، يۈرۈش - تۇرۇشى، قولىنىڭ شەكلى، چېچىنىڭ رەڭگى، ھەتتا ئاۋازى، ھەممىسى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بەلكىم سىزمۇ باشقا بىر ئادەم بولۇپقېلىشىڭىز مۇمكىن. بىزنىڭ دوختۇرلىرىمىز ئادەمنى باشقىلار تونۇغۇسىز قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. بەزىدە شۇنداق قىلىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ھەتتا بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنى ئېلىۋېتىشىمىز مۇمكىن، پۇت ياكى قول دېگەندەك.

ۋىنستون ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ياندىكى مارتىننىڭ موڭغۇل چىراي يۈزىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچبىر تاتۇق باردەك ئەمەس ئىدى. جۇلىيانىڭ چىرايى تاتىرىپ، سەپكۈنلىرىمۇ ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ قالدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئوبراينغا يەنە دادىللىق بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇ قوشۇلغاندەك بىر نېمىلەرنى دېدى.

— ياخشى، ئۇنداقتا ئىشلار پۈتتى، — دېدى ئوبراين.

ئۈستەلدە بىر كۈمۈشرەڭ سىگارت قۇتىسى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ پەرۋاسىز قىياپەتتە، سىگارتتىن بىرنى ئېلىپ، ئاندىن قۇتىنى باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئىتتىردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇردى ۋە خۇددى ماگسا ئۇبدان ئويلىنالايدىغاندەك ئالدى - كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى. بۇ ناھايىتى ئالىي سىگارت بولۇپ، چىرايلىق ئورالغان، ئىچىدىكى تاماكىسىمۇ چىڭ تۇراتتى، قەغىزىمۇ باشقىچە بىر خىل سىلىق ئىدى. ئوبرايىن سائىتىگە يەنە بىر قارىدى.

— مارتىن، سىز ئەمدى قاچا - قومۇچ ئۆيىگە قايتىڭ، — دېدى ئوبرايىن، — مەن يەنە ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ئېكراننى ئاچىمەن. مارتىن، مېڭىشتىن بۇرۇن بۇ يولداشلارنى ئوبدانراق تونۇۋېلىڭ، چۈنكى بۇنىڭدىن كېيىن، بۇلار بىلەن سىز ئۇچرىشىسىز، مەن ئۇچراشماسلىقىم مۇمكىن.

بايام ئىشىك ئالدىدىكىگە ئوخشاش، بۇ ۋىجىك ئادەمنىڭ پىلدىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى ئۇلارغا تەپسىلىي سەپسالدى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدا ھېچبىر دوستانىلىق يوق ئىدى. ئۇ پەقەتلا ئۇلارنىڭ قىياپىتىنى ئېسىدە تۇتۇۋالدى، ئەمما ئۇلارغا ھېچ قىزىققاندەك ئەمەس ئىدى. ۋىنستون بەلكىم ئۆزگەرتىلگەن چىرايلار مۇشۇنداق ئىپادىسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى. مارتىن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ خوش دېمەستىنلا ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئوبرايىن تېخىچە ئالدى - كەينىگە مېڭىپ يۈرەتتى، بىر قولى پەلتوسىنىڭ يانچۇقىدا، يەنە بىر قولىدا بولسا سىگارتى بار ئىدى.

— سىز چۈشىنىسىز، — دېدى ئوبرايىن، — سىز ئەمدى يوشۇرۇن كۈرەش قىلىسىز، مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ. بۇيرۇق قوبۇل قىلىسىز، سەۋەبىنى سورىماي ئىجرا قىلىسىز. كېيىن مەن سىزگە بىر كىتاب ئەۋەتىپ بېرىمەن. سىز ئۇنىڭدىن بىز ياشاۋاتقان بۇ جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ۋە بىزنىڭ ئۇنى ۋەيران قىلىش ئىستراتېگىيىمىزنى بىلەلەيسىز. سىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قېرىنداشلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تولۇق ھوقۇقلۇق ئەزاسى بولىسىز. بىزنىڭ ئومۇمىي كۆرەش نىشانىمىز ۋە كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىپىلىرىمىزدىن باشقا نەرسىلەرنى بىلمەيسىز. مەن پەقەت سىزگە قېرىنداشلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىلا دېدىم، ئۇنىڭ ئەزالىرى يۈزمۇ، مىليونمۇ بۇنى دېمەيمەن. كېيىنكى خىزمەت داۋامىدىمۇ، سىلەر پەقەت ئەڭ كۆپ بولغاندا، ئون نەچچە نەپەر ئەزانىڭلا ئىسمىنى دېيەلىشىڭلا مۇمكىن. سىز پەقەت ئۈچ، تۆت كىشى بىلەنلا ئالاقىلىشىسىز، ئۇلارمۇ يوقاپ كېتىدۇ، ئورنىغا داۋاملىق باشقىلار ئالمىشىپ تۇرىدۇ. بۇ بىزنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشىمىز بولغاچقا، بۇ داۋاملىشىدۇ. بۇيرۇق سىلەرگە مەندىن كېلىدۇ. ئەگەر سىلەر بىلەن ئالاقىلىشىش زۆرۈر بولۇپ قالسا، مارتىن ئارقىلىق ئالاقىلىشىمىز. ئاخىرىدا قولغا چۈشۈپ قالغاندا، سىز ئىقرار قىلىسىز. بۇنىڭدىن ساقلىنىش مۇمكىن ئەمەس. ئەمما سىزدە ئۆزىڭىزنىڭ ئىش - كۈشلىرىدىن باشقا، تاپشۇرغىدەك بىر نەرسە بولمايدۇ. سىز پەقەت بىر قانچە ئانچە مۇھىم ئەمەس ئادەملەرنىلا ئىقرار قىلالايسىز. بەلكىم مېنى ئىقرار قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا بەلكىم مەن ئۆلۈپ بولغان بولۇشۇم مۇمكىن، بەلكىم يۈزلىرىممۇ ئوخشىمايدىغان باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئوبراين يۇمشاق گىلەم ئۈستىدە يەنىلا ئۇياق - بۇياققا مېڭىۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭ بەدىنى سەل كېلەڭسىز بولسىمۇ، ئەمما مېڭىشىدا بىر خىل سالاپەت بار ئىدى. بۇنى ھەتتا ئۇنىڭ يانچۇقىغا قولىنى سېلىش، سىگارتىنى تۇتۇش دېگەندەك ئۇششاق ھەرىكەتلىرىدىنمۇ كۆرگىلى بولاتتى. ئوبراين كىشىگە بىر خىل كۈچتىن باشقا يەنە ئىشەنچ بېغىشلايتتى، سۆزلىرىگە كىنايە ئارىلىشىپ كەتكەندەك بىلىنسىمۇ، ئادەمنى چۈشىنىدىغاندەك تەسىرات بېرەتتى. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ قانچىلىك قىزغىن، ئوتلۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا ھەرگىزمۇ ئەسەبىيلەرنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى تېپىلمايتتى. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئۆلۈۋېلىش، جىنسىي كېسەل، ئەزالىرىنى كېسىۋېتىش، چىرايىنى

ئۆزگەرتىۋېتىش دېگەنلەرنىمۇ خۇددى بىر چاقچاقتەك بىمالال تىلغا ئالدى. «بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ.» بۇ گەپ خۇددى ئادەمگە ھېچ ئىش بولمىغاندەك «بۇ بىز چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. ئەمما يەنە ياشاشنىڭ قىممىتى بوپقالسا مۇنداق قىلمايمىز» دېگەندەك مەنە بېرەتتى. ۋىنستوننىڭ ئوبراينغا كۆچلۈك ھەۋىسى كەلدى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ۋىنستوندا بىر خىل چوقۇنۇش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. ھەتتا ئۇ شۇ چاغدا گولدستېيىننىڭ نامەلۇم ئوبرازىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتى، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان چىرايى - كۆرۈمسىز، ئەمما تولىمۇ مەدەنىي ــ ئادەمنى ئۇنىڭ مەڭگۈ يېڭىلمەسلىكىگە ئىشەندۈرەتتى. ئۇ ئامال قىلالمايدىغان قىيىنچىلىق، ئۇ ئالدىن كۆرەلمەيدىغان خەتەر يوق ئىدى. ھەتتا جۇلىيامۇ شۇنداق تەسىراتقا كەپقالغاندەك قىلاتتى. ئۇ قولىدىكى سىگارىتىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ھالدا، ئوبراينىڭ سۆزلىرىنى بېرىلىپ ئاڭلاۋاتاتتى. ئوبراين داۋاملاشتۇردى:

ــ سىزمۇ چوقۇم قېرىنداشلار ھەققىدە سۆز - چۆچەكلەرنى ئاڭلىدىڭىز، كاللىڭىزدا ئۇ ھەققتە مەلۇم تەسەۋۋۇر شەكىللەنگەنلىكىدە گەپ يوق. بەلكىم سىز غايەت زور بىر يەر ئاستى تورىنى تەسەۋۋۇر قىلغان بولۇشىڭىز مۇمكىن، بۇ توردىكىلەرنى سىز قەرەللىك ھالدا مەخپىي يەر ئاستى ئۆيلىرىدە كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ، ئىما - ئىشارە، ياكى تاملارغا سىزىلىپ قويىدىغان مەخپىي بەلگىلەر بىلەن بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە ئالاقىلىشىدۇ دەپ ئويلايسىز. ئەمما بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەۋجۇت ئەمەس. قېرىنداشلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدىغان ئۇنداق ئالاھىدە ئۇسۇللىرى يوق. ئادەتتە بىر ئەزا پەقەت بىر نەچچە ئادەمنىلا تونۇيدۇ. ھەتتا گولدستېيىننىڭ ئۆزىمۇ ناۋادا ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئەزالىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ تىزىملىكىنى ياكى شۇ تىزىملىكنى تاپقىلى بولىدىغان يىپ ئۇچىنىمۇ تاپشۇرالمايدۇ. ئۇنداق تىزىملىك مەۋجۇت ئەمەس.

قېرىنداشلار يوقالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ئادەتتە بىز چۈشىنىدىغان بىر تەشكىلات ئەمەس، ئۇنى پەقەت يىمىرىلمەس ئىدىيەلا تۇتۇپ تۇرىدۇ. سىزنى ئىدىيەدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە بۇ يولدا تۇتۇپ تۇرالمايدۇ. سىز باشقىلارنىڭ سەپداشلىقىغا، ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشەلمەيسىز. ئەگەر تۇتۇلۇپ قالسىڭىز، ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيسىز. ئەڭ چوڭ قىلالىساق، ناۋادا بىرەرىنىڭ زۇۋان سۈرمەسلىكى قەتئىي زۆرۈر بوپقالسا، تۈرمىگە ساقال تىغى يەتكۈزۈپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن. سىز چوقۇم ئۈمىتسىزلىك ۋە نەتىجىسىزلىك ئىچىدە ياشاشقا ئادەتلىنىشىڭىز لازىم. بەلكىم سىز بىر مەزگىل خىزمەت قىلىسىز، ئاندىن تۇتۇلۇپ قالىسىز، ئاندىن مەسىلىڭىزنى ئىقرار قىلىسىز، ئاندىن ئۆلىسىز. مانا مۇشۇ سىز كۆرەلەيدىغان ئاقىۋەت، نەتىجىدۇر. بىزنىڭ ھايات ۋاقتىمىزدا بىرەر كونكرېت نەتىجىنىڭ قولغا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىز ھەممىمىز ئۆلۈپ بولغانلار. بىزنىڭ ھەقىقىي ھاياتىمىز كەلگۈسىدە. بىز ئۇ ھاياتقا بىر چاڭگال كۈل ياكى سۆڭەك بولۇپ قاتنىشىمىز. ئەمما بىز ئاشۇ كەلگۈسىنىڭمۇ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىلەلمەيمىز. بەلكىم مىڭ يىل كېتەر. ھازىرنىڭ ئۆزىدە، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى ئاستا - ئاستا ئاقارتىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنىڭ بىلگەنلىرىنى كىشىلەرگە بىردىن - بىردىن، ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد تارقىتىمىز. ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشكەندە، ھېچنېمىگە ئامال يوق.

ئۇ توختاپ سائىتىگە ئۈچىنچى قېتىم قارىدى.

— ماڭىدىغان ۋاقتىڭلار بوپقاپتۇ، يولداشلار، — دېدى ئۇ جۇلىياغا قاراپ، — توختاڭلار، بوتۇلكا تېخى يېرىم تۇرىدۇ.

ئۇ ئىستاكانلارنى توشقۇزدى ۋە ئۆزىنىڭكىنى كۆتۈردى.

— بۇدا نېمە ئۈچۈن كۆتۈرسەك بولار قەدەھنى؟ — گېپىدىن يەنىلا بىر خىل كىنايە چىققاندەك بىلىنەتتى، — ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ قايمۇقۇپ قېلىشى ئۈچۈن؟ غوجاكىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن؟ ئىنسانپەرۋەرلىك

ئۇچۇن؟ كەلگۈسى ئۇچۇن؟

— ئۆتمۈش ئۇچۇن، — دېدى ۋىنستون.

— ئۆتمۈش تېخىمۇ مۇھىم، — دېدى ئوبرايىن قوشۇلۇپ. ئۇلار ئىستاكاننى قۇرۇقدىدى. ئاندىن جۇلىيا مېڭىش ئۇچۇن ئورنىدىن تۇردى. ئوبرايىن ئىشكاپنىڭ ئەڭ ئۈستىدىن كىچىككىنە بىر قۇتىنى ئالدى ۋە ئۇنىڭدىن ياپىلاق بىر ئاق تابلېتنى جۇلىياغا تەڭلىدى:

— بۇنى تىلىڭىزنىڭ ئاستىغا بېسىۋېلىڭ، بۇ مۇھىم، بۇ ماۋۇ هاراقنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىدۇ. لىفىتتىكى خىزمەتچىلەر بەك هوشيار، كۆزىتىپلا تۇرىدۇ.

جۇلىيا ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئوبرايىن خۇددى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىياپەتكە كىردى. ئۇ ئالدى - كەينىگە ئىككى - ئۈچ قەدەم ئېلىۋېتىپ توختىدى.

— يەنە بەزى تەپسىلاتلارنى دېيىشىۋېتىمسەك بولمايدۇ، — دېدى ئوبرايىن، — پەرىزىمچە، سىلەرنىڭ بىر مەخپىي كۆرۈشۈش ئورنۇڭلار بارغۇ دەيمەن.

ۋىنستون ئۇنىڭغا چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆينى دەپ بەردى.

— هازىرچە مۇشۇ يەر بولۇپ تۇرسۇن، كېيىنچە بىز باشقىچە ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئورۇننى پات - پات ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش مۇھىم. مەن ئامال بار تېزراق، سىزگە هېلىقى كىتابتىن بىر نۇسخا يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — ئوبرايىن ئۆزىمۇ هېلىقى كىتاب دېگەننى ئالاهىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئېيتتى، — سىزمۇ بىلىپ بولدىڭىز هەقچان، «گولدستېيىننىڭ كىتابى» شۇ، بەلكىم بىر نەچچە كۈندىن كېيىن بولۇشى مۇمكىن، سىزمۇ بىلىسىز، ئۇ كىتاب كۆپ ئەمەس، ئىدىيە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ساقچىلىرى ئۇ كىتابنى، خۇددى بىز بىسىپ چىقارغاندەك سۈرئەتتە قاتتىق ئىزدەپ يوق قىلىۋاتىدۇ. ئەمما بۇنىڭ جىق پايدىسى يوق. ئۇ كىتاب يوقالمايدۇ. ھەتتا ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇسخىسى يوقاپ كەتسىمۇ، بىز ئۇنى يەنە سۆزمۇ - سۆز قايتىدىن بىسىپ چىقىرالايمىز. سىز خىزمەت سومكىڭىزنى ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟

ـــ ھەئە، قائىدە تۇرسا بۇ.

ـــ قانداق سومكا ئۇ؟

ـــ قارا رەڭلىك، ناھايىتى كونا، ئىككى باغلىق سومكا.

ـــ قارا رەڭلىك، ناھايىتى كونا، ئىككى باغلىق سومكا؟ ياخشى. ئالدىمىزدىكى بىر كۈندە، ئېنىق ۋاقتىنى دېيەلمەيمەن، سىز ھەركۈنى قوبۇل قىلىدىغان مەلۇماتلارنىڭ ئارىسىدا، بىر ئۇرۇلمىغان خەت كېلىدۇ، سىز ئۇنى تەكرار ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىسىز. ئىككىنچى كۈنى سىز خىزمەتكە سومكىڭىزنى ئالماي كېلىسىز. شۇ كۈنكى مەلۇم ۋاقىتتا، بىرەيلەن كوچىدا سىزنىڭ بىلىكىڭىزنى تۇتۇپ: «سومكىڭىز چۈشۈپ قالدى» دەپ بىر سومكا بېرىدۇ. سومكىدا ئاشۇ كىتاب بار، ئون تۆت كۈندىن كېيىن كىتابنى قايتۇرىسىز.

ئۇلار ئىككىلىسى بىردەم ئۈنچىقمىدى.

ـــ سىز ماڭغىلى يەنە بىر نەچچە مىنۇتلا قاپتۇ، ـــ دېدى ئوبراين، ـــ بىز يەنە كۆرۈشىمىز، ئەگەر ئىمكان بولسىلا...

ۋىنستون ئۇنىڭغا قارىدى ۋە:

ـــ قاراڭغۇلۇق يوق يەردىمۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئىككىلەنگەن قىياپەتتە.

ئوبراين قىلچە ھەيران بولمىغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى:

ـــ قاراڭغۇلۇق يوق يەردە، ـــ دەپ تەكرارلىدى ئۇ، خۇددى بۇ گەپنىڭ نېمىشقا ئېيتىلغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، ـــ ھە راست،

مېڭىشتىن بۇرۇن دەيدىغانلىرىڭىز بارمۇ؟ سوئال؟ ياكى ئۈچۈر؟

ۋىنستون ئويلاندى. سورىغىنىدەك ياكى دېگۈدەك ئالاھىدە بىر ئىش قالمىغاندەك ئىدى. قېرىنداشلار ياكى ئوبراينغا مۇناسىۋەتلىك سوئال سوراشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇنىڭ ئانىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزگەن قاراڭغۇ ھوجرا، چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ دۇكىنىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆي، ھېلىقى ئەينەك قەغەز باسقۇ، تامدىكى ئويما رەسىملەر كېلىۋالدى. ئۇ تولىمۇ بىمالاللىق بىلەن:

— سىز «ئاپېلسىن ۋە لېمونلار، سېينت كلېمنتىس شۇنداق جاراڭلار» دېگەن كونا ناخشىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئوبراين بېشىنى لىڭشىتتى ۋە تولىمۇ سىپايىلىك بىلەن ئاخىرسىنى چۈشۈردى:

*— ئاپېلسىن ۋە لېمونلار،*
*سېينت كلېمنتىس شۇنداق جاراڭلار،*
*— سەن ماڭا ئۈچ فارسىڭ قەرزدار،*
*سېينت مارتىن شۇنداق جاراڭلار.*
*— قاچان ماڭا تۆلەپ بېرىسەن؟*
*كونا بېيلى شۇنداق جاراڭلار.*
*— مەن ئوبدان باي بولغاندا،*
*شورديچ چېركاۋى شۇنداق جاراڭلار.*

— ھەئە، مەن ئەڭ ئاخىرقى مىسراسىنى بىلەتتىم. ئەمدى سىز قايتمىسىڭىز بولمايدۇ. ھە راست، توختاڭ. مۇنۇ تابلېتلارنى ئېلىۋېلىڭ.

ئوبراين ۋىنستونغا قولىنى تەڭلىدى. ئۇنىڭ كۈچلۈك ئالقانلىرى ۋىنستوننىڭ ئالقىنىنىڭ سۆڭەكلىرىنى غىرىسلىتىۋەتتى. ئىشىكنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ بۇرۇلۇپ ئوبراينغا يەنە قارىدى، ئەمما ئوبراين ۋىنستوننى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كېتىشنى باشلىغاندەك كۆرۈندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ قوللىرى تامدىكى كونۇپكا ئۈستىدە تۇراتتى، ئۇ ساقلاۋاتاتتى. ئوبرايىندىن يىراقراق يەردە ئۇنىڭ يېشىل نۇرلۇق چىراغ ئاستىدىكى ئۈستىلى، خاتىرىلىگۈچ، ئۈستەلنىڭ يېنىدا بولسا قەغەزگە توشۇپ كەتكەن بىر تور سېۋەت تۇراتتى. بۇ ئىش ئاخىرلاشتى. ئوتتۇز سېكونت ئىچىدىلا، ئوبراين پارتىيەنىڭ بايا توختاپ قالغان مۇھىم خىزمەتلىرىگە، يەنە چۆشۈپ كېتەتتى.

## 9

ۋىنستون ھارغىنلىقتىن شىلىمدەك چاپلىشىپ كەتتى. شىلىمدەك دېگەن سۆز ئۇنىڭ كاللىسىغا تەبىئىيلا كەلگەنىدى ھەم ھازىرقى ھالىتىنى ئوبدانلا ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ بەدىنى مېۋە ئۇيۇتمىسىدەك يۇمشاق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدەك يېرىم سۈزۈك بولۇپ قالغاندەك ئىدى. ئەگەر ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قۇياش نۇرى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدى. خىزمەت مىقدارىنىڭ جىق ۋە ئېغىرلىقىدىن، ئۇنىڭ بەدىنىدىكى پۈتۈن قان، لىمفا سۇيۇقلۇقلىرى ئېقىپ تۈگەپ، پەقەت تېرە، نېرۋا، ئۇستىخانلا قالغاندەك بولۇپ قالغانىدى. سەزگۈلىرىمۇ زىيادە سېزىمچان بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. فورمىسىمۇ ئۇنىڭ مۈرىسىگە سۈرۈلۈپ، بىئارام قىلىۋاتاتتى، يولداماغىسىمۇ پۇتى ئاغرىيتتى، ھەتتا ئالقانلىرىنى ئېچىپ، يۇمۇشىمۇ بىر جاپالىق ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى.

بەش كۈننىڭياقى ئۇ ئون توققۇز سائەتتىن ئىشلەۋاتاتتى. مىنىستىرلىكتىكى باشقىلارمۇ شۇنداق ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ئالدىراش خىزمەتلەرمۇ بىر قاتار ئاخىرلاشقان، ئەتە ئەتىگەنگىچە قىلىدىغان ھېچقانداق خىزمەتمۇ يوق ئىدى. ئۇ ئالتە سائەتنى مەخپىي ئۆۋىسىدا، قالغان توققۇز سائەتنى ئۆيىدىكى كارىۋاتتا ئۆتكۈزەلەيتتى. ھازىر چۈشتىن كېيىن، ھاۋا بەكلا ئىسسىق ئىدى. ئۇ چاررىكتون ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بىر تار، مەينەت كوچىدا كېتىۋاتاتتى، يولدا ماغىچ

بىر كۆزى چارلىغۇچىلاردا ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭدا بوگۈن چۈشتىن كېيىن ئەنسىرىگەندەك ھېچكىم يوق، ھېچ ئىش بولمايدۇ دېگەن بىر تۇيغۇ بار ئىدى. ئىلتىۋالغان ئېغىر خىزمەت سومكىسى، ھەر قەدەم ئالغانىدا ئۇنىڭ تىزىغا تېگىپ، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تېرىلىرىنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ھېلىقى كىتاب بار ئىدى. ئۇ كىتابنى قولىغا ئالغىلى ئالتە كۈن بولغان بولسىمۇ، ئۇقۇش ئەمەس بىر قاراشقىمۇ ئاراملىق بولمىغانىدى.

نەپرەت ھەپتىسىنىڭ ئالتىنچى كۈنى، نامايىش، نۇتۇق، ۋارقىراش - جارقىراش، ناخشا، كانايى - دۇمباقلارنىڭ ياڭرىشى، مارشقا دەسسەش، تانكىلارنىڭ گۈرۈلدەپ مېڭىشى، ئايروپىلان پارتىلىرى، ئاسمانغا تاتىلدىتىپ ئوق ئېتىشلاردىن كېيىن، بۇ ئومۇمىي ئەسەبىيلىك شۇنداق بىر پەللىگە يەتتىكى، ئەگەر نەپرەت ھەپتىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنى دارغا ئېسىلغان ئىككى مىڭ ياۋروئاسىيالىق مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلىدىغان بولسا، خالايىق ئۇلارنى قىيما - چىيما قىلىۋەتكەن بولاتتى. دەل مانا شۇ پەيتتە، ئوكيانىيەنىڭ ياۋروئاسىيا بىلەن ئەمەس، بەلكى شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقانلىقى، ياۋروئاسىيانىڭ ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكى جاكارلاندى.

ئەلۋەتتە، بۇنداق بىر ئۆزگىرىشنىڭ بولغانلىقىنى ھېچكىم ئوچۇق ئېتىراپ قىلمىدى. پەقەت ناھايىتى تۇيۇقسىزلا، ھەممە يەردە، ھەممە ئادەم دۈشمەننىڭ ياۋروئاسىيا ئەمەس، شەرقىي ئاسىيا ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. بۇ جاكارلانغاندا، ۋىنستون لوندوندىكى بىر مەركىزىي مەيداندىكى بىر نامايىشقا قاتنىشىۋاتاتتى. ئۇ چاغ كېچە بولۇپ، ئاق چىراغ ۋە قىزىل بايراقچىلار ھەممە يەرنى يورۇتۇۋەتكەن، مەيدان نەچچە مىڭ ئادەمگە توشۇپ كەتكەن ئىدى، مەيداننىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئىشپىيونلارنىڭ فورمىسىنى كىيىۋالغان بىرەر مىڭ مەكتەپ بالىسى بار ئىدى. قىزىل رەخت تارتىپ ياسالغان سەھنىدە، ئىچكى پارتىيەنىڭ بىر ناتىقى يۇكسەك ھاياجاندا ئاممىغا بىر نۇتۇق سۆزلەۋاتاتتى،

ئۇ جۇغى كىچىك، ئەمما بىلەكلىرى ئۇزۇن، چوڭ تاقىر باشلىرىدا بىر نەچچە تال تۈكتىن باشقا ھېچنېمە يوق ئادەم ئىدى. بۇ پاكىنەك سەھنىدە غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن، بىر قولىدا مىكروفوننى چىڭ سىقىمدىۋالغان، يەنە بىر ئورۇق بىلىكىنىڭ ئۇچىدىكى يەلپۈگۈچتەك ئالقانلىرىنى ھاۋادا قاتتىق سىلكىپ، كانايدىن ياڭراپ چىقىۋاتقان مىتالسىمان ئاۋازى بىلەن دۈشمەنىنىڭ قىرغىنچىلىقى، بۇزغۇنچىلىقلىرى، پۇقرالارنى بومبىلىغانلىقى، كېلىشىملەرگە خىلاپلىق قىلغانلىقى، مەھبۇسلارنى خورلىغانلىقى، باسقۇنچىلىق، تاجاۋۇزچىلىقى قاتارلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان جىنايى قىلمىشلىرىنى چىڭقىلىپ سۆزلەۋاتاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىشەنمەي تۇرالمايتتىڭىز، بىردەمدىن كېيىن سىزمۇ ئەسەبىيلىشەتتىڭىز. پەستىكى ئامما غەزەپتىن قايناپ كەتكەن، پات - پات سەھنىدىكى ناتىقنىڭ ئاۋازى، پەستىكى نەچچە مىڭ ئاممىنىڭ ياۋايىلارچە غەزەپ - نەپرەتتىن توۋلىغان ئاۋازلىرىنىڭ ئاستىدا قالاتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئەسەبىي، ياۋايى ئاۋازلار ئاۋۇ مەكتەپ باللىرىدىن كېلىۋاتاتتى. بۇ نۇتۇق بىرى ئالدىراپلا سەھنىگە چىقىپ، ئاۋۇ پاكىنەكنىڭ قولىغا بىر پارچە قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويغىچە، تەخمىنەن يىگىرمە مىنۇت ئەتراپىدا داۋاملاشتى. ئۇ سۆزنى توختاتماستىن، قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئاۋازى، ھەرىكەتلىرىدىن ھېچنېمە ئۆزگەرمىدى، نۇتقىنىڭ مەزمۇنىمۇ ئۆزگەرمىدى، پەقەت ئىسىملارلا ئالماشتى. ھېچقانداق ئەسكەرتىش بېرىلمىسىمۇ، ئامما تېزلا بۇنى چۈشەندى. ئوكيانىيە شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا! چوڭ بىر پاتىپاراقچىلىق باشلاندى. مەيداندىكى بارلىق بايراقچىلار، تەشۋىق پىلاكاتلىرى ھەممىسى خاتا ئىدى! ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە دۈشمەن ئەمەسلەرنىڭ باش رەسىمى بار ئىدى. بۇ بىر مەقسەتلىك بۇزغۇنچىلىق ئىدى! گولدستېيىننىڭ ئادەملىرى ھەرىكەتتە ئىدى! مەيداندا چوڭ بىر ئىسياندەك كۆرۈنۈش زاھىر بولدى، تاملاردىكى تەشۋىقات رەسىملىرى سويۇۋېلىندى، بايراقلار

يىرتىلىپ، دەسسەپ ـ چەيلەندى. بالا ئىشپىيونلار ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئۆگزە ـ تۇرخۇنلارغا يامىشىپ چىقىپ، بايراق خادىلىرىنى ئېلىۋەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، پەقەت ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ئىچىدىلا تامام بولدى. سەھنىدىكى ناتىق تېخىچە بىر قولىدا مىكروفون، يەنە بىر قولى ھاۋادا، ئالدىغا ئېگىلىشكىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. بىرەر مىنۇتلاردىن كېيىن، ئامما ئارىسىدا يېڭى بىر غەزەپ دولقۇنى كۆتۈرۈلدى، ۋارقىراش ـ جارقىراشلار يەنە ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. نەپرەت يەنىلا ئاۋۇالقىدەك داۋاملىشىۋەردى، پەقەت نەپرەت ئوبيېكتىلا ئالماشقان ئىدى.

ناتىقنىڭ جۈملىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا گېپىنى ئالماشتۇرغاندا، توختاپمۇ قالماستىن، ھەتتا جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق قۇرۇلمىسىنى بۇزۇپ سالماستىن، شۇنداق بىمالال داۋاملاشتۇرغانلىقى ۋىنستوننى قاتتىق تاڭ قالدۇردى. ئەمما شۇ تاپتا، ئۇنىڭ كاللىسى باشقا ئىشتا ئىدى. بۇ دەل ئاشۇ تەشۋىقات رەسىملىرى يىرتىلىۋاتقان قالايمىقانچىلىق ئىچىدە يۈز بەردى، بىرەيلەن ۋىنستوننىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ۋىنستونغا: «ئەپەندىم، سومكىڭىزنى چۈشۈرۈپ قويدىڭىز» دېدى. ۋىنستون ھودۇققىنىدىن گەپمۇ قىلالماي سومكىنى ئالدى. ۋىنستون ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىنىمۇ كۆرمىدى. ئۇ سومكىنىڭ ئىچىگە قارىغۇچىلىك پۇرسەتكە يەنە نەچچە كۈن كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ نامايىش ئاياغلىشىپلا، گەرچە سائەت يىگىرمە ئۈچ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇدۇل ھەقىقەت مىنىستىرلىكىگە كەلدى. مىنىستىرلىكنىڭ باشقا بارلىق خىزمەتچىلىرىمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى مىنىستىرلىككە قايتا كېلىشكە چاقىرىش ئۈچۈن، ئېكران ئارقىلىق پەرمان ئېلان قىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

ئوكيانىيە شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئىدى: ئوكيانىيە ئەزەلدىن شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئىدى. بەش يىلدىن بۇيانقى ساناقسىز سىياسىي يازما ماتېرىياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىكار بولۇپ

www.uyghurkitap.com

كەتتى! بارلىق خاتىرە، دوكلات، كىتاب، ژۇرنال، گېزىت، قوللانما، كىنو - فىلىم، ناخشا - شېئىر، رەسىم قاتارلىق ھەممە نەرسىنى چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگەرتىپ، ئوڭشاپ چىقىش لازىم ئىدى. گەرچە بىرەر ئېنىق يولىيورۇق چۈشمىگەن بولسىمۇ، ھەممەيلەن باشقارمىلارنىڭ باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر ھەپتە ئىچىدە بۇرۇن ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇش بولغانلىقى، شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئىتتىپاقداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويىدىغان ھەرقانداق ئىز - ماتېرىيالنىڭ مۇتلەق يوق قىلىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. خىزمەت مىقدارى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر ئىدى، يەنە كېلىپ خىزمەتنىڭ ئۆزىنى مۇشۇ نامدا ئاتاشقا بولمايتتى. ئارخىپ باشقارمىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدىكى ئىككى - ئۈچ سائەتلىك ئۇيقۇدىن باشقا ئون سەككىز سائەتتە مۇقىم ئىشلىدى. ماتراسلار كارىدورلارغا سېلىنىپ كەتتى، ئاشخانا خادىملىرى، چاقلىق ھارۋىلاردا ساندىۋىچ ۋە زەپەر قەھۋەلىرىنى يەتكۈزۈپ تۇردى. ۋىنستون ھەر قېتىم بىردەم كۆزىنى يۇمۇۋالاي دېگەندە، ئامال قىلىپ خىزمىتىنى تۈگىتىۋېتىپ ئاندىن ئۇخلايتتى. ئەمما ھەر قېتىم بېشى ئېغىر، قاپاقلىرىنى ئاچالماي ئۈستەلگە كەلگەندە بولسا، ئۈستەل ئاللىبۇرۇن دۆۋە - دۆۋە قەغەزلەرگە تولۇپ كەتكەن بولاتتى، خاتىرىلىگۈچنىمۇ بويىنىغىچە بېسىۋالاتتى، ھەتتا ئۈستەلگە پاتماي، يەرگىمۇ چۈشۈپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئىش قىلغۇدەك يەر ھازىرلاش ئۈچۈن، دۆۋىلىنىپ كەتكەن قەغەزلەرنى رەتلەش ئىدى. بۇ ئىشنىڭ ئادەمنىڭ ئەڭ جېنىنى قاخشىتىدىغان يېرى شۇكى، بۇ پۈتۈنلەي مېخانىك خىزمەت ئىدى. كۆپىنچە ھاللاردا، بىر ئىسىمنىڭ ئورنىغا يەنە بىر ئىسىمنى ئالماشتۇرۇپ قويسىلا بولاتتى، ئەمما ئۇششاق تەپسىلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقانداق بىر ماتېرىيال ئەستايىدىللىق ۋە تەسەۋۋۇر تەلەپ قىلاتتى. ھەتتا مەلۇم ئۇرۇشنىڭ ئورنىنى دۇنيانىڭ بىر يېرىدىن يەنە بىر يېرىگە ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ، بەلگىلىك جۇغراپىيە بىلىمى

بولمىسا بولمايتتى.

ئۈچىنچى كۈنى ئۇنىڭ كۆزى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى، كۆزەينىكىنىمۇ ئىككى، ئۈچ مىنۇتتا بىر سۈرتمىسە بولمايدىغان بوپقالدى. بۇ ئىش خۇددى ئادەم رەت قىلىش ھوقۇقى باردەك بىلىنىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بالدۇرراق تۈگىتىۋەتكۈسى كېلىپ كېتىدىغان ئېغىر جىسمانىي ئەمگەككە ئوخشاش خىزمەت ئىدى. ئۇ ھازىر ئەسلەپ باقسىمۇ، ئۇنىڭ خاتىرىلىگۈچكە دەيدىغان ھەر بىر ئېغىز سۆزى، يازىدىغان ھەر بىر خېتىنىڭ ناھايىتى ئىنچىكە ئويلاپ چىقىلغان بىر يالغان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر ئىشمۇ، ئۇنى شۇ ئىشنى قىلىۋاتقان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە بىئارام قىلمىغان ئىدى. ئۇ باشقارمىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەردەك بۇ ئويدۇرمىچىلىقنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى. ئالتىنچى كۈنى ئەتىگەندە، تۇرۇبىدىن كېلىدىغان ماتېرىياللار ئازلىدى. يېرىم سائەتكىچە ھېچنېمە كەلمىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەقەت بىرلا يۆگەم نەرسە كەلدى. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، باشقا بۆلۈملەردىمۇ جىددىي خىزمەت خېلىلا پەسەيگەن ئىدى. پۈتكۈل باشقارمىنى چوڭقۇر ۋە سىرلىق بىر ئۇھ تارتىش سىياپ ئۆتتى. ھېچكىم تىلغا ئېلىشقا پېتىنالمايدىغان بىر بۈيۈك خىزمەت تاماملانغان ئىدى. مانا ھازىر ھېچقانداق بىر ئىنسان ئالىسىنىڭ ئۇرۇشنىڭ شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئەمەس، ياۋروئاسىيا بىلەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىرەر ماددىي ئىسپات، ھۆججەت تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سائەت ئون ئىككىدەئۇشتۇمتۇت مىنىستىرلىكتىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئەتە ئەتىگەنگىچە دەم ئالىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇش قىلىندى. ۋىنستون خىزمەت قىلغانىدا چېتىغا قىستۇرغان، ئۇخلىغانىدا ئاستىغا بېسىۋالغان قارا سومكىنى ئېلىپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئاۋۋال ساقاللىرىنى ئالدى، سۇ تۈزۈك ئىللىمىغان بولسىمۇ تاس قالدى مۇنچىدىلا ئۇخلاپ قالغىلى.

ئۇ پەلەمپەيدىن ئۈستىدىكى ھۇجرىغا چىققانىدا، بوغۇملىرى غىرىسلاپ كەتتى. ئۇ ھارغىن، ئەمما ئۇيقۇلۇق ئەمەس ئىدى. ئۇ

دەرىزىنى ئاچتى ۋە كىچىك، مەينەت ئوچاققا سۇ قاينىتىش ئۈچۈن ئوت ياقتى، ئۇ قەھۋە دەملىمەكچى ئىدى. جۇلىيانىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بوپقالغانىدى. ئۇ ھېلىقى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قارا سومكىنى ئاچتى. ئۇ كىتابنى ئوقۇماقچى ئىدى.

ئۇ قارا مۇقاۋىلىق، ئېغىر كىتاب بولۇپ تۈپلىنىشىمۇ قوپالراق ئىدى، مۇقاۋىسىدا يا ئاپتورنىڭ يا كىتابنىڭ ئىسمى يوق ئىدى. كىتابقا بېسىلغان خەتلەرمۇ سەل باشقىچىرەك ئىدى. ۋاراقلىرىنىڭ بۇرجەكلىرى قاتلىشىپ كەتكەن، تۈپلەنگەن جايلىرىمۇ بوشاپ كەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن قولدىن ئۆتكەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. باش بەتتىلا مۇنداق خەتلەر تۇراتتى:

## ئولىگارخىيىلىك كوللېكتىۋىزىم ھەققىدە نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت

**ئېممانۇئېل گولدستېين**

ۋىنستون ئوقۇشنى باشلىدى.

## 1 . باپ نادانلىق قۇدرەتتۇر

*ئىنسانلار تارىخنى خاتىرىلىگەن دەۋرلەردىن، بولۇپمۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يۇقىرى تەبىقە، ئوتتۇرا تەبىقە ۋە تۆۋەن تەبىقىدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقە ئادەملەر تۈركۈمى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇلار يەنە ئوخشىمىغان نۇرغۇن كاتېگورىيىلەرگە بۆلۈندى، ئۇلارنىڭ ئىسمى، سانى، بىر - بىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە پەرقلىق بولۇپ كەلدى. لېكىن، جەمئىيەتنىڭ*

تـۇپ قۇرۇلمىسـى ئۆزگەرمـدى. خـۇددى گـروسـكوپ ئىككـى تەرەپكـە قانچىلىـك ئاغسـۇن، يەنـىلا ئۆزىنىـڭ تەڭپۇڭلۇقىنـى سـاقلىغاندەك، جەمئىيەتتـە داۋاملىـق چوڭقـۇر ئىنقىلاب ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشـلەر بولـۇپ تۇرغـان بولسـىمۇ، تۈپكـى ئەندىـزە شـۇ پېتـى سـاقلىنىپ كەلـدى.

بـۇ ئـۈچ تەبىقىنىڭ مەقسىتى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىـدە زىددىيەتلىـك ئىدى.

ۋىنسـتون ئوقۇشـتىن توختىـدى. ئـۇ پەقـەت ئۆزىنىـڭ شـۇنداق ئارامـدا ئولتـۇرۇپ كىتـاب ئوقۇۋاتقانلىقىدىـن بىـر ھوزۇرلىنىـش مەقسـىتىدىلا توختىغانىـدى. ئـۇ يالغـۇز ئىـدى، ئېكـران، تىڭشـىغۇچلار يـوق ئىـدى، پـات ـ پـات ئەنسىزلىكتىن ئۇيـاق ـ بۇياققا قاراپمۇ سالمايتتى، كىتابنىمۇ ئارامـدا ۋاراقلايتتى. يازنىـڭ يېقىملىـق شامىلى ئۇنىـڭ مەڭزىنـى سـىپاپ ئۆتەتتـى. يىـراق بىـر يەرلەردىـن باللارنىـڭ توۋلاشقان ئاۋازلىـرى ئانـدا ـ مۇنـدا قۇلاققـا كىرىـپ قالاتتـى. ئۆيدە تامدىكى سائەتنىڭ چىكىلدىشىدىن باشقا ئـاۋاز يـوق ئىـدى. ئـۇ يۆلەنچۈكلـۈك ئورۇندۇققا ئوبدانـلا چۆكـۈپ، پۇتلىرىنـى تاختايغـا ئېلىـپ جايلاشـتى. بـۇ بىـر چەكسـىز بەخـت، ئاخىرلاشـماس ئەبەدىيلىـك ئىـدى. ئـۇ تۇيۇقسـىز چوقـۇم قايتـا ـ قايتـا ئوقۇمسـا بولمايدىغـان بىـر كىتابنـى قولىغـا ئالغانـدەك، خالىغـان بىـر يېرىنـى ئاچتـى. ئـۇ ئۈچىنچـى بابنـى ئاچقانـدى. ئـۇ يەنـە ئوقۇشـنى داۋاملاشـتۇردى:

## 3. باب تىنچلىق ئۇرۇشتۇر

دۇنيانىـڭ دەرىجىدىـن تاشـقىرى ئـۈچ چـوڭ دۆلەتكـە بۆلۈنـۈپ كېتىدىغانلىقـى، يىگىرمىنچـى ئەسـىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىلىرىدىلا پەرەز قىلغىلى بولىدىغان روشەن بىر ئەمەلىيەت ئىدى. ياۋروپانى روسىيەنىڭ، ئەنگلىيەنى ئامېرىكىنىڭ يۇتۇۋېلىشى بىلەن ياۋروئاسىيا ۋە ئوكيانىيەدىن ئىبارەت ئىككى كۈچ شەكىللەندى. ئۈچىنچى كۈچ شەرقىي ئاسىيا بولسا قالايمىقان ئۇرۇشلاردىن نەچچە يىللار كېيىن ئاندىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ئۈچ دۆلەت ئارىسىدىكى چېگرانىڭ بەزى يەرلىرى مۇقىم، ئېنىق ئىدى، بەزى جايلىرى بولسا ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان جۇغراپىيىلىك چېگرا مەۋجۇت ئىدى. ياۋروئاسىيا پۈتۈن شىمالىي ياۋروپانى، ياۋروئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقنى تاكى بېرىنگ بوغۇزىغىچە ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئوكيانىيە ئىككى ئامېرىكا قىتئەسى، ئاتلانتىك ئوكياندىكى ئاراللار، برىتانىيە ئاراللىرى، ئاۋستىرالىيە ۋە شىمالىي ئافرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. شەرقىي ئاسىيا بولسا تېررىتورىيىسى نىسبەتەن كىچىكرەك، غەربىي چېگرىسىمۇ بىر قەدەر تۇراقسىز بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل جۇڭگو، ياپونىيە، جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەر، موڭغولىيە، مانجۇرىيە ۋە تىبەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

بۇلار يىگىرمە بەش يىلنىڭياقى، بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش ئىچىدە ئىدى. ھېلى ئا بىلەن ب بىرلىشىپ س غا قارشى ئۇرۇش قىلاتتى، ھېلى س ئا بىلەن بىرلىشىپ ب غا قارشى ئۇرۇش قىلاتتى. ئەمما ئۇرۇش يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكىدەك بىر - بىرىنى ئۇنداق ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىدىغان خاراكتېردە ئەمەس ئىدى. بۇ پەقەتلا بىر - بىرىنى تولۇق بىتچىت قىلىشقا

قۇدرىتىنى يەتمەيدىغان دۆلەتلەر ئارىسىدىكى چەكلىك مەقسەتلەرنى كۆزلەپ قىلىنىدىغان ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇشلار ئېنىق بىر ماددىي نىشان ياكى روشەن ئىدېئولوگىيەلىك پەرق تۈپەيلىدىن بولمايتتى. ئەمما بۇ ھەرگىز بۇ ئۇرۇشلار ئۇنداق قانلىق، ۋەھشىي ئەمەس، ئۇرۇشتا خىلى رەھىم - شەپقەت مەۋجۇت دېگەنلىك ئەمەس. دەل ئەكسىچە، ئوخشاشلا ھەممە دۆلەت ئۇرۇش ئەسەبىيلىكىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىدى. باسقۇنچىلىق، بۇلاڭچىلىق، باللارنى قىرغىن قىلىش، ئاھالىلەرنى قۇل قىلىش، ئەسىرلەرنى تىرىك كۆمۈش ۋە قاينىتىپ ئۆلتۈرۈشتەك ئىشلار نورمال سانىلاتتى. ھەتتا بۇ ئىشلار دۈشمەن تەرەپتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزى تەرىپىدىن سادىر قىلىنغاندىمۇ، مەدھىيىگە لايىق ئىش ھېسابلىناتتى. ئەمما بۇ ئۇرۇشلارغا ناھايىتى ياخشى مەشقلەندۈرۈلگەن، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئالاھىدە خادىملارلا قاتنىشىدىغان بولۇپ، ئۇرۇشتىكى ئۆلۈش - يارىلىنىشمۇ ئازراق بولاتتى. ئەگەر ئۇرۇش بوپقالسىمۇ، نەدە بولغانلىقىنى پۇقرالار ئاساسەن بىلەلمەيتتى، ياكى پەقەت دېڭىزلاردىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان لەيلىمە ئىستېھكاملار ئەتراپىدىلا بولاتتى. دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئۇرۇش بولسا پەقەت بېمەك - ئىچمەك ياكى باشقا ئىستېمال بويۇملىرىنىڭ قىس بولۇشى ۋە پات - پات چۈشۈپ تۇرىدىغان راكېتا بومبىلارنىڭ ۋەيرانچىلىقى ئىدى، بۇنىڭدىمۇ ئۇنداق جىق ئادەم تالاپەتكە ئۇچرىمايتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇرۇش ئۆز ماھىيىتىنى ئۆزگەرتكەن ئىدى. توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئۇرۇش قوزغاشتىكى مۇددىئا ئۆز نىشانىدىكى

مۇھىملىق تەرتىپىنى ئۆزگەرتكەن ئىدى. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلاردىكى كىچىك مۇددىئالار، ھازىر باش مۇددىئالارغا ۋە ئاساسلىنىدىغان باش پرىنسىپلارغا ئايلانغان.

ھازىرقى ئۇرۇشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىش ئۈچۈن — ئىتتىپاق تۈزۈشۈش گەرچە دۆلەتلەر ئارىسىدا داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، ئۇرۇش يەنىلا ئۆزگەرمىگەچكە — باشتا چوقۇم بۇ يەردە ھېچقايسى تەرەپكە نىسبەتەن، ئۇزۇل - كېسىل غەلىبىنىڭ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. بىرەرسى بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكەن تەقدىردىمۇ ھېچقايسى تەرەپ بىر - بىرىنى تولۇق بويسۇندۇرالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ ئاساسەن تەڭلىشىپ قالىدۇ، تەبىئىي مۇداپىئە توساقلىرىمۇ ناھايىتى مۇستەھكەم. ياۋروئاسىيا ئۆزىنىڭ پايانسىز زېمىنى بىلەن ئوبدان قوغدىنالايدۇ، ئوكيانىيە بولسا تىنچ ئوكيان ۋە ئاتلانتىك ئوكيان ئارقىلىق ئۆزىنى مۇداپىئە قىلالايدۇ. شەرقىي ئاسىيا بولسا، ئۆزىنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى ۋە ئىشچان ئاھالىلىرى ئارقىلىق ئۆزىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئىككىنچىدىن، بۇ يەردە ئۇرۇشقا پىلتە ياكى نىشان بولىدىغان ماددىي مەنپەئەت يوق، ھەممىلا دۆلەت ئۆزى - ئۆزىنى قامدايدىغان ئىقتىساد قۇرۇلمىسى قۇرۇۋالغان بولغاچقا، ئىلگىرىكى ھايات - ماماتقا چېتىشلىق بازار، بايلىق تالىشىپ ئۇرۇش قىلىش، ئەمدى ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقان. بۇ دۆلەتلەرنىڭ زېمىنى ھەددىدىن زىيادە كەڭرى بولغاچقا، ھەممىسى ئۆزىگە كېرەكلىك تەبىئىي بايلىقلارنى ئۆز چېگرىسى ئىچىدىنلا ئالالايدۇ. ئەگەر

بۇ ئۇرۇشلارنىڭ بىر ماددىي نىشانى بار دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ ئەمگەك كۈچى تالىشىشتۇر. ئۈچىلا دۆلەتنىڭ چېگرىسىغا تۇتىشىدىغان، ھېچقايسى دۆلەتكە تەۋە ئەمەس تانگىر، برازىۋىللى، دارۋىن ۋە شياڭگاڭ قاتارلىق تۆت رايون يەرشارى نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ رايونلارنى ۋە شىمالىي مۇز قۇرۇقلۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن بۇ ئۈچ دۆلەت دائىم بىر - بىرى بىلەن تىركىشىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇلاردىن ھېچقايسىسى بۇ رايونلارنى ئەمەلىي كونترول قىلالمايدۇ. بۇ رايونلارنىڭ بەزى جايلىرى داۋاملىق قولدىن - قولغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى پەقەت ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم بىلەنلا بېسىۋالغىلى بولىدۇ، شۇ سەۋەبتىنمۇ ئىتتىپاقداشلىق داۋاملىق ئالمىشىپ تۇرىدۇ.

بۇ رايونلاردا كان بايلىقلىرى مول بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كاۋچۇك دېگەندەك ئىنتايىن مۇھىم زىرائەت مەھسۇلاتلىرىمۇ چىقىدۇ. كاۋچۇكلارنى سوغۇق رايونلاردا پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ تەننەرقى يۇقىرى، ھەممىدىن مۇھىمى بۇ يەرلەردە تۈگىمەس ئەرزان ئەمگەك كۈچى بار. قايسى دۆلەت شىمالىي ئافرىقا، ئوتتۇرا شەرق، شىمالىي ھىندىستان ياكى ھىندونېزىيە تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىۋالسا، نەچچە يۈز مىليون ئەرزان ۋە ئىشچان ئەمگەك كۈچىگە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ رايونلارنىڭ ئاھالىلىرى دائىم ئاشكارا ھالدا قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قولىدىن قولغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ ۋە بۇ ئاھالىلەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى تېخىمۇ كۆپ زېمىن، تېخىمۇ كۆپ ئەمگەك كۈچى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ھەربىي ھازىرلىقلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇسابىقىسىدە، خۇددى كۆمۈر ياكى نېفىتقا ئوخشاش سەرپ قىلىنىدۇ. بۇ جەريان خۇددى بىر دەۋرىي ھالقىدەك ئۈزلۈكسىز تەكرار - تەكرار داۋاملىشىدۇ. شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، ئۇرۇش ھەرگىز يۇقىرىقى رايونلاردىن ھالقىپ كەتمەيدۇ. ياۋروئاسىيانىڭ ئۇرۇش فرونتى دائىم ئوتتۇرا دېڭىز ۋە كونگو ئويمانلىقى ئارىسىدا بولىدۇ. ھىندى ئوكيان ۋە تىنچ ئوكياندىكى ئاراللار دائىم ئوكيانىيە ۋە شەرقىي ئاسىيانىڭ قوللىرىدا ئالمىشىپ تۇرىدۇ. شەرقىي ئاسىيا بىلەن ياۋروئاسىيانىڭ ئارىسىدىكى موڭغۇلىيە بولسا ئەزەلدىن تىنچىمايدۇ. ئىككى قۇتۇپتىكى ئادىمىزات ئولتۇراقلاشمىغان كەڭرى رايونلار توغرىلىق بۇ ئۈچ دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى دەۋا قىلىشىدۇ. لېكىن، بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ كۈچى ئاساسەن تەڭپۇڭ، بۇ دۆلەتلەرنىڭ مەركىزىي رايونلىرى بولسا، ئۇرۇش ئوتىدىن يىراقتا. ئۇنىڭدىن باشقا، ئېكۋاتور ئەتراپىغا جايلاشقان ئەمگەك كۈچلىرىمۇ دۇنيا ئىقتىسادىغا ئۇنچىۋالا زۆرۈر ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقارغانلىرى پەقەت ئۇرۇشقىلا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ئىقتىسادقا تۈزۈك پايدىسى يوق. ئۇرۇش قوزغاشنىڭ مەقسىتى ئىككىنچى قېتىم تېخىمۇ ياخشى ئۇرۇش قوزغاش ئۈستۈنلۈكىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈندۇر. قول قىلىنغان ئاھالىلەرنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق بۇنداق ئۇرۇشنىڭ پارتلىشى تېخىمۇ تېزلىشىدۇ. ئەگەر بۇ ئەمگەك كۈچلىرى مەۋجۇت بولمىغان تەقدىردىمۇ، دۇنيا جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بۇ قۇرۇلمىنىڭ داۋاملىشىشى ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇرۇشىنىڭ تۈپ مەقسىتى (قوش

تەپەككۇر پىرىنسىپى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغان بولۇپ، ئۇرۇشنىڭ مەقسىتىنى ئىچكى پارتىيەدىكى رەھبەرلەر بىرلا ۋاقىتتا ھەم بىلەتتى ھەم بىلمەيتتى) كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش بولماستىن، زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلىتىپ تۈگىتىشتۇر. 19 - ئەسىر ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ، ئىشلەپچىقىرىلغان ئېشىنچا تاۋارلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى، سانائەتلەشكەن جەمئىيەتلەردىكى بىر يوشۇرۇن باش قېتىمچىلىقىغا ئايلاندى. ھازىرنىڭ ئۆزىدىمۇ ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرلا يېگۈدەك نەرسىگە ئېرىشەلەيدىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەنىلا تەخىرسىز مەسىلە ئەمەس. ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنى سۈنئىي رەۋىشتە ۋەيران قىلىۋەتمىگەن تەقدىردىمۇ، بۇ يەنىلا جىددى ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەر قاتارىغا كىرەلمەيدۇ ھەم يەنە داۋاملىق مۇشۇنداق بولۇش ئېھتىمالى كۆپلۈك. 1914 - يىلدىن بۇرۇنقى دۇنياغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقىسى بىر ئاچ - يالىڭاچلىق قاپلىغان ۋەيرانە دۇنيادۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پەرەز قىلغىلى بولىدىغان يېقىن كەلگۈسىدە ئەھۋالنىڭ تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇشى مۇھەققەقتۇر. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ھەرقانداق بىر ساۋاتلىق ئادەمنىڭ ئاڭ - تەسەۋۋۇرىدا كەلگۈسى دۇنيا ئىنتايىن باي - باياشات، راھەت - پاراغەت، تەرتىپلىك، پاكىزە، ئۈنۈملۈك، ۋالىلداپ تۇرىدىغان ئەينەك، ئاپپاق سېمونت، پولاتلاردىن قۇرۇلغان بىر دۇنيا ئىدى. پەن - تېخنىكا ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان سۈرئەتتە تەرەققى قىلغان ھەمدە يەنە داۋاملىق تەرەققى قىلىدىغاندەك

www.uyghurkitap.com

تۇيۇلغانىدى، ئەمما ئۈزۈلمەس ئۇرۇش، ئىنقىلابلار پەيدا قىلغان نامراتلىق تۈپەيلىدىن، ئۇنداق بولماي قالدى. بۇنىڭ قىسمەن سەۋەبى شۇكى، پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشى تايىنىدىغان، تەپەككۇردىكى تەجرىبىچىلىك مېتودى يوقاپ كەتتى. چۈنكى مۇستەھكەم رىجىملاشتۇرۇلغان جەمئىيەتتە بۇنداق تەپەككۇر مېتودى مەۋجۇت بولالمايتتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، دۇنيا ئەللىكىنچى يىللاردىن بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ ئىپتىدائىي ھالەتكە قايتىپ كەتتى. بەزى ساھەلەر بەك يۈكسەلدى، ئۇرۇش، جاسۇسلۇق، ئىشپىيونلۇققا مۇناسىۋەتلىك تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرى بەكلا ئىلغارلىشىپ كەتتى، ئەمما باشقا ئىلمىي تەجرىبە ۋە ئىجادىيەت - كەشپىياتلار ئاساسەن دېگۈدەك توختاپ قالدى. ھەمدە ئەللىكىنچى يىللاردىكى ئاتوم بومبىسى پەيدا قىلغان تالاپەت، تېخىچە تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بولالمىدى. ئەمما ماشىنا - ئۈسكۈنىلەردىن كېلىدىغان خەۋپ - خەتەر ھېلىھەم مەۋجۇت. ماشىنىلار ئەڭ دەسلەپتە مەيدانغا كەلگەندە، بارلىق ئەقلى - ھوشى جايىدا كىشىلەر، ئەمدى ئادەملەر ئېغىر ئەمگەكلەردىن قۇتۇلدى، ئىنسانلار ئارىسىدىكى باراۋەرسىزلىكمۇ يوقاپ كېتىدۇ دەپ ئويلاشقان ئىدى. ئەگەر ماشىنىلار ھەقىقەتەن ئاشۇنداق مەقسەتتە ئىشلىتىلگەن بولسا، ئاچلىق، نامراتلىق، كېسەللىك، مەينەتچىلىك، ساۋاتسىزلىك بىر نەچچە ئەۋلاتقا قالمايلا تۈگەپ كېتەتتى. ئەمما ئەمەلىيەتتە ماشىنىلار بۇنداق مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلمىدى، پەقەت ئۆزىنىڭ ئاپتوماتىك ئىش جەريانىدىلا، تارقىتىۋەتمىسە بولمايدىغان غايەت

زور بايلىق ياراتتى. بۇ ماشىنىلار 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئەللىك يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ھەقىقەتەن يۇقىرى كۆتۈردى.

بىراق يەنە شۇمۇ ئايان بولدىكى، بايلىقلارنىڭ مۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك ئېشىشى، تەبىقە تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەھدىت پەيدا قىلدى. ھەممەيلەن قىسقا ۋاقىتلا ئىشلەپ، يېمەك - ئىچمىكى تولۇق، توڭلاتقۇ، مۇنچىلىرى بار ئۆيلەردە ياشاپ، ماشىنا ھەتتا ئايروپىلانغا ئېرىشىپ قالسا، جەمئىيەتتىكى ئەڭ روشەن ۋە ئەڭ مۇھىم بولغان باراۋەرسىزلىك يوقاپ كېتەتتى. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال ئومۇملىشىپ كەتسە، بايلىق كىشىلەر ئارىسىدا پەرق شەكىللەندۈرەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، بايلىق باراۋەر تەقسىم قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھوقۇق ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىغا مەركەزلەشكەن جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. بىراق بۇنداق جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى سىجىل داۋاملاشمايدۇ. ئەگەر راھەت - پاراغەت ۋە بىخەتەرلىكتىن ھەممەيلەن باراۋەر بەھرىمەن بولسا، ئۇ ھالدا ئادەتتە نامراتلىق بىلەن نادانلىشىدىغان كەڭ ئامما ساۋاتلىق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئويلىنىشنى ئۆگىنىپ قالىدۇ. ناۋادا ئۇلار شۇنداق قىلىپ قالسا، ئۇلار جەمئىيەتتىكى ھېلىقى ئىمتىيازلىقلارنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق بىر رولى، ئەھمىيىتى يوقلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ - دە، ئۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇزاق تارىخ جەريانىدىن قارىغاندا، بىر ئولىگارخىيىلىك

جەمئىيەت، پەقەت نادانلىق ۋە نامراتلىق ئاساسىدىلا مەۋجۇت بولالايدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بەزى مۇتەپەككۇرلار ئويلىغاندەك، يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىگە قايتىش ئاقىلانە يول ئەمەس. بۇ نۆۋەتتىكى دۇنيانىڭ ماشىنىلىشىش، سانائەتلىشىش يۈزلىنىشى بىلەن زىت. بۇ خىل يۈزلىنىش بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئەڭ ئەقەللىي تەلىپى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىرقى دۇنيادا سانائەتتە كەينىدە قالغان ھەرقانداق دۆلەت چوقۇم ھەربىي كۈچتە ئاجىز كېلىدۇ، جەزمەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھالدا ئۆزىدىن تېخىمۇ تەرەققىي قىلغان رەقىپ دۆلەتلەرنىڭ تاپىنى ئاستىغا چۈشۈپ قالىدۇ.

تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلەش ئارقىلىق، ئاۋامنى نامراتلىقتا تۇتۇپ تۇرۇشمۇ ئاقىلانە يول ئەمەس. كاپىتالىزمنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدا، يەنى 1920 - يىللىرىدىن 1940 - يىللىرىغىچە شۇنداق بولغانىدى. نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادى توختاپ قالغانىدى، يەرلەر تېرىلمىغان، ئىشلەپچىقىرىش، كاپىتال قوراللىرى تەمىنلەپ بېرىلمىگەن، نۇرغۇن ئاھالىلەر ئەمگەك قىلىشتىن توسۇلغان، پەقەت دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەنلا يېرىمجان ياشاۋاتقان ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ھەربىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى بۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نامراتلىقتىن ئەسلىدىلا ساقلانغىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن قارشىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى. نەتىجىدە قانداق قىلغاندا، دۇنيانىڭ ئومۇمىي بايلىقىنى كۆپەيتمەي تۇرۇپمۇ، سانائەت چاقىنى توختاتماي ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ، دېگەن مەسىلە

كېلىپ چىقتى. ناۋارلار چوقۇم ئىشلەپچىقىرىلىشى، ئەمما تارقىتىلماسلىقى كېرەك بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل ھالەتنى ساقلاپ تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى — ئۈزۈلمەس ئۇرۇش ئىدى.

ئۇرۇشنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەت ۋەيران قىلىشتۇر، ئەمما بۇ چوقۇم ئادەملەرنى ۋەيران قىلىش دېگەنلىك ئەمەس، مۇھىمى ئادەملەرنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ۋەيران قىلىشتۇر. ئۇرۇش ماددىي بايلىقلارنى يوقىتىش، ئۈزۈل - كېسىل ۋەيران قىلىشنىڭ يولى ئىدى. چۈنكى ماددىي بايلىقلار ئاۋامنى ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە قىلاتتى -دە، ئاقىۋەتتە تېخىمۇ ئەقىللىق قىلىۋېتەتتى. ھەتتا ئۇرۇش قوراللىرىنى ھەقىقەتەن ۋەيران قىلمىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى ھېچقانداق ئىستېمال بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقارماي تۇرۇپ، ئەمگەك كۈچىنى خورىتىشنىڭ ناھايىتى قولاي ۋاستىسى ئىدى. مەسىلەن، بىر لەيلىمە ئىستىھكامنى ياساش ئۈچۈن، بەلكىم يۈز دانە يۈك پاراخوتىنى ياسايدىغان ئەمگەك كۈچى كېتىشى مۇمكىن. ئاقىۋەتتە، ئۇ پەقەت دېڭىزدىلا لەيلەپ كونىراپ كېتىدۇ، ھېچكىمگە بىر تىيىنغا چاغلىق پايدا ئەكەلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە شۇنداق غايەت زور ئەمگەك كۈچى بىلەن شۇنداق لەيلىمە ئىستىھكامدىن يەنە بىرنى ياسايدىغان گەپ. پىرىنسىپ جەھەتتە، ئۇرۇش كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغان بارلىق ئېشىنچا بايلىقنى قۇرۇتۇش مەقسىتىدە پىلانلىنىدۇ. خەلقنىڭ ئېھتىياجى دائىم تۆۋەن مۆلچەرلىنىدۇ، ئاقىۋەتتە ئەڭ زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى مەڭگۈ كەمچىل ھالەتتە تۇرىدۇ. ئەمما

بۇ، بىر خىل ئەۋزەللىك دەپ قارىلىدۇ. ئىمتىيازلىقلار توپىنىمۇ مەلۇم دەرىجىدىكى قىيىنچىلىق ئىچىدە ساقلاش، تولىمۇ ئىنچىكە پىلانلانغان بىر ستراتېگىيىدۇر. چۈنكى جەمئىيەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ماددىي بايلىقنىڭ كەملىكى، ئازساندىكى ئىمتىيازلىقلارنىڭ مۇھىملىقىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ ۋە ئوخشىمىغان توپلار ئارىسىدىكى پەرقنى زورايتىدۇ. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىمۇ ناھايىتى ئاددىي - ساددا ئىدى، ئەمگەك قىلاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئازادە - چوڭ، ئەسلىھەلىرى تولۇق ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، كىيىملىرىنىڭ رەختىمۇ ياخشىراق، يېمەك - ئىچمەك، تاماكىسىمۇ سۈپەتلىكرەك ئىدى، ئىككىدىن ئۈچكىچە ئائىلە خىزمەتچىسى بولاتتى، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ماشىنىسى ياكى تىك ئۇچارى بولاتتى. دېمەك، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تاشقى پارتىيە ئەزالىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. بۇلارنىڭمۇ كەڭ ئاممىغا، يەنى بىز ئاتايدىغان «پرولېتار»لارغا سېلىشتۇرغاندا، كۆپ ئىمتىيازلىرى بار ئىدى. ئۇلار ياشايدىغان قورشالغان شەھەرنىڭ ئىجتىمائىي ئاتموسفېراسىدا، باي ۋە نامراتنىڭ پەرقى، پەقەت يەيدىغان بىر پارچە گۆشنىڭ بار - يوقلۇقىدا ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇزۇلمەس ئۇرۇش ۋەھىمىسى، دائىملىق خېيىم - خەتەر، پرولېتارلارنىڭ بارلىق ھوقۇقىنى ئىنتايىن ئازساندىكى ئادەملەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنى، تىرىك قېلىشنىڭ ئىنتايىن تەبىئىي ۋە مۇقەررەر شەرتلىرىگە ئايلاندۇرغان ئىدى.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇرۇش زۆرۈر بولغان ۋەيران قىلىشنى تاماملىدى، يەنە كېلىپ ئۇنى كىشىلەر

پىسخىك جەھەتتىن قوبۇل قىلالايدىغان بىر رەۋىشتە تاماملىدى. ئەمەلىيەتتە، ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىنى مۇنار، پىرامىدالارنى سېلىپ، ئورىلارنى كولاپ يەنە تىندۇرۇپ، ھەتتا نۇرغۇن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا ئوت قويۇپمۇ خورىتىپ تۈرۈش مۇمكىن. ئەمما بۇ بىر ئولىگارخىيىلىك جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئاساسىنى بەرپا قىلسىمۇ، مەنىۋىي ئاساسىنى قۇرۇپ چىقالمايدۇ. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى ھەرگىزمۇ پرولېتارلارنىڭ مەنىۋىي قىياپىتى ئەمەس، — ئۇلار ئەمگەك بىلەن بەنت قىلىنىپ تۇرسىلا، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى مۇھىم ئەمەس، — بەلكى پارتىيەنىڭ مەنىۋىي قىياپىتىدۇر. ھەتتا ئەڭ تۆۋەن ئورۇندىكى پارتىيە ئەزاسىمۇ ئىقتىدارلىق، تىرىشچان، ئەمگەكچان، مەلۇم دەرىجىدە ئەقىللىق دەپ قارىلىدۇ، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىمى ئۇلار يەنە ئىچى قورقۇنچ، نەپرەت، شەھۋەتپەرەسلىك، خۇشامەتچىلىككە توشۇپ كەتكەن، ئىنتايىن گول، ئەسەبىي - تەلۋىلەردىن بولۇشى لازىم بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلاردا بىر ئۇرۇش دۆلىتى پۇقرالىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك پىسخىك ھالەت بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇرۇشنىڭ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يۈز بېرىۋاتقان بولۇشى مۇھىم ئەمەس. ئېنىق بىر غەلىبە مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، ئۇرۇشنىڭ غەلىبە ياكى مەغلۇبىيەتكە قاراپ مېڭىشىمۇ مۇھىم ئەمەس. پارتىيەنىڭ ئۆز ئەزالىرىدىن تەلەپ قىلىدىغان ئەقلىنىڭ بۆلۈنىشىنىمۇ ئۇرۇش ئاتموسفېراسىدا ئاندىن تېخىمۇ ئوڭاي ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ خىل بۆلۈنۈشنى ھازىر ئاساسەن ئومۇملىشىپ بولدى دېيىشكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ، پارتىيە ئەزالىرى قانچە يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى، بۇ خىل ئالامەت شۇنچە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىدا ئۇرۇش ئەسەبىيلىكى ۋە دۈشمەنگە بولغان نەپرەت ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئادەتتە ئىچكى پارتىيە ئەزالىرى بىر رەھبەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇرۇش خەۋەرلىرىنىڭ راست ئەمەسلىكىنى بىلىشى زۆرۈر ھېسابلىنىدۇ، بەلكىم ئۇ پۈتكۈل ئۇرۇشنىڭ بىر ساختا ئىش ئىكەنلىكىنى، ياكى ئۇرۇش قوزغاش مەقسىتىنىڭ ئاشكارا جاكارلانغىنى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنىمۇ بىلىشى مۇمكىن. ئەمما بۇ خىل زىددىيەتلىك بىلىش قوش تەپەككۇر ئۇسۇلى بىلەنلا نېيتراللاشتۇرۇلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېڭىدا، بىرلا ۋاقىتتا بۇ ئۇرۇشنىڭ ساختىلىقىغا بولغان تونۇشمۇ، شۇنداقلا بۇ ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەر ئوكيانىيەنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا دۇنيانىڭ خوجايىنى بولالايدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچمۇ تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بارلىق ئىچكى پارتىيە ئەزالىرى كەلگۈسى ئىستىلالىرىنىڭ مۇقەررەر ئىشقا ئاشىدىغانلىقىغا ئېتىقاد دەرىجىسىدە ئىشىنىدۇ. ئۇنى مۇنداق ئىككى يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن: بىرى، بارغانسېرى كۆپ تېررىتورىيىنى ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە كۈچ ۋە ساندا مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەش؛ يەنە بىرى، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان يېڭى قورallارنى كەشپ قىلىش. يېڭى قوراللار داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، ئىلمىي ئىجادىي تەپەككۇر ئۆز رولىنى جارى قىلالايدىغان بىردىنبىر ساھە ھازىر مۇشۇ. ھازىر ئوكيانىيەدە،

كونا مەنىدىكى ئىلىم - پەن مەۋجۇت ئەمەس. هازىر (يېڭى تىل) دا، ئىلىم - پەن دەيدىغان تېرمىن ئىشلىتىلمەيدۇ. ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ئەڭ ئەقەللىي تەجرىبىچىلىك مېتودى هازىر پەقەت INGSOC ئىنسوكنىڭ ئەڭ تۈپ پىرىنسىپلىرىدىلا توختاپ قالدى. تېخنىكا تەرەققىياتىمۇ ئىنسانىنىڭ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان تېخنىكىلىق مەھسۇلات لازىم بولغاندا، ئاندىن مەيدانغا كېلىۋاتىدۇ. سەنئەتتە ئىلگىرىلەش تۈگۈل، چېكىنىشلا بار. سەنئەت ساھەسى بوقۇسا بىلەن ئاغدۇرۇلۇۋاتىدۇ، كىتاب ماشىنا بىلەن يېزىلىۋاتىدۇ. ئۇرۇش، جاسۇسلۇق دېگەنگە ئالاقىدار مۇھىم ساھەلەردىلا تەجرىبىچىلىك مېتودىغا ئىلھام بېرىلىۋاتىدۇ ياكى ھېچبولمىغاندىمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇلۇۋاتىدۇ. پارتىيەنىڭ مەقسىتى ئىككى: بىرى، پۈتۈن دۇنيانى ئىشغال قىلىش؛ يەنە بىرى، مۇستەقىل تەپەككۇر ئىمكانىيىتىنى تەلتۆكۈس يوق قىلىشتۇر. بۇ يەردە پارتىيە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىككى چوڭ مەسىلە مەۋجۇت: بىرى، قانداق قىلىپ ئادەملەرنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۇلار خالىمىسىمۇ بايقاش؛ يەنە بىرى، بىر نەچچە سېكونت ئىچىدىلا، ئالدىن شەپە بەرمەستىن نەچچە يۈز مىليون ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىش. مۇشۇ نىشان بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئىلىم - پەن تەتقىقاتى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ. هازىرقى ئىلىم - پەن ئالىملىرى يا پىسخولوگ يا سوراقچىدۇر. ئۇلار چىراي ئىپادىسى، يۈرۈش - تۇرۇشىنىڭ مەنىسى، ئاۋاز ئۆزگىرىشى، راست سۆزلىتىدىغان دورىلار، گىپنوز، قىيناش، شوك داۋالاش ئۇسۇلى قاتارلىق

ئۇششاق مەسىلىلەرنى ئاجايىپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. ھەتتا فىزىك، خىمىك، بىئولوگلارمۇ قانداق قىلغاندا ئادەمنى ھەرخىل ئۇسۇلدا ئۆلتۈرگىلى بولىدۇ دېگەننىلا تەتقىق قىلىدىغان بولدى. تىنچلىق مىنىستىرلىكىدىكى غايەت زور لابوراتورىيەلەردە، بىرازىلىيە ئورمانلىقىدىكى، ئاۋستىرالىيە قۇملۇقلىرىدىكى ياكى ئانتاركتىدادىكى ئادەم ئايىغى يەتمىگەن ئاراللاردىكى مەخپىي تەجرىبە پونكىتلىرىدا، نۇرغۇن مۇتەخەسسىس گۇرۇپپىلىرى ھاردىم - تالدىم دېمەي ئىشلىمەكتە. بەزىلىرى پەقەت كەلگۈسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئارقا سەپ خىزمىتىنى قانداق پىلانلاشنى تەتقىق قىلىدۇ، بەزىلىرى مەخسۇس تېخىمۇ چوڭ راكېتا بومبىلارنى، تېخىمۇ كۈچلۈك پارتلاتقۇلارنى، تېخىمۇ مۇستەھكەم برونېۋىكلارنى ياسايدۇ. بەزىلىرى تېخىمۇ ئەجەللىك گاز، بىرەر قۇرۇقلۇقتىكى ئۆسۈملۈكلەرنى قۇرۇتۇۋەتكىلى بولىدىغان دەرىجىدىكى مىقداردا ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان زەھەر ياكى بارلىق ئانتىبىئوتىك دورىلار تاقابىل تۇرالمايدىغان كېسەللىك ۋىرۇسلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. بەزىلىرى بولسا خۇددى سۇ ئاستى پاراخوتىدەك يەر ئاستىدىمۇ ماڭالايدىغان ماشىنىلارنى، كېمىگە ئوخشاش ھەممە يەرگە قونالايدىغان ئايروپىلاننى تەتقىق قىلىش بىلەن ئالدىراش. ھەتتا بەزىلىرى نەچچە مىڭ كىلومېتىر ئېگىزلىككە لېنزا ئورنىتىپ قۇياش نۇرىنى يىغىش ياكى يەر مەركىزىدىكى يۇقىرى ھارارەتتىن پايدىلىنىپ دېڭىز تاشقىنى ياكى يەر تەۋرەش پەيدا قىلىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىش بىلەن ئاۋارە.

ھالبۇكى، بۇ چوڭ تەتقىقاتلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە

ئېششىتىن تولىمۇ يىراق، بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ساھەلەردە يەنە بىرىنىڭ ئالدىدا ئەمەس. دىققەتكە بەكرەك تاشلىنىدىغىنى، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئاتوم بومبىسى بار، بۇ ئۆلارنىڭ ئالىملىرى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان ھەرقانداق قورالدىن نەچچە ھەسسە زور ۋەيران قىلىش كۈچىگە ئىگە. پارتىيە ئۆز ئادىتىگە ئاساسەن، ئاتوم بومبىسىنى بىز ياسىدۇق دەپ دەۋا قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەڭ دەسلەپتە 1940 - يىللىرى ياسالغان ۋە ئۇن يىلدىن كېيىن كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن. ئۇ چاغدا نەچچە يۈز بومبا ياۋروپا - ئاسىيادىكى، غەربىي ياۋروپادىكى، شىمالى ئامېرىكىدىكى سانائەت مەركەزلىرىگە تاشلانغان. بۇ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمران گۇرۇپپىلارنى بىر نەچچە دانە ئاتوم بومبىسىنىڭ پۈتۈن بىر جەمئىيەتنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئۆزلىرىنىڭ سەلتەنىتىنىمۇ يوق قىلىشقا يېتەرلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۇرگەن. نەتىجىدە گەرچە ئېنىق كېلىشىم - شەرتنامە ئىمزالانمىغان بولسىمۇ، شۇندىن بۇيان ئاتوم بومبىسى ئۇرۇشتا ئىشلىتىلمىدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ دۆلەتلەر يەنىلا ئاتوم بومبىسىنى توختىماي ئىشلەپچىقىرىۋاتىدۇ ۋە ئىلگىرى - كېيىن چوقۇم كېلىدۇ دەپ قارىغان بىر ئەجەللىك پۇرسەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇنداقلا، ئۇرۇش تاكتىكىسى، ئوتتۇز - قىرىق يىلنىڭياقى ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزگەرمىدى. تىك ئۈچارلار ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپلەپ ئىشلىتىلدى، بومباردىمانچى ئايروپىلانلارنىڭ ئورنىنى، كەڭ دائىرىدە ئۆزى ھەرىكەتلىنىدىغان سنارەدلەر ئالدى، نازۇك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇش پاراخوتلىرى چوكمەس لەيلىمە ئىستىھكاملارغا ئورۇن بوشاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاساسەن باشقا تەرەققىيات بولمىدى. تانكا، سۇ ئاستى پاراخوتى، تورپېدا، پىلىموت، ھەتتا مىلتىق، قول بومبىلىرىمۇ ھازىرغىچە ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. گەرچە مەتبۇئات - ئېكرانلاردا نۇرغۇن قىرغىن خەۋەر قىلىنىپ تۇرسىمۇ، بۇرۇنقى ئۇرۇشلاردىكىدەك بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدىلا نەچچە يۈزمىڭ، ھەتتا نەچچە مىليون ئادەم ئۆلۈپ كېتىدىغان ئۇرۇش قايتا يۈز بەرمىدى.

بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھېچقايسىسى مەغلۇبىيەت ئېھتىماللىقى بار ئۇرۇشقا تەۋەككۇل قىلمايدۇ. ئەگەر چوڭ بىر ھەرىكەت قوللىنىلىدى دېيىلسە، ئۇ بولسىمۇ ئۆز ئىتتىپاقدىشىغا قىلىنىدىغان تەسادىپىي ھۇجۇمدۇر. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى قوللىنىۋاتقان ياكى قوللىنىۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىستراتېگىيە ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بىر خىللا. ئۇلارنىڭ پىلانى ئۇرۇشاق ھۇجۇم، ياخشى تاللىنىش، يۈز ئۆرۈش قاتارلىقلار ئارىلاش قوللىنىش ئارقىلىق مۇھىم ھالقىسىمان بازىلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىككى رەقىب دۆلەتنىڭ بىرىنى ياكى ئىككىلىسىنى قورشاش، ئاندىن ئۇ رەقىب دۆلەت بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئۇلار تولۇق خىراجاتلاشقىچە نەچچە يىل تىنچ، دوستانە ئۆتۈش؛ بۇ جەرياندا ئاتوم بومبىسى ئېلىپ ماڭالايدىغان راكېتالارنى بارلىق ستراتېگىيىلىك ئورۇنلارغا پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇش، ئاخىردا بىرلا ۋاقىتتا بارلىق بومبىلارنى ئېتىپ، قارشى تەرەپنى مۇتلەق ئىنكاس قايتۇرالمايدىغان دەرىجىدە پالەچ ئورۇنغا چۈشۈرۈش؛

ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر ھۇجۇم ئۇچۇن قېپقالغان يەنە بىر دۆلەت بىلەن دوستلۇق كېلىشىمى ئىمزالاش. ئەلۋەتتە، دېيىشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، بۇ پىلان پەقەتلا ئۇخلىماي چۈش كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا، پەقەت ئېكۋاتور ۋە ئىككى قۇتۇپ رايونىدىكى تالاش - تارتىش ئارىسىدىكى زېمىندىلا ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. دۈشمەن تېررىتورىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىنىپ باقمىدى. بۇ بىزگە دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بەزى چېگرىلارنىڭ ناھايىتى ئېنىق، روشەنلىكىدىن ئىبارەت بىر پاكىتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن: ياۋروئاسىيا ئاسانلا برىتانىيە ئاراللىرىنى بېسىۋالالايدۇ، بۇ جۇغراپىيەلىك جەھەتتىن ياۋروپانىڭ بىرقىسمى. ئوكيانىيەمۇ تېررىتورىيىسىنى رېين دەرياسى ھەتتا ۋىتسۇلاغىچە كېڭەيتەلەيدۇ، لېكىن بۇ گەرچە ئېنىق يېزىلمىغان بولسىمۇ، ھەممە تەرەپ رىئايە قىلىپ كېلىۋاتقان، مەدەنىيەت بىردەكلىكىدىن ئىبارەت پىرىنسىپقا خىلاپ. ناۋادا ئوكيانىيە ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا فرانسىيە، گېرمانىيە دەپ ئاتىلىدىغان يەرلەرنى بېسىۋالسا يا ئۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرغىن قىلىپ يوقىتىش كېرەك، — ئەلۋەتتە بۇ ئىنتايىن ئېغىر، قىيىن ئىش — ياكى ئۇ يەردىكى يۈز مىليونغا يېقىن خەلقنى ئاسسىمىلياتسىيە قىلىۋېتىش كېرەك. ئۇلار پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى جەھەتتە، ئاساسەن ئوكيانىيە خەلقى بىلەن ئوخشاش سەۋىيىدە. بۇ مەسىلە ئۈچىلا دۆلەت ئۈچۈن ئوخشاش. ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ مۇقىم ساقلىنىشى ئۈچۈن ئۇلار چەتئەللىكلەر بىلەن قەتئىي ئالاقە قىلماسلىقى كېرەك.

ئۇلار پەقەت ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋە رەگلىك ئىرقلاردىكى قۇللار سەۋەبىدىنلا ئالاقە قىلىشى، ھەتتا يېقىن ئىتتىپاقدىشىغىمۇ قاتتىق گۇمان بىلەن قارىشى؛ ئۇرۇش مەھبۇسلىرى ئايرىۋېتىلگەن جايلاردا تۇرىشى؛ ئوكيانىيە پۇقرالىرىنىڭ كۆزى ھەرگىز ياۋروئاسىيا ياكى شەرقىي ئاسىيا پۇقرالىرىنىڭكى بىلەن ئۇچرىشىپ قالماسلىقى بەلگىلەنگەن؛ ئوكيانىيەلىكلەرنىڭ چەت ئەل تىلى ئۆگىنىشىمۇ چەكلەنگەن. چۈنكى ئۇلار چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مەخلۇق ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ھەققىدە دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدۇ - دە، ئۇلار ياشاۋاتقان بۇ يېپىق دۇنياغا دەز كېتىشى، ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنىڭ ئاساسى بولغان قورقۇنچ، نەپرەت، ئۆزۈمچىللىك يوقاپ كېتىشى مۇمكىن. گەرچە ئىران، مىسىر، جاۋا، سەيلون قاتارلىق رايونلار داۋاملىق قولدىن - قولغا ئالمىشىپ تۇرسىمۇ، ئەمما مەركىزىي رايونلىرى يەنىلا پات - پات چۈشۈپ تۇرىدىغان راكېتا بومبىلىرىدىن باشقا چەتئەللىكلەر بىلەن ئۇچراشمايدۇ.

مانا بۇلارغا ئاشكارا تىلغا ئېلىنمايدىغان، ئەمما ھەممىسى بىلىدىغان ۋە ئاساسلىنىدىغان بىر پاكىت يوشۇرۇنغان، يەنى ھەممە دۆلەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، شەرت - شارائىتى دېگۈدەك ئوخشاش. ئوكيانىيەدە ھۆكۈمران پەلسەپە ئىنسوك دەپ ئاتىلىدۇ، ياۋروئاسىيادا يېڭى بولشېۋىزىم، شەرقىي ئاسىيادا خەنزۇچە بىر نېمە دېيىلىدىغان بولۇپ، «ئۆلۈمگە چوقۇنۇش» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ ياكى ئۆزلۈكنى يوقىتىش دېسەك تېخىمۇ جايىغا چۈشۈشى

مۇمكىن. ئوكيانىيەنىڭ پۇقرالىرىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پەلسەپىنىڭ ھەر ـ بىرسىنى پۈتۈن قوبۇل قىلىشىغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئەكسىچە ھۆكۈمەت ئۆز پۇقرالىرىغا ياتدۆلەت پەلسەپىلىرىنى، ئەڭ ئەقەللىي ئەخلاقىي پىرىنسىپ ۋە ئەقەللىي ساۋاتلارغا زىت ياۋايى پەلسەپە دەپ ئۆگىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ پەلسەپىنىڭ ئاساسەن ھېچقانداق پەرقى يوق، شۇنداقلا ئۇلار ھىمايە قىلىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭمۇ پەرقى يوق. ئۈچىلا جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى پىرامىدا شەكىللىك، ئوخشاشلا بىر مۇقەددەس داھىيغا چوقۇنىدۇ، ئىقتىسادىمۇ ئوخشاشلا ئۇرۇش ئۈچۈن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئۈچ دۆلەت بىر ـ بىرىنى بويسۇندۇرالمايدۇ، ھەتتا بويسۇندۇرالىغاندىمۇ ھېچقانداق بىر ئەۋزەللىككە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار مۇشۇنداق توقۇنۇش ئىچىدە تۇرسىلا، ھارۋىنىڭ چاقىدەك بىر ـ بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن تىرەك بولىدۇ. يەنە بۇ ئۈچ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇپپىسى ئۆزىنىڭ قىلۋاتقانلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا بىلىدۇ ھەم بىلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھاياتى ئۇرۇش بىلەنلا ئۆتىدۇ، شۇنداقلا يەنە ئۇلار ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىز ھالەتتە مەڭگۈ داۋاملىشىشى لازىملىقىنىمۇ بىلىدۇ. يەنە شۇنداقلا ئىشغال قىلىنىش خەۋپىنىڭ يوقلىقىدىن ئىبارەت بىر پاكىت بۇ ئۈچ پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئورتاق خاسلىقى بولمىش رېئاللىقنى ئىنكار قىلىشنى مۇمكىنچىلىككە ئىگە قىلغان. يەنە شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، ئۇرۇشنىڭ بۇنداق ئۈزلۈكسىزلىكى ئۇرۇشنىڭ ئەسلىي خاراكتېرىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتكەن.

ئەسلىدە ئۇرۇش دېگەن ھامىنى بىر كۈنى، يا ئېنىق بىر غەلىبە يا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدىغان ئىش ئىدى. بۈگۈنكى زامانلاردا ئۇرۇش ئىنسانلار جەمئىيىتى تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىدە ئۆزىنى ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ۋاستە بولغان. بارلىق دەۋرلەردىكى ھۆكۈمدارلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە ساختا دۇنيا قاراشنى تاڭغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھەربىي كۈچىگە زىيان سېلىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق بىر خاتا تۈيغۇنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىغا ھەرگىز يول قويمىغان. ناۋادا مەغلۇبىيەت مۇستەقىللىقنى يوقىتىش ياكى ئۇلار خالىمىغان باشقا بىرەر ئاقىۋەتنى ئېلىپ كېلىش بولىدىغاندەكلا بولسا، ئۇ ھالدا مۇداپىئە ـ ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى چوقۇم ئەستايىدىل ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. ماددىي پاكىتلارغا قەتئىي سەل قاراشقا بولمايدۇ. پەلسەپە، دىن، ئېتىكا، ياكى سىياسىيدا ئىككىگە ئىككىنى قوشسا بەلكىم بەش چىقىشى مۇمكىن، بىراق، مىلتىق ياكى ئايروپىلان لايىھىلىگەندە چوقۇم تۆت چىقىشى كېرەك. ئۈنۈمسىز دۆلەتلەر ھامان بىر كۈنى باشقىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا قالىدۇ، ئۈنۈم ئۈچۈن كۈرەش قىلىش خەلقتە خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىشقا زىيانلىق. ئۈنىڭدىن باشقا، ئۈنۈمدار بولۇش ئۈچۈن ئۆتمۈشتىن ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ ئۆتمۈش ھەققىدە توغرا بىلىم، مەلۇمات بولۇش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۈگۈنكى گېزىتلەردە ۋە تارىخ كىتابلىرىدىمۇ بىر تەرەپلىمىلىك ۋە بۇرمىلاشلار مەۋجۇت، ئەمما بۈگۈنكىدەك مۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك بۇرمىلاش كۆرۈلۈپ باقمىغان. ئۇرۇش ھوشيارلىقنىڭ

ئەڭ ياخشى قوغدىغۇچىسى ئىدى، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۈچۈن ئىپتىقاندا بولسا ئۇرۇش بەلكىم باشقا ھەرقانداق قوغدىغۇچىدىنمۇ مۇھىم مۇداپىئە بولۇشى مۇمكىن. ئۇرۇشتا مەيلى غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، ھېچقانداق ھۆكۈمران سىنىپ پۈتۈنلەي چىكارىگەر بولىدىغان ئىش بولمايدۇ.

ئەمما ئۇرۇش ئۈزۈلمەس ئۇرۇشقا ئايلىنىپ كەتكەندە ئۇ ئاللىقاچان خەتەرلىك بولماي قالىدۇ. ئۇرۇش ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغاندا، ھەربىي زۆرۈرىيەت دەيدىغان ئۇقۇممۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. تېخنىكا تەرەققىياتى توختاپ قالىدۇ، كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئەڭ ئېنىق ماددىي پاكىتلارمۇ ئىنكار قىلىنىدۇ ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىنىدۇ. باشتا بايان قىلغىنىمىزدەك، ئىلمىي تەتقىقات دېگەنلەرمۇ يەقەت ئۇرۇش مەقسىتى ئۈچۈنلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ پەت تەتقىقاتى ئەمەس، بۇ تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسىزلىكىمۇ مۇھىم ئەمەس. ئۈنۈمگە، ھەتتا ھەربىي ئۈنۈمگىمۇ ھاجەت قالمايدۇ. ئوكيانىيىدە ئىدىيە ساقچىلىرىدىن باشقا ھەممە نەرسە ئۈنۈمسىز. بۇ ئۈچ دۆلەت بىر - بىرىگە يېڭىلمەس بولغاندىن باشلاپ، ئۇلار بىر - بىرىدىن تولۇق ئايرىلغان ئۈچ دۇنياغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىدە ھەرقانداق ئىدىيە بۇرمىلاش ھەرىكەتلىرى ناھايىتى دەخلىسىز، بىخەتەر ئېلىپ بېرىلدى. رېئاللىق پەقەت يېيىش، كىيىش، تۇرالغۇ، كىيىم - كېچەك، زەھەر ئىچىپ سالماسلىق، بىنادىن سەكرەپ ئۆلۈۋالماسلىق دېگەندەك كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى بىلەن خەلقنى ئۆز بېسىمى، ئىسكەنجىسىگە ئالدى. ھاياتلىق

ۋە ئۆلۈم، جىسمانىي لەززەت ۋە ئازاب ئارىسىدا يەنىلا پەرق بار، ئەمما پەقەت پەرقلا بار، خالاس. تاشقى دۇنيادىن ۋە ئۆتمۈشتىن ئۈزۈلگەن ئوكيانىيە خەلقى خۇددى ئالەم بوشلۇقىدا لەيلەپ تۇرغان ئادەم يۇقىرى - تۆۋەننى پەرق ئېتەلمىگەندەك بىر ھالەتتە ياشىماقتا.
بۇ دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھاكىممۇتلەقلىقتە پىرئەۋن ۋە قەيسەرلەردىنمۇ ئېشىپ كەتكەن. بۇ دۆلەتلەر ئەگەشكۈچىلىرىنى ئاچارچىلىق تۇپەيلىدىن، كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشتىن ساقلاشقا مەجبۇر، چۈنكى بۇنداقتا ئۇلارغا زور قولايسىزلىق تۇغۇلىدۇ. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار يەنە ھەربىي تېخنىكىدا، رەقىپ دۆلەتلىرى بىلەن ئوخشاش سەۋىيەدە تۇرۇشقا مەجبۇر. ئۇلار مۇشۇ ئەقەللىي شەرتلەرنى ھازىرلىيالىسا، ئاندىن رېئاللىقنى ئۆزى خالىغان شەكىلدە ئۆزگەرتەلەيدۇ.
شۇنداقتىمۇ بىز ھازىرقى ئۇرۇشنى ئىلگىرىكى ئۇرۇش ئۆلچىمى بىلەن ئانالىز قىلساق، بۇنىڭ پەقەت بىر ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. بۇ خۇددى مۈڭگۈزلىرى بىر - بىرىنى يارىلاندۇرالمايدىغان شەكىلدە ئۆسۈپ چىققان ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇسۇشۇشقا ئوخشايدۇ. لېكىن، ئۇرۇش يالغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇتلەق ئەھمىيەتسىز ئەمەس. بۇ ئۇرۇش بىر تەرەپتىن ئېشىنچا مەھسۇلاتلارنى خورىتىپ تۇرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن تەبىقىلىك جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئالاھىدە ئاتموسفېراسىنى ساقلايدۇ. ئۇرۇش ھازىر پەقەت بىر دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئايلىنىپ قالدى. ئىلگىرى، ھەممە دۆلەتلەردىكى ھۆكۈمران كۈچلەر ئورتاق مەنپەئەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىشىپ، ئۇرۇشنىڭ

ۋەيرانچىلىقنى مەلۇم دەرىجىدە چەكلەشسىمۇ، يەنىلا بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىشاتتى ۋە زەپەر قۇچقۇچى مەغلۇب بولغۇچىنىڭ بايلىقلىرىنى بۇلاپ - تالايتتى. ھازىر كۆنىمىزدە، ئۇلار ھەرگىز بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشمايدۇ، بەلكى ھەر بىر دۆلەتتىكى ھۆكۈمرانلار پەقەت ئۆز پۇقرالىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۇرۇشنىڭ مەقسىتى تېررىتورىيەنى كېڭەيتىش ياكى قوغداش ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى شۇ پېتى تۇتۇپ تۇرۇشتۇر. «ئۇرۇش» دېگەن بۇ سۆزنى ھازىر چۈشەنگىلى بولماس بولۇپ كەتتى. بەلكىم ئۇرۇشنىڭ ئۆزلۈكسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئەسلىي مەنىدىكى ئۇرۇش يوقاپ كەتتى دېسەك تېخىمۇ توغرا بولۇشى مۇمكىن. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئۇرۇشنىڭ ئىنسانلارغا ئەپكېلىدىغان تالاپەت - بېسىملىرىنىڭ ئورنىنى ھازىر تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر نەرسە ئالدى. ئەگەر بۇ ئۈچ دۆلەت بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇشنىڭ ئورنىغا مەڭگۈلۈك تىنچلىق كېلىشىمى ئىمزالاپ، بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشمىسا ئاقىۋەت يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئەھۋالدىمۇ، ھەر بىرى يەنىلا ئايرىم بىر بېكىك دۇنيا سۈپىتىدە مەۋجۇتلۇقنى داۋاملاشتۇرىدۇ، تاشقى دۇنيانىڭ سادالىرىنىڭ ئويغىتىشىدىن ئامان تۇرىدۇ. مەڭگۈلۈك تىنچلىق مەڭگۈلۈك ئۇرۇش بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە. مانا بۇ، گەرچە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆزىمۇ يۈزەكى چۈشەنسىمۇ، پارتىيەنىڭ «ئۇرۇش تىنچلىقتۇر» دېگەن شوئارىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

ۋىنستون ئوقۇشتىن توختىدى. يىراق بىر يەردىن راكىتا بومبىنىڭ پارتلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ئېكران يوق ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرۇپ بىر چەكلەنگەن كىتابنى ھۇزۇرلىنىپ ئوقۇشتىن كەلگەن ياپراشلىرىنى بۇزالمىدى. يالغۇزلۇق ۋە ئەمىنلىك جىسمانىي تۇيغۇ ئىدى، بۇ تۇيغۇ نېمىشقىكىن ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ھارغىنلىق، ئورۇندۇقنىڭ يۇمشاقلىقى، دەرىزىدىن كىرگەن مەيىن شامالنىڭ يەڭگىل سىپاشلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى. بۇ كىتاب ئۇنى ھاياجانغا سالدى، تېخىمۇ توغرىسىنى دېگەندە، ئۇنىڭ قەلبىنى تېچلاندۇردى. مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، كىتاب ئۇنىڭغا ھېچقانداق بىر يېڭى مەزمۇن ئېيتىپ بېرەلمىگەنىدى، ئەمما كىتابنىڭ جەلپكارلىقىنىڭ سەۋەبى دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا كاللىسىدىكى پارچە پىكىرلەرنى رەتلەش ئىمكانىيىتى بولغان بولسا، بۇ كىتابتىكى گەپلەرنى ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆزى دەپ بولغان بولاتتى. بۇ ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئوخشايدىغان باشقا بىر مېڭىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى، ئەمما بۇ مېڭە ئۇنىڭكىدىن ئۆتكۈر، سىستېمىلىق، جۈرئەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەڭ ياخشى كىتابلار دەل سەن بىلىپ بولغان نەرسىلەرنى دەپ بېرەلىگەن كىتابلار ئىدى. ۋىنستون جۇلىيانىڭ تىۋشلىرىنى ئاڭلاپ، كىتابنىڭ بىرىنچى بابىنى ئاچتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئورۇندۇقتىن تۇردى. ئۇ قوڭۇر رەڭ بوخچىسىنى پولغىلا تاشلىدى - دە، ئۆزىنى ۋىنستوننىڭ قۇچىقىغا ئاتتى. ئۇلار كۆرۈشمىگىلى بىر ھەپتىدىن ئاشقانىدى.

— مەن كىتابنى قولغا ئالدىم، — دېدى ۋىنستون جۇلىيا ئۇنىڭ قۇچىقىدىن ئايرىلغاندا.

— ھە! ئۇنى ئالدىڭىز! ياخشى! — دېدى جۇلىيا ئانچە قىزىقىپ كەتمىگەندەك ۋە دەرھاللا قەھۋە دەملەش ئۈچۈن ئوچاقنىڭ يېنىدا زوڭزايدى.

ئۇلار كارىۋاتتا يېرىم سائەت يېتىشقاندىن كېيىن، ئاندىن بايىقى گەپكە قايتىپ كەلدى. كەچقۇرۇننىڭ شامىلى خېلىلا سوغۇق بولۇپ،

ئۇلار ئەدىيالنى يېپىنىۋالدى. تۆۋەن تەرەپتىن ناخشا سادالىرى ۋە كوچىدىن ماڭغان ئۆتۈك ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. ھېلىقى يوغان، قىزىل بىلەكلىك ئايال پەستىكى سەينادىكى دائىملىق كۆرۈنۈش ئىدى. ئىشقىلىپ قۇياش پېتىپلا كەتمىسە، پۈتۈن كۈندۈز ئۇ ئايالنىڭ كىر دېسى بىلەن ئارغامچا ئارىسىدا پالاقشىمايدىغان، ئىلغۇچنى چىشلىۋالمايدىغان، ناخشا ئېيتمايدىغان بىرەر سائىتىمۇ يوق ئىدى. جۇلىيا يېنىچە ياتتى، ئەلپازىدىن ھازىرلا ئۇيقۇغا غەرق بولىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ۋىنستون پولدىكى كىتابنى قولىغا ئېلىپ، جۇلىياغا توغرىلىنىپ ئولتۇردى.

— بۇنى چوقۇم ئوقۇشىمىز لازىم، سىزمۇ شۇ. قېرىنداشلارنىڭ بارلىق ئەزالىرى چوقۇم ئوقۇشى كېرەككەن، — دېدى ۋىنستون.

— سىز ئوقۇڭ، — دېدى جۇلىيا كۆزىنىمۇ ئاچماي، — ئۈنلۈك ئوقۇڭ، ئەڭ ياخشىسى مۇشۇ. ئوقۇغاچ ماڭا چۈشەندۈرۈڭ.

ئىستىرېلكا ئالتىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بۇ 18 بولىدى دېگەن گەپ، دېمەك ئۇلارنىڭ يەنە ئۈچ - تۆت سائەت ۋاقتى بار. ۋىنستون كىتابنى تىزىغا قويۇپ ئوقۇشنى باشلىدى:

## 1 . باپ نادانلىق قۇدرەتتۇر

*ئىنسانلار تارىخنى خاتىرىلىگەن دەۋرلەردىن، بولۇپمۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن باشلاپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە يۇقىرى تەبىقە، ئوتتۇرا تەبىقە ۋە تۆۋەن تەبىقىدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقە ئادەملەر تۈركۈمى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. ئۇلار يەنە ئوخشىمىغان نۇرغۇن كاتېگورىيىلەرگە بۆلۈندى، ئۇلارنىڭ ئىسمى، سانى، بىر - بىرىگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئوخشىمىغان*

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەۋرلەردە پەرقلىق بولۇپ كەلدى. لېكىن، جەمئىيەتنىڭ تۈپ قۇرۇلمىسى ئۆزگەرمىدى. خۇددى گروسكوپ ئىككى تەرەپكە قانچىلىك ئاغسۇن، يەنىلا ئۆزىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىغاندەك، جەمئىيەتتە داۋاملىق چوڭقۇر ئىنقىلاب ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغىلى بولمايدىغان ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، تۈپكى ئەندىزە شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلدى.

— جۇلىيا، ئويغاقمۇ سىز؟ — دېدى ۋىنستون.

— ھەئە سۆيۈملۈكۈم، داۋاملاشتۇرۇڭ، قالتىسكەن.

ۋىنستون داۋاملاشتۇردى:

بۇ ئۈچ تەبىقىنىڭ مەقسىتى كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە زىددىيەتلىك بولۇپ، يۇقىرى تەبىقىنىڭ مەقسىتى ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلاپ قېلىش؛ ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ بولسا يۇقىرى تەبىقە بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش؛ تۆۋەن تەبىقىنىڭ مەقسىتى بولسا — ئەگەر ئۇلاردا بىر مەقسەت بار دېيىلسە، چۈنكى ئۇلار زىيادە زۇلۇم ۋە ئېزىلىش ئاستىدا ياشىغاچقا، ئۆزىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىدىن باشقا نەرسىلەرنى ئويلىيالمايتتى — بارلىق پەرقنى يوقىتىپ، ھەممەيلەن باراۋەر ياشايدىغان بىر جەمئىيەت قۇرۇش ئىدى. شۇڭلاشقا پۈتكۈل تارىخ ئېقىنىدا نەزەر سالساق، تارىخنىڭ ئومۇمىي رامكىسىنىڭ قايتا - قايتا تەكرارلىنىش ئىچىدە ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە يۇقىرى تەبىقە ئۆز ئورنىدا خېلىلا بىخەتەر تۇرغاندەك

كۆرۈنىدۇ، بىراق شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ياكى كۈچ - قۇدرىتىگە ۋە ياكى ئىككىلىسىگە بولغان ئىشەنچىسى يوقايدۇ. ئاندىن ئوتتۇرا تەبىقە ئەركىنلىك ۋە ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، تۆۋەن تەبىقىنى سېپىگە قوشۇۋالىدۇ ۋە يۇقىرى تەبىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىدۇ. ئۇلار مەقسىتىگە يەتكەن زامانلا تۆۋەن تەبىقىنى يەنە ئەسلىدىكى مەزلۇملۇق ئورنىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرى يۇقىرى تەبىقە بولۇۋالىدۇ. ئاندىن يۇقىرى تەبىقىدىن ياكى تۆۋەن تەبىقىدىن ۋە ياكى ئىككىلا تەبىقىدىن ئايرىلىپ چىققان بىر تۈركۈم كىشىلەر ئوتتۇرا تەبىقىنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۈرەش يېڭىدىن باشلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەن تەبىقە، ھەتتا قىسقا ۋاقىتلىق بولسىمۇ غەلىبىگە ئېرىشەلمەيدۇ. پۈتكۈل تارىخ مابەينىدە ئازراقمۇ ماددىي يۈكسىلىش بولمىدى دېسەك، مۇبالىغە بوپقالىدۇ، ھازىرقىسىدەك ئارقىغا چېكىنىۋاتقان بىر دەۋردىمۇ، كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى ئىنسانلارنىڭكىدىن كۆپ ياخشى. ئەمما ماددىي بايلىقنىڭ ئاز - تولا ئېشىشى، ئەدەپ - قائىدىلەرنىڭ يۈكسىلىشى، ھېچقانداق ئىسلاھات ياكى ئىنقىلاب ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى قىلچىلىك ئىلگىرى سۈرەلمىدى. تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھەرقانداق تارىخىي ئۆزگىرىش ئۇلارغا خوجايىنلىرىنىڭ نامىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن باشقا ھېچنېمە ئەپكېلەلمىدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، تارىخنىڭ بۇ ئەندىزىسىنىڭ مۇشۇنداق تەكرارلىنىپ تۇرىدىغانلىقى

نۇرغۇن كۆزەتكۇچىلەرگە ئايان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار تارىخنى ھالقىسىمان جەريان دەپ چۈشەندۈردى ۋە تەكسىزلىكنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان قانۇنىيىتى دەپ دەۋا قىلىشتى. ئەلۋەتتە، بۇ قاراشنىڭ ئەزەلدىن نۇرغۇن قوللىغۇچىلىرى بولۇپ كەلدى. بىراق، ھازىر بۇ قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىنىڭ ئۆزىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. ئۆتمۈشتە، ئولىگارخىيىلىك جەمئىيەت قۇرۇلمىسىغا بولغان ئېھتىياج يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسى بولۇپ، پادىشاھلار، ئاقسۆڭەكلەر، پوپلار، ئادۋوكاتلار، شۇنداقلا باشقا پارازىتسىمان تەبىقىلەر مۇشۇنى تەرغىپ - تەشۋىق قىلىپ كەلدى، شۇنداقلا يەنە ئۇلارغا كەلگۈسىدىكى، ئۆلگەندىن كېيىنكى گۈزەل دۇنيانى ۋەدە قىلىپ، كۆز ئالدىدىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى چىرايلىقلاشتۇرۇپ بەردى. ئوتتۇرا قاتلام ئۆزىنىڭ كۈرىشىدە ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، قېرىنداشلىق دېگەندەك سۆزلەردىن ئوبدان پايدىلىنىپ كەلدى. ئەپسۇسكى ھازىر ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى قېرىنداشتۇر دېگەن ئۇقۇممۇ، ھازىرچە ھوقۇقتا ئەمەس، ئەمما ئۆزۈنىڭياقى ھوقۇقنى قولغا ئېلىشنى تاما قىلىۋاتقان كىشىلەر تەرىپىدىنمۇ ھوجۇمغا ئۇچراۋاتىدۇ. ئۆتمۈشتە، ئوتتۇرا تەبىقە ھېچبولمىسا باراۋەرلىك بايرىقى ئاستىدا ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان ۋە كونا مۇستەبىت ھاكىمىيەتلەرنى ئاغدۇرۇۋېتىپ، يېڭى مۇستەبىتلىكنى بەرپا قىلىشقان ئىدى.

بۇ يېڭى تەبىقە ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى سوتسىيالىزم دېگەن يېڭى نام بىلەن ئاتىدى. بۇ 19 -

ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن سۆز بولۇپ، بۇ قەدىمكى زاماندىكى قۇللار قوزغىلىڭىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدىيە زەنجىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىدى، بۇ ھازىرمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى ئۇتوپىيەچىلىكنىڭ چوڭقۇر تەسىرى ئاستىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما 1900 - يىلدىن بۇيان مەيدانغا كەلگەن سوتسىيالىزمنىڭ ھەرخىل ۋارىيانتلىرىدا ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىك بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت نىشان ئۇچۇق - ئاشكارا تاشلىنىپ قالدى. 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى شەكىللىرى، — مەسىلەن: ئوكيانىيىدە ئىنسوك، ياۋروئاسىيادا يېڭى بولشېۋىزم، شەرقىي ئاسىيادا ئاشكارا تىلغا ئېلىنىدىغان ئۆلۈمگە چوقۇنۇش قاتارلىقلار — مەيدانغا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىتى تەڭسىزلىك ۋە ئەركىنسىزلىكنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشتۇر. ئەلۋەتتە، بۇ يېڭى ئۆزگىرىش كونىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، پەقەت ئىسمى بار جىسمى يوق ھالەتتە ئىدى. ئەسلىدىكى ئىدېئولوگىيىسىنى پەقەت ئېغىزىنىڭ ئۇچىدىلا تەشەببۇس قىلىپ قوياتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەقسىتى تەرەققىياتنى بوغۇش ۋە تارىخنى توختىتىپ قويۇشتۇر. بۇ سائەت ئىستىرېلكىسىدەك بىر مېڭىپ، بىر توختاپ تۇراتتى. دائىمقىدەك يۇقىرى تەبىقىنى ئوتتۇرا تەبىقە ئاغدۇرۇپ تاشلايتتى، ئاندىن ئۆزى يۇقىرى تەبىقە بولاتتى. ئەمما بۇ قېتىم، يۇقىرى تەبىقە ئىنتايىن ئىنچىكە ئىستراتېگىيە ئارقىلىق، ئۆز ئورنىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالالايدىغان بولدى. بۇ مەلۇم دەرىجىدە تارىخىي تەجرىبە - ساۋاقلارنىڭ جۇغلىنىشى ۋە تارىخىي سەزگۈرلۈكنىڭ

ئۆتكۈرلىشىشىدىن كەلگەنىدى. ۋەھالەنكى، بۇلار 19 - ئەسىردىن بۇرۇن يوق دېيەرلىك ئىدى. تارىخنىڭ ھالقىسىمان تەرەققىيات جەريانى ھازىر بىلگىلى بولىدىغان بىر ئىشقا ئايلانغانىدى، بىلگىلى بولىدىكى دېگەنلىك، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ، دېگەنلىك ئىدى. ئەمما بۇنىڭ ئەڭ چوڭ سەۋەبى شۇكى، 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ئەمەلگە ئېشىپ بولغانىدى. ئىنسانلارنىڭ تۇغما تالانت، ئىقتىدار جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقى، بەزىلەرنىڭ بەزىلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى ھازىرمۇ بىر ھەقىقەتتۇر. ئەمما ئۇ چاغلاردا، سىنىپلارغا ئايرىش ۋە باي - نامراتلىق پەرقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بىرەر ئەمەلىي ئېھتىياج يوق ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە، سىنىپلارغا ئايرىشتىن ساقلانغىلى بولمايلا قالماستىن، يەنە شۇنداق قىلىش ئارزۇلىناتتى. تەڭسىزلىك مەدەنىيەتنىڭ بەدىلى بوپقالدى. ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بۇ خىل ئەھۋال ئۆزگەردى. ھەتتا بۈگۈنكى كۈندىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ئوخشىمىغان خىزمەتل قىلىشى بىر تەبىئىي زۆرۈرىيەت بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ پەرقلىق ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەبىقىلەردە ياشىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋالغان ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ نۇقتىنىسىدىن قارىغاندا، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى قوغلىشىدىغان غايە ئەمەس، بەلكى ساقلىنىدىغان خەۋپكە ئايلىنىپ قالدى. ئېھتىمۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى، ئادالەتلىك ۋە

تىنچ جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس چاغلاردا، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىش ئاسان ئىدى. ئىنسانلار ئېغىر ئەمگەك، زۇلۇم يوق پانىي دۇنيادىكى جەننەتنى، باراۋەر قېرىنداشلىق ئىچىدە ياشىيالايدۇ، دەيدىغان ئىشتىلىش ئىنسانلارنى نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە ئالداپ كەلدى. ھەتتا ھەربىر تارىخىي ئۆزگىرىشتىن ئەمەلىي نەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرمۇ، مۇشۇنداق ئىشتىلىشلەردە بولۇپ كەلدى. فىرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىنقىلابلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزلىرى دەۋا قىلىدىغان كىشىلىك ھوقۇق، سۆز ئەركىنلىكى، قانۇن ئالدىدىكى باراۋەرلىك قاتارلىق شوئارلىرىغا ئاز - تولا ئىشىنەتتى ۋە ھەرىكەتلىرىمۇ مۇشۇ ئىشىنىشنىڭ تەسىرىگە مەلۇم دەرىجىدە ئۇچرايتتى. ئەمما 20 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئاساسلىق سىياسىي ئىدىيە ئېقىملىرى ھاكىمۇتلەقلىققە ئايلىنىپ كەتتى. دەل پانىي دۇنيادىكى جەننەتنى قۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاندا، ئۇ تۇنجۇقتۇرۇلدى. ھەرقانداق بىر يېڭى سىياسىي ئىدىيە، مەيلى ئۇنىڭ نامى قانداق ئاتالسۇن، تەبىقىلىشىش ۋە ھەربىي تۈزۈملىشىشنى تەرغىب قىلىدىغان بولدى. 1930 - يىللار ئەتراپىدىكى ۋەزىيەت ئومۇمىيۈزلۈك چىڭىپ كەتكەن چاغلاردا، تاشلىنىپ كەتكىلى نەچچە يۈز يىل بولغان سوراق قىلماي تۇرمىگە سولاش، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى قول قىلىش، كوللېكتىپ قىرغىن قىلىش، قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇش، گۆرۈگە ئېلىش، پۈتكۈل ئاھالىنى پالاش قاتارلىق قىلمىشلار قايتىدىن ئومۇملىشىشقا باشلىدى، شۇنداقلا ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك، ئىلغار سانايدىغان

كىشىلەر تەرىپىدىن سىغدۇرۇلدى ۋە ھىمايە قىلىندى.

پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش، ئىنقىلاب ۋە ئەكسىلئىنقىلابلاردىن ئون يىللارچە ئۆتكەندىن كېيىن، ئىنسوك ۋە ئۇنىڭ باشقا رەقىپ مەسىلەكلىرى رەسمىي پىشقان ۋە ئەمەلىي يۈرگۈزۈلىدىغان بىر سىياسىي نەزەرىيە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمما 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا پەيدا بولۇپ بولغان ھاكىمىيەتلەشتۈرۈلۈش دەپ ئاتىلىدىغان تۈزۈملەر ئاللىقاچان ئۇلارنىڭ مەيدانغا كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ بولغانىدى. شۇ چاغدىكى دۇنياۋى قالايمىقانچىلىق ئىچىدىن قانداق دۇنيا قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىدىغانلىقى ئاساسەن ئېنىق بولۇپ قالغانىدى. دۇنيانى قانداق ئادەملەرنىڭ كونترول قىلىدىغانلىقىمۇ ھەممىگە ئايان بىر ئىشقا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن بۇ يۇقىرى تەبىقە بيۇروكراتلار، ئالىملار، تېخنىكلار، سودا بىرلەشمىسى تەشكىللىگۈچىلەر، تەشۋىقات مۇتەخەسسىسلىرى، جەمئىيەتشۇناسلار، ئوقۇتقۇچىلار، ژۇرنالىستلار ۋە كەسپىي سىياسەتۋازلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى. بۇ كىشىلەر ئوتتۇرا تەبىقىدىكى مائاشلىقلار ۋە ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنى سانائەت مونوپولچىلىرى ۋە ھاكىمىيەتلەشتۈرۈلگەن ھۆكۈمەتلەر بىر يەرگە ئەكەلگەن ۋە قۇرۇپ چىققان ئىدى. بۇلارنى بۇرۇنقى دەۋرلەردىكى ئۆز خىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا، بۇلار ئۇنچىۋالا ئاچكۆز ئەمەس، ھەشەمەتچىلىككە ئۇنداق بېرىلمەيتتى، ئەمما ھوقۇققا بەك ئىنتىلەتتى. ھەممىدىن بەكرەك ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلەتتى

ھەمـدە قارشىلاشـقۇچىلارنى رەھـىم قىلمـاي باسـتۇراتتى. ئـەڭ ئاخىرقـى پـەرق ئـەڭ مۇھىـم ئـىدى. ھازىرقىنـى بۇرۇنقىغـا سېلىشـتۇرغاندا، ئوتتۇرىشـتىكى ھەرقانـداق مۇسـتەبىت ھاكىمىيەتنـى يەنـە تېخـى سـەل يۇمشـاق، ئىققىدارسـىز، ئۇنۇمسـىز دېيىشـكە بولاتتـى. ئۇلارنىـڭ ھۆكۈمـران سـىنىپلىرىنىڭ كاللىسـىدا ئاز ـ تولا ئەركىنلىك ئىدىيەسـى مەۋجـۇت ئـىدى، پۇقرالارنـى ئۇنچـۋالا چىـڭ باشـقۇرۇپ كەتمەيتتـى، پەقـەت ئوچـۇق ـ ئاشـكارا ئىـش ـ ھەرىكەتلىرىگىـلا دىققـەت قىلاتتـى، پۇقرالارنىـڭ نېمـە ئويلاۋاتقانلىقـى بىلـەن كارى يـوق ئـىدى. ھەتتـا ئوتتـۇرا ئەسـىردىكى چېركاۋلارمـۇ زامانـىۋى ئىدىيـە، ئۆلچەملەرگـە كـەڭ قورسـاقلىق قىلغانـىدى. بۇنـداق بولۇشـىنىڭ مەلـۇم سـەۋەبى شـۇكى، بۇرۇنقـى مۇسـتەبىتلەردە پۇقرالىرىنـى داۋاملىـق كۆزىتىـپ تۇرىدىغـان كـۈچ ـ تېخنىـكا يـوق ئـىدى. مەتبەئەنىـڭ كەشـپ قىلىنىشـى بىلـەن ئاۋامنىـڭ رايىنـى كونتـرول قىلىـش ئاسانلاشـتى. رادىيـو ۋە فىلىملـەر بۇنـى تېخىمـۇ كۈچەيتتـى. تېلېۋىزورنىـڭ مەيدانغا كېلىشـى ۋە تېخنىـكا تەرەققىياتىغـا ئەگىشـىپ، بىـرلا ۋاقىتتـا ئۇسـكۇنىدە قوبـۇل قىلىـش ۋە تارقىتىـش ئەمەلگـە ئاشـتى، شـۇنىڭ بىلـەن شەخسـىي تۇرمـۇش ئاخىرلاشـتى. ھـەر بىـر پۇقرانـى كۆزىتىش ئوخشاشـلا مۇھىـم دەپ قارىلىـپ، ئۇلارنىـڭ 24 سـائەتلىك ھەرىكىتـى سـاقچىلارنىڭ نازارىتـى ئاسـتىغا ئېلىنـدى، ئۇلارنىـڭ قۇلاقلىـرى 24 سـائەت ھۆكۈمـەت تەشۋىقاتىنى ئـاڭلاپ تـۇردى. باشـقا ئالاقىلىشـىش يوللىرى ئېتىۋېتىلـدى. پۇقرالارنـى دۆلەتنىـڭ ئىرادىسـىگە مۇتلـەق ئىتائـەت قىلىشقا مەجبۇرلاشـلا ئەمەس، بارلىـق پۇقرالارنىڭ رايىنـى مۇتلـەق بىرلىككـە كەلتـۈرۈش ئىنسـانلار تارىخىـدا

تۈنجى قېتىم مۇمكىن بولىدىغان بىر ئىشقا ئايلاندى.

ئەللىكىنچى ۋە ئاتمىشىنچى يىللاردىكى ئىنقىلابتىن كېيىن، جەمئىيەت يەنە ئاۋۋالقىدەك قايتىدىن يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن تەبىقىلەرگە بۆلۈندى. ئەمما يېڭىدىن پەيدا بولغان يۇقىرى تەبىقە ئىلگىرىكىلەرگە ئوخشىمىدى، بۇلار تۇيغۇسىغا تايىنىپلا ئىش كۆرمىدى، بەلكى ئۆز ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نېمە قىلىش لازىملىقىنى بىلدى. ئولىگارخىيىنىڭ ئەڭ بىخەتەر ھۇلىنىڭ كوللېكتىۋىزىملىق ئىكەنلىكى خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىنگەن بىر ھەقىقەت ئىدى. بايلىق بىلەن ئىمتىيازغا تەڭ ئىگىدارچىلىق قىلغاندا، ئاندىن ئۇلارنى ئوبدان قوغدىغىلى بولاتتى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئاتالمىش «خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىكنى بىكار قىلىش» ھەرىكىتى ماھىيەتتە بايلىقنى بۇرۇنقى دەۋرلەردىكىدىنمۇ بەكرەك ئازسانلىقلارنىڭ قولىغا مەركەزلەشتۈرۈشتىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى. لېكىن بۇنىڭ بىر پەرقى شۇكى، يېڭى ئىگىدارلار ئىلگىرىكىدەك بىر تۈركۈم شەخسلەر بولماستىن، بەلكى بىر كوللېكتىپ ئىدى. ھېچقانداق پارتىيە ئەزاسىنىڭ يەككە ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك لازىمەتلىكلىرىدىن باشقا نەرسىلىرى يوق ئىدى. ئۇلار كوللېكتىپ ھالەتتە ئوكيانىيىدىكى ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى ئىدى. چۈنكى پارتىيە ھەممىنى كونترول قىلاتتى، مەھسۇلاتلارنى قانداق ئىشلەش، قانداق ئىستېمال قىلىش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە ئۆزى خالىغانچە بەلگىلەيتتى. ئىنقىلابتىن كېيىنكى يىللاردا، ئۇلار بۇ ئورۇنغا ھېچقانداق توسالغۇسىز

ئىرىشتى، چۈنكى بارلىق جەريان كوللېكتىپلاشتۇرۇش نامىدا ئېلىپ بېرىلدى. ئەزەلدىن كاپىتالىستلار سىنىپى يوقالسا، ئۇنىڭ ئورنىنى چوقۇم سوتسىيالىزم ئالىدۇ دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ كاپىتالىستلار تولۇق مۇسادىرە قىلىندى. زاۋۇت، كان ـ كارخانا، ئۆي ـ يەر، ترانسپورت ۋاستىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستلاردىن تارتىۋېلىندى. خۇسۇسىي مۈلۈك بولمىغانىكەن بۇ مۈلۈكلەر تەبىئىيلا كوللېكتىپنىڭ بولاتتى. ئىنسوك بۇرۇنراق ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىزم ھەرىكەتلىرىدىن مەيدانغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭ سۆز ـ ئىبرەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان ھەمدە سوتسىيالىستلار پروگراممىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ماددىسىنى ئىجرا قىلغانىدى. دەرۋەقە بۇنىڭ نەتىجىسىدە، خۇددى ئىلگىرى پەرەز قىلىنغىنىدەك، ئىقتىسادىي تەڭسىزلىك ئەبەدىيلەشتۈرۈلدى.

ھالبۇكى، تەبىقىلىك جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈشتە مەسىلە بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر ئىدى. ھۆكۈمران گۇرۇپپىنى ئورنىدىن چۈشۈرۈۋېتىشنىڭ پەقەت تۆتلا يولى بار ئىدى: بىرى، يا بىر تاشقى دۈشمەن تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلاتتى؛ ياكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتە قابىلىيەتسىز كېلىپ قېلىپ، خەلق قوزغىلىپ ئاغدۇرۇۋېتەتتى؛ ھەم كۈچلۈك ھەم ئۆلارغا نارازى بىر ئوتتۇرا تەبىقىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەل قارايتتى؛ ۋە ياكى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىپ، ھاكىمىيەت تۇتۇشتىن ياتتىيىپ قالاتتى. بۇ سەۋەبلەرنىڭ ھېچقايسىسى يالغۇز رول ئوينىمايتتى. بۇ ئامىللارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇشى بىر

www.uyghurkitap.com

قانۇنىيەت ئىدى. مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۇنۇملۇك مۇداپىئەلىنەلىگەن ھۆكۈمران سىنىپلا مەڭگۈ ئۆز ئورنىدا ھوقۇقىنى ساقلاپ قالالايتتى.

بۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىرىنچى تەھدىت يوق بولدى - دە، ھازىرقى ئۇچىلى دۆلەت ئورتاق يېڭىلمەس ئورۇنغا چىقىپ بولدى. پەقەت نوپۇس قۇرۇلمىسىدىكى ئاستا خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشتىن كېيىن، ئاندىن بۇ ئېھتىماللىقتىن سۆز ئاچقىلى بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما بۇنداق كەڭ دائىرىدىكى ھوقۇققا ئېرىشۋالغان ھۆكۈمەت، بۇنداق بىر ئېھتىماللىقتىن ئوڭايلا ساقلىنىپ قالالايتتى. ئىككىنچى تەھدىتمۇ پەقەت بىر نەزەرىيەدىلا مەۋجۇت ئىش بولىۋالدى. كەڭ ئاۋام ھەرگىز ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، ئۇلارغا قارشى قوپمايتتى، شۇنداقلا پەقەت زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈنلا ئىسيان كۆتۈرمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئۆزىنى باشقىلارغا سېلىشتۇرىدىغان ئۆلچەملەرگە ئېرىشەلمىسىلا، ئۆزلىرىنىڭ زۇلۇمدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالمايتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دەۋرىي ھالدا يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىقتىسادىي كىرىزىسلاردىن ساقلىنىش مۇمكىن ئىدى، ھازىر بولسا بۇنداق كىرزىسنىڭ يۈز بېرىشىگىمۇ يول قويۇلمايدۇ. ئەلۋەتتە، ھازىرمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا چوڭ قالايمىقانچىلىقلارمۇ يۈز بېرىدۇ ۋە بېرەلەيدۇ، ئەمما ئۇ ھېچقانداق سىياسىي نەتىجە ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. چۈنكى خەلق ئۆز نارازىلىقىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئوشۇق ئىشلەپچىقىرىش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسىلە ماشىنا - تېخنىكا تەرەققىياتى مابەينىدە، جەمئىيەتتە

ئىزچىل يوشۇرۇن ھالدا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن ئىدى. بۇ مەسىلە ئۆزلۈكسىز ئۇرۇش ئارقىلىق ھەل قىلىندى. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە، ئاۋامنىڭ قىزغىنلىقىنى ھاكىمىيەتكە لازىم سەۋىيەدە ساقلاپ تۇرالايتتى. ھازىرقى ھۆكۈمرانلارنىڭ قارىشىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىردىنبىر ھەقىقىي تەھدىت، ئۆز تەبىقە قاتلىمىدىن قابىل، ئەمما قابىلىيىتى تولۇق جارى قىلدۇرۇلمىغان، ھوقۇققا ئىنتىلىدىغان يېڭى بىر قاتلامنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى، شۇنداقلا يەنە يۇقىرى تەبىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدا لىبېرالىزىم ۋە گۇمانخورلۇق ئىدىيەلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈشىدۇر. بۇ مەسىلە مۇنداقلا دېگەندە، مائارىپ ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان مەسىلىدۇر. بۇ يۇقىرى تەبىقىدىكى رەھبەر گۇرۇپپا بىلەن ئۇنىڭ ئاستىدىكى ئىجرا گۇرۇپپىسىنىڭ ئېڭىنى ئۆزلۈكسىز يېڭىلاپ، يۇيۇپ تۇرۇش بىلەن ھەل بولىدۇ. ئاۋامنىڭ ئېڭىغا بولسا دەل ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە يول بىلەن تەسىر كۆرسىتىلىدۇ.

بىراۋ مۇشۇلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئوكيانىيە جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي قۇرۇلمىسىنى بىلىۋالالايدۇ. بۇ پىرامىدانىڭ چوققىسىدا غوجاكا تۇرىدۇ. ئۇ يېقىلماس ۋە ھەممىدىن كۈچلۈك ئورۇندا. ھەرقانداق بىر غەلىبە، مۇۋەپپەقىيەت، ئۇتۇق، نەتىجە، ئىلمىي بايقاش، كەشپىيات، بارلىق بىلىم، پاراسەت، بەخت، ئەخلاق ھەممىسى ئۇنىڭ دانا رەھبەرلىكى ۋە ئىلھامىدىن كەلگەن بولىدۇ. ھېچكىم غوجاكىنى كۆرۈپ باققان ئەمەس. ئۇ تەشۋىقات ۋىۋىسكىلىرىدىكى بىر رەسىم، ئېكرانلاردىكى بىر ئاۋازدىنلا ئىبارەت. شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئۆلمەيدۇ. ئۇنىڭ زادى قاچان

www.uyghurkitap.com

تۇغۇلغانلىقىنىمۇ ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ. غوجاكا پارتىيەنىڭ تاشقى دۇنياغا ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان نىقابىدۇر. ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى خەلقنىڭ مۇھەببىتى، قورقۇنچى، چوقۇنۇشى، ئەيمىنىشىنى داۋاملىق ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرۈپ تۇرۇشتۇر، خەلقنىڭ ھېسسىياتى بىر ئابستراكىت ئورگانغا ئەمەس، مۇئەييەن بىر كونكرېت شەخسكە باغلانغاندىلا ئاندىن ئوت ئالىدۇ، قاينايدۇ. غوجاكىنىڭ ئاستىدا ئىچكى پارتىيە تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سانى ئالتە مىليون ئەتراپىدا بولۇپ، پۈتۈن ئوكيانىيە نوپۇسىنىڭ تەخمىنەن 2% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكىسى بولسا تاشقى پارتىيەدۇر. ئەگەر ئىچكى پارتىيەنى دۆلەتنىڭ مېڭىسى دېسەك، ئۇ چاغدا تاشقى پارتىيەنى دۆلەتنىڭ قولى دېيىشكە توغرا بولىدۇ. بۇنىڭ ئاستىدىكىسى ئادەتتە «پرولتار»لار دەپ ئاتىلىدىغان كەڭ ئاۋامدۇر، ئۇلار ئوكيانىيە نوپۇسىنىڭ 85% نى تەشكىل قىلىدۇ. بىز باشتا ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى تۈرگە ئايرىغاندا پرولتارلارنى تۆۋەن تەبىقىگە ئايرىغان ئىدۇق. چۈنكى ئېكۋاتور تۇپراقلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن قۇللار، داۋاملىق ئىشغالىيەتچىلەرنىڭ قولىدا ئالمىشىپ تۇرغاچقا بىز تىلغا ئالغان ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ بىر ئاجرالماس تەركىبى بولالمايتتى.

پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئۈچ تەبىقىگە ئەزا بولۇش ۋارىسلىق شەكلىدە بولمايدۇ. نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىچكى پارتىيەنىڭ باللىرى شۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن تۇغۇلغان ئەمەس. پارتىيەنىڭ ھەرقانداق بىر تارمىقىغا كىرىش 16 ياشتا ئېلىنىدىغان بىر ئىمتىھان ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

بۇنىڭدا ئېنىق بەلگىلەنگەن بىر ئىرقىي ياكى رايون خاراكتېرلىك كەمسىتىشمۇ يوق. نىگېرلار، يەھۇدىيلار، ساپ ئىندىيان قان سىستېمىسىغا تەۋە جەنۇبىي ئامېرىكىلىقلار پارتىيەنىڭ ئەڭ يۇقىرى قاتلىمىدىمۇ ئۇچرايدۇ. ھەر قايسى رايونلارنىڭ مەمۇرى ئەمەلدارلىرى شۇ يەردىكى ئاھالىلەر ئىچىدىن چىقىدۇ. ئوكيانىيەنىڭ ھېچقانداق بىر بۆلىكىدىكى ئاھالىلەردە، بىر يىراقتىكى بىر پايتەخت تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇۋاتىمىز دەيدىغان مۇستەملىكە تۇيغۇسى يوق. ئوكيانىيەدە پايتەخت يوق. داھىينىڭ نەدە تۇرىدىغانلىقى، نىمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئىنگلىز تىلى ئوكيانىيەدىكى ھۆكۈمران تىل، «يېڭى تىل» بولسا ھۆكۈمەت تىلى. بۇ ھېچقانداق بىر شەكىلدە مەركەزلەشتۈرۈلمىگەن. ئوكيانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قانداشلىق رىشتىسى بىلەن ئەمەس، ئورتاق ئىدىيە رىشتىسى بىلەن بىر - بىرىگە باغلانغان. بىزنىڭ بۇ جەمئىيىتىمىز پەرقلىق، ئېنىق دەرىجە قاتلاملىرىغا ئايرىلغان. بىر قارىماققا، بۇ ۋارىسلىق شەكلىدە داۋاملىشىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ھازىر جەمئىيەتنىڭ ئوخشىمىغان تەبىقىلىرى ئارىسىدا، ئاساسەن دېگۈدەك ئۆز - ئارا ئۆتۈشۈش يوق، ئىلگىرىكى كاپىتالىزم ۋە سانائەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردە، تەبىقىلەر ئارىسىدا يۇقىرى - تۆۋەن ئۆتۈشۈش بولۇپ تۇراتتى. ھازىر پارتىيەنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىككى قاتلىمىدىلا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز - ئارا ئۆتۈشۈش مەۋجۇت. ئەمما بۇنىڭدىكى مەقسەتمۇ ئىچكى پارتىيەدىكى ئىرادىسى ئاجىزلارنى تازىلاش ۋە تاشقى پارتىيەنىڭ ئىچىدىكى

غەرىزى بارلارنى ئۈستۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ زېھنىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتۇر. پرولېتارلار بولسا پارتىيەگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ نارازىلىق مەنبەسى بوپقېلىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت، شۇڭا ئۇلارغا چېكىت قويۇلىدۇ ۋە ئىدىيە ساقچىلىرى تەرىپىدىن كۆزدىن يوقىتىلىدۇ. ئەمما بۇ ھەمىشە چوقۇم مۇشۇنداق بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس ياكى بىر پرىنسىپمۇ ئەمەس. پارتىيە ھەرگىز كونا مەنىدىكى سىنىپ ئەمەس. ئۇلار ھەرگىز ھوقۇقنى ئۆز پەرزەنتلىرىگە مىراس قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ناۋادا ئەڭ قابىل ئادەملەرنى يۇقىرى ئورۇندا تۇتۇپ تۇرۇش مۇمكىن بولماي قالسا، ئۇلار پرولېتارلار ئىچىدىنمۇ يېڭى بىر ئەۋلات قوبۇل قىلىشقا دائىم تەييار. پارتىيەنىڭ ھايات ـ ماماتلىق يىللىرىدا، پارتىيەنىڭ ئۇنداق ۋارىسلىق تۈزۈمىدە ئەمەسلىكى، ئاۋامدىكى ئۇلارغا بولغان قارشىلىقنى يۇمشىتىشتا زور رول ئوينىغان ئىدى. كونا سوتسىيالىستلار ئاتالمىش «سىنىپىي ئىمتىياز»غا قارشى كۈرەش قىلىشقا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، ئۇلار ۋارىسلىق تۈزۈمىدە بولمىغان ئىش مەڭگۈلۈك بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇلار ئولىگارخىيەنىڭ داۋاملىشىشىنىڭ كونكرېت ئادەملەرگە تايانمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى كۆرەلمىگەن ئىدى، ياكى ئۇلار ۋارىسلىق يولى بىلەن داۋاملاشقان ئاقسۆڭەكلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئەزەلدىن ئۆمرى قىسقا بولغىنىنى، ئەكسىچە كاتولىك چېركاۋلىرىدەك ئورگانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەچچە يۈز يىل داۋاملاشقانلىقى ھەققىدە ئويلىنىپ باقمىغانىدى. ئولىگارخىيىلىك ھۆكۈمرانلىقنىڭ ماھىيىتى

دادىدىن بالىغا قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۆلگەنلەردىن ھاياتلارغا قالدىغان مۇئەييەن دۇنيا قاراش ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىزچىللىقى ئىدى. ھۆكۈمران سىنىپ پەقەت ئۆز نامزاتلىرىنى ۋارىس قىلالىسىلا، ھۆكۈمرانلىقىدا تۇرۇۋېرەتتى. بۇ يەردە پارتىيە ئۆزىنىڭ قېنىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنى ئەبەدىيلەشتۈرمەكچى. ئەگەر مۇشۇ تەبقىلىك قۇرۇلما داۋاملىشىدىغانلا بولسا، كىمنىڭ ھوقۇق يۈرگۈزۈشى مۇھىم ئەمەس ئىدى.

دەۋرىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەشكىل قىلغان بارلىق كۆز قاراش، ئادەت، زوق، ھېس - تۇيغۇ، پىكىر ئۇسۇلى، پوزىتسىيەلەر پارتىيەنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ساقلاش ۋە كىشىلەرنى ئۆزى ياشاۋاتقان رېئاللىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشىنىشتىن يىراقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە پەيدا قىلىنغان ئىدى. ئىسيان كۆتۈرۈش ياكى ئىسيانغا ئۇرۇنۇش ھازىر مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر. پرولتارلارنىڭ قورققۇچىلىكى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان بولسا، ئۇلار ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا، ئەسىردىن ئەسىرگە پەقەت يەپ - ئىچىپ، نەسىل قالدۇرۇپ ياشايدۇ، ئۇلاردا ئىسيان تۇيغۇسى دېگەن نەرسە يوق بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئۇلاردا دۇنيانىڭ، ئۆز تۇرمۇشىنىڭ بۇنىڭدىن باشقىچە بولالايدىغانلىقىنى ئويلىيالىغىدەك كاللىمۇ مەۋجۇت ئەمەس. پەقەت سانائەت - تېخنىكا تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ يۇقىرى سەۋىيەدە تەلىم ئېلىشىنى تەقەززا قىلىپ قالسا، ئاندىن ئۇلار خەتەرلىك ئادەملەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ھازىر دۆلەتلەر ئارىسىدا ھەربىي ۋە سودا جەھەتتىكى رىقابەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇھىم بولمىغاچقا، ئامىمۋىي مائارىپنىڭ سەۋىيەسى كۆپ دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتكەن. ھازىر ئاۋامنىڭ رايى نىمە، جەمئىيەتتە قانداق قاراشلار بار دىگەنلەر مۇھىم ئەمەس. ئۇلارغا پىكىر ئەركىنلىكى بىرىلگەن، چۈنكى ئۇلاردا پىكىرمۇ يوق. بۇنىڭ ئەكسىچە، ناۋادا پارتىيە ئەزالىرىدا، ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلار توغرىلىقمۇ كىچىككىنە ئىدىيىۋى سەھۋەنلىك كۆرۈلسە، قەتئىي كەچۈرۈلمەيدۇ.

ھەرقانداق بىر پارتىيە ئەزاسى تۇغۇلغاندىن ئۆلگىچە ئىدىيە ساقچىسىنىڭ نازارىتى ئاستىدا تۇرىدۇ. ئۇ يالغۇز قالسىمۇ، مەن يالغۇز دەپ جەزم قىلالمايدۇ. مەيلى ئۇ قەيەردە بولسۇن، ئۇخلىسۇن ياكى ئويغاق بولسۇن، خىزمەتتە ياكى دەم ئېلىشتا، مۇنچىسىدا ياكى كارىۋىتىدا بولسۇن، ئۇ ھېچقانداق ئاگاھلاندۇرۇشسىز ھالدا نازارەت قىلىنىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ نازارەت قىلىنىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى كىچىك سانالمايدۇ. ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان دوستلۇقى، كۆڭۈل ئېچىشى، خوتۇن - بالىلىرىغا تۇتقان مۇئامىلىسى، يالغۇز قالغاندىكى چىراي ئىپادىسى، ئۇيقۇدىكى جۆيلۈشى، ھەتتا بەدىنىنىڭ بەزى ئادەتلىنىپ قالغان قىمىرلاش - ھەرىكەتلىرى ... ھەممىسى ئىنچىكە نازارەت ئاستىدا. مەيلى ئىنتايىن ئۇششاق سەۋەنلىك، غەلىتە قىلىق - ئادەتلىرىدىكى كىچىك ئۆزگىرىش، يۇرۇش - تۇرۇشىدىكى جىددىيلىك بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بىر كۈرەشنىڭ ئالامىتى، چوقۇم ئېنىقلاش كېرەك دەپ قارىلىدۇ. ھېچقانداق ئىشتا ئۇ ئۆزى بىلىپ قارار چىقىرالمايدۇ. ئەلۋەتتە،

ئۇنىڭ ھېچقانداق ئىش ـ ھەرىكىتى ئېنىق قانۇن ـ تەرتىپ تەرىپىدىن چەكلەنمەيدۇ. ئوكيانىيىدە قانۇن يوق. ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان ئىدىيە ياكى ئىش ـ ھەرىكەتلەر، ئېنىق يازما شەكىلدە چەكلەنمەيدۇ. ئايىغى چىقماس پالاش، تۇتۇش، قىيناش، سولاش، پارغا ئايلاندۇرۇشلار سادىر قىلىنىپ بولغان جىنايەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كەلگۈسىدىكى مەلۇم بىر چاغدا سادىر قىلىنىپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان جىنايەت ئۈچۈن ئىجرا قىلىنىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىدا توغرا قاراشلا ئەمەس، بەلكى توغرا تەبىئەت بولۇشى تەكىتلىنىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىدىن ھازىرلاش تەلەپ قىلىنىدىغان نۇرغۇن ئىدىيە، پوزىتسىيىلەر ئادەتتە ئاشكارە بايان قىلىنمايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇنى ئىنسوكنىڭكى نۇرغۇن زىتلىقلارنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويماي تۇرۇپ، بايان قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ بىر تەبىئىي ئورتودوكس (ساداقەتمەن) ئادەم بولسا (يېڭى تىلدە ئۇ «ياخشى پىكىرچى» دەپ ئاتىلاتتى)، ئۇ ھەرقانداق ئەھۋالدا، ئويلىنىپ ئولتۇرماستىنلا، نېمىنىڭ توغرا ئىدىيە، نېمىنىڭ پارتىيە تەلەپ قىلىدىغان ھېس ـ تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ بالىلىق ۋاقتىلىرىدا تاماملانغان ۋە «يېڭى تىل»دىكى جىنايەت توسۇش، ئاق ـ قارا، قوش تەپەككۇر قاتارلىق سۆزلەر ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىنچىكە زېھنىي مەشىق ئۇلارنى ھەرقانداق ئىش توغرىلىق چوڭقۇر ئويلىنىشنى خالىمايدىغان، ھەتتا ئويلاي دېسىمۇ ئويلىيالمايدىغان قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ.

پارتىيە ئەزالىرىدىن ھېسسىياتسىزلىق ۋە قىزغىنلىق ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاياجاندىن ئۆزىنى تورمۇزلىيالماي قويۇۋېتىپ ئىپادىلەش تەلەپ قىلىناتتى. ئۇنىڭدا ھەردائىم، ھەرۋاقىت چوقۇم چەت ئەل دۈشمەنلىرى، ئىچكى خائىنلارغا بولغان ئەسەبىيلەرچە نەپرەت، غەلىبىگە نىسبەتەن يۈكسەك تەنتەنە، پارتىيەنىڭ قۇدرىتى ۋە دانالىقى ئالدىدىكى يۈكسەك كىچىكسىنىش بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئاچ - يالىڭاچ تۇرمۇشقا بولغان نارازىلىقى ئىككى مىنۇتلۇق نەپرەت پائالىيىتى دېگەندەك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن بوشىتىلاتتى ۋە ئۇنىڭدا گۇمان، شۈبھە، ئىسيان پەيدا قىلىپ قويۇش ئېھتىماللىقى بار ئوي - خىياللار ئۇ ئىلگىرى قوبۇل قىلغان ئىچكى مەشىق - ماھارەتلىرى ئارقىلىق ئالدىن تۇنجۇقتۇرۇلاتتى. بۇ ماھارەتنىڭ ئەڭ ئاددىي ۋە بىرىنچى قەدىمى باللىق ۋاقتىدىلا ئۆگىتىلىپ بولىدىغان بولۇپ، «يېڭى تىل»دا «جىنايەت توسۇش» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئادەتتە، بىرەر خەتەرلىك ئىدىيە كاللىغا كېلىش - كەلمەستىلا، ئۇنى تەبىئىي تۈيغۇ بىلەنلا توختىتىۋېلىشنى كۆرسىتەتتى. بۇ يەنە ئانالىز قىلىش ئىقتىدارى بولماسلىق، لوگىكىلىق خاتالىقلارنى پەرقلەندۈرەلمەسلىك، ئىنسوكقا زىت كەلسىلا ھەرقانداق ئاددىي ھۆكۈمنىمۇ خاتا چۈشىنىش، ئادەمنى غەيرىي نىشانغا باشلاش ئېھتىمالى بولغان پىكىر - تەپەككۇردىن زېرىكىش، يېتىرقاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. قىسقارتقاندا، جىنايەت توسۇش — قوغدىنىش خاراكتېرلىك دۆتلۈك دېگەنلىك ئىدى. ئەمما دۆتلۈكلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە يەنە مۇتلەق ئورتودوكس (سادىق) بولۇشنى، ئۆزىنىڭ كاللىسى، ھېس - تۈيغۇسىنى خۇددى سېرىكچى

بەدىنىنى كونترول قىلغانىدەك كونترول قىلىش تەلەپ قىلىناتتى. ئوكيانىيە جەمئىيىتى «غوجاكا ھەممىگە قادىر، مۇتلەق توغرا، پارتىيە يىمىرىلمەس» دېگەن ئېتىقاد ئۈستىگە قۇرۇلغان. ھالبۇكى، رېئاللىقتا ئۇنداق بولمايدىغانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ قالىدىغان بولغاچقا، يۈز بەرگەن ئىش ـ ھادىسە، پاكىتلارغا نىسبەتەن ھەر مىنۇت ـ سېكونت ئېلاستىك مۇئامىلە قىلىناتتى. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچلۇق سۆز ئاق ـ قارىدۇر. «يېڭى تىل»دىكى باشقا نۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش، ئاق ـ قارىنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى مەنىسى بار ئىدى. بۇنى دۈشمەنلەرگە تەدبىقلىغاندا، ئوپئوچۇق پاكىتنى ئىنكار قىلىش، قارىنى ئاق دېيىش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. پارتىيە ئەزالىرىغا تەدبىقلىغاندا بولسا، پارتىيە ئاقنى قارا دېسىمۇ، قارىنى ئاق دېسىمۇ مۇتلەق ھەق دەپ بىلىش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. بىراق بۇ يەنە قارىنى ئاق دەپ ئىشىنىش، ھەتتا شۇنداق دەپ بىلىش، ئۇنىڭدىن باشقا، قارىنى قارا، ئاقنى ئاق دەپ ئىشىنىپ باققانلىقىنىمۇ تولۇق ئۇنتۇپ كېتىش ئىقتىدارىنىمۇ بىلدۈرەتتى. بۇ ئۆتمۈشنى، تارىخنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلاتتى، بۇ پەقەت ھەممىنى سىغدۇرالايدىغان بىر تەپەككۇر سىستېمىسى بىلەنلا مۇمكىن بولاتتى. مانا بۇ «يېڭى تىل»دىكى ئاتالمىش قوش تەپەككۇر ئىدى.

ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتىش مۇنداق ئىككى سەۋەبتىن زۆرۈر ئىدى: بىرى، ئالدىنى ئېلىش مەقسەت قىلىنغان ئىككىلەمچى سەۋەب بولۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭمۇ خۇددى كەڭ پرولتارلاردەك ھازىرقى رېئاللىقنى قوبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشى ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ھالىنى سىلىشتۇرىدىغان بىر ئۆلچەمنىڭ يوقلۇقىدىن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار چوقۇم خۇددى چەت ئەل بىلەن مۇتلەق ئالاقە قىلمىغاندەك، ئۆتمۈشتىنمۇ مۇتلەق ئۈزۈلۈشى؛ ئۇلار ئۆزىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىنىڭ ئەجدادلىرىنىڭكىدىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىگە، ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنىڭ كۈنسايىن ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنىشى لازىم ئىدى. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ مۇھىم سەۋەب شۇكى، ئۆتمۈشنى بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش پارتىيەنىڭ مۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداشنىڭ تەقەززاسى ئىدى. ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتىش، ھەرگىزمۇ پەقەتلا پارتىيەنىڭ ھەممە ساھەدىكى ئالدىن بىشارەتلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، يىغىنلاردىكى نۇتۇق، ئىستاتىستىكا، بارلىق ئارخىپ، يازمىلارنى ئۆزگەرتىپ، ئۇلارنى ۋاقىت بىلەن تەڭقەدەملەشتۈرۈشلا بولماستىن، يەنە ئۇ سىياسىي ئىتتىپاقداشلىقتىكى ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلماسلىق ئىدى. پارتىيەنىڭ قارىشىچە، قارار، سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشى ئاجىزلىقنى ئېتىراپ قىلىش بولۇپ قالاتتى. مەسىلەن، ناۋادا بۈگۈنكى دۈشمەن شەرقىي ئاسىيا ياكى ياۋروئاسىيا بولۇپ قالسا، ئۇنداقتا ئاشۇ دۈشمەن دۆلەت ئەزەلدىن دۈشمەن ئىدى، دەپ قارىلاتتى. ئەگەر پاكىت ئەكسىچە بولسا، يەنە شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۆزگەرتىلەتتى. تارىخ ئۈزلۈكسىز، توختىماستىن قايتا - قايتا يېزىلاتتى، تارىخنى مۇنداق ھەركۈنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى، ھەقىقەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلاتتى، بۇ خىزمەت ئوكيانىيەنىڭ مۇقىملىقى ئۈچۈن شەپقەت مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن

ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشپيونلۇق، تۇتۇش، سولاشلارغا ئوخشاشلا زۆرۈر ئىدى.

ئۆتمۈشنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقى ئىنسوك ئىدىيەسىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. ئادەتتە دېيىلگەندەك، ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەر ئوبيېكتىپ مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت ئىنسانلارنىڭ خاتىرىسى ۋە يازما ۋەسىقىلىرىدىلا ساقلىنىپ قالىدۇ. ئۆتمۈش ئىنسانلارنىڭ خاتىرىسىدىكى ئەسلىمىسى بىلەن يازما ۋەسىقىلىرىدىكىنىڭ ئورتاقلىقىدىن ئىبارەت. پارتىيە بارلىق يازمىلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئېڭىنى تولۇق كونترول قىلغۇالغاچقا، تەبىئىيلا ئۆتمۈش ئۇلار قانداق يازسا، قانداق ئۆزگەرتسە بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان. بۇنىڭغا تەبىئىي ئەگىشىپ كېلىدىغىنى، گەرچە ئۆتمۈش ئۆزگەرتىلسىمۇ، مۇئەييەن ئېنىق ئىش - ۋەقەلەر ئۆزگەرتىلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ھەرقانداق ۋاقىتتا، مەلۇم ئېھتىياجغا ماسلاشتۇرۇلۇپ تەكرار - تەكرار ئۆزگەرتىلىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزگەرتىلگەن بۇ يېڭى نۇسخا ئۆتمۈش ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان ھەرقانداق بىر ئۆتمۈش، تارىخ مەۋجۇت بولمايدۇ. ھەر دائىمقىدەك، مەلۇم بىر ۋەقە بىر يىل ئىچىدە نۇرغۇن قېتىم ئۆزگەرتىلىپ تونۇغۇسىز ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ۋاقىتتا پارتىيە مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ ئىگىسى بولىدۇ، ھەمدە بۇ مۇتلەق ھەقىقەت نەق كۆز ئالدىدىكىدىن پەرقلىق بولمايدۇ. شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتىش ھەممىدىن بەكرەك خاتىرىنى مەشقلەندۈرۈشكە تايىنىدۇ. يېزىلغان بارلىق ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەت بىلەن بىردەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش، پەقەتلا بىر

مېخانىكىلىق ھەرىكەتتىن ئىبارەت. ئەمما بۇ ۋەقەلەرنىڭ چوقۇم پارتىيە كۈتكەندەك رەۋىشتە يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ ئەستە ساقلاش كېرەك. ئەگەر بىراۋنىڭ ئەسلىمىسى، خاتىرىسىنى قايتا رەتلەش ياكى يازما پاكىتلارنى بۇرمىلاش زۆرۈر بولسا، ئۇ چوقۇم مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كېيىن ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك. بۇنداق قىلىشنىڭ ئېپىنى باشقا زېھنىي ماھارەتلەرنى ئىگىلىگەندەك ئىگىلىگىلى بولىدۇ. پارتىيە ئەزالىرىنىڭ كۆپىنچىسى ، ئەقىللىق ۋە ئورتودوكس (سادىق) كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنداق ماھارەتنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان. «كونا تىل»دە بۇ «رېئاللىقنى كونترول قىلىش» دەپ ئاتىلاتتى، «يېڭى تىل»دا بولسا، «قوش تەپەككۇر» دەپ ئاتالغان، ئەلۋەتتە، بۇ سۆزنىڭ مەزمۇن دائىرىسى تېخىمۇ كەڭرى.

قوش تەپەككۇرنىڭ مەنىسى شۇكى، ئۇ ئادەمدىكى بىرلا ۋاقىتتا بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل پىكىرگە ئىشىنىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. پارتىيە زىيالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ خاتىرىسىنىڭ قايسى يۆنىلىشكە ئۆزگەرتىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ رېئاللىق بىلەن ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىدۇ. ئەمما يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قوش تەپەككۇر ماھارىتى ئارقىلىق ئۆزىنى رېئاللىقنىڭ ئۆزگەرتىلمىگەنلىكىگە ئىشەندۈرەلەيدۇ. بۇ جەرياننىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ئاڭلىق بولىدۇ، بولمىسا ئىنچىكىلىك، ئەستايىدىللىق بولماي قالىدۇ؛ شۇنداقلا يەنە ئاڭسىزمۇ بولىدۇ، بولمىسا، ئادەمدە ئالدامچىلىق قىلىۋاتقاندەك گۇناھ تۇيغۇسى پەيدا بولۇپ قالىدۇ. قوش تەپەككۇر ئىنسوك

پەلسەپىسىنىڭ يادروسىدۇر. چۈنكى پارتىيەنىڭ ئاساسلىق ئىشى ئالدامچىلىقنى ئاڭلىق تاماملاشتۇر، ئەلۋەتتە، بۇ مەقسەتكە يېتىشتە مۇتلەق سەممىي بولۇش لازىمدۇر. بىلىپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىش، پاكىتلارغا كۆز يۇمۇش، ئاندىن لازىم بولغاندا، يەنە ئۇنتۇپ كەتكەن يەردىن تارتىپ ئەچىقىپ ئىشلىتىش؛ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش، يەنە لازىم بولغاندا ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق... لارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ ۋە ئۇ مۇتلەق زۆرۈردۇر. ھەتتا قوش تەپەككۇرنى ئىشلەتكەندىمۇ قوش تەپەككۇر قىلىشنى مەشىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كىشىلەر مۇشۇ سۆزنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ رېئاللىقنى بۇرمىلاۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئاندىن قوش تەپەككۇرنى يەنە ئىشقا سېلىش ئارقىلىق كاللىسىدىكى بۇ تۇيغۇنى يۇيۇۋېتىدۇ. بۇ مانا مۇشۇنداق ھالقىسىمان داۋاملىشىۋېرىدۇ، يالغان ھەر دائىم ھەقىقەتتىن بىر قەدەم ئالدىدا كېلىدۇ. پارتىيە مۇنداق قوش تەپەككۇر ئارقىلىق تارىخ جەريانىنى ئاخىرى چاڭگىلىغا ئالدى، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق داۋاملىشىپ ماڭىدۇ.

ئىلگىرىكى بارلىق ئولىگارخىيىلەر باشقۇرۇشتا يا قاتماللىشىپ قېلىش ياكى يۇمشاق قوللىنىشىپ كېتىش بىلەن ۋە ياكى كالۋالىشىپ كەتكەنلىكى ۋە ھاكاۋۇرلۇقى تۈپەيلىدىن ئۆزلىرىنى يېڭى ئۆزگىرىش، مۇھىتلارغا ماسلاشتۇرالماي ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى ۋە ياكى لىبېرال، ئەمما قورقۇنچاق بولۇپ قالدى، قورال كۈچى ئىشلىتىدىغان چاغدا يول قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ كەتتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىگە يا ئاڭلىقلىق ياكى ئاڭسىزلىق سەۋەب بولىدى. پارتىيە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەت شۇكى، ئۇلار ئاڭ بىلەن ئاڭسىزلىق بىرلا ۋاقىتتا سىڭىشىپ مەۋجۇت بولالايدىغان بىر تەپەككۇر سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدى. پارتىيەنىڭ ئەبەدىيلىكى، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئەقلىي قۇرۇلما ئۈستىدە كاپالەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بىراۋ ھۆكۈمران بولماقچى ۋە بۇ ھۆكۈمرانلىقىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا چوقۇم پۇقرالارنىڭ رېئاللىق تۇيغۇسىنى بۇرمىلىۋېتىشى كېرەك. چۈنكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ سىرى، ئۆزىنىڭكىنىڭ مەڭگۈ توغرىلىقىغا بولغان ئىشەنچ بىلەن ئۆتمۈشتىن ئالغان تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يۇغۇرۇۋېتىشتە.

شۇنى دەپ ئۆتۈشنىڭ ھاجىتى يوقكى، قوش تەپەككۇرغا ئەڭ ماھىر كىشىلەر دەل شۇنى ئىجاد قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلار بۇنىڭ ناھايىتىمۇ كەڭ بىر زېھنىي ئالدامچىلىق سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە نېمىلەرنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشىلەر دەل ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈشتىن ئەڭ يىراق كىشىلەردۇر. ئومۇمەن ئەھۋالدا، چۈشىنىشى كۆپەيگەنسىرى شۇنچە ئېلىشىدۇ، قانچە ئەقىللىق بولغانسېرى شۇنچە قايمۇقىدۇ. بۇنىڭ بىر روشەن پاكىتى شۇكى، بىراۋنىڭ ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇنىڭدىكى ئۇرۇش ئەسەبىيلىكى شۇنچە كۈچىيىپ كېتىدۇ. ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيەسى ئەڭ ئەقلىي كىشىلەر ئاشۇ تالاش - تارتىشتىكى تېررىتورىيىلەردە ياشايدىغان

خەلقلەردۇر. ئۇلارغا نىسبەتەن، ئۇرۇش خۇددى دېڭىز تاشقىنىغا ئوخشاش، پات ـ پات كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان بىر تەبىئىي ئاپەتتىنلا ئىبارەتتۇر. ئۇلار ئۈچۈن قايسى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ قىلچىلىك ئەھمىيىتى يوق. ئۇلارغا نىسبەتەن بۇ يەرنىڭ ئىگىدارچىلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى، پەقەت بۇرۇنقى خوجايىنلىرى ئۈچۈن قىلىپ كەلگەن ئەمگەكلىرىنى يەنە شۇ بۇرۇنقى خوجايىنلىرىدەك مۇئامىلە قىلىدىغان يېڭى خوجايىنلار ئۈچۈن داۋاملاشتۇرۇۋېرىشتىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەرلەردىكى ئاھالىلەرگە قارىغاندا ياخشىراق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغان، بىز ئادەتتە «پرولېتار»لار دەپ ئاتايدىغان ئىشچىلار بولسا، ئۇرۇشنىڭ بارلىقىنى گاھىدا بىلىپ قالىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، ئۇلارمۇ ئۇرۇش ئەسەبىيلىكىگە، نەپرەت ـ قورقۇنچ ئىچىگە غەرق قىلىناتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە قويۇپ بەرسە، ئۇلار ئۇزاقتىن بېرى ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەلەيتتى. ھەقىقىي ئۇرۇش قىزغىنلىقى، ئەسەبىيلىكى پارتىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا، بولۇپمۇ ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىدا مەۋجۇت. پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەر يەنە پۈتۈن دۇنيانى بويسۇندۇرۇشقا ھەممىدىن مۇستەھكەم ئىشىنىدۇ. مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە مۇتلەق قارشى ئىككى ئۇقۇمنى باغلاش ــ خۇددى بىلىم بىلەن نادانلىقنى، ئۆمىتسىزلىك بىلەن ئەسەبىيلىكنى ــ ئوكيانىيە جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە بەلگىسىدۇر. ھۆكۈمەتنىڭ ئىدېئولوگىيەسىمۇ نۇرغۇن زىددىيەتلەرگە تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ھېچقانداق بىر ئەمەلىي

ئېھتىياج ياكى باشقا سەۋەب بولمىغاندىمۇ ئۇ مۇشۇ ھالەتتە تۇرىۋېرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، پارتىيە سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئەڭ دەسلەپتە ئاساسلانغان ئۆزىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنىمۇ ئىنكار قىلاتتى ۋە تاشلىۋېتەتتى، يەنە كېلىپ بۇنى سوتسىيالىزمنىڭ نامى ئاستىدا قىلاتتى. پارتىيە ئىشچىلار سىنىپىنى كەمسىتىشنى تەرغىب قىلىدۇ، بۇ ئىلگىرىكى ئەسىرلەردە بولۇپ باقمىغان بىر ئىش. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە ئەزالىرىدىن ئىشچىلار فورمىسى كىيىشنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا. پارتىيە ئائىلىنى سىستېمىلىق ئاجىزلاشتۇرۇشقا ئۇرۇناتتىيۇ، ئۆز رەھبەر، داھىيلىرىنى ئائىلىچە ساداقەتمەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان ناملاردا ئاتايتتى. ھەتتا ھازىر بىزنى باشقۇرۇۋاتقان تۆت مىنىستىرلىكنىڭ ناملىرىمۇ ئۇلارنىڭ پاكىتلارنى قاندىق رەۋىشتە مەقسەتلىك بۇرمىلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نومۇسسىزلىقتۇر. تىنچلىق مىنىستىرلىكى ئۇرۇش بىلەن، ھەقىقەت مىنىستىرلىكى ئويدۇرمىچىلىق بىلەن، شەپقەت مىنىستىرلىكى قىيناش بىلەن، مولچىلىق مىنىستىرلىكى بولسا ئاچ قويۇش بىلەن مەشغۇل! بۇ زىددىيەتلەر تەسادىپىيلىق ئەمەس، شۇنداقلا بۇ مۇنداقلا ئادەتتىكىچە بىر ساختىپەزلىكتىن پەيدا بوپقالغانمۇ ئەمەس، بەلكى قوش تەپەككۇرنى ئىنچىكە قوللىنىشنىڭ مەھسۇلىدۇر. چۈنكى زىددىيەتلەرنى مانا مۇشۇنداق مادارا قىلغاندىلا، ئاندىن ھوقۇقنىڭ ئەبەدىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. بۇرۇنقى ھالقىسىمان قانۇنىيەتنى بۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن بۇزۇۋېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى

ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەنى ئاتالمىش يۇقىرى تەبىقە ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئەبەدىي ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاۋامنىڭ زېھنى، ئەقلىنى داۋاملىق مۇشۇنداق چېك كونترول قىلىش، ئەسەبىي ھالەتتە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ يەردە بىز ھازىرغىچە سەل قاراپ كەلگەن بىر مەسىلە بار. يەنى، نېمە ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىق كېرەك؟ پۈتكۈل تارىخىي جەرياننىڭ مېخانىزمىنى توغرا بايان قىلدۇق دەپ پەرەز قىلساق، بۇنداق غايەت زور ئەمگەك، بەدەل سەرپ قىلىپ، تارىخنى مۇئەييەن بىر باسقۇچتا مۇزلىتىپ قويۇشتىكى مۇددىئا زادى نېمە؟

سىر مانا مۇشۇ يەردە. يۇقىرىدا كۆرگىنىمىزدەك، پارتىيەنىڭ، بولۇپمۇ ئىچكى پارتىيەنىڭ سېھرىي قۇدرىتى دەل قوش تەپەككۇردۇر. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ چوڭقۇر يەردە ئەسلىي مۇددىئا يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئىنسان تەبىئىتىدۇر. ئۇ ئاۋۋال ھوقۇققا ئىنتىلىدۇ، ئۇنى قولغا ئالىدۇ، ئاندىن قوش تەپەككۇرنى، ئاندىن ئىدىيە ساقچىلىرىنى، ئۈزلۈكسىز ئۇرۇشنى مەيدانغا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق مەۋجۇتلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان يەنە باشقا زۆرۈر ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدۇ. بۇ ئەسلىي مۇددىئا، ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق نەرسىلەردىن تەركىپ تاپىدۇ...

بىراۋ بىرەر تۇيۇقسىز ئاۋازدىن چۆچۈگەندەك ۋىنستونمۇ ئۆيدىكى جىمجىتلىقنى شۇنداق چۆچۈپ سەزدى. جۇلىيا ئۇيقۇغا چۆشۈپ كەتكىلى خېلى بولغاندەك قىلاتتى. ئۇ ۋىنستوننىڭ يېنىدا ياتاتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلىنىڭ ئۈستى يالىڭاچ بولۇپ، يۈزىنى ئالقىنىغا قويۇۋالغانىدى، يۇمۇق كۆزلىرىدىكى قويۇق، قارا كىرپىكلەر كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. كۆكسى بىرخىل رىتىمدا كۆتۈرۈلۈپ، پەسىيىپ تۇراتتى.

— جۇلىيا.

ئۇنىڭدىن سادا يوق.

— جۇلىيا، ئويغاقمۇسىز؟

ئۈنچىقمىدى. ئۇ ئۇخلاپ قالغانىدى. ۋىنستون كىتابنى يىپىپ، پولغا قويۇپ قويۇپ، ئۆزىمۇ ياتتى. ئۇ ئەديىالنى ھەر ئىككىيلەننىڭ ئۈستىگە تارتتى.

ئۇنىڭ كاللىسى تېخىچە ئويدا ئىدى، ئۇ ئاخىرقى سىرنى تېخىچە ئاڭقىرالمىغان ئىدى. ئۇ مەسىلىنىڭ قانداقلىقىنى چۈشەندى، ئەمما نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشىنەلمىدى. 1 - بابمۇ خۇددى 3 - بابتەكلا ئۇ بىلمەيدىغان بىر نەرسە دەپ بېرەلمىدى. ئۇ پەقەت ۋىنستون بىلىدىغان بىلىملەرنى سىستېمىلىق بايان قىلىپ بەرگەن ئىدى، خالاس. ئەمما ئۇ بۇنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ھېچبولمىسا ئۆزىنىڭ ساراڭ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ئازسانلىق بولۇپ قېلىش، ھەتتا يەككە - يېگانە بولۇپ قېلىشمۇ سىزنىڭ ساراڭلىقىڭىزنى بىلدۈرمەيتتى. بۇ يەردە ھەقىقەتمۇ، ساختىلىقمۇ بار، ناۋادا سىز ھەقىقەتكە چىڭ ئېسىلسىڭىز، پۈتۈن دۇنيا سىزگە قارشى چىققان تەقدىردىمۇ، سىز يەنىلا ساراڭ ئەمەس. پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرلىرى دەرىزىدىن كارىۋاتتىكى ياستۇققا سېپىلدى. ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشكەن قۇياش نۇرى ۋە جۇلىيانىڭ ئۇنىڭ بەدىنىگە تېگىشىپ تۇرغان بەدەنلىرى، ئۇنىڭدا بىر خىل كۈچ، ھوزۇر، ئىشەنچ تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. ئۇ بىخەتەر، ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ئىدى. ئۇ بىر نېمىلەرنى غودۇڭشىغاچ ئۇيقۇغا كەتتى: «ئەقىلنى ئىستاتىستىكا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.» ئۇنىڭچە بۇ سۆزدە ئىنتايىن چوڭقۇر ھېكمەت بار ئىدى.

## 10

ۋىنستون ئويغاندى، ئۇنىڭدا ناھايىتى ئۇزۇن ئۇخلىغاندەك سېزىم بار ئىدى، ئەمما تامدىكى سائەت ئەمدىلا يىگىرمە يېرىمنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ بىردەم ياتتى. پەستىن يەنىلا ھېلىقى ئايالنىڭ بېرىلىپ ئېيتىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى:

*بۇ پەقەتلا ئاتلىق خام خىيال،*
*ئۆتۈپ كېتەر ئاپرىل ئېيىدەك.*
*سۆز، قاراشتىن سەگەكەن چۇشلەر،*
*ئېلىپ قاچار ئەسنى ئوغرىدەك.*

بۇ تېتىقسىز ناخشا تېخىچە مودىدىن قالمىغاندەك قىلاتتى. ھازىرغىچە ھەممە يەردە بۇ ناخشىنى ئاڭلىيالايتتىڭىز. ئۇ نەپرەت ناخشىسىدىنمۇ ئۇزۇن مودا بولغانىدى. جۇلىيا بۇ ناخشا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە راھەت بىر كېرىلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— قورسىقىم ئېچىپتۇ، — دېدى جۇلىيا، — يەنە ئازراق قەھۋە دەملەيچۇ، ما ئىشنى! ئوت ئۆچۈپ قاپتۇ، سۇمۇ سوۋۇپ كېتىپتۇ، — ئۇ ئوچاققا قارىدى، — مېيىمۇ تۈگەپتۇ.

— چاررىڭتون ئەپەندىدىن سورايلى ئەمدى.

— قىزىق ئىش، لىققىدە ماي بار ئىدى بايا، مەن كىيىمىنى كىيىۋالاي، ھاۋا خېلى سوغۇققۇ تاڭ، — دېدى جۇلىيا. ۋىنستونمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيدى. ھېلىقى ئۈزۈلمەس ناخشا تېخىچە ياڭراۋاتاتتى:

*بۇ پەقەتلا ئاتلىق خام خىيال،*
*ئۆتۈپ كېتەر ئاپرىل ئېيىدەك.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*سۆز، قاراشتىن سەگەكرەك چۈشلەر،*
*ئېلىپ قاچار ئەسنى ئۇغرىدەك.*

ئۇ فورمىسىنىڭ بەلۋېغىنى چىڭتقاچ دەرىزىنىڭ يېنىغا باردى. قۇياش ئاللىقاچان ئۆينىڭ كەينىگە قىيسايغان، سەينادا ئاپتاپ قالمىغانىدى. پەستىكى ياپىلاق تاشلار، خۇددى ھازىرلا يۇغانىدەك ھۆل تۇراتتى. ئۇنىڭغا گويا ئاسمانمۇ يۇيۇلغانىدەك بىلىنىدى. كۆپكۆك ئاسمان تۈرخۇنلار ئارىسىدىن كۆزگە ناھايىتى يارقىن تاشلىناتتى. سېمىز ئايال ئېغىزىدا يەنىلا كىيىم ئىلغۇچنى چىشلىۋالغان، توختىماستىن ئىككى نۇقتا ئارىسىدا پالاقلايتتى، ئاندا - ساندا جىمىپ قالىدىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ناخشىسى داۋاملىق ياڭراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يايىدىغان يۆگىكى مەڭگۇ تۈگىمەيدىغانىدەك قىلاتتى. ۋىنستون بۇ ئايالنى كىيىم يۇيۇپ جېنىنى باقامدىغاندۇ ياكى يىگىرمە - ئوتتۇز نەۋرىسى بارمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. جۇلىيا ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى، ئىككەيلەن زور قىزىقىش ئىچىدە پەستىكى ئايالغا قارىدى. ئايال يوغان قوللىرىدا ئارغامچىغا توختىماي يۆگەك يېيىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاتنىڭ يانپىشىدەك ساغرىسى ئالاھىدە يوغان ئىدى. ۋىنستون ئۇ ئايالنىڭ چىرايلىقلىقىنى ھەيرانلىق بىلەن تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ تۇرغۇن بالا تۇغۇپ - بېقىپ چوڭ قىلغان، ئۇزاق مۇددەتلىك ئېغىر ئىش - ئەمگەكتىن بەدەنلىرى كىلەڭسىزلىشىپ، قوپاللىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ بۇنداق چىرايلىق تۇرىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى. ۋىنستون ئويلاپ قالدى، نېمىشقا ئۇ چىرايلىق بولمىغۇدەك؟ ئۇنىڭ كۆچلۈك، تۈۋرۈكتەك تۈپتۈز بەدىنى گرانىت تاشتەك كۆرۈنەتتى، ئاق - قىزىل تېرىسى يىرىكرەك ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قىزچاقنىڭ گۈزەللىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، خۇددى ئەتىرگۈل مېۋىسى بىلەن ئەتىرگۈلگە ئوخشايتتى، مېۋىسى گۈلىگە يەتمەيدۇ دەپ كىم دەيدۇ؟

— ئۇ چىرايلىقكەن، — دېدى ۋىنستون.

— ئۇنىڭ كاسسىسىنىڭ كەڭلىكىلا ئاز دېگەندە بىر مېتىر كەلگىدەك، — دېدى جۇلىيا.

— بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەللىكى، — دېدى ۋىنستون.

ۋىنستون جۇلىيانىڭ بېلىدىن بىر قولىدا قۇچاقلاپ ئۆزىگە يېقىنلاشتۇردى، جۇلىيانىڭ يوتىسى ۋىنستونغا چىڭ چاپلىشىپ تۇردى. ئۇلار بالىلىق بولمايتتى. ئۇلار كالالىسىدىكى مەخپىيەتلىكلىرىنى پەقەت تىلى ئارقىلىقلا بىر - بىرىگە يەتكۈزەلەيتتى. پەستىكى ئايالدا ئاڭ دەيدىغان نەرسە يوق ئىدى، پەقەت بىر جۈپ كۈچلۈك بىلەك، بىر مېھرىبان يۈرەك ۋە بىر تۇغۇمچان بالىياتقۇ بار ئىدى. ۋىنستون ئۇ ئايالنى قانچە بالا تۇغقاندۇ، دەپ ئويلىدى. ئون بەش بالا بولۇشى تۇرغانلا گەپ. ئۇنىڭ چوقۇم گۈلدەك ياشلىقى، گۈزەللىكى بولغان، كېيىن خۇددى ناھايىتى ئوبدان ئەي قىلىنغان مېۋىدەك بىردىنىلا يوغىناپ، قىزىرىپ، قاتتىقلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ كېيىنكى ئوتتۇز يىللىق ھاياتى، باشتا بالىلىرى، كېيىن نەۋرىلىرى ئۈچۈن كىر يۇيۇش، يەر سۈپۈرۈش، ياماق ياماش، تاماق ئېتىش، تازىلىق قىلىش، يۆگەك يۇيۇش، ئادالاش... بىلەن ئۆتكەن. مانا مۇشۇ جاپالاردىن كېيىنمۇ ئۇ يەنىلا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. نېمىشقىكىن، ۋىنستوننىڭ بۇ ئايال ھەققىدىكى بۇ تەسىراتلىرىپ بەرگىلى بولمايدىغان سىرلىق تۇيغۇسى كۆپكۆك ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ، تۇرخۇنلار ئارىسىدىن يىراق چەكسىزلىككە سوزۇلۇپ كەتتى. ھەيران قالارلىقى، بارلىق ئادەملەرگە نىسبەتەن، ئاسمان ھەممە يەردە — شەرقىي ئاسىيادا، ياۋروئاسىيادا — ئوخشاش ئىدى. شۇنداقلا، ئاسمان ئاستىدىكى بارلىق كىشىلەرمۇ، مەيلى ئۇلار ياۋروئاسىيادا بولسۇن ياكى شەرقىي ئاسىيادا بولسۇن، بىر - بىرىگە شۇنداق ئوخشاش ئىدى، ۋەھالەنكى بۇ ئىنسانلار بىر - بىرىنى بىلىشمەيتتى، ئۇلار يالغانچىلىق، ئۆيدۈرمىچىلىق بىلەن سىڭدۈرۈلگەن نەپرەت - قورقۇنچ ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئايرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاشلانغان ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە پۈتكۈل دۇنيانى ئاغدۇرۇپ تاشلىغۇدەك غايەت زور كۈچ - قۇدرەت بار ئىدى. ئەگەر ئۈمىت بار دېيىلسە، ئۇ پرولېتارلاردا ئىدى! ئۇ كىتابنىڭ ئاخىرىسىنى ئوقۇمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ چوقۇم گولدستېيىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى دېمەكچى بولغىنى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. كەلگۈسى پرولېتارلارغا مەنسۇپ ئىدى. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇلار قوزغىلىپ قۇرغان دۇنيادا، خۇددى پارتىيە قۇرغان دۇنيادىكىگە ئوخشاش، ۋىنستون ئۆزىنىڭ ياتسىراپ قالىدىغان - قالمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرەلمەي قالدى. شۇنداق! چۈنكى ئۇ ھېچبولمىغاندا بىر ئەقىل دۇنياسى بولاتتى. قەيەردە باراۋەرلىك بولسا، شۇ يەردە ئەقىل بولاتتى. بالدۇر ياكى كېيىن بولسۇن، بۇ ئىش چوقۇم يۈز بېرەتتى، كۈچ - قۇۋۋەت چوقۇم ئاڭغا ئايلىناتتى. پرولېتارلار ئۆلمەيتتى، سىز ئۇنى پەستىكى ئاشۇ جانلىق، جۇشقۇن ئايالغان قارىسىڭىزلا كۆرەلەيتتىڭىز. ئاخىرىدا ئۇلار چوقۇم ئويغىناتتى. ئەمما، مۇشۇ ئىش يۈز بەرگۈچە، بەلكىم مىڭلارچە يىللار ئۆتۈشى، پرولېتارلار ھەرقانداق مۇشكۈلات بولسىمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلىشى، پارتىيە ئىگە بولالمايدىغان، يوق قىلالمايدىغان كۈچ - قۇۋۋەتنى، خۇددى قۇشلارغا ئوخشاش ئەجدادتىن ئەۋلادقا ئۇلاپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى.

— ئېسىڭىزدە بارمۇ؟ — دېدى ۋىنستون، — بىز تۇنجى كۆرۈشكەن كۈنى، دەرەخنىڭ چوققىسىدا بىزگە سايراپ بەرگەن ھېلىقى قۇش؟

— ئۇ بىزگە سايراپ بەرمىگەن، پەقەت ئۆزىنى خۇش قىلىش ئۈچۈنلا سايرىغان ئۇ، تېخى ئۇنداق بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، شۇنداقلا سايرىغاندۇ بەلكىم.

قۇشلار سايرايدۇ، پرولېتارلارمۇ سايرايدۇ. پەقەت پارتىيەلا سايرىمايدۇ. پۈتكۈل دۇنيادا، لوندوندا، ئافرىقا، برازىلىيە، يىراقتىكى سىرلىق، چەكلەنگەن جايلاردا، پارىژنىڭ كوچىلىرىدا، بىپايان رۇسىيە تۈزلەڭلىرىدە، جۇڭگو، ياپونىيەنىڭ قىستا - قىستاڭ شەھەرلىرىدە

ئىش - ئەمگەك، بالا بېقىش ... دېگەندەك جاپا - مۇشەققەت بىلەن تاشتەك قېتىپ كەتكەن زور گەۋدىلەر تۇغۇلغاندىن ئۆلگۈچە، توختىماستىن سايراپ، ناخشا ئېيتىپ تۇراتتى. جەزمەنكى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن چوقۇم ئويغانغان بىر ئەۋلات تۇغۇلاتتى. سىز ئۆلەتتىڭىز، ئاندىن ئۇلار كەلگۈسىگە ئايلىناتتى. ئەگەر سىز ئۆز ئېڭىڭىزنى، خۇددى ئۇلار بەدىنىنى تىرىك ساقلىغاندەك تىرىك ساقلىيالىسىڭىز، ئىكككىنى ئىككىگە قوشسا تۆت بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئاڭنى ساقلاپ قالالىسىڭىز، ئۇلارنىڭ كېلەچىكىدىن سىزمۇ بەھرىمەن بولالايتتىڭىز.

— بىز ئۆلۈكلەر، — دېدى ۋىنستون.

— بىز ئۆلۈكلەر، — ئەگەشتى جۇلىيامۇ.

— سىلەر ئۆلۈكلەر، — دېدى ئارقا تەرەپتىن كەلگەن مۇزدەك بىر ئاۋاز.

ئۇلار چۆچۈپ تۇرۇپ كەتتى. ۋىنستوننىڭ پۈتكۈل بەدىنى مۇزلاپ كەتتى. جۇلىيانىڭمۇ كۆزلىرى يوغىناپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ مەڭزىدىكى يۇقۇپ قالغان بوياق، خۇددى ئاستىدىكى تېرىدىن ئاجراپ كەتكەندەك، كۆزگە تولىمۇ روشەن تاشلىنىپ تۇراتتى.

— سىلەر ئۆلۈكلەر، — تەكرارلاندى مۇزدەك ئاۋاز.

— رەسىمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىدۇ، — دەپ پىچىرلىدى جۇلىيا.

— رەسىمنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ مۇزدەك ئاۋازمۇ، — قىمىرلىماڭلار، بۇيرۇق بولمىغىچە مىدىرلىماڭلار.

بۇ ئىش ئاخىرى يۈز بەردى، بولغۇلۇق ئاخىرى بولدى! شۇ تاپتا بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇشتىن باشقا ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېچنېمە كەلمەيتتى. قېچىش، بەك كېچىكىپ بولغۇچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىش دېگەنلەر ئۇلارنىڭ كاللىسىغا كەلمىدى. تامدىن كېلىۋاتقان ئاۋازغا بويسۇنماسلىقنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. تام تەرەپتىن بىر قۇلۇپ شاراقشىپ ئېتىلگەندەك، ئارقىدىن ئەينەك چېقىلغاندەك ئاۋاز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاڭلاندى، ئەگىشىپلا تامدىكى رەسىم پولغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدە ئېكران بار ئىدى.

— ئۇلار بىزنى ئەمدى كۆرەلەيدۇ، — دېدى جۇلىيا.

— ئۇلار بىزنى ئەمدى كۆرەلەيدۇ، — تەكرارلىدى ئاۋاز، — ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىڭلارغا ئارقاڭلارنى قىلىپ تۇرۇڭلار، قولۇڭلارنى كاللاڭلارنىڭ كەينىگە قويۇڭلار، بىر - بىرىڭلارغا تېگىشىپ قالماڭلار.

ئۇلار تېگىشىپ تۇرمىدى، ئەمما ۋىنستون جۇلىيانىڭ بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى. بەلكىم تىترەۋاتقىنى ئۆزىنىڭ بەدىنى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلىۋالدى، ئەمما تىزىنى تىترەشتىن توختىتالمىدى. ئۆينىڭ ئىچى - سىرتىدا ئۆتۈكنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەتراپنى ئادەملەر قاپلاپ كەتكەندەك قىلاتتى. تاش كوچىدىن بىر نېمىنى سۆرەۋاتقاندەك ئاۋاز كەلدى، ھېلىقى ئايالنىڭ ناخشىسىمۇ تۇيۇقسىزلا بېسىقىپ قالدى. ئۇزۇنغىچە ھېلىقى كىر دېسنىنى سەينانىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئاتقاندەك تاراڭلىغان ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرمۇنچە ئادەمنىڭ غەزەپتىن تووۋلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاخىرىدا ئېچىنىشلىق بىر ۋارقىرىغان ئاۋاز بىلەن ھەممە ئاۋاز بېسىقتى.

— ئۆي قورشىلىپ بوپتۇ، — دېدى ۋىنستون.

— ئۆي قورشىلىپ بوپتۇ، — دېدى مۇز ئاۋاز.

ۋىنستون جۇلىيانىڭ چىشىنى قاتتىق چىشلىگەنلىكىدىن غىرىسلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.

— مېنىڭچە بىزمۇ خوشلىشايلى، — دېدى جۇلىيا.

— خوشلاشساڭلار بولىدۇ، — دېدى ئاۋاز. ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنچىكە، خۇددى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ۋىنستون بۇ ئاۋازنى ئىلگىرى ئاڭلاپ باققاندەك قىلاتتى:

— ھە راست، بىر ئېغىز گەپنى قىستۇرۇپ قوياي:

*شام كېلىدۇ كارىۋاتقا نۇرلار چاچقىلى،*
*پالتا كېلەر بېشىڭغا، كېسىپ ـ چاپقىلى،*

ۋىنستوننىڭ كەينىدىكى كارىۋاتقا بىر نەرسە چۈشتى، دەرىزىگە بىر شوتا قويۇلدى، دەرىزىنىڭ رامكىسىمۇ بۇزۇلۇپ كەتتى. بىرەيلەن دەرىزىدىن كىردى. پەلەمپەيدىن ئۆتۈكلەرنىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۆي بىردەمدىلا قارا كىيىملىك، بەستلىك ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆتۈكلىرىنىڭ چەملىرى تۆمۈر، قوللىرىدا ساقچى كالتىكى بار ئىدى.

ۋىنستون تىترەشتىن توختىدى، ئۇنىڭ قارىچۇقى قېتىپ قالدى. شۇ تاپتا بىرلا ئىش مۇھىم ئىدى، ئۇ بولسىمۇ قىمىرلىماسلىق، قىمىرلىماسلىق، ئۇلارغا سېنى ئۇرىدىغان باھانە تېپىپ بەرمەسلىك. زاڭقى چاسا، بەدەنلىرى بوكسچىغىلا ئوخشايدىغان بىرى خۇددى بىرەر ئىشقا تەمشىلىۋاتقاندەك، كالتەكنى چىڭ سىقىمداپ ۋىنستوننىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ۋىنستوننىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭكى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بىر مۇنچە كىشىلەرنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ ھالدا، قولىنى كاللىسىنىڭ كەينىدە تۇتۇپ تۇرۇشتەك بۇ ھاقارەتكە چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. ئالدىدىكى ئۇ ئادەم تىلىنىڭ ئۇچىدا لەۋلىرىنى يالاپ قويدى. يەنە بىر نەرسە چېقىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى، بىرى قەغەز باسقۇنى ئوچاق بېشىدىكى تاشقا تاشلىغاندەك قىلاتتى.

مارجان تېشى پارچىسى — ئۇ يۈزىگە ئۇششاق پۇرمە نەقىش ئويغاندەك كۆرۈنىدىغان، كىچىككىنە ھالرەڭ نەرسە بولۇپ، خۇددى تورتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويىدىغان تاتلىق غۇنچىگە ئوخشايتتى — كارىۋاتنىڭ ماتراستىن دومىلاپ چۈشتى. ۋىنستون ئۇنىڭ نەقەدەر كىچىكلىكىنى ئويلىدى. ئۇ كەينىدىن بىراۋنىڭ تىنىقىنى سەزدى، ئارقىدىنلا ھوشۇقىغا قاسسىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن قاتتىق بىر تېپىك تەگدى ـ دە، ئۇ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتتى. يەنە بىرەيلەن مۇشت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جۇلىيانىڭ قورسىقىغا قاتتىق بىرنى ئۇردى، جۇلىيا قورسىقىنى تۇتۇپ، قەغەزدەك قاتلىشىپلا كەتتى ۋە ئۈنىنىمۇ چىقىرالماي يۇملىنىپ كەتتى. ۋىنستون قىلچىلىك مىدىرلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. جۇلىيانىڭ قوغۇشۇندەك تاتىرىپ كەتكەن، نەپەس ئالالماي قىيىنىلىپ كەتكەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان چىرايى، ئۇنىڭ كۆرۈش دائىرىسىگە كىرىپ قالاتتى. ئۇ شۇنچە قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇپمۇ گويا تاياقنى ئۆزى يېگەندەك ھېس قىلدى. ئەمما ھازىر تاياقنىڭ ئازابىغا قارىغاندا، نەپەس ئېلىۋېلىش جۇلىياغا نىسبەتەن تېخىمۇ جىددىي ئىدى. ۋىنستون بۇ ئاجايىپ ئاغرىقنىڭ جاننى قانچىلىك ئاغرىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلالايتتى، شۇنداق بولسىمۇ، ھازىر ھەممىدىن يامىنى يەنىلا نەپەس ئالالماسلىق ئىدى. ئىككى ئادەم جۇلىيانىڭ تىزى ۋە مۈرىسىدىن كۆتۈرۈپ، ئۇنى خۇددى بىر پايپاقتەك سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ۋىنستون ئۇنىڭ يۈزىگە ئاران قارىۋالدى، ئۇنىڭ يۈزى ئاستىغا قاراپ قالغان بولۇپ، تاتىرىپ تارتىشىپ قالغان، كۆزلىرىمۇ يۇمۇق، يۈزىدە تېخىچە ھېلىقى بوياقنىڭ يۇقى بار ئىدى، بۇ ۋىنستوننىڭ جۇلىيانى ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

ئۇ ئۆلۈكتەك قىمىرلىماي تۇردى. ھېچكىم ئۇنى ئۇرمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بەزى ئويلار كەلگەندەك قىلدىيۇ، ئەمما ھېچقايسىسىغا قىزىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ چاررىڭتون ئەپەندىنىمۇ تۇتقانمىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ يەنە ھېلىقى سېمىز ئايالنى قانداق قىلغاندۇ، دەپمۇ ئويلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنتايىن سىيگۈسى كېلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ھەيران قالارلىقى ئۇ تېخى ئىككى - ئۈچ سائەت بۇرۇنلا سىيگەن ئىدى. تامدىكى سائەت توققۇزنى كۆرسىتىپ تۇراتتى، بۇ يىگىرمە بىر دېگەنلىك. ئەمما ئۆي يورۇپ كەتكەندەك ئىدى. ئادەتتە، ئاۋغۇست كۈنلىرىدە بۇنداق ۋاقىتتا خېلى قاراڭغۇ چۈشۈپ بولاتتىغۇ؟ جۇلىيا بىلەن ئىككىسى ۋاقىتنى ئالماشتۇرۇپ قويدىمۇ - يە؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلار سائەت تولۇق بىر ئايلانغىچىلىك يەنى، 24

سائەت ئۇخلىغان، ئەتىسى سەھەردە سائەت سەككىز يېرىم بولسا، ئۇنى ئەمدى يىگىرمە يېرىم بوپتۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ۋىنستون بۇنىڭ داۋامىنى ئويلىمىدى، چۈنكى بۇنىڭ ھازىر ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىدى.

پەلەمپەيدىن يەڭگىل ماڭغان تىۋىش ئاڭلاندى. چاررىڭتون ئەپەندى ئۆيگە كىردى. قارا كىيىملىك ئادەمنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرى بىردىنلا خېلىلا سىپايىلىشىپ قالدى. چاررىڭتون ئەپەندىنىڭ قىياپىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بار ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى يەردىكى ئەينەك پارچىلىرىغا چۈشتى.

— ماۋۇ ئەينەك پارچىلىرىنى ئېلىۋەت، — دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا.

بىرەيلەن دەرھال ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بىجا كەلتۈردى. ئۇنىڭ ھېلىقى لوندونچە تەلەپپۇزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ۋىنستون بىردىنلا بىر نەچچە مىنۇت ئېكراندىن ئاڭلىغان ئاۋازنىڭ، دەل مۇشۇ ئاۋاز ئىكەنلىكىنى تونۇدى. چاررىڭتون ئەپەندى يەنىلا ھېلىقى كونا چاپىنىنى كىيىۋالغان، ئەمما ئۇنىڭ ئاپپاق چاچلىرى قاپقارا بولۇپ قالغانىدى. كۆزەينىكىنىمۇ تاقىمىغانىدى. ئۇ ۋىنستونغا خۇددى ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى يەنە بىر جەزملەشتۈرۈۋەتكەندەك تىكىلىپ بىرنى قارىۋەتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنى يەنىلا تونۇغىلى بولاتتى، ئەمما ئۇ ھەرگىزمۇ ۋىنستون تونۇيدىغان چاررىڭتون ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەددىمۇ تۈزلىنىپ قالغان، بويىمۇ ئېگىزلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە بەكلا كىچىك ئۆزگىرىش بولغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزگەرتىلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. قېشىمۇ ئىلگىرىكىدەك قويۇق ئەمەس ئىدى، كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى قورۇقلىرىمۇ يوقىغان، يۈزىنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلگەندەك كۆرۈنەتتى. ھەتتا بۇرنىمۇ سەل كىچىكلەپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى ئەللىك ياشلار ئەتراپىدىكى سەزگۈر، مۇزدەك بىر ئادەمنىڭ چىرايىغا ئالماشقان ئىدى. ۋىنستون

ھاياتىدا تۇنجى قېتىم، بىر ئىدىيە ساقچىسىغا قاراپ تۇرغانلىقىنى ئويلىدى.

# ئۈچىنچى بۆلۈم

## 1

ئـۇ ئۆزىنىـڭ قەيەردىلىكىنـى بىلمەيتتـى، بەلكىـم ئـۇ شـەپقەت مىنىسـتىرلىكىدىدۇ، ئەممـا ئـۇ بۇنـى جەزملەشـتۈرەلمەيتتى. ئـۇ تورۇسـى ئېگىز، دەرىزىسى يـوق بىـر كامېردا تۇراتتـى، كامىرنىـڭ تېمىغا پارقىـراق ئـاق چاقچۇق چاپلانغـان ئىـدى. كامېرنـى توسـۇپ قويۇلغـان چىراغنىـڭ سـوغۇق نـۇر يورۇتـۇپ تۇراتتـى، پـەس، ئەممـا ئۈزۈلمـەس بىـر ئـاۋاز گۈرۈلـدەپ تۇراتتـى، ۋىنسـتون ئۇنـى هـاۋا ئالماشـتۇرۇش سىستېمىسـىدىن كېلىۋاتقان ئـاۋاز بولسا كېرەك، دەپ پـەرەز قىلـدى. ئىشـكتىن باشـقا تۆت تامنىـڭ هەممىسـىگە، ئـادەم ئولتۇرغىـدەك كەڭلىكتـە ئـۇزۇن ئورۇنـدۇق چىقىرىلغانىـدى، ئىشـىكنىڭ ئۇدۇلىغـا تـەرەت قاچىسـى ئورنىتىلغـان بولـۇپ، ياپقۇچىمـۇ يـوق تۇراتتـى. تـۆت تامنىـڭ هەممىسـىگە بىردىـن ئېكـران ئورنىتىلغـان ئىـدى.

ئۇنىـڭ قورسـىقىنىڭ ئالدىقانـداق بىـر يېـرى توختىمـاي ئاغرىـپ تۇراتتـى، بـۇ ئاغرىـق ئۇنـى مەهبۇسـلار ماشىنىسـىغا قاتـلاپ ـ پۈكلـەپ تاشـلىغاندىن بۇيـان توختـاپ باققىنـى يـوق. ئۇنىـڭ قورسـىقى قاتتىـق ئېچىـپ كەتتـى، مۇشـۇنداقلا ئـاچ قالسـا، ئۇنىـڭ سـالامەتلىكى كاردىـن چىقىشـى تۇرغانـلا گـەپ ئىـدى. ئـۇ تاماق يېمىگىلـى بەلكىـم 24 سـائەت بولغانـدۇ، بەلكىـم 36 سـائەت، ئىشـقىلىپ ئېنىـق بىلگىلـى بولمايتتـى.

ئۇ هازىرغىچە ئۆزىنى تۇتقان ۋاقىتنىڭ ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتى، بەلكىم مەڭگۈ بىلەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن بۇيان تاماق يەپ باقمىدى. ئۇ تار ئورۇندۇقتا قولىنى تىزىغا قويۇپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. ئۇ قىمىرلىماي ئولتۇرۇشنى ئۆگىنىۋالدى. ناۋادا قىمىرلىسىلا ئېكراندىن تووۇلغان ئاۋاز كېلەتتى. ئاچلىق ئۇنى قىيناماقتا. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى بىر پارچە بولكىدا قالدى. فورمىسىنىڭ يانچۇقىدا بولكا ئۇۋاقلىرى باردەك ئېسىدە ئىدى. بەلكىم چىمدەپ ئالغۇچىلىك بولسىمۇ ئۇۋاق چىقىشى مۇمكىن ئىدى، چۈنكى فورمىسىنىڭ يانچۇقىدىن بىر نېمە يوتىسىغا تەگكەندەك سېزىلىپ تۇراتتى. ئاخىرى ئاچلىق قورقۇنچتىن غالىپ كەلدى، ئۇ قولىنى يانچۇقىغا تىقتى.

— سىمىس! — ۋارقىرىدى بىر ئاۋاز ئېكراندىن، — 6079 - نومۇرلۇق ۋىنستون سىمىس! قولۇڭنى يانچۇقۇڭدىن چىقار!

ئۇ يەنە جىم ئولتۇردى، قولىنى يەنە تىزىغا قويدى. ئۇ بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، باشقا بىر جايغا ئاپىرىلغان ئىدى، ئۇ يەر چوقۇم بىر ۋاقىتلىق قاماقخانا ياكى چارلىغۇچىلار ئىشلىتىدىغان تۇتۇقخانا بولسا كېرەك. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىگە قانچىلىك بولغانلىقىنى بىلەلمەيتتى. بولمىغاندىمۇ بىر نەچچە سائەت بولغاندۇ. بۇ يەردە سائەتمۇ، قۇياش نۇرىمۇ يوق، ۋاقىتنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىنتايىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ، سېسىقچىلىققا تولغان يەر ئىدى. ئۇلار ئۇنى هازىرقى كامىرغا ئەكىرىپ قويۇشتىن ئىلگىرى، ئون ياكى ئونبەش ئادەم تىقىلىشىپ تۇرۇۋاتقان يەنە بىر مەينەت كامىرغا ئەكىرىپ قويغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر بولۇپ، ئارىسىدا بىر قانچە سىياسىي جىنايەتچى بار ئىدى. ۋىنستون تامغا قاراپ مىدىرلىماي ئولتۇرغان، مەينەتلىشىپ كەتكەن بەدەنلەر ئۇنىڭغا سۈركىلىپ تۇراتتى. قورقۇنچ ۋە قورسىقىدىكى هېلىقى ئاغرىق ئۇنىڭ ئەتراپىغا قارىغىدەك هالىنى قويمىغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ پارتىيە

جىنايەتچىلىرى بىلەن باشقا جىنايەتچىلەرنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى سەزدى. پارتىيە جىنايەتچىلىرى دائىم جىمجىت ۋە قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەتتى، ئەمما ئادەتتىكى جىنايەتچىلەر بولسا ھېچنېمىگە ئېرەنگىشىمىگەندەك يۈرەتتى. ئۇلار قاراۋۇللارنى تىللاپ تووۋلايتتى، نەرسە - كېرەكلىرىنى مۇسادىرە قىلغاندا قارشىلىشاتتى، مەينەت، ئەپسانىۋى سۆزلەرنى پولغا يېزىپ قوياتتى، كىيىملىرىنىڭ بىر يەرلىرىگە تىقىۋالغان يېمەكلىكنى يېيىشەتتى، بۇلارنى بىر ئاماللارنى قىلىپ ئەكىرەتتى، ھەتتا بەزىدە ئېكراندىن تەرتىپنى ساقلاش ئۈچۈن بىر نېمە دېسە، ئېكرانغا قاراپ تووۋلاپ قوياتتى. بىراق يەنە بەزىلىرى قاراۋۇللار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى، قاراۋۇللارنى ئەركىلەتمە ئىسمى بىلەن چاقىراتتى. بىر ئاماللارنى قىلىپ، ئۇلارنى ئىشىكنىڭ كۆزنىكىدىن تۆشۈكتىن تاماكا سۇنۇپ بېرىشكە قايىل قىلاتتى. قاراۋۇللارمۇ ئۇلارغا قاتتىق قوللۇق قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، خېلىلا كەڭ قورساق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ يەردە جىنايەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەۋەتىلىدىغان ئەمگەك لاگېرى توغرىلىق جىق گەپلەر بولدى. ئۇ يەرلەردىمۇ ئەگەر سىزنىڭ ئالاقە تورىڭىز ياخشى بولسا، تەلىيىڭىزنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى ئىدى. ئۇ يەردە يەكلەش، يالغان بېسىش، پارىخورلۇق، قاقتى - سوقتى قىلىشلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى، يەنە تېخى ھەمجىنسلار، پاھىشىۋازلىقلار، ھەتتا ياڭيۇدىن ئىشلەنگەن ھاراقمۇ تېپىلاتتى. ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرگىلا، بولۇپمۇ ئادەم ئۆلتۈرگەن قاتىللار، قارا گورۇھلارغىلا ئاندىن ئىشەنگىلى بولىدۇ دەپ قارىلاتتى. ھەتتا ئۇلار ئۇ يەردە ئاقسۆڭەك بولۇۋېلىشقان بولۇپ، بارلىق ئېغىر، مەينەت ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سىياسىي جىنايەتچىلەر قىلاتتى.

ئۇ يەرگە ھەرخىل جىنايەتچىلەر — زەھەر ئەتكەسچىلىرى، ئوغرىلار، بۇلاڭچىلار، قاراڭغۇ بازارچىلار، مەستلەر، پاھىشىلەر — كىرىپ - چىقىپ تۇراتتى. بەزى مەستلەر بەك جېدەلخور بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باشقىلار بىرلىشىپ ئاران بويسۇندۇراتتى. ئاتمىش ياشلار ئەتراپىدىكى ناھايىتى بەستلىك يوغان بىر ئايالنى، تۆت قاراۋۇل پۇت - قوللىرىدىن تارتىشتۇرۇپ ئېلىپ كىردى، ئايالنىڭ يوغان كۆكسى لەپەڭشىپ تۇراتتى، ئاق چاچلىرىمۇ يۇلقۇنۇپ چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ پۇتىدىكى ئۆلارنى تەپمەكچى بولغان ئۆتۈكنى سالدۇرۇۋەتتى ۋە ئۇ ئايالنى ۋىنستوننىڭ يوتىسىغىلا تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى، بۇ ئېغىر ئايال ۋىنستوننىڭ يوتىسىنى ئېزىۋەتكىلى تاس قالدى. ئايال دەرھال ئۆزىنى رۇسلاپ چىقىپ كېتىۋاتقان قاراۋۇللارنى كەينىدىن پاسكىنا تىللار بىلەن تىللاپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئولتۇرغان يېرىنىڭ سەل تەكشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ، ئورۇندۇققا سىيرىلىپ چۈشۈۋالدى.

— كەچۈرۈڭ، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ئۇ ئايال، — ئەسلى سىزنىڭ يوتىڭىزدا ئولتۇرۇۋالمايتتىم، ئاۋۇ ئىتنىڭ باللىرى مېنى تاشلاپ قويۇپتۇ، بىر ئايالغا شۇنداقمۇ مۇئامىلە قىلامدۇ - ھە؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — ئۇ سۆزىدىن توختاپ كۆكسىنى ئوڭشىۋالدى ۋە بىرنى چۈشكۈردى، ۋە — كەچۈرۈڭ، مەن سەل بىئارام بوپقالغانىدىم، — دېدى. ئۇ ئالدىغا ئېڭىشىپ تۇرۇپ، پولغا ناھايىتى كۆپ قۇسۇۋەتتى، — ئەمدى خېلى ياخشى بوپقالدىم، — دېدى ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ كەينىگە يۆلەنگىنىچە.

— چىداپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، قورساقتا ھەزىم بولۇپ بولغۇچە چىقىرىۋەتكەن ياخشى، — دېدى ئۇ ئايال.

ئۇنىڭغا ئەمدى خېلى جان كىرىپ قالغاندەك بولدى، ئۇ ۋىنستونغا يەنە بىر قارىدى، ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە ۋىنستوننى ياقتۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇ ۋىنستوننى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، ئۆزىگە يېقىن تارتىپ قۇسۇق ۋە پىۋا پۇراپ تۇرىدىغان ئېغىزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتى.

— ئىسمىڭىز نېمە ئوغلۇم؟

— سىمىس.

— سىمىس؟! قىزىق ئىش، مېنىڭ فامىلەممۇ سىمىس، نېمىشقا؟

— ئۇ سەل ھاياجانلىنىپ قالدى ۋە، — مەن چوقۇم سىزنىڭ ئائىلىڭىزگە نەمەن، — دېدى.

ۋىنستون ئويلاپ قالدى، بەلكىم راست شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ يېشىمۇ ئۇدۇل كېلەتتى، بەدەنلىرىمۇ سەل ئوخشىغاندەك قىلاتتى، بەلكىم يىگىرمە يىللىق ئەمگەك شۇنداق ئۆزگەرتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىنغۇ.

باشقا ھېچكىم ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى. ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرنىڭ پارتىيە جىنايەتچىلىرى بىلەن پەقەت كارى بولمايتتى. «سىياسىيلار» دەپ ئاتاپ قوياتتى ئۇلارنى بىرخىل كەمسىتىش تەلەپپۇزىدا. پارتىيە جىنايەتچىلىرى باشقىلارغا، بولۇپمۇ بىر - بىرىگە گەپ قىلىشتىن بەك قورقاتتى. پەقەت بىرلا قېتىم ئىككى پارتىيە ئەزاسىنىڭ — ئىككىلىسى ئايال ئىدى — ئورۇندۇقتا قىستىلىشىپ بىر يەرگە كېلىپ قالغاندا، ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئارىسىدا پىچىرلاشقانلىقى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى، «101 - ئۆي» دېگەندەك گەپ ئاڭلاندى، ئەمما بۇنىڭ نېمە مەنىسى بارلىقىنى چۈشەنمىدى.

بۇلار ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىشتىن ئىككى - ئۈچ سائەت بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئۇنىڭ قورسىقىدىكى ئاغرىق بەزىدە خېلى ئوڭشىلىپ قالاتتى، بەزىدە تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ چېچىلىپ، يىغىلىپ تۇراتتى. ئاغرىق كۈچىيىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاغرىق بىلەن يېمەكلىكتىن باشقا نەرسە كەلمەيتتى؛ سەل قويۇپ بەرگەندە بولسا، ئۇ ۋەھىمە، قورقۇنچنىڭ ئىچىدە قالاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بېشىغا يەنە نېمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق پەرەز قىلغان چاغلىرىدا قورقۇنچتىن يۈرىكى بوغۇزىغا قاپلىشىپ، تىنىقى توختاپ قالاتتى. ئۇ جەينىكىگە ئۇرۇلغان

كالتەكنى، تۆمۈر چەملىك ئۆتلۈك بىلەن ھوشۇقىغا يېگەن تىپىكنى، ئاغرىقتىن يەردە يۇملىنىپ تۇرۇپ، چىشى تۆكۈلۈپ كەتكەن ئېغىزىدا ئۇلارغا يىلىنغانلىقنى ئەسلىدى. ئۇ جۇلىيانى ئويلىمىغان، كالليسىنى ئۇنىڭغا بىغالىمىغانىدى. ئۇ جۇلىيانى ياخشى كۆرگەن ئىدى، ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلمايتتى. بىراق ئۇ ئىلگىرىكى ئىش ئىدى، بۇ خۇددى ماتېماتىكا فورمۇلىلىرىدەكلا ئېنىق ئىش. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىدە جۇلىياغا نىسبەتەن ھېچبىر مۇھەببەت سەزمىدى، ھەتتا جۇلىياغا نېمە ئىش بولغىنىنى ئويلاپمۇ كەتمىدى. ئۇ ئوبراينىنى كۆپرەك ئويلايتتى، شۇنىڭدىن كىچىككىنە بىر ئۈمىت شولىسىنى كۆرگەندەك بولاتتى. ئوبراين چوقۇم ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىپ كەتكىنىنى بىلىپ بولدى. ئۇ قېرىنداشلار ئۆز ئەزالىرىنى قۇتقۇزمايدۇ، دېگەنىدى. ئەمما ئۇلار ئامال قىلالىسا تىغ كىرگۈزۈپ بېرەلەيتتى. بەلكىم قاراۋۇل كىرىپ بولغىچە بولغان بەش سېكونت ئىچىدىلا، ئۇ تىغنى ئىشلىتەلىشى مۇمكىن. كەسكەن يېرى ئوت كەتكەندەك ئېچىشىپ كېتىشى، تىغنى تۇتقان بارماقلىرىمۇ سۆڭەكلىرىگە قەدەر كېسىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ ئاجىز بەدىنىنىڭ بارلىق سەزگۈلىرى تولۇق ئەسلىگە كېلىپ قالدى، كىچىككىنە ئاغرىقتىنمۇ چاقىلداپ تىترەپ كېتەتتى. ئۇ ناۋادا شۇ تىغنى قولغا چۈشۈرگەندىمۇ، ئىشلىتەلىشىگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى. گەرچە ئاقىۋەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىر قىيناق، ئازاب ئىكەنلىكى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇن مىنۇت بولسىمۇ ئۆزۈنىراق ياشىغىلىش يەنىلا بىر جان ئېگىسىنىڭ تەبىئىي ئىستىكى ئىدى.

بەزىدە ئۇ تامدىكى چاقچۇقلارنىڭ سانىنى ساناپ باقماقچى بولاتتى. ئۇ ئەسلىدە ئاسانلا ئىش ئىدى، ئەمما ئۇ ساناپ بىر يەرگە كەلگەندە ئېلىشىپ قالاتتى. تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ قەيەردىلىكىنى، سائەتنىڭ ھازىر نەچچە بولغانلىقىنى ئويلايتتى. ئۇ بەزىدە سىرتتا ئەمدى كۈندۈز بولغاندەك، بەزىدە كېچە بولغاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى. ئۇ بۇ يەردە چىراغنىڭ مەڭگۈ ئۆچۈرۈلمەيدىغانلىقىغا چىنپۈتتى. بۇ قاراڭغۇلۇق يوق

يەر ئىدى. ئۇ ئوبرايىننىڭ ھېلىقى گەپتىكى ئىمانى نېمىشقا ئۇنداق ئاسان چۈشىنىۋالغانلىقىنى ئەمدى ئۇقتى. شەپقەت مىنىستىرلىكىنىڭ بىناسىدا دەرىزە يوق ئىدى. ئۇ تۇرغان كامېرنى بەلكىم بىنانىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ياكى سىرتقا تۇتىشىدىغان تام تەرىپىدە ياكى يەردىن ئون قەۋەت تۆۋەندە ۋە ياكى ئوتتۇز قەۋەت يۇقىرىدا بىر يەردىكىمىن دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنى خىيالىدا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە يۆتكەپ باقاتتى ۋە ئۆزىنى ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدىمۇ ياكى چوڭقۇر يەر ئاستىدىمۇ دېگەننى سېزىپ بېقىشقا ئۇرۇنۇپ باقاتتى.

سىرتتىن ئۆتۈكنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تۆمۈر ئىشىك غارتىلداپ ئېچىلدى. ياش، قارا كىيىملىك بىر ئوفىتسىر چاققان قەدەم بىلەن كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىبېشى خۇددى مايلاپ قويغان خۇرۇمدەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قانسىز، ئىپادىسىز چىرايى شامدا نىقاپ تاقىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ سىرتتىكى قاراۋۇلغا مەھبۇسنى ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. شائىر ئامپۇلفورس دەلدەڭشىپ دېگۈدەك كىرىپ كەلدى.

ئۇ خۇددى بۇ يەردە چىقىپ كېتىدىغان يەنە باشقا ئىشىك باردەك ئۇياق - بۇياققا دەلدەڭشىپ مېڭىپ باقتى. ئاندىن كامېرنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ۋىنستوننىڭ بارلىقىغا تېخى دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇنىڭ ئالاقزادە كۆزلىرى ۋىنستوننىڭ كاللىسىدىن بىر مېتىر ئېگىزلىكتىكى تامنىڭ بىر يېرىگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ يالىڭاياق بولۇپ، يوغان، مەينەت بارماقلىرى يىرتىق پايپىقىدىن چىقىپ تۇراتتى. ساقىلىنى ئالمىغىلى بىر نەچچە كۈن بولغانىدەك قىلاتتى. يۈزىنى چۆپتەك ساقال بېسىپ كەتكەچكە، بۇ ئۇنىڭ يوغان، ئەمما ئورۇق بەدىنى ۋە ئەنسىز يۈرۈش - تۇرۇشلىرىغا قوشۇلۇپ، ئۇنى كىشىگە لۈكچەكتەك كۆرسىتەتتى.

ۋىنستون ئۇيقۇلۇق ھالىتىدىن ئۆزىنى سەل ئوڭشىدى. ئۇ ئېكران بولسىمۇ، ئامپۇلفورسقا گەپ قىلماقچى ئىدى. بەلكىم تىغ دەل ئۇنىڭدا

بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

— ئامپۇلفورس، — چاقىردى ۋىنستون.

ئېكراندىن ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلمىدى. ئامپۇلفورس توختىدى، ئۇ سەل چۆچۈگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى ۋىنستوننىڭكى بىلەن ئۇچراشتى.

— ئاھ! سىمىس! سەنمۇ؟...

— نېمە ئىش بىلەن كىرىپ قالدىڭ؟

— راستىنى دېسەم، — دېدى ئۇ ۋىنستوننىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ، — پەقەت بىرلا خىل خاتالىق بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— سەن ئۇ خاتالىقنى سادىر قىلىپ تاشلىدىڭ؟

— ھەئە، شۇنداق بولۇپ قالدى.

ئۇ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، خۇددى بىر نېمىلەرنى ئەسلەۋاتقاندەك بىردەم ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇراتتى، — دەپ باشلىدى ئۇ گېپىنى، — مەن پەقەت بىر ئىشنىلا ئەسلىيەلىدىم، مېنىڭچە ئاشۇ شۇ. ھەقىقەتەن بىخەستىلىك قىپتىمەن. بىز كىپلىڭنىڭ شېئىرلىرىنى ئىشلەۋاتاتتۇق. بىر مىسرانىڭ ئاخىرىسىدا مەن GOD دېگەن سۆزنى قالدۇرۇپ قويغانىدىم، ئەمما ماڭىمۇ ئامال يوق! — دېدى ئۇ سەل قايناپ. ئۇ ۋىنستونغا قاراپ — بۇ مىسرانى باشقىچە ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يەنە بىر قاپىيە ROD ئىدى، بىلەمسىز؟! پۈتۈن ئىنگلىز تىلىدا، بۇ سۆزگە قاپىيىداش سۆزدىن ئاران ئون ئىككىسى بار. مەنمۇ نەچچە كۈن ئويلانغانىتىم، ئەمما باشقا قاپىيە تاپالمىدىم.

ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئىپادە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاپىغانلىق ئۆزگىرىپ بىر خىل مەمنۇنلۇققا ئالماشتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى خۇشاللىقى، خۇددى بىر كىتاب خالتىسىنىڭ ھېچنىمىگە

ئەسقاتمايدىغان بىر پاكىت تېپىۋالغاندىكى خۇشاللىقىغا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا مەينەتلىشىپ، چاڭگىللىشىپ كەتكەن چاچلىرىدىن زىيالىيچە بىر ھاياجان تەپچىيتتى.

— شۇنى ئويلاپ باققانمىدىڭ ؟ — دېدى ئۇ، — ئىنگلىز تىلىدا قاپىيىداش سۆزلەرنىڭ ئازلىقى، پۈتكۈل ئىنگلىز تىلى شېئىرىيەت تارىخىغا تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل.

بۇ ۋىنستوننىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇ شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ، بۇنىڭ قانداقسىگە بۇنداق مۇھىملىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى.

— ھازىر سائەتنىڭ قانچە بولغانلىقىنى بىلەمسەن، — دەپ سورىدى ۋىنستون.

ئامپۇلفورس يەنە بىر چۆچۈگەندەك بولدى.

— بۇنى ئويلاپ باقماپتىمەن. مېنى ئىككى كۈن بۇرۇن تۇتقان، ئۈچ كۈن بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن، — ئۇنىڭ كۆزى خۇددى بىرەر دەرىزە ئىزدەۋاتقاندەك كامېرنىڭ تېملىغا سەپسېلىۋاتاتتى، — بۇنداق يەردە كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ پەرقى يوق. مەن ھېچكىمنىڭ بۇ يەردە ۋاقىتنى ھېسابلاپ يۈرگىنىنى كۆرمىدىم.

ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە تاغدىن - باغدىن بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئېكراندىن ئاگاھلاندۇرۇش ئاڭلاندى. ۋىنستون قولىنى ئالماپ، جىمجىت ئولتۇردى. ئامپۇلفورس بولسا چوڭ ئادەم بولغاچقا، بۇ تار ئورۇندۇقتا ھېلى ئۇنداق - ھېلى بۇنداق قىمىرلاپ، زادى شۇڭ ئولتۇرالمىدى. ئېكراندىن ئۇنىڭغا شۇڭ دەپ ۋارقىرىغان ئاۋاز كەلدى. ۋاقىت ئۆتمەكتە. يىگىرمە مىنۇت، بىر سائەت، ئېنىق بىر نېمە دېيىش قىيىن ئىدى. سىرتتىن يەنە ئۆتۈكنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ۋىنستوننىڭ پۈتۈن ئەزالىرى يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى. بەلكىم تېزلا، بەش مىنۇتتىلا ئۇنىڭ نۆۋىتى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى.

ئىشىك ئېچىلدى. ھېلىقى مۇز چىراي ئوفىتسېر يەنە كىردى. ئۇ قولىنى ئامپۇلفورسقا تەگلەپ:

— 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە، — دېدى.

ئۇ قاراۋۇللارنىڭ ئارىسىدا دەلدەگلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ چىرايى ئەنسىز كۆرۈنەتتى، ئەمما يەنىلا چۈشەنگىلى بولمايتتى.

ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندەك بىلىندى. ۋىنستوننىڭ قورسىقىدىكى ئاغرىق يەنە تۇتتى. ئۇنىڭ كاللىسىمۇ ئوخشاش بىر يولغا قايتا - قايتا كىرىپ قالغان توپتەك، شۇ ئاغرىقتىن نېرى كېتەلمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت بولكا، قان، ئېچىنىشلىق چىرقىراش، ئوبراين، جۇلىيا ۋە تىغدىن ئىبارەت ئالتىلا نەرسە بار ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا يەنە بىر مۇجۇلغاندەك بولدى، ئۆتۈكنىڭ تاراقلىشى يەنە يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى بىلەن كۈچلۈك بىر تەر ھىدى گۇپپىدە دىماققا ئۇرۇلدى. پارسونس كامېرغا كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر كۇسار ۋە تەنتەربىيە مايكىسى كىيىۋالغان ئىدى.

بۇ چاغدا ۋىنستون ھەيرانلىقىدىن ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى.

— سەنمۇ كىرىپ قالدىڭ؟! — دېدى ۋىنستون.

پارسونس ۋىنستونغا ھېچقانداق قىزىقىش ياكى ھەيرانلىق يوق بىر نەزەردە قاراپ قويدى، ئەمما كۆزى قايغۇلۇق ئىدى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا سەل دەلدۈگۈنۈپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ تىز تۇرالمايۋاتاتتى. ھەر قېتىم ئۇ توم تىزىنى رۇسلاي دېگەندە، پۇتى تىترەپ كېتەتتى. ئۇ كۆزىنى يوغان ئېچىپ، يېقىن ئارىلىقتىكى مەلۇم نەرسىگە ئۆزىنى تۇتالماي قاراۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— نېمىشقا كىرىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون.

— ئىدىيە جىنايىتى! — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى ۋە ئەلپازىدىن ئۇنىڭ ئۆز گۇناھىنى پۈتۈنلەي ئېتىراپ قىلىدىغانلىقى،

ئىدىيە جىنايىتى دېگەن نامنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا كېلىپ قالغىنىدىن قانچىلىك قورقۇپ كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ۋىنستوننىڭ ئالدىغا كېلىپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى، — ئۇلار مېنى ئېتىۋەتمەس - ھە، بۇرادەر؟ ھېچ ئىش قىلمىغاندىكىن بىرەر ئوي - خىيالغا ئېتىۋەتمەس؟ يا ئۇنى باشقۇرغىلى بولمىسا. ئۇلار ماڭا چوقۇم ئۆزەمنى ئاقلىشىمغا پۇرسەت بېرىدۇ، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن! ئۇلار مېنىڭ ئارخىپىمنى بىلىدىغۇ؟ شۇنداققۇ؟ مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلىسەنغۇ؟ يامان ئادەم ئەمەس مەن. كاللام ئانچە ئىشلەپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇتتەك قىزغىنلىقىم بارغۇ. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن پارتىيەگە ئىشلەپ كەلدىم. ئۇنداق ئەمەسمۇ يا؟ بەلكىم بەش يىل كېسىلىشىم مۇمكىن، سېنىڭچىچۇ؟ بەلكىم ئون يىل؟ مەندەك ئادەملەر ئەمگەك لاگېرىدىمۇ قىممىتىنى نامايان قىلالايدۇ. بىرەر قېتىم مۇدۇرۇپ كەتكىنىمگە، ئۇلار مېنى ئېتىۋەتمەس؟

— جىنايىتىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون.

— ئەلۋەتتە بار! — دېدى پارسونس قۇللارچە نەزەردە ئېكرانغا قارىغاچ، — پارتىيە بىگۇناھ ئادەمنى قولغا ئالىدۇ دەپ قارىمايدىغانسەن؟ — ئۇنىڭ ياقىغا ئوخشايدىغان يۈزى ئەمدىلەتىن ئەسلى ھالىتىگە قايتىپ تىنچلاندى ۋە تېزلا يالغان سەممىيلىككە ئالماشتى، — ئىدىيە جىنايىتى دېگەن قورقۇنچلۇق ئىش بۇرادەر، — دېدى ئۇ تەربىيە تەلەپپۇزىدا، — ئۇ بەكمۇ خەتەرلىك، يوشۇرۇن نەرسە، سېنى تۇيدۇرماستىن چاڭگىلىغا ئېلىۋالىدۇ. ئۇنىڭ مېنى قانداق كونترول قىلىۋالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ چۈشۈمدە! راست شۇنداق بوپتۇ. سەن مېنى بىلىسەن، ئەتىگەندىن كەچكىچە تېگىشلىك خىزمىتىمنى قىلىمەن، ئىدىيەمدە ئۇنداق چاتاقنىڭ بارلىقىنى ھەرگىز ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. مەن چۈشۈمدە سۆزلەپ تاشلاپتىمەن. بىلەمسەن، مەن نېمە دەپ تاشلاپتىمەن؟

خۇددى داۋالىنىش ئۈچۈن دوختۇرغا ئېغىزىدىن چىقىرالمايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر گەپنى دېمەكچى بولغان بىماردەك، ئۇنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— غوجاكىنى ئاغدۇرايلى! راست، شۇنداق دەپتىمەن. تېخى نەچچە قېتىم دېگەن ئوخشايمەن. ساڭىلا دەيمەن بۇرادەر، ھەر نېمە بولسا، مەسىلە تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ بولغۇچە قولغا ئېلىنىپتىمەن. سوتتا ئۇلارغا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ مەن ئۇلارغا سىلەرگە رەھمەت، بەك كېچىكىپ كېتىشتىن بۇرۇن مېنى قۇتقۇزۇۋاپسىلەر، دەيمەن

— سېنى كىم پاش قىپتۇ؟

— كىچىك قىزىم، — دېدى پارسونس كۆڭلى سەل يېرىم بولغاندەك، ئەمما يەنىلا بىر خىل ئېپتىخارلىق بىلەن، — ئۇ قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىدىن ئاڭلاپ قېلىپ، ئەتىسىلا چارلىغۇچىلارغا مەلۇم قىپتۇ. يەتتە ياشلىق بالا، ئەقىللىق - ھە؟ ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئاغرىنمىدىم، بەلكىم پەخىرلەندىم. نېمىلا دېگەن بىلەن بالامنى توغرا روھتا تەربىيىلەپتىمەن.

ئۇ بىر قانچە قېتىم جىددىي ئولتۇرۇپ قوپتى. ئۇ تەرەت قاچىسىغا قارىدى، ئاندىن تۇيۇقسىزلا كۇسىرىنى سالدى.

— كەچۈر بۇرادەر، چىدىيالمىدىم. خېلى بولدى قىستاپ كەتكىلى.

ئۇ يوغان كاسىسى بىلەن تەرەت قاچىسى ئۈستىدە ئولتۇردى. ۋىنستون ئالقىنى بىلەن يۈزلىرىنى توسۇۋالدى.

— سىمىس! 6079 - نومۇرلۇق سىمىس! يۈزۈڭنى ئاچ، كامىر ئالدىدا يۈزنى يۆگەشكە رۇخسەت يوق! — دەپ ۋارقىرىدى ئېكراندىكى ئاۋاز.

ۋىنستون يۈزىنى ئاچتى. پارسونس ئۆنلۈك ئۇسۇرۇپ بىر پاتمان بىر نېمە چىقىرىۋەتتى. تەرەت تۇڭى بۇزۇلۇپ قالغاچقا نەچچە سائەتكىچە كامىر چىدىغۇسىز پۇراپ تۇردى.

پارسونسنى باشقا كامىرغا يۆتكىۋەتتى. مەھبۇسلار سىرلىق ھالدا

ئېلىپ كىرىلەتتى، يەنە ئەچىقىپ كېتىلەتتى. بىر ئايالنى 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە يۆتكەيدىغان بولغاندا، ئۇ ئايال تۇگۇلۇپلا قالدى، رەڭگىمۇ باشقىچە ئۆزگىرىپ كەتتى. ئەگەر ۋىنستون بۇ يەرگە ئەتىگىنى ئەكىلىنگەن بولسا، هازىر چۈشتىن كېيىن بولغانىدى، ئەگەر چۈشتىن كېيىن ئەكىلىنگەن بولسا، هازىر ئوتتۇرا كېچە بولغان بولاتتى. كامىردا ئەر - ئايال بولۇپ، جەمئىي ئالتە مەهبۇس بار ئىدى. هەممىسى جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ۋىنستوننىڭ ئۇدۇلىدا سېمىزلىكىدىن زاڭىقى كۆرۈنمەي قالغان هىڭگاڭ چىش بىر ئادەم ئولتۇراتتى، ئۇ خۇددى غاجىلىغۇچىلار سىنىپىغا تەۋە جۇغى يوغان، ئەمما زىيانسىز هايۋانغىلا ئوخشايتتى. ئۇ سېمىزلىكىدىن گېلىغا يوغان خالتا ئېسىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇنى كۆرگەنلەر، ئۇ يەيدىغان نەرسىلىرىنى پوكىنىدىلا ساقلامدۇ - نېمە، دەپ قالاتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچ ئىلكىدىكى خۇنۇك، كۈل رەڭ كۆزى هەممەيلەننىڭ چىرايىدا يۇگۇرۇپ يۈرەتتى، بىرەرىنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپلا قالسا، دەرهال ئۆزىنى ئېلىپ قاچاتتى.

ئىشىك يەنە ئېچىلدى، يەنە بىرەيلەن ئېلىپ كىرىلدى، ئۇنىڭغا قاراپ ۋىنستوننىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلدى. ئۇ قىياپىتى ئادەتتىكىچە ئادەم ئىدى، بەلكىم ئۇ بىر ئىنژېنىر ياكى تېخنىك ياكى شۇنداقراق ئادەم بولسا كېرەك. ئەمما ئادەمنى چۆچۈتىدىغىنى ئۇنىڭ ئىسكىلىتىنىڭكىدەك ئورۇق يۈزى ئىدى. شۇنداق ئورۇق بولغاچقا، كۆزى ۋە ئېغىزى قەتئىي ماسلاشمىغاندەك يوغان كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن خۇددى ئادەم ئۆلتۈرىدىغاندەك بىر خىل غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

ئۇ ئادەم ۋىنستونغا يېقىن چاپلىشىپ ئولتۇردى. ۋىنستون ئۇنىڭغا قايتا قارىمىدى، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئىسكىلىتتەك يۈزى، هازىرمۇ ۋىنستون بىلەن ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغاندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى، ئۇ بىردىنلا بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. بۇ ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلگىلى ئاتقانىدى. بۇ ئوي كامىردىكى هەممەيلەننىڭ كاللىسىغا دەرهاللا

كەلدى. غوڭۇلدىغان ئاۋاز بىرلا كۆتۈرۈلۈپ پەسەيدى. ھېلىقى سېمىز ئادەم بۇ ئىسكىلىت يۈز ئادەمدىن كۆزىنى ئېپقاچالمايلا قالدى، بىردەم بېشىنى بۇرۇۋالاتتى، يەنە بىردەمدىن كېيىن يەنە قاراپ سالاتتى. ئۇ ئادەم ئولتۇرالمايلا قالدى. ئاخىرى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، دەلدەڭلەپ دېگۈدەك كامىرنىڭ بۇ بېشىغا كەلدى ۋە كىيىمىنىڭ يانچۇقىنى ماتىلاپ، سەل ئوڭايسىزلانغاندەك تولىمۇ مەينەتلىشىپ كەتكەن بىر بولكىنى چىقاردى ۋە ھېلىقى ئىسكىلىت يۈز ئادەمگە تەڭلىدى.

دەل شۇ ئەسنادا، ئېكراندىن قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك ئاۋاز كەلدى. سېمىز ئادەم ئورنىدا سەكرەپ كەتتى، ئىسكىلىت يۈز ئادەم بولسا، گويا پۈتۈن دۇنياغا، ئۆزىنىڭ بۇ بولكىنى ئالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولغاندەك، دەرھال قولىنى كەينىگە تۇتۇۋالدى.

— بامىستېپد! 2713 - نومۇرلۇق بامىستېپد! بولكىنى تاشلا، — ۋارقىرىدى ئېكراندىكى ئاۋاز.

سېمىز ئادەم قولىدىكى بولكىنى يەرگە تاشلىدى.

— تۇرغان يېرىڭدە قىمىرلىما! ئىشىككە قاراپ تۇر!

سېمىز ئادەم بويسۇندى. ئۇنىڭ سېمىز يۈزى تىترەپ كەتكەنىدى. ئىشىك جاراڭشىپ ئېچىلدى. ھېلىقى ياش ئوفىتسېر كىردى، ئۇنىڭ كەينىدىن دوغىلاق، بىلىكى توم، مۇرىسى ناھايىتى كەڭ بىر قاراۋۇل بىللە كىردى. ئۇ سېمىز ئادەمنىڭ ئالدىدا تۇردى، ئاندىن ئوفىتسېرنىڭ ئىشارىسى بىلەن پۈتۈن كۈچى بىلەن سىلكىنىپ ئۇنىڭ ئېغىزىغا بىر مۇشت ئېتىۋىدى، سېمىز ئادەم يەردىن ئۆزۈلگىنىچە تەرەت قاچىسىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ قىمىر قىلماي يېتىپ قالدى، ئېغىز - بۇرۇنلىرىدىن ئوقتەك قان كەتتى. خېلى ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن ناھايىتى ئاجىز ئىڭرىغان ئاۋاز كەلدى. ئاندىن ئۇ ئۆرۈلۈپ قولى ۋە تىزىغا تايىنىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئىككى قاتار يالغان چىشى يەردىكى قان ۋە تۈكۈرۈكلىرىگە مىلىنىپ ياتاتتى.

مەھبۇسلار جىمجىت ئولتۇرۇشتى، ھەممىسىنىڭ قولى تىزىنىڭ ئۈستىدە ئىدى. سېمىز ئادەم يامىشىپ دېگۇدەك ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمى قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىششىپ سۆسۈن رەڭگە كىرگەن چىشسىز ئېغىزى خۇددى قاراڭغۇ كامارغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ مەيدىسىگە قان تامچىپ تۇراتتى، كۆل رەڭ كۆزى، خۇددى مېنىڭ تاياق يېگىنىمدىن باشقىلار مېنى قانچىلىك مازاق قىلىۋاتقانىدۇ دېگەننى بىلمەكچى بولغاندەك، يەنىلا باشقىلارنىڭ چىرايلىدا يۈگرەپ يۈرەتتى.

ئىشىك ئېچىلدى، ئوفىتسىر كىچىك بىر ئىشارە بىلەن ئىسكىلىت يۈز ئادەمنى چاقىردى.

— 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە.

ۋىنستوننىڭ يېنىدىكى ئادەم تۇيۇقسىز ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ، تىزلىنىپ ئالقانلىرىنى بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ :

— يولداش! ئوفىتسىر! — دېدى يالۋۇرۇپ، — مېنى ئۇ يەرگە ئاپارمىسىڭىزمۇ بولىدۇ! مەن ھەممىنى دېدىم ئەمەسمۇ؟ يەنە نېمىلەرنى بىلمەكچى؟ مەن تاپشۇرمىغان ھېچنېمە قالمىدى! نېمە لازىم بولسا دەڭ، مەن ھەممىنى تاپشۇراي، يېزىپ بېرەي، ئىمزايىمنى قوياي، ئىشقىلىپ نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي! 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە ئاپارماڭ!

— 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە، — دېدى ئوفىتسىر.

بۇ ئادەمنىڭ ئەسلىدىنلا تاتىراڭغۇ چىرايى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق رەڭگە كىرىپ قالدى، ۋىنستون بۇنىڭغا ئۆزىمۇ ئىشىنەلمەي قالدى، ئۇنىڭ چىرايى كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

— مېنى نېمە قىلساڭلار مەيلى! — دەپ توۋلايتتى ئۇ ئادەم، — نەچچە ھەپتە ئاچ قويدۇڭلار. مېنى ئەمدى ئۆلگىلى قويۇڭلار. ئېتىۋېتىڭلار، دارغا ئېسىڭلار، 25 يىل كېسىۋېتىڭلار. سىلەر يەنە مېنىڭ

تاپشۇرۇشۇمنى تەلەپ قىلىدىغان يەنە كىم بار؟ ماڭا دەڭلار، مەن ھەممىنى تاپشۇراي! ئۇلارنىڭ كىملىكى، ئۇلارنى قانداق قىلىشىڭلار بىلەن كارىم يوق! مېنىڭ خوتۇنۇم ۋە ئۈچ بالام بار. چوڭى تېخى ئالتە ياشقىمۇ كىرمىدى. سىلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپكېلىپ مېنىڭ ئالدىمدىلا بوغۇزلىۋېتىڭلار، مەن قاراپ تۇراي. ئەمما مېنى 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە ئەكىرمەڭلار!

ئۇ خۇددى باشقا بىرىنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، ئېلىشىپ قالغاندەك ئەلەڭلەپ ئەتراپىدىكى باشقا مەھبۇسلارغا قاراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزى ھېلىقى سېمىز ئادەمدە توختىدى ۋە قولىنى چىنىگىنىچە:

— سىلەر ئەچىقىپ كېتىدىغىنى مەن ئەمەس، مانا ماۋۇ! ئۇنىڭ مۇش يېگەندىن كېيىن نېمە دېگىنىنى ئاڭلىمىدىڭلارمۇ؟ ماڭا بىر پۇرسەت بېرىڭلار، مەن ھەممىسىنى دەپ بېرەي. پارتىيەگە قارشىسى مەن ئەمەس، بەلكى بۇ! — قاراۋۇللار يېقىنلىشىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ تىترەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، — سىلەر ئۇنىڭ دېگىنىنى ئاڭلىماپسىلەر! ئېكران بۇزۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ! سىلەر ئىزدەۋاتقان ئادەم مەن ئەمەس، ئۇ!

بەستلىك ئىككى قاراۋۇل كېلىپلا ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ماڭدى. دەل شۇ ئەسنادا ئۇ ئۆزىنى كامېرنىڭ ئوتتۇرىغا ئاتتى ۋە ئورۇندۇقنىڭ بىر تۆمۈر پۇتىنى تۇتۇۋالدى - دە، خۇددى ھايۋاندەك گەپ قىلماي ھۇۋلاپ كەتتى. قاراۋۇللار ئۇنى ئاجراتماقچى بولۇپ تارتتى، ئۇ تۆمۈر پاچاقنى ئادەم ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدىكى، ئۇلار ئۇنى يىگىرمە سېكونتچە تارتقۇشلاپمۇ ئاجرىتالمىدى. باشقا مەھبۇسلار جىمجىت ھالدا، قولىنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ئۇدۇل قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ ھۇۋلىشىمۇ توختىدى. ئۇنىڭ يەنە تۇۋلىغىچىلىك ماغدۇرىمۇ قالمىغانىدى، ئەمما قولى ئورۇندۇقنىڭ پاچىقىنى ھېلەھەم چىڭ قاماللاپ تۇراتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ باشقىچە

ئاۋازدا تۇۋلاپ كەتتى. قاراۋۇللارنىڭ بىرى ئۆتۈكى بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ قولىغا تېپىپ بارماقلىرىنى سۇندۇرۇۋەتتى - دە، ئۇنى پۇتىدىن سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى.

— 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە، — دېدى ئوفىتسىر.

ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن، سۇنۇپ كەتكەن بارماقلىرىنى قاماللىۋالغانىدى. ئۇنى ئۇلۇك - تەتۈر سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى، ئۇنىڭدا قىلچە قارشىلىق قالمىغانىدى. ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى. ئەگەر ئۇ ئېسكىلىت يۈز ئادەم ئېلىپ چىقىپ كېتىلگەن ۋاقىت ئوتتۇرا كېچە بولىدىغان بولسا، هازىر سەهەر بولغانىدى. ئەگەر سەهەر بولغان بولسا، هازىر چۈشتىن كېيىن بولغانىدى. ۋىنستون يالغۇز ئىدى، ئۇ نەچچە سائەت يالغۇز تۇردى. بۇ تار ئورۇندا ئولتۇرۇشمۇ بىر ئازاب ئىدى، ئۇ پات - پات ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى. ئېكراندىنمۇ ئۇنىڭغا بىرەر سادا كەلمىدى. ھېلىقى قارىداپ كەتكەن بولكا، تېخىچە باياتىن سىيمىز ئادەم تاشلاپ قويغان يەردە تۇراتتى. باشتا ئۇنىڭغا قارىماسلىق خېلى تەس كەلگەنىدى. هازىر ئۇسسۇزلۇق ئاچلىقنى بېسىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ، زەهەردەك ئاچچىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان گۇرۇلدەش ۋە چىراغنىڭ ئۆزگەرمەس ئاپپاق يورۇقى ئۇنىڭ كاللىسىنى قۇرۇقداپلا قويغان ئىدى. ئۇ تۇرماقچى بولاتتى، چۈنكى سۆڭەكلىرىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىغىلى بولمايتتى، يەنە تۇرۇپلا ئولتۇراتتى، تۇرسىلا بېشى قېيىپ سەنتىرەكلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بەدەن سەزگۈسى سەل قويۇپ بەرسە، قورقۇنچ چاڭگىلىغا ئالاتتى. بەزىدە ئۇ تولىمۇ ئاجىز بىر ئۈمىت بىلەن ئوبراين ۋە تىغنى ئويلايتتى. ناۋادا ئۇنىڭغا تاماق بېرىلىپ قالسا، بەلكىم تىغ شۇنىڭ ئىچىدە يەتكۈزۈپ بېرىلىشى مۇمكىن. ئۇ جۇلىيانى خىرە ئېسىگە ئالدى، بەلكىم ئۇمۇ بىرەر يەردە ئۆزىدىنمۇ ئېغىر قىيىنىلىۋاتقاندۇ. بەلكىم شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئاغرىقتىن چىرقىراۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ «ناۋادا مەن هازىرقى ئازابىمدىن ئىككى هەسسە ئېغىر ئازاب

www.uyghurkitap.com

چېكىش بەدىلىگە جۇلىيانى قۇتقۇزۇپ قالالىسام، شۇنداق قىلارمىدىم؟ ھەئە، شۇنداق قىلاتتىم» دەپ ئويلىدى. ئەمما بۇ بەكلا ئەقلىي قارار ئىدى، چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىشىم لازىم، دەپ قاراپ شۇنداق قارار چىقىرىۋاتاتتى. ئۇ بۇنى تۇيغۇسىدىن ھېس قىلمىدى. سىز بۇ پەردە پەقەت ۋە پەقەت ئازابنى، يەنە ئازابنىلا ھېس قىلاتتىڭىز. ناۋادا سىز يەنە بۇنىڭدىنمۇ باشقا ئېغىر قىيناققا چۈشسىڭىز، يەنە باشقا بىرەر ئىشنى دەپ ئۆز ئازابىڭىزنىڭ ئېغىرلىشىنى ئۈمىت قىلارسىزمۇ؟ بۇ سوئالغا ھازىرچە جاۋاب بەرگىلى بولمايتتى.

ئۆتۈك ئاۋازى يەنە يېقىنلاشتى، ئىشىك ئېچىلدى.

ۋىنستون ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھودۇققىنىدىن ئۇنىڭدىكى ئېھتىياتچانلىق نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. بىر نەچچە يىلنىڭ ياقى ئۇ تۇنجى قېتىم ئېكرانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنتۇپ قالدى.

— ئۇلار سىزنىمۇ تۇتۇۋالدى؟! — تووۋلاپ تاشلىدى ۋىنستون.

— ئۇلار مېنى بۇرۇنلا تۇتۇۋالغان، — دېدى ئوبرايىن سالماقلىق بىلەن. ئۇنىڭ ئىنتوناتسىيىسىگە ناماقۇل بولغاندەك بىر خىل كىنايە يوشۇرۇنغان ئىدى. ئۇ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزۇن كالتەك تۇتۇۋالغان، تولىمۇ گەۋدىلىك بىر قاراۋۇل پەيدا بولدى.

— سەن بىلىسەن ۋىنستون، ئۆزۈڭنى ئالدىما، — دېدى ئوبرايىن، — سەن بىلەتتىڭ، ئەزەلدىن بىلەتتىڭ.

توغرا. ئۇ ئەمدى چۈشەندى، ئۇ ئەزەلدىن بۇنى بىلەتتى. ئەمما ھازىر بۇنى ئويلاپ تۇرغۇدەك ۋاقىت يوق ئىدى. ئۇنىڭ كۆزى قاراۋۇلنىڭ قولىدىكى كالتەكتە ئىدى. ئۇ خالىغان يەرگە تېگىشى مۇمكىن: باش، قۇلاق، بىلەك، جەينەك...

جەينەككە! ئۇنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى! ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپلا قالدى، پالەچتەك مىدىر - سىدىر قىلالمىدى، بىر قولىدا تاياق يېگەن يېرىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ كالتەكنىڭ بۇنچە چىدىغۇسىز

ئاغرىتالايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى! ئۇنىڭ كۆز ئالدى سەل يورۇدى، باشقا ئىككىسى ئېگىشىپ ئۇنىڭغا قاراۋاتاتتى. قاراۋۇل ئۇنىڭ تۈگۈلۈپ قالغىنىغا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى. ھېچبولمىسا بىر سوئالنىڭ جاۋابى چىقتى. ھەرقانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرگىزمۇ ئاغرىقنىڭ يەنە كۈچىيىشىنى ئۈمىت قىلمايدىكەنسىز. ئاغرىق ئازابىدا سىز پەقەت ئاغرىقنىڭ توختىشىنىلا ئويلىيالايدىكەنسىز، شۇنىلا ئۈمىت قىلالايدىكەنسىز. دۇنيادا جىسمانىي ئاغرىقتىن يامان ئىش يوق ئىكەن. ئۇ ئاغرىقتىن يەردە يۇمۇلىنىپ، سول بىلىكىنى قىمىرلىتالمىغاندا، ئاغرىق ئالدىدا ھېچقانداق قەھرىمان مەۋجۇت ئەمەسكەن، دەپ ئويلىدى.

## 2

ئۇ ئۆزىنىڭ چېدىرىنىڭ كارىۋىتىدەك بىر يەردە يېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئەمما بۇ يەردىن سەل ئېگىزرەك ئورۇن ئىدى، ئۇ بۇ ئورۇنغا تېڭىۋېتىلگەن بولۇپ قىمىرلىيالمايتتى. خېلى كۈچلۈك نۇر ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوبرايىن ئۇنىڭ يېنىدا ئېگىشىپ تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە شپرىس تۇتۇۋالغان ئاق خالاتلىق بىر ئادەم تۇراتتى.

ئۇنىڭ كۆزى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى ئاران ئىلغا قىلدى. ئۇنىڭدا، بۇ يەرگە تولىمۇ چوڭقۇر بىر سۇ ئاستى دۇنياسىدىن، ئۈزۈپ كېلىپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ يەردە قانچىلىك تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار ئۇنى قولغا ئالغاندىن بۇيان، ئۇ يا قاراڭغۇلۇقنى يا كۈندۈزنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ خاتىرىلىرى ئۈزۈك - ئۈزۈك ئىدى. بەزىدە ئۇ ئەس - ھوشىنى تېپىپ قالاتتى، ئەمما ئۇ بىر خىل ئۇيقۇدىكى ئويغاقلىققا ئوخشايتتى، ئۇ يەنە بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالاتتى، يەنە ئۇزاق ۋاقىتلاردىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ قالاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئارىدىكى شۇ ۋاقىتنىڭ نەچچە كۈن، نەچچە ئاي، ياكى نەچچە سېكونت ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بىلىكىگە تۈنجى كالتەكنى يېگەندىن باشلاپ، قاباھەتلىك چۈش باشلانغانىدى. كېيىن ئۇ بۇلارنىڭ ئىشنىڭ تېخى ئەمدى باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ھەممە مەھبۇس چوقۇم باشتىن كەچۈرىدىغان سوئال - سوراق باشلاندى. جىنايەتنىڭ دائىرىسى بەكلا كەڭرى بولۇپ، جاسۇسلۇق، بۇزغۇنچىلىققا ئوخشاش جىنايەتلەرنىڭ ھەممىسى چوقۇم تاپشۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. تاپشۇرۇش نورمال تەرتىپ، ئەمما قىيناقمۇ يەنە ئىجرا قىلىنىۋېرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك تاياق يېگىنىنى، ئۇرۇشنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن داۋاملاشقانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئادەتتە، بەش - ئالتە قارا كىيىملىك بىر قانچە ئادەم بىرلا ۋاقىتتا پەيدا بولاتتى. بەزىدە مۇشت تېگەتتى، بەزىدە كالتەك، بەزىدە تۆمۈر، يەنە بەزىدە ئۆتۈكمۇ بىكار قالمايتتى. بەزىدە پولدا خۇددى ئۇر - ئۇرغا قالغان هايۋاندەك يۇمۇلىنىپ كېتەتتى، تاياقتىن قانچە قاچقانسېرى شۇنچە يەيتتى. بەل - قوۋۇرغىلىرى، قورساق، پاقالچاق، داس سۆڭەك، جان يەرلىرىنىڭ ساق يېرى قالمىدى. بەزىدە شۇنچە قاتتىق، ئۇزۇن قىيناق - تاياقلار دەستىدىن، ئۆزىنى ھوشىدىن كېتىشكە شۇنچە زورلاپ باقسىمۇ پايدىسى بولمايتتى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇشۇ ئىش ئەڭ ئازابلىق، ئۇنتۇلغۇسىز ئىدى. بەزىدە ئۇ قورقۇپ جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، تاياق چۈشۈپ بولغىچىلا، يىلىنىپ، يالۋۇرۇشنى باشلاپ بولاتتى، بىر مۇشت تېگىپ، يەنە قايتا چۈشۈپ بولغىچە بولغان شۇنچە قىسقا ئارىلىقتا، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئۇ قىلغان - قىلمىغان، ھەتتا ئويلاپ باقمىغان تۈرغۇن جىنايەتلەر تۆكۈلۈپ بولاتتى. بەزىدە ئۇ ھېچنەرسە دېمەسلىككە نىيەت قىلغاندىمۇ، يەنىلا ھەر بىر ئاغرىق ئارىسىدا بىر مۇنچە گەپلەر يەنە چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭدا يەنە ناھايىتى ئاجىز مۇرەسسە قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولغانىدى، ئۇنىڭ «تاپشۇرىمەن، ئەمما ھازىر ئەمەس، تاكى

ئاغرىق، قىيناققا چىدىغىلى بولمىغاندا، ئاندىن تاپشۇرىمەن»، دەپ ئويلاپ باققان چاغلىرىمۇ بولدى. بەزىدە قاتتىق تاياق زەربىسىدىن ئۆرە تۇرالماي، خۇددى بىر تاغار ياڭيۇدەك قاتتىق يىقىلاتتى، شۇندىلا ئۇ ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن دەپ بىر نەچچە سائەت تاشلاپ قوياتتى، ئاندىن يەنە ئېلىپ چىقىپ دۇمبالايتتى. بەزىدە ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ بۇلارنى تولىمۇ غۇۋا ئەسلىيەلەيتتى، چۈنكى ئۇ كۆپىنچە ئۇيقۇلۇق ياكى بىھوش چاغلىرىدا دۇمبالانغان ئىدى. ئۇ ياغاچ كارىۋات بار بىر كامېرنى ئەسلىدى، ئۇ يەردە تامدىن چىقىرىپ ياسالغان بىر ئىشكاپ، يۈز يۇيۇش دېسى بار ئىدى، ئۇ يەردە قىزىق شورپا، بولكا بەزىدە قەھۋە دېگەندەك بىر نەچچە ۋاق تاماقمۇ بەرگەنىدى. ئۇ يەنە بىر سۇرلۇك ساتىراشنىڭ چاچ - ساقىلىنى ياساپ قويغانلىقىنى، ئاق خالات كىيىۋالغان بىر مۇز چىرايىنىڭ ئۇنىڭ قان بېسىمى ۋە ئىنكاسىنى تەكشۈرگەنلىكى، بارماقلىرىدا قاپاقلىرىنى ئېچىپ كۆزىگە قارىغانلىقىنى، سۇنۇق يەرلەرنى بىلىش ئۈچۈن يىرىك ئالقانلىرىدا ئۇنىڭ بەدىنىنى سىلاشتۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنى ئۇخلىتىش ئۈچۈن بىلىكىگە ئوكۇل سالغانلىقىنىمۇ ئەسلىدى.

كېيىنچە تاياق سەل ئازايدى، تاياق پەقەت ئۇ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرمىگەندە، تەھدىت سېلىنىدىغان، قورقۇتۇلىدىغان بىر ۋاسىتىگە ئايلاندى. ئۇنى ھازىر قارا كىيىملىكلەر ئەمەس، پارتىيەنىڭ زىيالىيلىرى سوراق قىلىدىغان بولدى. ئۇلار ھەممىسى دېگۈدەك پاكار، دوغىلاق، كۆزەينەك تاقىۋالغان، ھەرىكەتلىرى تولىمۇ جىددىي، چاققان ئادەملەر ئىدى، ھەر قېتىمدا ئۇنى ئالاھىزەل ئون ئىككى سائەت ئەتراپىدا سوراق قىلاتتى، بۇ پەقەت ئۇنىڭ پەرىزى ئىدى، زادى قانچىلىك ئۇزۇنلۇقىنى ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن كىرگەن سوراقچىلار ئۇنى ئۇنداق بەك ئۇرۇپ، قىيناپ كەتمىدى، ئۇلارنىڭ سورىقى ئۇنى قىيناشقا بەك تايىنىپ كەتمەيتتى. پەقەت ئۇنىڭ يۈزىگە شاپىلاقلاپ، قۇلاقلىرىنى سوزۇپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ،

سىيگىلى قويماي، بەزىدە يۈزلىرىگە ئۆتكۈر ئېلىكتىر چىرىقى تۇتۇپ، كۆزلىرىدىن ياش ئاققۇزۇپ قىينايتتى، ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەت ئۇنى شۇنداق ھاقارەتلەش ئارقىلىق، ئۇنى نورمال پىكىر قىلغىلى قويماسلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قورالى ئۇنى ئۆزمەي سوراق قىلىش ئىدى، سائەتلەپ - سائەتلەپ داۋاملىشىپ كېتەتتى. قەستەن قايمۇقتۇرىدىغان سوئاللارنى سورايتتى، ئۇ دېگەن ھەربىر گەپتىن تىرىق تاپاتتى، بۇرمىلايتتى، ھەر بىر گېپىدە ئۇنىڭغا قىلتاق قۇراتتى، دېگەن گەپلىرىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى جىلە قىلاتتى، ئاخىرىدا ئۇنىڭ روھى، نېرۋىسى چارچاپ ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كېتەتتى. بەزىدە بىر قېتىملىق سوراقتىلا نەچچە قېتىم يىغلاپ كېتەتتى. ھەر قېتىملىق سوراقتا، ئۇلار ئۇنى ۋارقىراپ ھاقارەتلەيتتى، گېپىنى تاپالماي دۇدۇقلاپ قالغاندا، يەنە قاراۋۇللارغا تاپشۇرۇپ بېرىمىز، دەپ قورقۇتاتتى؛ يەنە بەزىدە تۇيۇقسىز تەلەپپۇزى يۇمشاپ ئۇنى يولداش دەپ چاقىراتتى، ھەمدە ئىنسوك ۋە غوجاكا نامىدىن ھازىرمۇ قەلبىدە پارتىيەگە ساداقەت بار - يوقلۇقىنى، سادىر قىلغان جىنايىتىگە ھەقىقىي توۋا قىلغان قىلمىغانلىقى ۋە گۇناھىنى يۇيۇش ئىرادىسىنىڭ بار - يوقلۇقىنى چىرايلىقچە سورايتتى. ئۇ نەچچە سائەتلىك سوراقتىن كېيىن، نېرۋىلىرى چارچاپ پەقەت بولالمىغاندا، بۇنداق يۇمشاق تەلەپپۇزلۇق گەپلەرگىمۇ چىدىماي، مىشىلداپ يىغلاپ كېتەتتى. ئاخىرىدا بۇ تۈگىمەس سوراق - گەپلەر ئۇنى مۇشت - تېپىكلەردىنمۇ بەكرەك تۈگەشتۈرۈۋېتەتتى. ئۇ ئاخىرى نېمە تەلەپ قىلسا شۇنى قىلىدىغان، سۆزلەيدىغان ئېغىز، ئىمزا قويىدىغان بىر بارماقتىلا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ پۈتۈن غېمى ئۇلارغا نېمە لازىملىقىنى بىلىش ۋە قىيىن - قىستاق باشلىنىپ بولغىچە، دەرھال ئۇنى تاپشۇرۇش ئىدى. ئۇ مۇھىم پارتىيە رەھبەرلىرىگە سۇيىقەست قىلماقچى بولغانلىقىنى، تەشۋىقات ۋەرىقى تارقاتقانلىقىنى، جامائەت فوندىنى ئىشلىتىۋالغانلىقىنى، ھەربىي مەخپىيەتلىكنى ساتقانلىقىنى،

ھەرخىل بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ يەنە 1968 - يىللاردىن باشلاپلا، ئۆزىنىڭ شەرقىي ئاسىيانىڭ جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. دىنغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، كاپىتالىزمغا ھەۋەس قىلىدىغانلىقىنى، جىنسىي بىنورمال ئىكەنلىكىنىمۇ تاپشۇردى. ئۆزى ۋە سوراقچىلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تېخى ھاياتلىقىنى ئۇقىسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئايالىنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. ئۇ يەنە نەچچە يىللاردىن بۇيان گولدستېيىن بىلەن خۇسۇسىي ئالاقىدە بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بىر يەر ئاستى تەشكىلاتىنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى، ئۆزى بىلىدىغان ھەممە ئادەمنىڭ دېگۈدەك بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنىمۇ تاپشۇردى. ھەممە نەرسىنى ئىقرار قىلىش، ھەممە ئادەمنى سۆرەپ كىرىش ئاسانراق يول ئىدى. مەلۇم نۇقتىدىن، بۇمۇ راست ئىدى. ئۇ ئەزەلدىن پارتىيەنىڭ دۈشمىنى ئىدى، پارتىيەنىڭ نەزىرىدە ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ پەرقى يوق ئىدى.

يەنە باشقا خاتىرىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ خاتىرىلەر ئۇنىڭ ئېڭىدا، خۇددى ئەتراپى قاراڭغۇ پارچە - پارچە رەسىملەردەك، ئۈزۈك - ئۈزۈك ئايان بولاتتى.

ئۇ قاراڭغۇ ياكى يورۇقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغان بىر كامېردا تۇرغان ئىدى، چۈنكى ئۇ پەقەت ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزنىلا كۆرگەن ئىدى. قولغا يېقىنلا بىر يەردە نېمىدۇر بىر ئۈسكۈنە — ئىئىستىرېلكىلارنىڭ بىر خىل رىتىمدا چېكىلداپ مېڭىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇ كۆز يوغىناپ تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئۇ ئولتۇرغان يېرىدىن لەيلەپ تۇردى ۋە ئاشۇ كۆزگە شۇڭغۇپلا كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئەتراپىغا پۈتۈنلەي پىرىبور، ئۆلچىگۈچلەر ئورنىتىلغان، كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدىكى بىر ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇلغانىدى. سىرتتىن تاراقلىغان ئۆتكۈر ئاۋازى ئاڭلاندى، ئىشىك جاراڭلاپ ئېچىلدى. شام

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈزلۈك ئوفىتسېر ئىككى قاراۋۇل بىلەن كىردى.

— 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە، — دېدى ئۇ ئوفىتسېر.

ئاق كىيىملىك ئادەم كەينىگە بۇرۇلمىدى. ۋىنستونغىمۇ قارىمىدى. ئۇ پەقەت ئۆلچىگۈچكىلا قاراۋاتاتتى. ئۇ كەڭلىكى بىر ەر كىلومېتىرچە كېلىدىغان، ئالتۇنىدەك نۇرلار بىلەن يورۇتۇلغان بىر يوغان كارىدورنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدى، ئەتراپتىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئاۋازدا كۈلۈۋاتقان، تووۋلاۋاتقان، ئىقرار قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ھەممىنى ئىقرار قىلىۋاتاتتى، ھەتتا ئۇ قىيىن - قىستاققىمۇ بەرداشلىق بېرىپ دېمىگەن ئىشلارنىمۇ ئىقرار قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن تارىخىنى ئاللىبۇرۇن بەش قولدەك بىلىپ بولغان بىر تاماشىبىنغا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن قاراۋۇللار، ئاق كىيىملىك ئادەم، ئوبرايىن، جۇلىيا، چاررىڭتون قاتارلىقلار بار ئىدى، ئۇلار ھەممىسى كارىدوردا ئايلىنىۋاتاتتى، كۈلۈشۈۋاتاتتى. بېشىمغا كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئويلىغان نۇرغۇن قورقۇنچلۇق ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كەتكەنىدەك، ئۇنداق ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ باقمىغاندەك، ئەمدى ھەممە ئىشلار ئوڭشىلىپ كەتكەنىدەك ئىدى. بۇ يەردە ئەمدى ئازاب يوق ئىدى، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى دىتالمۇ يالىڭاچلانغان، چۈشىنىلگەن، شۇنداقلا كەچۈرۈلگەن ئىدى.

ئۇ ياغاچ كارىۋاتتىن تۇردى، ئۇ تېخىچە ئوبرايىننىڭ ئاۋازى يا ئەمەسلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىگەنىدى. ئۇ پۈتۈن سوراقلىرىدا ئۇنى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئوبرايىن يېنىمدىلا بار، پەقەت كۆرەلمەيۋاتىمەن، دەپلا ھېس قىلىپ كەلگەنىدى. ھەممىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقىنى ئوبرايىن! قاراۋۇللارنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسۇپ قالغىنى ئوبرايىن! ئۇنىڭ قاچان ۋارقىرىشى، قاچان ئارام ئېلىۋېلىشى، قاچان تاماق بېرىلىشى، قاچان ئۇخلىشى، قاچان ئوكۇل ئۇرۇلىشىنى قارار قىلىدىغىنىمۇ شۇ! سوئالنىمۇ شۇ سورايتتى، جاۋابىنىمۇ شۇ سەمىگە سالاتتى؛ قىيىنىغۇچىمۇ شۇ، قوغدىغۇچىمۇ شۇ ئىدى؛ سوراقچىمۇ شۇ،

دوستمۇ شۇ ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئوكۇل سىيلىپ ئۇخلىتىلغاندىمۇ، يا نورمال ئۇيقۇسىدىمۇ، ۋە ياكى ئويغاقتىمۇ ئەيتاۋۇر بىر ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «غەم قىلما ۋىنستون، مەن سېنى قوغداۋاتىمەن، يەتتە يىلنىڭ ياقى مەن ساڭا قاراۋاتىمەن، ئەمدى بۇرۇلۇش پەيتى كەلدى، مەن سېنى قۇتقۇزىمەن، سېنى مۇكەممەل قىلىۋېتىمەن» دېگەنىدى. ۋىنستون بۇ ئاۋازنىڭ ئوبراييىننىڭ يا ئەمەسلىكىگە ئېنىق بىر نېمە دېيەلمەيدۇ، ئەمما يەتتە يىل بۇرۇن «قاراڭغۇلۇق يوق بىر يەردە كۆرۈشىمىز» دېگەن گەپنى قىلغان ئاۋاز دەل مۇشۇ ئىدى.

سوراقنىڭ قانداق ئاخىرلاشقانلىقى ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى. باشتا ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر قاراڭغۇلۇقلا بار ئىدى، ئاندىن كېيىن هازىرقى كامىرغا ياكى ئۆيگە ئېلىپ كېلىندى، ئەمدىلەتىن ئۇ ئەتراپىنى سەل - پەل پەرق ئېتىشكە باشلىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئوڭدىسىغىلا ياتاتتى، قىمىر قىلالمايتتى. بەدىنىنىڭ مۇھىم بۆلەكلىرى چىڭ باغلىۋېتىلگەن، هەتتا بېشىنىڭ كەينىمۇ مىدىرلىماس قىلىۋېتىلگەن ئىدى. ئوبراين ئۇنىڭغا ئۆتكۈر، ئەمما قايغۇلۇق بىر نەزەردە قاراپ تۇراتتى. تۆۋەندىن قارىغاندا، ئوبراييىننىڭ يۈز تېرىسى يىرىكلىشىپ كەتكەنىدەك، ئۆزى قېرىپ كەتكەنىدەك كۆرۈنەتتى، كۆزىنىڭ ئاستىمۇ خالتىلىشىپ كەتكەن، بۇرنىدىن مەڭزىگىچە سىزىق - سىزىق قورۇقلار تارتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ۋىنستوننىڭ ئويلىغىنىدىن قېرى ئىدى. بەلكىم ئۇ 48 ياكى 50 ياش بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قولىنىڭ ئاستىدا بىر كونترول تاختىسى بار ئىدى، ئۈستىدە بىر تۇتقۇچ بار ئىدى، ئۈستىدە سانلار مېڭىپ تۇراتتى.

— مەن ساڭا ئەگەر بىز كۆرۈشۈپ قالساق، مۇشۇ يەردە كۆرۈشىمىز دېگەنتىم، — دېدى ئوبراين.

— شۇنداق، — دېدى ۋىنستون.

ئوبراييىننىڭ هېچنېمە دېمەستىن قولىنى ئازراق مىدىرلىتىشى بىلەن تەڭلا ۋىنستوننىڭ بەدىنىگە بىر چىدىغۇسىز ئاغرىق تارقالدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەكلا تەسۋىرلىگۈسىز ئاغرىق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئاغرىقنىڭ قەيەردىن پەيدا بولغىنىنى بىلمەيتتى، ئەمما بەدىنىدە ئەجەللىك ئۆزگىرىش بولۇۋاتقاندەك سەزدى. ئۇ بۇ ئۆزگىرىش ھازىر نەق يۈز بېرىۋاتامدۇ ياكى توكتا پەيدا قىلىنغانمۇ ئۇنى بىلەلمىدى. ئەمما ئۇنىڭ بەدىنى تولغىنىپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتتى، بوغۇملىرى ئاجراپ كېتىشكە باشلىدى. ئاغرىق ئازابىدىن چېكىسىدىن تەر قۇيۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ھەممىدىن بەك ئۇمۇرتقىسىنىڭ قاراسىدە سۇنۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ كەتتى. ئۇ چىشىنى مەھكەم چىشلىۋالغان، ئامال بار مىدىرلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بۇرنىدىلا نەپەس ئېلىۋاتقان ئىدى.

— قورقۇپ كەتتىڭ، — دېدى ئوبرايىن ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ،

— بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن بىرەر يېرىم سۇنۇپ كېتەرمىكىن دەپ قالدىڭ، ھەقىچان ھەممىدىن بەك ئۇمۇرتقاڭدىن ئەنسىرەۋاتىسەن. سەن شۇ تاپتا ئۇمۇرتقاڭنىڭ قاراسىدىلا سۇنۇپ، يۇلۇنلىرىڭنىڭ ئېقىپ چىقىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىسەن، شۇنداقمۇ ۋىنستون؟

ۋىنستون جاۋاب بەرمىدى. ئوبرايىن كونتروللىغۇچنىڭ ئۈستىدىكى تۇتقۇچنى سەل كەينىگە ياندۇردى. ئاغرىقمۇ شاپپىدىلا كەينىگە ياندى.

— بۇ قىرىق، — دېدى ئوبرايىن، — قارا، بۇنىڭدىكى سان يۈزگىچە بار. پاراڭ جەريانىدا مەن قاچان خالىسام، ئاغرىقنى قانچىلىك دەرىجىگە كۆتۈرەلەيدىغانلىقىمنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىت قىلىمەن، ناۋادا يالغان ئېيتساڭ، گەپ ئويناتساڭ ياكى ئادەتتىكى نورمال ئەقلىي سەۋىيەڭدىن چۈشۈپ كەتسەڭ، ھازىرقى ئاغرىقنى ئۇنتۇپ قالما. چۈشەندىڭمۇ؟

— ھەئە.

ئوبرايىن سەل يۇمشىدى. كۆزەينىكىنى قايتا ئوڭشاپ، ئالدى - كەينىگە ئىككى قەدەم ماڭدى. ئاۋازىمۇ كۆپ سىپايىلەشتى. ئۇنىڭ

يۈرۈش - تۇرۇش، گەپ - سۆزلىرى جازالىماقچى بولغان ئادەمنىڭكىگە ئەمەس، چۈشەندۈرمەكچى، قايىل قىلماقچى بولغان بىر دوختۇرنىڭ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ، ھەتتا بىر پوپنىڭكىگە ئوخشاپ قالدى.

— ساڭا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىمەن ۋىنستون، — دېدى ئوبراين، — چۈنكى سەن ئەرزىيسەن. سەن ئۆزۈڭدىكى مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىسەن. سەن بۇنى بىلگىلى نەچچە يىللار بولدى، گەرچە بىلمەس بولۇۋېلىشقا جىق تىرىشقان بولساڭمۇ. سېنىڭ زېھنىڭ نورمال ئەمەس، خاتىرەڭنىمۇ جايىدا دېگىلى بولمايدۇ. سەن ھەقىقىي بولغان ۋەقەلەرنى ئېسىڭدە تۇتالمايسەن، ئەكسىچە پەقەت بولۇپ باقمىغان ئىشلارنى بولغان دەپ، ئۆزۈڭنى مۇشۇنداق قايىل قىلىپ كەلگەن. تەلىيىڭگە بۇنى ھېلىمۇ داۋالىغىلى بولىدۇ. سەن ئۆزۈڭنى داۋالاپ باقمىدىڭ، چۈنكى سەن شۇنداق قىلىشنى خالىمىدىڭ، تاللىمىدىڭ. سەن پەقەت بىر ئىرادىگە كېلىشكە كىچىككىنە تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدىڭ. ھەتتا ھازىرمۇ، سەن شۇنداق بىر كېسەلگە مۇپتىلاكى، ھېلىھەم ئۇ كېسەلنى بىر گۈزەللىك دەپ قارايسەن. قېنى بىر مىسال ئېلىپ باقايلى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئوكيانىيە قايسى دۆلەت بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ؟

— مەن قولغا ئېلىنغاندا، شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئىدى.

— ياخشى، شەرقىي ئاسىيا. ئوكيانىيە ئەزەلدىن شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا. شۇنداقتۇ؟

ۋىنستون ئىچىگە بىر تىندى. ئۇ ئېغىزىنى ئېچىپ گەپ قىلىشقا بىر تەمشىلىپ، گەپ قىلمىدى. ئۇ كۆزىنى كونتروللىغۇچتىن ئۈزەلمەي قالدى.

— راست گەپ قىل ۋىنستون، راست گەپ. ماڭا ئېسىڭدە قالغىنىنى دەپ بەر.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن قولغا ئېلىنىشتىن بىر نەچچە ھەپتە بۇرۇنغىچە، بىز شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئەمەستۇق، ئەكسىچە

ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدۇق. ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتاتتۇق. بۇ ئۇرۇش تۆت يىل داۋام قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ...

ئوبراين قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ ئۇنى توختاتتى.

— يەنە بىر مىسال، — دېدى ئۇ، — بىر نەچچە يىل بۇرۇن سەندە ئېغىر بىر خاتا تۇيغۇ بار ئىدى. سەن جونېس، ئارونسون، رۇسېرفورد قاتارلىق ئۈچ ئادەم مەسىلىلىرىنى تولۇق تاپشۇرغاندىن كېيىن، بۇزغۇنچىلىق، ساتقىنلىق جىنايىتى بىلەن ئەيىبلەنگەن ئۈچەيلەننى، ئۇلار ئۇ جىنايەتلەرنى سادىر قىلمىغان، مەندە ئۇلارنىڭ جىنايەتچى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پولاتتەك يازما پاكىت بار دەپ قارىغانتىڭ. سەندە ئۆزەڭ تەسەۋۋۇرۇڭدا پەيدا قىلىۋالغان بىر پارچە رەسىم بار ئىدى. سەن ئۇنى راستلا قولۇمدا بار دەپ ئىشىنەتتىڭ. ئۇ رەسىممۇ ياكى باشقا بىر نېمىمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداقراق بىر نەرسە ئىدى.

ئوبراينىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا بىر پارچە گېزىت پارچىسى پەيدا بولدى. ئۇ ۋىنىستوننىڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بەش سېكونتچە تۇردى. ئۇ بىر پارچە فوتو سۈرەت ئىدى. ئېنىق شۇنداق ئىدى. ئۇ دەل ئۆزى ئون بىر يىل بۇرۇن قولغا چۈشۈرۈپ قالغان ۋە دەرھال يوق قىلىۋەتكەن جونېس، ئارونسون، رۇسېرفوردلارنىڭ نيۇيوركتىكى پارتىيە شۆبىسىدە چۈشكەن فوتوسۈرەتنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى ئىدى. ئۇ رەسىم پەقەت ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر نەچچە سېكونتلا تۇرغان ۋە دەرھال يوق قىلىنغان ئىدى. ئىشقىلىپ، ۋىنىستوننىڭ ئۇ سۈرەتنى كۆرگەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ئۇ تولىمۇ قىينىلىپ يۈرۈپ بەدىنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىنى ئازراق مىدىرلاتماقچى بولدى، ئەمما بەدىنىنى ئۇياق - بۇياققا بىرەر سانتېمېتىر مىدىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا ئۇ شۇ دەقىقىدە كونتروللىغۇچىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا پەقەت ئاشۇ رەسىمنى يەنە قولىغا بىر ئېلىپ، قايتا بىر قاراپ بېقىشنىلا

ئويلاۋاتاتتى.

— ئۇ باركەندە! — تووۋلاپ كەتتى ئۇ.

— ياق، — دېدى ئوبراين.

ئوبراين ئۆينىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ماڭدى، ئۇ يەردە بىر خاتىرە تۆشۈكى بار ئىدى، ئوبراين سۈرەتنى شۇ يەرگە تاشلىۋەتتى، سۈرەت ئىسسىق هاۋا ئېقىمىدا بىردەمدىلا پىچقا چۇشۇپ كۆلگە ئايلاندى. ئوبراين بۇرۇلۇپ قايتىپ كەلدى.

— كۆل، ئەمدى يەنە تونۇغۇسىز كۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان.

— ئەمما ئۇ مەۋجۇت! ئۇ ئەسلەردە، خاتىرىلەردە مەۋجۇت! مېنىڭ ئېسىمدە بار. سىزنىڭمۇ ئېسىڭىزدە بار.

— مېنىڭ ئېسىمدە يوق، — دېدى ئوبراين.

ۋىنستوننىڭ يۈرىكى بىردىنلا تاشنىڭ ئاستىدا قالغاندەك بولدى. مانا بۇ قوش تەپەككۇر ئىدى، ئۇ ئۆزىنى چەكسىز غېرىب هېس قىلدى. ئەگەر ئۇ ئوبراينىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرەلىگەن بولسا، بۇ مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئەمما ئوبراينىڭ بۇ سۈرەتنى ھەقىقەتەن ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا، ئوبراين چوقۇم بۇ سۈرەتنىڭ ئېسىدە بارلىقىنى ئىنكار قىلغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن، ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتى. كىممۇ بۇنى مۇنداقلا بىر ئاددىي ئويۇن دەپ جەزملەشتۈرەلەيدۇ؟ بەلكىم مېڭىدىكى ھېلىقى مالىمانلىق ھەقىقەتەنمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى، دەل مۇشۇ ئوي ۋىنستوننى مەغلۇپ قىلدى.

ئوبراين ئۇنىڭغا ئويچان بىر نەزەردە قارىدى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇ بىر كەپسىز، ئەمما ئۈمىتلىك بىر بالىغا تەربىيە قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ئۆتمۈشنى كونترول قىلىش ھەققىدە پارتىيەنىڭ بىر شوئارى بار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىدى، شۇنى تەكرارلاپ باق، — دېدى ئوبراين.

— كىم ئۆتمۈشنى كونترول قىلسا، كەلگۈسىنى شۇ كونترول قىلىدۇ، كىم ھازىرنى كونترول قىلسا، ئۆتمۈشنىمۇ شۇ كونترول قىلىدۇ، — دېدى ۋىنستون يۇۋاشلىق بىلەن.

— كىم ھازىرنى كونترول قىلسا، ئۆتمۈشنىمۇ شۇ كونترول قىلىدۇ، — دەپ تەكرارلىدى ئوبراين قوشۇلۇش مەنىسىدە بېشىنى لىڭشىتىپ ۋە، — ۋىنستون، سېنىڭ قارىشىڭچە، ئۆتمۈش ھەقىقىي رەۋىشتە مەۋجۇتمۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە.

ئۇنى يەنە بايامقىدەكلا چوڭقۇر غېرىپلىق باستى. كۆزلىرى يەنىلا كونتروللىغۇچتا ئىدى. ئۇ «ھەئە» ياكى «ياق» دېگەن قايسى جاۋابنىڭ، ئۇنى قىيناق ئازابىدىن قۇتقۇزالايدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭمۇ زادى قايسى جاۋابنى توغرا دەپ قارايدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالدى.

ئوبراين مىيىقىدا كۈلدى:

— سەن بىر مېتافىزىكىچى ئەمەس ۋىنستون، مۇشۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىگىچە سەن مەۋجۇتلۇق دېگەننىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئويلىنىپ باقمىغان. مەن سوئالنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇراي. ئۆتمۈش كونكرېت ھالدا بوشلۇقتا مەۋجۇتمۇ؟ ياكى باشقا بىر ماددىي دۇنيادا مەۋجۇتمۇ؟ ئۆتمۈش شۇ تاپتا زادى قەيەردە يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

— ھېچيەردە.

— ئۇنداقتا ئۆتمۈش زادى قەيەردە؟

— ئارخىپلاردا، ۋەسىقىلەردە، يازمىلاردا.

— يازمىلاردا؟ يەنىچۇ؟

— ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا، خاتىرىسىدە.

— خاتىرىسىدە؟ ياخشى، پارتىيىمىز بارلىق يازما ھۆججەتلەرنى

كونترول قىلىدۇ، دېمەك، ئىنسانلارنىڭ خاتىرىسىنىمۇ كونترول قىلىدۇ. دېمەك، ئۆتمۈشىنىمۇ كونترول قىلىدۇ دېگەن گەپ، ئۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئەمما كىشىلەرنى ۋەقە - ھادىسىلەرنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشتىن قانداق توسۇپ بولالايسىلەر؟ — دەپ ۋارقىرىدى ۋىنستون كونترول قىلىنغۇچىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، — ئۇلار بۇلارنى تەبىئىيلا ئېسىدە تۇتۇۋالىدۇ، بۇنداق قىلماسلىقنى ئۇلارمۇ ئامال قىلالمايدۇ. سىز قانداقمۇ ئىنسانلارنىڭ خاتىرىسىنى كونترول قىلالايسىز؟ تېخى مېنىڭكىنىمۇ كونترول قىلالمىغان تۇرسىڭىز؟

ئوبراييىننىڭ ئەلپازى ئۆزگەردى. ئۇ قولىنى كونترول قىلغۇچقا قويدى.

— دەل ئەكسىچە، سەن تېخى ئۇنى كونترول قىلالمىدىڭ، سېنى بۇ يەرگە دەل شۇ نەرسە ئەكەلدى. سەن دەل ئۆزەڭنى بىلمىگەچكە، ئىنتىزامسىز بولغاچقا، مۇشۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭ. ئەسلىدە سەن بۇ يەردە بۇنداق ئەقىلنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ يۈرمەيتتىڭ. سەن بىر سارالڭ بولۇشنى، ئازسانلىق بولۇشنى تاللىدىڭ. پەقەت ئىنتىزامچان مېڭىلەرلا رېئاللىقنى كۆرەلەيدۇ، ۋىنستون. سەن رېئاللىقنى ئوبيېكتىپ بىر تاشقى مەۋجۇدىيەت، ئۆزى خالىغان رەۋىشتە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ دەپ قارايسەن. ھەم يەنە رېئاللىقنىڭ ماھىيىتى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم دەپمۇ قارايسەن. سەن ئۆزەڭنى مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرۈۋاتىمەن دېگەن يالغان تۇيغۇغا ئىشەندۈرگىنىڭدە، سەن باشقىلارنىمۇ مەن كۆرگەن نەرسىنى كۆرۈۋاتىدۇ دەپ ئويلايسەن. رېئاللىق دېگەن ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا مەۋجۇت، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاڭدىن تاشقىرى مەۋجۇتلۇق ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىلا مەۋجۇت. ئەلۋەتتە، يەككە شەخسلەرنىڭ ئېڭىدا ئەمەس، يەككە ئاڭ تولا خاتالىشىدۇ، شۇنداقلا ھامىنى يوقاپ كېتىدىغان نەرسىلەردۇر ئەمەس، پەقەت پارتىيەنىڭ ئېڭىدىلا مەۋجۇت. پارتىيەنىڭ ئېڭى كوللېكتىپ ئاڭ، شۇنداقلا يوقالماس، ئۆلمەس ئاڭدۇر. پارتىيە ھەقىقەت دەپ قارىغان ھەرقانداق نەرسە ھەقىقەتتۇر. پارتىيەنىڭ كۆزىدىن قارىماي تۇرۇپ، رېئاللىقنى،

ھەقىقەتنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس. بۇ سەن قايتا بىلىۋېلىشىڭ زۆرۈر بىر بىلىم، ۋىنستون. بۇ ئىنساندىن ئۆزىنى تولۇق بىتچىت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، كۈچلۈك ئىرادە تەلەپ قىلىدۇ. سەن ئاۋۋال ئۆزەڭنى بىلىشىڭ، تۆۋەن تۇتۇشۇڭ كېرەك، شۇندىلا ئاندىن ھەقىقىي ئەقىلگە ئېرىشەلەيسەن.

گويا ئۇ دېگەنلىرىنىڭ سىڭىپ بولۇشىنى كۈتۈۋاتقاندەك، بىر نەچچە مىنۇت لام - جىم دېمەي تۇردى.

— ئېسىڭدە بارمۇ؟ — داۋاملاشتۇردى ئۇ، — سەن خاتىرەڭگە، ئەركىنلىك دېگەن ئىككى قوشۇلغان ئىككى تەڭ تۆت دېگىلى بولۇشتۇر، دەپ يازغانىدىڭ.

— ھەئە، — دېدى ۋىنستون.

ئوبراين باشمالتىقىنى يېشىۋېلىپ، قالغان تۆت بارمىقىنى تىكلەپ ۋىنستونغا كۆرسەتتى.

— مەن قانچە بارمىقىمنى تىكلىدىم؟

— تۆت.

— ئەگەر پارتىيە بۇ تۆت ئەمەس، بەش دېسىچۇ؟

— تۆت.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا قاتتىق ئاغرىق باشلاندى. كونتروللىغۇچنىڭ ئىستىرېلكىسى قىرىق بەشكە كۆتۈرۈلدى. ۋىنستوننىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇپ كەتتى. ئۆپكىسىگە ھاۋا ئېتىلىپ كىرىپ بىر خىل چىدىغۇسىز ئاغرىق پەيدا قىلدى - دە، چىشى جاقىلداپ كەتتى. ئوبراين ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى، قولى يەنىلا كونتروللىغۇچتا ئىدى. تۇتقۇچنى سەل بوشاتتى، ئاغرىقمۇ ئەگىشىپ ئازراق قويۇپ بەردى.

— نەچچە بولىدۇ؟

— تۆت.

ئىئىستىرېلكا ئاتمىشقا چىقتى.

— نەچچە بولدۇ، ۋىنستون؟

— تۆت! تۆت! باشقا يەنە نەچچە بولماقچىدى؟

ئىستىرېلكا چوقۇم كۆتۈرۈلدى، ئەمما ۋىنستون كونتروللىغۇچقا قارىمىدى. ئوبراييننىڭ سۈرلۈك چىرايى ۋە تۆت بارمىقى ۋىنستوننىڭ كۆز ئالدىنى بىر ئالدى. تۆت بارماق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۆت دانە غايەت زور تۈۋرۈكتەك خىرە - شىرە لەپپەڭشىگەندەك كۆرۈنەتتى، ئەمما ئېنىقلا تۆت ئىدى.

— نەچچە بارماق ۋىنستون؟

— تۆت! توختات ئۇنى توختات! نېمانداق توختىمايسەن؟ تۆت! تۆت!

— نەچچە بولدۇ ۋىنستون؟

— بەش! بەش! بەش!

— ياق، ئەمدى پايدىسى يوق. يالغان ئېيتىۋاتىسەن. سەن يەنىلا تۆت بولىدۇ دەپ ئويلاۋاتىسەن. نەچچە بولىدۇ زادى؟

— تۆت! بەش! تۆت! بەش! ئىشقىلىپ سەن نېمە دېسەڭ شۇ. ئاۋۇنى توختاتساڭلا بولدى، خوش بولاي!

تۇيۇقسىز ئۇ ئوبراييننىڭ مۈرىسىگە قويۇۋالغان قولىغا تايىنىپ ئولتۇرماقچى بولدى. ئۇ بىر نەچچە سېكونت ھوشىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنى باغلاپ قويغان نەرسە بوشاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ قاتتىق توڭۇپ، جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ چىشىمۇ جاقىلداپ كەتكەن، ياشلىرى مەڭزىگە سىرغىپ چۈشكەنىدى. ئۇ بىردىنلا بوۋاق ئانىسىغا چاپلاشقاندەك ئوبراييننىڭ قۇچىقىغا چاپلاشتى، ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرغان ئېغىر بىلەكلەر ئۇنىڭغا راھەت بېغىشلىغانىدى. ئۇنىڭدا ئوبراين ئۇنىڭ قوغدىغۇچىسىدەك بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئاغرىق سىرتتىكى بىر مەنبەدىن كەلگەنىدى، ئۇ بولسىمۇ ئوبراين ئىدى،

ۋىنستوننى بۇ ئاغرىقتىن پەقەت ئاشۇلا قۇتقۇزالايتتى.

— سەن بەك ئاستا ئاڭقىرىۋاتىسەن، ۋىنستون، — دېدى ئوبراين يۇمشاق تەلەپپۇزدا.

— ماڭا نېمە ئامال؟ — دېدى ۋىنستون يىغلامسىراپ، — كۆز ئالدىمدىكىسى شۇ تۆت بارماق تۇرسا؟ ئىككىنى ئىككىگە قوشسا تۆت بولىدىغان تۇرسا.

— بەزىدە بەشمۇ بولىدۇ، ۋىنستون، بەزىدە ئۈچمۇ چىقىپ قالىدۇ. بەزىدە ھەتتا بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا بوپمۇ قالىدۇ. بەكرەك تىرىشىشىڭ كېرەك ۋىنستون. ئەقىللىق بولۇش ئاسان ئىش ئەمەس.

ئۇ ۋىنستوننى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى قايتىدىن كېرىشىپ كەتتى. ئەمما ئاغرىق خېلىلا قويۇپ بەردى، بايامقى تىترەكلەرمۇ يوقالدى. پەقەت سوغۇق ۋە زەئىپلىكىنىلا ھېس قىلاتتى. ئوبراين يېنىدىكى باينىڭياقى مىت قىلماي تۇرغان ئاق كىيىملىك كىشىگە بېشىدا ئىشارە قىلدى. ئۇ ئادەم ئېڭىشىپ ۋىنستوننىڭ كۆزلىرىگە قارىدى، تومۇر سوقۇشىنى تەكشۈردى، يۈرەك سوقۇشىنى تىڭشىدى، ئاندىن ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۇتۇپ باقتى ۋە ئوبراينغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— داۋاملىق، — دېدى ئوبراين.

ئاغرىق يەنە ۋىنستوننىڭ بەدىنىگە تارقالدى. ئىسترېلكا چوقۇم يەتمىش ياكى يەتمىش بەشنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بۇ قېتىم ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ بارماقلارنىڭ يەنىلا شۇ يەردىلىكىنى، ئەمما تۆتلۈكىنى بىلەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئەس - يادى پەقەت مۇشۇ ئاغرىق ئاخىرلاشقىچە ھايات تۇرۇۋېلىشلا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋارقىراۋاتقان يا ۋارقىرىمايۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن سەل توختاپ دىققەت قىلىپ باقتى. ئاغرىق يەنە بوشىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى. ئوبراين تۇتقۇچنى ياندۇردى.

— نەچچە بارماق بولىدۇ، ۋىنستون؟

— تۆت، مېنىڭچە تۆت. ئەگەر قۇربىم يەتكەن بولسا بەش دەپ كۆرەلىگەن بولاتتىم. مەن بەش دەپ كۆرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن.

— قايسىنى تاللايسەن؟ ئۇنىڭ بەش ئىكەنلىكىگە سېنى قايىل قىلىشىمىزمۇ ياكى ئۆزەڭنىڭ ھەقىقىي بەش دەپ كۆرۈشىڭنىمۇ؟

— ھەقىقىي كۆرۈشنى.

— قايتا.

ئىسترېلكا ھەقچان توقسان بەشكە چىقتى. ۋىنستون نېمىشقا بۇنداق ئاغرىقنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئۇزۇپ - ئۇزۇپ ئەسلىيەلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، بارماقلاردىن شەكىللەنگەن بىر ئورمانلىق لەرزان ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى، بىردەم يوقاپ، بىردەم پەيدا بولاتتى. ئۇ بۇلارنى ساناشقا تىرىشاتتى، ئەمما نېمىشقا ساناشقا تىرىشىدىغانلىقىنى ئەسلىيەلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئۇلارنى سانىغىلى بولمايدىغانلىقىنىلا بىلەتتى. بۇ تۆت بىلەن بەشنىڭ سىرلىق خۇسۇسىيىتى تۈپەيلىدىن ئىدى. ئاغرىق يەنە قويۇپ بەردى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا يەنە شۇ نەرسىلەرنى كۆردى. كۆز ئالدىدا سانسىزلىغان بارماقلار، خۇددى دەرەخلەرگە ئوخشاش ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەرگە قاراپ لەپەڭشىۋاتاتتى. ئۇ كۆزلىرىنى قايتا يۇمدى.

— قانچە بارماق ۋىنستون؟

— بىلمەيمەن، بىلمەيمەن. ئەگەر يەنە ئۇنداق قىلساڭ مېنى ئۆلتۈرۈپ قويىسەن. تۆت، بەش، ئالتە، راست گېپىم شۇكى بىلمىدىم.

— ياخشى ئەمەس، — دېدى ئوبراين.

ۋىنستوننىڭ بىلىكىگە بىر يىڭنە سانچىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ شۇنداق راھەت، ئىللىق بىر سېزىم ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارىدى. ئاغرىق ئاساسەن دېگۈدەك ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچتى ۋە مىننەتدارلىق نەزىرى بىلەن ئوبراينغا قارىدى. بۇ قورۇق

باسـقان، شـۇنچىلىك كۆرۈمسـىز، ئەمما قـۇۋ چىرايىغا قـاراپ، ئۇنىـڭ قەلبىـدە ئوبرايىنغـا بولغـان مۇھەببـەت كۆۋەجىـدى. مۇمكىـن بولسـا ئـۇ قولىنـى سـۇنۇپ، ئوبرايىنىـڭ بىلىكـى ئۈسـتىگە قويغـان بولاتتـى. ئـۇ ئوبرايىننـى ئەزەلدىـن هازىرقىـدەك مۇنـداق ياخشـى كـۆرۈپ باقمىغـان. بـۇ ھەرگىـز ئۇنىـڭ ئاغرىقنـى توختاتقانلىقـى ئۈچۈنـلا ئەمـەس ئىـدى. ئۇنىڭدىكـى ئوبرايىنغـا بولغـان كونـا ھېسسـىيات — مەيلـى ئوبرايىـن دوست بولسۇن ياكى دۈشمەن بولسۇن — ۋىنستونغا قايتىـپ كەلـدى. ئوبرايىـن سىرداشـقىلى بولىدىغان ئـادەم ئىـدى. بەلكىـم كىشـىلەر ياخشـى كۆرۈلۈشنى، چۈشىنىلىشتەك بـەك خـالاپ كەتمەسـلىكى مۇمكىـن. ئوبرايىـن ئۇنـى ئۆلگـۈدەك قىينىـدى. بەلكىـم يەنـە قىسـقا ۋاقىـت ئىچىـدە، جەزمـەن ئۇنىـڭ جېنىنـى ئېلىشـىمۇ مۇمكىـن، ئەممـا ھېچقىسـى يـوق. مەلـۇم نۇقتىدىـن ئېيتقانـدا بـۇ دوستلۇقتىنمۇ ئۆتـە چوڭقۇرلىشىپ كەتكەنىـدى، ئـۇلار جانجىگەرلەردىـن ئىـدى. بەلكىـم بىـرەر يـەردە، گەرچـە نىمىلەرنـى سۆزلىشىشـنى ھېچكىـم بىلمىسـىمۇ، ئـۇلار چوقـۇم دەرقەمتـە كۆرۈشـەلەيتتى ۋە مۇڭدىشالايتتى. ئوبرايىـن ئۇنىڭغـا گوياكـى ئۇمـۇ شـۇنداق خىيالـلاردا بولۇۋاتقانـدەك ئېڭىشـىپ قارىـدى. ئـۇ تولىمـۇ يۇمشـاق، دوسـتانە ئىنتوناتسـىيىدە دېـدى:

— قەيەردە ئىكەنلىكىڭنى بىلەمسەن ۋىنستون؟

— بىلمەيمەن، ئەمما پەرەز قىلالايمەن، شەپقەت مىنىستىرلىكىدە.

— بۇ يەردە قانچىلىك تۇرغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— ياق. بەلكىم كۈنلەر، ھەپتىلەر، ئايلار بولغانـدۇ، مېنىڭچە بىـر نەچچە ئاي بولـدى.

— سېنىڭچە بىز كىشىلەرنى بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ئەكىلىمىز؟

— ئۇلارنى مەسىلىسىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن.

— ياق، يەنە ئويلاپ باق.

— ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن.

— ياق! — ۋارقىرىدى ئوبراين. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنە ئۆزگەردى، چىرايىمۇ دەرھال قورقۇنچلۇق تۈسكە كىردى، — ياق! ئۇلارنى ئىقرار قىلدۇرۇش ياكى جازالاش ئۈچۈن ئەمەس. مەن دەپ بېرەيمۇ؟ سېنى داۋالاش ئۈچۈن! ساقايتىش ئۈچۈن! چۈشىنەمسەن شۇنى، بۇ يەرگە كەلگەنلەردىن بىزنىڭ قولىمىزدا ساقايماي چىقىپ كەتكەنلەر بارمۇ؟ بىز ھەر قايسىڭ سادىر قىلىشقان ئۇ ئەخمىقانە جىنايەتلەرگە قىزىقمايمىز. پارتىيە ئۇنداق مەخپىي ھەرىكەتلەرگە قىزىقمايدۇ. بىزنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىمىز ئىدىيە! بىز دۈشمەنلىرىمىزنى بىتچىتلا قىلمايمىز، بەلكى ئۆزگەرتىمىز. نېمە دېمەكچى بولغانلىقىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟

ئۇ ۋىنستونغا قاراپ ئېگىلدى. تولىمۇ يېقىن كەلگەچكە، ئۇنىڭ يۈزى ۋىنستونغا ناھايىتى يوغان كۆرۈندى، ھەم ئاستى تەرەپتىن قارىغاچقىمۇ - تاڭ، تولىمۇ سەت، كۆرۈمسىز كۆرۈندى. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ يۈزدە بىر خىل تەكەببۇرلۇق، ساراڭلارچە كۆرەڭلىك بار ئىدى. ۋىنستوننىڭ يۈرىكى يەنە جىغغىدە قىلدى. ئەگەر قولىدىن كەلگەن بولسا، ئۇ كارىۋاتقا تېخىمۇ چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋالغان بولاتتى. ئۇنىڭغا ئوبراين تۈنتۈۋچىنى يەنە بىر كۆتۈرۈپ قويىدىغاندەك بىلىندى. دەل شۇ چاغدا ئوبراين يىراقلاشتى. ئۇ ئالدى - كەينىگە ئىككى - ئۈچ قەدەم مېڭىۋېتىپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ئەلپازى سەل بوشىغانىدى.

— چۈشىنىۋېلىشىڭ لازىم بولغان بىرىنچى ئىش شۇكى، بۇ يەردە قەھرىمانلىق ئاقمايدۇ. سەن ئىلگىرىكى دىنىي جازا - قىستاقلارنى ئوقۇغان. ئوتتۇرا ئەسىردە دىنىي سوت بار ئىدى. ئەمما ئۇ مەغلۇب بولغان. ئۇلار غەيرىي دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى يوقاتماقچى بولۇپ قۇرۇلغان، ئەمما ئاخىرىدا ئۇنى ئەكسىچە تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئەبەدىيلەشتۈرۈپ قويدى. بىرنى يوقاتسا مىڭى پەيدا بولدى. نېمىشقا؟ چۈنكى دىنىي سوت ئۇلارنى ئوچۇقچىلىقتا ئۆلتۈرگەن، بولۇپمۇ ئۇلارنى تېخى تەۋبە قىلمىغان ھالىتىدە ئۆلتۈرگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي

ئىنتقادىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن. نەتىجىدە پۇتۇن شان - شەرەپ ئۆلگۈچىگە، نومۇس - ھاقارەت ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلەرگە مەنسۇپ بولغان. كېيىنچە، 20 - ئەسىرلەردە مۇستەبىتلەر پەيدا بولدى. گېرمان ناتسىستلىرى ۋە رۇس كوممۇنىستلىرى مەيدانغا چىقتى. رۇسلار يات قاراشتىكىلەرنى دىنىي جەمئىيەتلەردىنمۇ بەكرەك ئېغىر باستۇردى ھەم ئۇلار بىز تارىختىن تەجرىبە - ساۋاق ئالدۇق دەپ ئويلاشتى. رۇسلار ھېچبولمىسا ئۇلارنىڭ قەھرىمان بوپقالىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى. ئۇلار دۈشمەنلىرىنى ئوچۇق سوتقا ئېلىپ چىقىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى تولۇق دەپسەندە قىلدى، قىيىندى، يالغۇز قويدى، ياللدى، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئۇسۇللاردا خورلىدى، ئۇلارمۇ ئېغىزىغا تىقىپ قويۇلغاننى ئىقرار قىلدى، بىر - بىرىنى ئىنتەك چىشلەپ تارتىشتى، شەپقەت تىلەپ ئېچىنىشلىق يىلىنىشتى. ئەمما بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئوخشاش ئىش يەنە تەكرارلاندى. ئۇلار يەنە قەھرىمانغا ئايلاندى، ئۇلارنىڭ خورلۇقى ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى. يەنە بۇ نېمىشقا؟ بىرىنچىدىن، ئۇلارنىڭ توۋىسى، ئىقرارى مەجبۇرلانغاندا ئېيتىلغان، يەنى يالغان. بىز ئۇنداق خاتالىقنى سادىر قىلمايمىز. بۇ يەردىكى ئىقرار، توۋىلار راست، ھەقىقىي. بىز ئۇلارنى ھەقىقىي توۋا قىلدۇرىمىز. ھەرگىز كېيىنكى ئەۋلادلار بىزنى ئەسلەيدۇ، گۇناھسىزلىقىمىزنى ئىسپاتلايدۇ، دەپ خام خىيال قىلما ۋىنىستون. ئەۋلادلار سىلەرنى بىلمەيدۇ. سىلەر تارىختىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلىسىلەر. بىز سىلەرنى پارغا ئايلاندۇرۇپ ئاتموسفېراغا قويۇۋېتىمىز. سىلەرنىڭ ھېچنېمەڭلار قالمايدۇ، بىرەر تال خېتىڭلار، بىرەر ئەسلىمەڭلارمۇ قالمايدۇ. سەن تارىختىنمۇ، كەلگۈسىدىنمۇ ئۆچۈرۈلىسەن. سەن ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان.

«ئۇنداقتا مېنى نېمىدەپ قىينايدۇ؟» دەپ ئويلىدى ۋىنىستون ئىنتايىن ئاچچىق تۇيغۇدا. گويا ۋىنىستون بۇ ئوينى دەپ تاشلايدىغاندەك، ئوبراين قەدەملىرىنى توختاتتى، ئۇنىڭ كۆرۈمسىز

يۈزلىرى، سەل قىسىلغان كۆزلىرى ۋىنستونغا يېقىنلاشتى.

— سەن ئويلاۋاتىسەن، — دېدى ئوبراين، — بىزنى مۇشۇنداق بىتچىت قىلماقچى بولغاندىكىن، بىزنىڭ دېگىنىمىز، قىلغانلىرىمىزنىڭ ھېچنىمىگە پايدىسى بولمىغاندىكىن، ئۇنداقتا نېمىدەپ بىزنى بۇنچە قىيناپ سوراق قىلىپ ئاۋارە بولىسىلەر، دەپ ئويلاۋاتىسەن ۋىنستون، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى ۋىنستون.

ئوبراين مىيىقىدا كۈلدى.

— سەن خەرىتىنىڭ يۈزىدىكى بىر چېكىت ۋىنستون، چوقۇم سۈرتۈپ تاشلىنىشقا تېگىشلىك بىر داغ. ساڭا بايىلا بىزنىڭ بۇرۇنقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىمىزنى دېمىدىممۇ؟ بىز پاسسىپ بويسۇنۇشقا رازى بولمايمىز، پەس قۇللارچە بويسۇنۇشنىمۇ يېتەرلىك دەپ قارىمايمىز. ئاخىرقى ھېسابتا، سېنىڭ ئىتائىتىڭ مۇتلەق ئەركىن تاللىشىڭدىن كېلىشى كېرەك. بىز يات ئىدىيىدىكىلەرنى بىزگە قارشى تۇرغانلىقى ئۈچۈن بىتچىت قىلمايمىز، بىزگە قارشىلىق كۆرسىتىپلا تۇرىدىكەن، بىز ئۇلارنى بىتچىت قىلمايمىز. بىز ئۇلارنى ئۆزگەرتىمىز، ئىچىدىن كونترول قىلىمىز، ئۇلارنى قايتا قۇرۇپ چىقىمىز. بىز ئۇلاردىكى بارلىق رەزىللىك، خاتا تۇيغۇلارنى يوق قىلىمىز. بىز ئۇلارنى ئۆزىمىز تەرەپكە تارتىمىز، ھەرگىزمۇ تاشقى شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي يوسۇندا يۈرىكى، ۋۇجۇدى بىلەن. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن بىز ئۇلارنى ئۆزىمىزنىڭ بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرىمىز. بىز ھەرقانداق بىر خاتا ئىدىيەنىڭ مەيلى ئۇ قانچىلىك كۈچسىز، مەخپىي بولسۇن، دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە مەۋجۇت بولۇشىغا كەڭ قورساقلىق قىلالمايمىز. ھەتتا ئۆلۈم دەقىقىلىرىدىمۇ، بىز ھەرقانداق كىچىككىنە ئىدىيىۋى چەتنەشنىمۇ قوبۇل قىلالمايمىز. بۇرۇنقى زاماندا، بىر غەيرى دىن مۇخلىسى دارغىمۇ ئۆز ئېتىقادى بىلەن ماڭاتتى، ئۆزىنىڭ ئېتىقادىنى ئاشكارا جاكارلاپ كۆرەڭلەيتتى. ھەتتا رۇسلار تەرىپىدىن تازىلانغانلارمۇ،

www.uyghurkitap.com

ئۇق مەيدانىغا ئۆز ئىدىيىسىنى كاللىسىدا كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. ئەمما بىز كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى پارتلىتىۋېتىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى ئۆزگەرتىپ، مۇكەممەللەشتۈرىمىز. بۇرۇنقى زالىملارنىڭ بۇيرۇقى «سەن مۇنداق قىلماسلىقىڭ كېرەك» ئىدى، رۇسىيە مۇستەبىتلىرىنىڭ بۇيرۇقى «سەن مۇنداق قىلىشىڭ كېرەك» بولدى، ئەمدى بىزنىڭ بۇيرۇقىمىز «سەن مۇنداق بولۇشۇڭ كېرەك». بىز بۇ يەرگە ئەكەلگەن ھەرقانداق ئادەم، كېيىن بىز بىلەن دۇشمەنلەشمەيدۇ. ھەممەيلەن پاك - پاكىزە يۇيۇلىدۇ. سەن بىر چاغلاردا گۇناھسىز دەپ ئىشەنگەن جونېس، ئارونسون، رۇسېرفوردلارنىمۇ بىز ئاخىرىدا تولۇق بىتچىت قىلدۇق. ئۇلارنى سوراق قىلىشقا مەن قاتناشقان. مەن ئۇلارنىڭ ئاستا - ئاستا بىتچىت بولغىنىنى كۆزۈم بىلەن كۆردۇم، قاخشىدى، تىزلاندى، يىغلىدى، ئاخىرىدا قورقۇنچ ياكى ئازابتىن ئەمەس، گۇناھىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆزگەردى. ئاخىرىدا ئۇلاردا پەقەت ئادەمنىڭ گەۋدىسىلا قېلىپ قالدى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قىلغانلىرىغا پۇشايمان، نادامەت ۋە غوجاكىغا بولغان مۇھەببەتتىن باشقا ھېچنېمە قالمىدى. ئۇلارنىڭ غوجاكىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈش بەكلا تەسىرلىك. ئۇلار بىزنى ئەمدى ئېتىۋېتىڭلار دەپ يالۋۇرۇپ كەتتى، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار ھەقىقىي گۇناھسىز، پاك كېتەلەيتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك چىقىشقا باشلىدى. ھاياجان، ساراڭلارچە ئەسەبىيلىك ئۇنىڭ چىرايىدىن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. «ئۇ يالغاندىن ئۇنداق بولۇۋالمىدى» دەپ ئويلىدى ۋىنستون. ئۇ ئۇنداق ساختىپەز ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆزى دېگەن گەپلەرگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۆزىنىڭ ئەقلىنىڭ، ئوبراينىڭكىدىن كۆپ ئاددىيلىقىنى بىلىپ قالغانلىقى ۋىنستوننى ئىنتايىن ئازابلىدى. ئۇ ئالدى - كەينىگە مېڭىۋاتقان بۇ قامەتلىك گەۋدىگە قارىدى. ئوبراين ھەرقانداق جەھەتتە ۋىنستوندىن ئۈستۈن ئىدى. ۋىنستوندا ئوبراين بىلمەيدىغان، رەت قىلالمايدىغان، رەددىيە بېرەلمەيدىغان

ھېچقانداق ئىدىيە يوق ئىدى. ئۇنىڭ مېڭىسى ۋىنستوننىڭكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئوبرايىننى قانداقمۇ ساراڭ دېگىلى بولسۇن؟ سارىڭى چوقۇمكى ۋىنستوننىڭ ئۆزى. ئوبرايىن توختاپ ۋىنستونغا ئېگىشىپ قارىدى، ئۇنىڭ ئەلپازى يەنە سۇرلۇك تۇس ئالدى.

— ئۆزەڭنى بىزگە قانچىلىك تاپشۇرساڭمۇ، ئۆزەمنى قۇتقۇزالايمەن دەپ ھەرگىز تەسەۋۋۇر قىلما ۋىنستون. بىرەر قېتىم ئازغانلاردىن كەچۈرۈلگىنى يوق. ھەتتا بىز ساڭا نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان تەقدىردىمۇ، ھەرگىز چاڭگىلىمىزدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلمەيسەن. بۇ يەردە ساڭا بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەڭگۈلۈك. بۇنى بالدۇرراق بىلىپ قوي. بىز سېنى مەڭگۈ ئەسلىگە كېلەلمەيدىغان دەرىجىدە بىتچىت قىلىۋېتىمىز. مىڭ يىل ياشىساڭمۇ ئەسلىڭگە كېلەلمەيسەن. سەندە ئەمدى ئادەتتىكى ئادەملەردە بولىدىغان ھېس-تۇيغۇ بولمايدۇ. ھەممە ئىچىڭدە ئۆلۈپ بولغان بولىدۇ. ئەمدى سەندە مۇھەببەت، دوستلۇق، كۈلكە، خۇشاللىق، قىزىقىش، جاسارەت، ئىرادە دېگەنلەر بولمايدۇ. سەن پاكپاكىزە قۇرۇقدىلىسەن، ۋۇجۇدۇڭدىكى ھەممە نەرسىنى تازىلىۋېتىپ، ئورنىغا ئۆزىمىزنى قاچىلايمىز.

ئۇ توختىدى ۋە يېنىدىكى ئاق كىيىملىككە ئىشارەت قىلدى. ۋىنستون بىر ئېغىر ئۈسكۈنىنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇلغانلىقىنى سەزدى. ئوبرايىن كارىۋاتتا ئولتۇردى، ھازىر ئۇنىڭ بېشى ۋىنستوننىڭكى بىلەن بىر تەكشىلىككە كەلدى.

— ئۈچ مىڭ، — دېدى ئوبرايىن ئاق كىيىملىك ئادەمگە.

ئاق كىيىملىك ئادەم ئىككى دانە نەم ياپىلاق، يۇمشاقراق نەرسىنى ئۇنىڭ چېكىسىگە قويدى. ۋىنستون قورقۇپ كەتتى. ئاغرىق باشلىنىۋاتقان ئىدى، بۇ باشقىچە بىر ئاغرىق ئىدى. ئوبرايىن قولىنى تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ پىشانىسىگە قويدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئاغرىتمايدۇ، مىنىڭ كۆزۈمدىن كۆزۈڭنى ئۈزمە.

ئاسمان - زېمىننى ئۆرۈۋەتكىدەك كۈچلۈك بىر پارتلاش يۈز بەردى، ئاۋاز چىققان - چىقمىغاننى ئېنىق جەزملەشتۈرگىلى بولمايتتى. كۆزنى قارىغۇ قىلىۋەتكىدەك بىر كۈچلۈك نۇر چاقنىدى. ۋىنستون ھېچقانداق ئاغرىق سەزمىدى، ئەمما قىلچە مادارى قالمىدى. گەرچە ئۇ بۇ ئىش يۈز بەرگەندە يېتىغلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا يەنىلا بىرەرى مۇشۇنداق ياتقۇزۇپ قويغاندەك بىر سېزىم بولدى. ھېچقانداق ئاغرىتمايدىغان بىر كۈچلۈك زەربە ئۇنى قەغەزدەك ياپىلاق قىلىۋەتتى. كاللىسىدىمۇ بىر ئىشلار بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى سەل ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندا، ئۇ يېتىۋاتقىنىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى سەزدى، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان چىرايىنىمۇ تونۇدى. ئەمما گويا مېڭىسىنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئېلىۋەتكەندەك، كاللىسىنىڭ بىر يەرلىرى قۇرۇقدىلىپ قالغاندى.

— ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ، — دېدى ئوبرايىن، — كۆزۈمگە قارا، ئوكيانىيە قايسى دۆلەت بىلەن ئۇرۇشتا؟

ۋىنستون ئويلاندى. ئۇ ئوكيانىيەنىڭ نېمىلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ يەرنىڭ پۇقراسى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇ يەنە شەرقىي ئاسىيا ۋە ياۋروئاسىيالارنى ئېسىگە ئالدى. ئەمما كىمنىڭ كىملەر بىلەن ئۇرۇشتا ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئۇرۇشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىمۇ بىلمەيتتى.

— ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— ئوكيانىيە ھازىر شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا. بۇ ئېسىڭدىمۇ؟

— ھەئە.

— ئوكيانىيە سەن تۇغۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە قۇرۇلغاندىن بۇيان، تارىخ باشلانغاندىن بۇيان شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا. بۇ ئۇرۇش ئەزەلدىن ئۈزۈلۈپ باقمىدى. بۇ ئېسىڭدىمۇ؟

— ھەئە.

— ئون بىر يىل بۇرۇن، سەن ساتقىنلىق جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئۇچەيلەننىڭ ئەپسانىسىنى ئويدۇرۇپ چىقاردىڭ. سەن ئۆلارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان بىر پارچە فوتو سۈرەت بار دەپ يالغان ئېيتتىڭ. ئۇنى ئۆزەڭ پەيدا قىلغان، كېيىن ئۆزەڭمۇ شۇنىڭغا ئىشىنىپ قالغان ئىدىڭ. سەن دەسلەپتە ئۇنى ئويدۇرغان ۋاقتىڭنى ئەسلىيەلەمسەن؟

— ھەئە.

— بايا مەن ساڭا بارماقلىرىمنى ساڭا كۆرسەتتىم، ئېسىڭدىمۇ؟

— ھەئە.

ئوبراين سول قولىدىكى تۆت بارمىقىنى تىكلەپ ۋىنستونغا كۆرسەتتى.

— بۇ يەردە بەش بارماق بار، بەش بارماقنى كۆردۈڭمۇ؟

— ھەئە.

ئۇنىڭ كاللىسىدىكى كۆرۈنۈش ئۆزگىرىشتىن بۇرۇن، تولىمۇ قىسقا بىر دەقىقە ئىچىدە، ئۇ راستىنلا كۆردى. ئۇ بەش بارماقنى كۆردى. بەشىلىسى تىكلەنگەن ئىدى. ئاندىن ھەممە ئىشلار نورمال ھالىتىگە قايتتى. يەنە ئاۋۋالقى قورقۇنچ، نەپرەت، تېڭىرقاشلار كەلكۈندەك قايتىپ كەلدى. ئەمما ئازراق ۋاقىت ئۆتتۈمىدى، بەلكىم ئوتتۇز سېكونتتۇ، ئىشقىلىپ ئۇمۇ ئېنىق بىلمەيتتى، ئوبراينىڭ ھەربىر گېپى، بايانى ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى بوشلۇقتا قۇيۇلۇشقا، مۇتلەق ھەقىقەتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئىككىگە ئىككىنى قوشسا ئەمدى ئاسانلا ئۈچ، بەش بولدى. ئۇ دەقىقىلەر، ئوبراين ئۇنىڭ پىشانىسىدىن قولىنى ئالغان چاغدا ئاندىن ئاخىرلاشتى. ئەمما ۋىنستون ئۇنى تۇتۇۋالالمىغان بولسىمۇ، خۇددى ئۆزگەرگەن بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەسلىي سالاھىيىتىدىكى ھاياتىدا ياشىغان، مەلۇم بىر تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئەسلىگەندەك

ئەسلىيەلەيتتى.

— ئەمدى بىلدىڭ ۋىنستون، دېمەك، بۇ مەلۇم دەرىجىدە مۇمكىن.

— شۇنداقكەن.

ئوبراين رازىمەنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى. ۋىنستون ئوبراييننىڭ سول تەرىپىدىكى ئاق كىيىملىك ئادەمنىڭ بىر ئامپۇلنى چېقىپ شپىرىس بىلەن ئۇنىڭدىن بىر نېمە تارتقانلىقىنى كۆردى. ئوبراين تەبەسسۇم بىلەن ۋىنستونغا قارىدى. ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقى كونا ھەرىكىتى بىلەن كۆزەينىكىنى تۈزەشتۈردى.

— خاتىرەڭگە مەن توغرىلىق ئۇ مەيلى دوست بولسۇن، دۈشمەن بولسۇن، مېنى چۈشەنمىدىغان ۋە سىرداشقىلى بولىدىغان ئادەم دەپ يازغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ توغرا ئېيتقانسەن. مەن سەن بىلەن پاراڭلىشىشتىن ھۇزۇرلىنىمەن. سېنىڭ كاللاڭنى ياخشى كۆرىمەن، مېنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما سەن بىر ساراڭلىقتا مۇپتىلا. بۈگۈنكى باسقۇچتىكى ئىشلىرىمىز ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن، مەندىن سورىغۇڭ كەلگەن سوئاللارنى سورىساڭ بولىدۇ.

— ھەرقانداق سوئال بولسا بولامدۇ؟

— بولۇۋېرىدۇ، — ئۇ ۋىنستوننىڭ كۆزىنىڭ كونتروللىغۇچتا ئىكەنلىكىنى كۆردى، — ئۇنى ئېتىۋەتتىم. قېنى بىرىنچى سوئالىڭ نېمە؟

— جۇلىيانى نېمە قىلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى ۋىنستون.

ئوبراين يەنە كۈلدى.

— ئۇ ساڭا ئاسىيلىق قىلدى ۋىنستون، ناھايىتى تېز ۋە ھېچنېمىنى قويماي ھەممىنى پاش قىلدى. مەن ئۇنىداق تېز تاپشۇرۇۋېلىنغانلارنى بەك ئاز ئۇچراتقان. ئەگەر ئۇنى قايتا ئۇچرىتىپ قالساڭمۇ، تونۇيالمايسەن. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئىسيان، ئالدامچىلىق، دۆتلۈك، ئىدىيىۋى بۇزۇقلۇق ھەممىسىنى پاك - پاكىزە يۇيۇۋېتىپ، ئۇنى قايتىدىن بىر

مۇكەممەل ئادەم قىلىپ قۇرۇپ چىقتۇق. قالتىس ئۆرنەك بولدى.

— ئۇنى قىيىندىڭىزمۇ؟

ئوبراين ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى.

— ئەمدىكى سوئال؟

— غوجاكا راستىنلا مەۋجۇتمۇ؟

— ئەلۋەتتە مەۋجۇت. پارتىيە مەۋجۇت، غوجاكا پارتىيەنىڭ گەۋدىلىنىشى.

— ئۇ مەن مەۋجۇت بولغاندەك مەۋجۇتمۇ؟

— سەن مەۋجۇت ئەمەس، — دېدى ئوبراين.

ۋىنستوننى ھېلىقى تەسۋىرلىگۈسىز غېرىپلىق يەنە باستى. ئۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان زاكۇنلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتى ياكى ئۇلارنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ ئىدى، سۆز ئويۇنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. «سەن مەۋجۇت ئەمەس» دېگەن بايانىدا لوگىكىلىق مۇجمەللىك بار ئەمەسمۇ؟ ئەمما ئۇنداق بولغاننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ ئۇ ئوبرايىننىڭ ئۆزىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىغان، ئادەم جاۋاب بېرىپ بولغىلى بولمايدىغان، سارالڭ زاكۇنلىرىنى ئويلاپ تۇگۈلۈپ كەتتى.

— مېنىڭچە مەن مەۋجۇت، — دېدى ۋىنستون ھارغىنلىق بىلەن. — ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى بىلىمەن. مەن تۇغۇلغان ھەم ئۆلىمەن. مېنىڭ پاچاق، بىلەكلىرىم بار. مەن ھازىر مەلۇم بوشلۇقنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتىمەن. باشقا بىر ماددا، بىرلا ۋاقىتتا مەن ئىگىلىگەن بوشلۇقتا مەۋجۇت بولالمايدۇ. غوجاكا مانا مۇشۇ مەنىدە مەۋجۇتمۇ؟

— ئۇنداق بولۇشى مۇھىم ئەمەس. ئۇ مەۋجۇت.

— ئۇ ئۆلۈپ قالامدۇ؟

— ياق، ئەلۋەتتە. ئۇ قانداقمۇ ئۆلۈپ قالسۇن؟ ئەمدىكى سوئال؟

www.uyghurkitap.com

— قېرىنداشلار مەۋجۇتمۇ؟

— بۇنى سەن مەڭگۈ بىلەلمەيسەن، ۋىنستون. سەن بىلەن بولغان ئىشىمىز تۈگەپ سېنى قويۇۋەتكەندىمۇ، سەن توقسان ياشقىچە ياشىيالىغاندىمۇ، بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلەلمەيسەن. سەن ھاياتلا بولىدىكەنسەن، ئۇ سېنىڭ مېڭەڭدىكى جاۋابسىز تېپىشماق پېتى تۇرىدۇ.

ۋىنستون ئۈنچىقماي يېتىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆكسى سەل تېزراق كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ تېخىچە كاللىسىغا باشتا كەلگەن سوئالنى سورىمىغان ئىدى. ئۇ ئۇنى سورىشى كېرەك ئىدى. ئەمما تىلىدىن چىقمايۋاتاتتى. ئوبرايىننىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلدى. ئۇنىڭ كۆزەينەكلىرىمۇ خۇددى بىر خىل مەسخىرىلىك پارقىراۋاتاتتى. ۋىنستون بىردىنلا ئوبرايىن مېنىڭ نېمە سورىماقچى بولغانلىقىمنى بىلىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى! دەل شۇ چاغدا بۇ سوئالمۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىقتى:

— 101 - نومۇرلۇق ئۆيىنىڭ ئىچىدە نېمە بار؟

ئوبرايىننىڭ ئىپادىسى ئۆزگەرمىدى. ئۇ ئىپادىسىزلا جاۋاب بەردى:

— سەن ئۇنى بىلىسەن، ھەممەيلەن ئۇنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى بىلىدۇ.

ئوبرايىن يېنىدىكى ئاق كىيىملىك ئادەمگە بارمىقىدا ئىشارەت قىلدى. روشەنكى، بۈگۈنكى باسقۇچ ئاخىرلاشقان ئىدى. يىڭنە ۋىنستوننىڭ بىلىكىگە سانچىلدى، ئۇ تېزلا چوڭقۇر ئۇيقۇغا غەرق بولدى.

## 3

— سېنىڭ ئۆزگەرتىلىشىڭ ئۈچ باسقۇچتىن تەركىب تاپقان: ئۆگىنىش، چۈشىنىش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمدى ئىككىنچى باسقۇچقا كىرىدىغان ۋاقتىڭ بولدى، — دېدى ئوبرايىن.

ۋىنستون ئاۋۋالقىدەك كارىۋاتتا ئوڭدا ياتاتتى. يېقىننىڭياقى، ئۇنىڭ باغلاقلىرى خېلى بوشاپ قالدى. ئۇ يەنىلا كارىۋاتقا مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، هازىر تىزىنى مىدىرلىتالايتتى، بېشىنى ئىككى تەرەپكە بۇرىيالايتتى، بىلىكىنى جەينىكىدىن كۆتۈرەلەيتتى. كونتروللىغۇچمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدىغان بولدى. ئەگەر ۋىنستون هۇشيار تۇرسا ئۇنىڭ قىينىشىدىن ساقلىنالايتتى. ئادەتتە ئۇ ئوبراييننىڭ سوئاللىرى ئالدىدا، سەل كالۋالىشىپ قالغاندا، ئاندىن ئۇتقۇچ كۆتۈرۈلەتتى. بەزىدە ئۇلار پۈتۈن بىر باسقۇچنى ئۇتقۇچنى بىر قېتىممۇ تۇتۇپ سالماي ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بۇ يەردە قانچە باسقۇچنى بېشىدىن ئۆتكۈزگىنىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. پۈتۈن جەريان ۋىنستونغا تولىمۇ ئۇزۇن بىلىنەتتى، بەلكىم بىر نەچچە هەپتە بولغاندۇ. باسقۇچلار ئارىسىدىكى ۋاقىت، بەزىدە بىر نەچچە كۈن داۋاملىشاتتى، بەزىدە هەتتا بىر - ئىككى سائەتتىن كېيىنلا يېڭىسى باشلىنىپ كېتەتتى.

— بۇ يەردە ياتقىنىڭدا، — دېدى ئوبرايىن، — سەن تولا ئويلاپ كەتتىڭ، هەتتا مەندىنمۇ سورىدىڭ: شەپقەت مىنىستىرلىكى نېمىشقا شۇنچە جىق ۋاقتىنى ماڭا سەرپ قىلىپ ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ دەپ. سەن قويۇۋېتىلىپ ئەركىنلىككە چىققاندا، بۇ سوئال سېنى يەنە قىينايدۇ. سەن ئۆزۈڭ ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئاستىدىكى ماهىيەتنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مېخانىك قۇرۇلمىسىنى چۈشىنەلەيسەن. خاتىرەڭدىكى «مەن قانداقلىقىنى چۈشىنەلەيمەن، ئەمما نېمە ئۈچۈنلىكىنى چۈشىنەلمەيمەن» دەپ يازغىنىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ سەن «نېمە ئۈچۈن»نى ئويلىغان ۋاقتىڭدا، ئۆز ئەقلىڭدىنمۇ گۇمان قىلىپ قالىسەن. سەن گولدستېيىننىڭ كىتابىنى ئازراق بولسىمۇ ئوقۇدۇڭ. ئۇ كىتاب ساڭا سەن بىلمەيدىغان بىر نەرسە دەپ بېرەلىدىمۇ؟

— سىز ئۇنى ئوقۇغانمۇ؟

— يازغان. ياكى مۇنداقلا دېگەندە، ئۇنى يېزىشقا قاتناشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلىسەن، ھېچقانداق كىتاب يالغۇز يېزىلمايدۇ.

— ئۇنىڭدا دېيىلگەنلىرى راستمۇ؟

— توغرا بايان قىلىپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان پروگرامما بىر قۇرۇق گەپ. يەنى، ئاۋۋال مەخپىي يوسۇندا بىلىم توپلاش — تەدرىجىي ئاقارتىش — ئاخىرىدا پرولېتارلارنىڭ ئىسيانى — ئاندىن پارتىيەنى ئاغدۇرۇش. بەلكىم ئۆزۈڭمۇ پەرەز قىلالىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، مانا بۇ ئۇ كىتاب دېمەكچى بولغان گەپ. پرولېتارلار ھەرگىز قوزغالمايدۇ، مىڭ يىلدا، مىليون يىلدىمۇ ئىسيان كۆتۈرمەيدۇ. ئۇلار قىلالمايدۇ. ساڭا سەۋەبىنى دەپ بېرىشىمنىڭ ھاجىتى يوق، ئۆزۈڭمۇ بىلىپ بولدۇڭ. ئەگەر سەن قورال كۈچى بىلەن بىرەر ئىش بوپقالارمىكى دەپ چۈش كۆرگەن بولساڭ، ئەمدى بۇ چۈشلەردىن ۋاز كەچ. پارتىيەنى ئاغدۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. پارتىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مەڭگۈلۈك. مانا مۇشۇنى ئوي - پىكىرلىرىڭنىڭ چىقىش نۇقتىسى قىل، — ئۇ كارىۋاتقا يېقىنلاپ، — مەڭگۈ، — دېدى، — ئەمدى بىز «قانداق» ، «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئاللارغا قايتىپ كېلەيلى. سەن پارتىيەنىڭ قانداق قىلىپ تەختنى تۇتۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى بىلىسەن. ئەمدى ماڭا نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ھوقۇققا شۇنچە چاپلىشىۋالىدىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ بەر. بىزنىڭ مەقسىتىمىز، مۇددىئايىمىز نېمە؟ نېمە ئۈچۈن بىزدە چوقۇم ھوقۇق بولۇشى كېرەك؟ قېنى سۆزلە، — دېدى ئۇ ۋىنستون سۈكۈتتە يېتىپ كەتكەندە.

ئەمما ۋىنستون يەنە بىر - ئىككى مىنۇت لام - جىم دېمىدى. ئىچ - ئىچىدىن چىقىۋاتقان بىر ھارغىنلىق ئۇنى بېسىۋالغان ئىدى. ئوبراييننىڭ چىرايىدا، ھېلىقى ساراڭلارچە قىزغىنلىق، يەنە بىلىنەر - بىلىنمەس پەيدا بولدى. ۋىنستون ئوبراييننىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. پارتىيە ھوقۇقنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەقەتلا كۆپ سانلىق خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قوغلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھوقۇقنى قوغلىششى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاۋام تولىمۇ قورقۇنچاق، ئاجىز

مەخلۇقـلار بولـۇپ، ئەركىنلىككـە بەرداشـلىق بېرەلمەيتتـى، ھەقىقەتكـە يۈزلىنەلمەيتتـى، چوقـۇم ئۆزىدىـن كۈچلۈكلـەر تەرىپىدىـن سىسـتېمىلىق ئالدىنىـپ تۇرۇشـى لازىـم ئىـدى. ئىنسـانلار ئەركىنلىـك بىلـەن بەختنىـڭ بىرىنـى تاللىشى لازىـم ئىـدى، كـۆپ سـانلىق كىشـىلەر ئۈچـۈن بەختنى تاللاش ياخشىراق ئىـدى. پارتىيـە ئاجىزلارنىڭ مەڭگۈلۈك قوغدىغۇچىسى، باشـقىلارنىڭ بەختـى ئۈچـۈن، ئـۆز بەختىنـى قۇربـان قىلىـپ يامانلىـق قىلىدىغـان بىـر گـۇرۇھ ئىـدى. ۋىنسـتون تۇيۇقسـىز ئويـلاپ قالـدى، نـاۋادا ئوبرايـىن مۇشـۇلارنى ئۇنىڭغـا سـۆزلەپ بەرسـە، ئۇنىـڭ ئىشـىنىپ قېلىشـى بىـر قورقۇنچلـۇق ئىـش ئىـدى، بۇنـى ۋىنسـتوننىڭ چىرايىدىنمـۇ كۆرگىلـى بولاتتـى. ئوبرايـىن ھەممىنـى بىلەتتـى. ئـۇ ۋىنسـتونغا قارىغانـدا، دۇنيانىـڭ زادى قانداقلىقىنـى، ئىنسـانلارنىڭ قانـداق ناچـار ھالـدا ياشاۋاتقانلىقىنى، پارتىيەنىـڭ ئۇلارنـى قانـداق يالغـان ۋە ۋەھشـىيلىكلەر بىلـەن تۇتـۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنـى مىـڭ ھەسسـە ئوبـدان بىلەتتـى. ئـۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتـى ئوبـدان بىلىـپ بولغان، دەڭسـەپ بولغانىدى، ئاخىرقى مەقسـەت ئۈچـۈن ھەممىسـى توغـرا دەپ بىلەتتـى. ۋىنسـتون ئويلىـدى: «ئۆزۈڭدىـن ئەقىللىـق، گېپىڭنـى ئـاڭلاپ قويـۇپ يەنـە ئۆزىنىـڭ تەلۋىلىكىـدە چىـڭ تۇرىدىغـان بىـر تەلۋىنىـڭ ئالدىـدا، سـەن يەنـە نېمىمـۇ قىلالايتتىـڭ؟»

— سـىلەر بىزنىـڭ مەنپەئەتىمىـز ئۈچـۈن بىزنـى باشقۇرىسـىلەر، — دېـدى ۋىنسـتون ئاجىـز ئـاۋازدا، — سـىلەر ئىنسـانلار ئۆزلىرىنـى ئـۆزى باشقۇرۇشـقا مـاس ئەمـەس دەپ قارايسـىلەر، شۇڭلاشـقا ...

ۋىنسـتون تـوۋلاپ كەتتـى. قاتتىـق ئاغرىـق يەنـە ئۇنىـڭ پۈتـۈن بەدىنىگـە تارقىـدى. ئوبرايـىن تۇتقۇچنـى ئوتتـۇز بەشـكە كۆتـۈردى.

— بـۇ بىـر دۆتلـۈك ۋىنسـتون، دۆتلـۈك. سـەن مۇنـداق گەپلەرنـى قىلىـپ يۈرمەسـلىكىڭ كېـرەك ئىـدى.

ئـۇ تۇتقۇچنى ياندۇردى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— جاۋابىنـى ئەمـدى مەن دەپ بېرەي. پارتىيـە ھوقۇقنى ئۆز مەنپەئەتى

www.uyghurkitap.com

ئۈچۈنلا قوغلىشىدۇ. بىز باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە قىزىقمايمىز. بىز پەقەت ھوقۇقىلا قىزىقىمىز. ھەرگىزمۇ بايلىق، ھەشەمەتلىك تۇرمۇش، ئۇزۇن ئۆمۈر ياكى بەخت قاتارلىقلارغا ئەمەس، پەقەت ۋە پەقەت ھوقۇقىلا. ھوقۇق دېگەن نېمە؟ سەن بۇنى ھازىر چۈشىنىسەن. بىز بۇرۇنقى بارلىق ئولىگارخىيىلەرگە ئوخشىمايمىز، بىز ئۆزىمىزنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئوبدان بىلىمىز. باشقىلار، ھەتتا بىزگە ئاز - تولا ئوخشايدىغانلارمۇ قورقۇنچاق ۋە ساختىپەزلەر ئىدى. گېرمان ناتسىستلىرى ۋە رۇس كوممۇنىستلىرى ئۇسۇل - مېتودتا ھەقىقەتەن بىزگە ئەڭ زور دەرىجىدە يېقىنلىشالىغان، ئەمما ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنى تونۇشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئۇلار مەيلى راست ياكى يالغان بولسۇن، بىز ھوقۇقنى ئامالىنىڭ يوقىدىن خالىماي قولغا ئالدۇق، يېقىن كەلگۈسىدە ئىنسانلار باراۋەر، ئەركىن ياشايدىغان بىر جەننەت قۇرۇلىدۇ، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىز ئۇنداق ئەمەس. بىزگە ئايان: ھېچكىم ھوقۇقنى بىر مەزگىلدىن كېيىن باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن قولغا ئالمايدۇ. ھوقۇق ۋاستە ئەمەس، بەلكى مەقسەتتۇر. ھېچكىم ئىنقىلابنى قوغداش ئۈچۈن، دىكتاتۇرا قورغاپ يۈرمەيدۇ. جازالاشنىڭ نىشانى جازالاش، قىيناشنىڭ نىشانىمۇ قىيناش، خالاس. ھوقۇقنىڭ مەقسىتىمۇ ھوقۇق. ئەمدى دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟

ۋىنستون دائىمقىدەك ئوبراييننىڭ چىرايىدىكى ھارغىنلىقتىن چۆچۈپ كەتتى. بۇ گۆشلۈك يۈز ئىدى، ئۇنىڭدىن قەتئىيلىك، رەھىمسىزلىك، شۇنداقلا ئەقىل - پاراسەت چىقىپ تۇراتتى، قىزغىنلىقمۇ، سوغۇققانلىقمۇ بار ئىدى. دائىم ۋىنستوننى ئامالسىز، بىچارە ھېس قىلدۇراتتى. ئەمما بۇ يۈز چارچىغانىدى. كۆزلىرىنىڭ ئاستى خالتىلاشقان، يۈز تېرىلىرى ساڭگىلىغان ئىدى. ئوبرايېن ۋىنستونغا يۆلىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۈزىنى مەقسەتلىك يېقىنلاشتۇردى.

— سەن مېنىڭ يۈزۈمنى قېرىپتۇ، چارچاپتۇ، ئۆزى كۈچ -

ھوقۇق ھەققىدە سۆزلەۋاتىدۇ - يۇ، ئۆزىنىڭ بەدىنىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىنىڭمۇ ئالدىنى ئالالمايۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتىسەن. ۋىنستون سەن بىر شەخسنىڭ پەقەتلا بىر ھۆجەيرە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەمسەن؟ ھۆجەيرىنىڭ چارچىغانلىقى، ئورگانىزمنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىدۇر. سەن تىرنىقىڭنى ئېلىۋەتسەڭ ئۆلەمسەن، ۋىنستون؟

ئۇ كارىۋاتتىن تۇرۇپ، قولىنى يانچۇقىغا سالغان پېتى يەنە ئالدى - كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى.

— بىز ھوقۇقنىڭ پوپلىرىمىز. خۇدا ھوقۇقتۇر. ئەمما ھازىر سېنىڭ نەزىرىڭدە، ھوقۇق پەقەتلا بىر سۆزدىنلا ئىبارەت، ئەمدى سەن ھوقۇقنىڭ زادى نېمىلىكىنى چۈشەنمىسەڭ بولمىدى. سەن تونۇپ يېتىشىڭ لازىم بولغان بىرىنچى ئىش شۇكى، ھوقۇق كوللېكتىپ خاراكتېردە بولىدۇ. بىر يەككە شەخستە ئۇ ئۆزىنىڭ يەككىلىكىنى يوقاتقىچىلا ھوقۇق مەۋجۇت بولىدۇ. سەن پارتىيەنىڭ مۇنۇ شوئارىنى بىلىسەن: «ھۆرلۈك قۇللۇقتۇر» . ھەقىقەتنىڭ دەل ئۇنىڭ تەتۈرىسىچە ئىكەنلىكى كاللاڭغا كەلمىدىمۇ؟ قۇللۇق ئەركىنلىكتۇر. يەككە، ئەركىن ئىنسان مەڭگۈ مەغلۇب بولغۇچىدۇر. ئۇ چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۆلىدۇ. بارلىق مەغلۇبىيەتلەرنىڭ ئەڭ چوڭى مانا مۇشۇ. ئەگەر ئىنسان مۇتلەق، ئۇزۇل - كېسىل بويسۇنسا، ئۆزىنىڭ كىملىكىدىن قۇتۇلالىسا، ئۆزىنى پارتىيەگە ئاتىيالىسا، قوشۇۋېتەلىسە، ئۇ پارتىيەگە ئايلىنىدۇ، كۈچلۈك بولىدۇ، ئۆلمەيدۇ. سەن تونۇپ يېتىشىڭ لازىم ئىككىنچى ئىش شۇكى، مەن تىلغا ئېلىۋاتقان ھوقۇق ئىنسانلارغا يۈرگۈزۈلىدىغان ھوقۇقتۇر، يەنى بەدەنگە، ئەڭ مۇھىمى ئاڭغا يۈرگۈزۈلىدىغان ھوقۇقتۇر. ماددا ئۈستىدىكى ھوقۇق — سەن بەلكىم بۇنى تاشقى رېئاللىق دەپ ئاتىشىڭ مۇمكىن — مۇھىم ئەمەس. بىزنىڭ ماددىنى كونترول قىلىشىمىز ئاللىبۇرۇن مۇتلەقلىشىپ بولغان.

كونتروللىغۇچ ۋىنستوننىڭ كاللىسىدىن بىر پەس چىقىپ كەتتى. ئۇ

بەدىنىنى تىكلەپ ئولتۇرۇشقا قاتتىق كۈچەپ باقتىيۇ، ئەمما بەدىنىنى ئاران قىمىرلىتالىدى.

— ماددىنى قانداق كونترول قىلالايسىلەر؟ — دەپ تاشلىدى ۋىنستون كۈچلۈك تەلەپپۇزدا، — سىلەر ھەتتا كىلىمات، يەرنىڭ تارتىش كۈچى، يەنە كېسەللىك، ئاغرىق، ئۆلۈملەرنى كونترول قىلالمايدىغان تۇرساڭلار.

ئوبراين ئۇنى قول ئىشارىسى بىلەن تىنچلاندۇردى.

— بىز ئاڭنى كونترول قىلالىغاچقا، ماددىنىمۇ كونترول قىلالايمىز. رېئاللىق دېگەن كاللىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىدۇر. بۇنى ئاستا - ئاستا بىلىپ قالىسەن، ۋىنستون. بىز قىلالمايدىغان ئىش يوق. كۆرۈنمەسلىك، لەيلەش، بىز ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمىز. ئەگەر مەن خالىسامالا مەن سوپۇن كۆپۈكىدەك مۇشۇ يەردە لەيلىيەلەيمەن. ئەمما مەن بۇنى خالىمايمەن، چۈنكى پارتىيە خالىمايدۇ. سەن 19 - ئەسىردىكى تەبىئەت قانۇنىيىتى ھەققىدىكى بىلىملەردىن قۇتۇلۇشۇڭ لازىم. تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىز بەرپا قىلىمىز.

— بىراق ئۇنداق قىلالمايسىلەر! سىلەر ھەتتا مۇشۇ پىلانېتىنىڭمۇ ھەقىقىي خوجايىنى ئەمەس. شەرقىي ئاسىيا، ياۋروئاسىيالارچۇ؟ سىلەر تېخى ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدىڭلارغۇ؟

— ئۇ مۇھىم ئەمەس، پەيتى كەلگەندە بويسۇندۇرىمىز. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساقچۇ؟ يەنە بىرگە نېمە زىيان؟ بىز ئۇلارنى مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىرتىدا قويالايمىز. دۇنيانىڭ ئۆزى ئوكيانىيە شۇ.

— ئەمما دۇنيا بىر چاڭ - توزاڭلا خالاس. ئىنسان بولسا ئىنتايىن كىچىك بىچارە مەخلۇق! ئىنسان بارلىققا كەلگىلى قانچىلىك بولدى؟ يەرشارىدا نەچچە مىليون يىللار ئادەمزات ياشىمىغان ئىدى.

— قۇرۇق گەپ. يەرشارىنىڭ ئۆمرى ئىنسانلارنىڭكى بىلەن تەڭ. قانداقمۇ ئىنسانلارنىڭكىدىن ئۇزۇن بولسۇن؟ ھېچقانداق شەيئى،

ئىنسانىنىڭ ئېگىدىن ئۆتمەي مەۋجۇت بولالمايدۇ.

— ئەمما نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ تاشقا ئايلىنىپ كەتكەن ئۇستىخانلىرى بارغۇ؟ غايەت زور ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار، سۈت چىشلىق پىللار … ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىلا ياشىغانغۇ؟

— سەن بۇ ئۇستىخانلارنى كۆرۈپ باققانمۇ، ۋىنستون؟ ئەلۋەتتە كۆرمىگەن. 19 - ئەسىردىكى بىئولوگلار تاپقان گەپ ئۇ. ئىنسانلاردىن بۇرۇن يەر شارىدا ھېچنېمە يوق ئىدى. ناۋادا ئىنسانلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتسىمۇ، ئۇلاردىن كېيىن يەنە ھېچنېمە قالمايدۇ، ئىنساندىن سىرت ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەس.

— ئەمما پۈتكۈل ئالەم بىزدىن سىرت مەۋجۇتقۇ. يۇلتۇزلارغا قاراڭ! بەزىلىرى بىزدىن نەچچە مىليون يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتا. ئۇلارغا بىز مەڭگۈ يېتىپ بارالمايمىز.

— يۇلتۇز دېگەن نېمە ئۇ؟ — سورىدى ۋىنستون پەرۋاسىزلارچە، — ئۇ پەقەت بىر نەچچە كىلومېتىر نېرىدىكى ئوتلارنىڭ ئۇچقۇنى. بىز خالىساقلا ئۇلارغا يېتىپ بارالايمىز. ياكى ئۇلارنى توسۇۋېتەلەيمىز. يەرشارى ئالەمنىڭ مەركىزى. يۇلتۇزلار ۋە قۇياش ئۇنى ئايلىنىدۇ.

ۋىنستون تارتىنشقاندەك بىر ھەرىكەت قىلدىيۇ، ئەمما بۇدا گەپ قىلمىدى. ئوبراين خۇددى دېيىلىپ بولغان بىر گەپكە رەددىيە بەرگەندەك، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئەلۋەتتە، بەزى مەقسەتلەر ئۈچۈن بۇ توغرا ئەمەس. دېڭىزدا ئېكسپېدىتسىيىدە قىلغاندا، كۈننىڭ تۇتۇلۇشى، ئاينىڭ تۇتۇلۇشىنى كۆزەتكەندە، يەر شارى قۇياشنى ئايلىنىدىكەن، يۇلتۇزلار نەچچە مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەن دەپ قارىساق، ئاندىن قولاي بولىدىغانلىقىنى بايقايمىز. ئەمما ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ سېنىڭچە بىز ئىككى خىل ئاسترونومىيە ئىلمى بەرپا قىلالمامدۇق؟ يۇلتۇزلار بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن يېقىن ياكى يىراق بولسا بولۇۋېرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىڭىچە بىزنىڭ ماتېماتىكىلىرىمىزنىڭ قولىدىن بولار كەلمەسمۇ؟ سەن قوش تەپەككۇرنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

ۋىنستون كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ ياتتى. ئۇ نېمىلا دېمىسۇن، بۇ ھازىر جاۋابلار ئۇنىڭ چوققىسىغا خۇددى بازغاندەك چۈشەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ توغرىلىقىنى بىلەتتى. ئادەمنىڭ ئېڭىنىڭ سىرتىدا ھېچنېمە مەۋجۇت ئەمەس، دېگەنگە رەددىيە بەرگىلى بولىدىغان گەپ چوقۇم بار! بۇنىڭ بىر سەپسەتە ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ بولغىلى ئۇزۇن بولغان ئەمەسمۇ؟ ھەتتا بۇنىڭ بىر نامىمۇ بار ئىدى، بۇ ۋىنستوننىڭ ئېسىدە قالمىغان ئىدى. ئوبراين ئېڭىشىپ ۋىنستونغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە بىلىنەر - بىلىنمەس بىر كۈلكە پەيدا بولدى.

— مەن ساڭا دېگەن ۋىنستون، سەن مېتافىزىكىدا ئاجىز. سەن تاپالمايۋاتقان گەپ مەنچىلىك (solipsism). ئەمما سەن خاتالاشتىڭ. بۇ مەنچىلىك ئەمەس. ئەگەر خالىساڭ كوللېكتىپ مەنچىلىك دەپ ئاتىساڭمۇ بولىدۇ. ئەمما بۇ ئوخشىمايدىغان ئۇقۇم. ئەمەلىيەتتە دەل مەنچىلىككە قارىمۇ - قارشى ئۇقۇم. بۇنىڭدا بىز تېمىدىن چەتنەپ كېتىمىز ، — دېدى ئوبراين تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، — بىز كىچە - كۈندۈز قولغا كەلتۈرۈشكە كۈرەش قىلىۋاتقان كۈچ - ھوقۇق شەيئىلەرگە ئەمەس، ئادەملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھوقۇقتۇر، — ئۇ يەنە بىردەم توختىۋېلىپ، گويا ئوقۇتقۇچى ئۈمىدلىك ياش نوتىغا دەرس ئۆتۈۋاتقان ھالەتتە سۆزىنى داۋام ئەتتى، — بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى، كۈچىنى قانداق قىلىپ باشقا بىر ئادەمگە يۈرگۈزەلەيدۇ؟

ۋىنستون ئويلاندى.

— ئۇنى ئازابلاش ئارقىلىق، — دېدى ئۇ.

— دەل توغرا. ئۇنى ئازابلاش ئارقىلىق. بويسۇنۇشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس، ئۇ ئازابلانمىغىچە، سەن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە

بويسۇنۇۋاتامدۇ ياكى سىنگكىمۇ دېگەننى قانداق بىلسەن؟ ھوقۇق باشقىلارنىڭ جىنىنى قىيناش ۋە ئۇلارنى ھاقارەتلەشتە. ھوقۇق ئىنسانلارنىڭ ئىگىنى چۇل - چۇل قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزەڭ خالىغان شەكىلدە ياساپ چىقىشتا. كۆرۈۋاتامسەن؟ بىز قانداق دۇنيا بەرپا قىلىۋاتىمىز؟ دەل ئىلگىرىكى ھاماقەت ئىسلاھاتچىلار تەسەۋۋۇر قىلغان راھەت - پاراغەتلىك ئۇتوپىيەنىڭ ئەكسىنى بەرپا قىلىۋاتىمىز. بۇ قورقۇنچ، ئاسىيلىققا تولغان دۇنيا، دەپسەندە قىلىش ۋە قىلىنىشقا تولغان دۇنيا، بۇ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلغانسېرى شۇنچە شەپقەتسىزلىشىدىغان دۇنيا. بىزنىڭ دۇنيايىمىزدىكى ئىلگىرىلەش تېخىمۇ ئېغىر ئازابقا قاراپ ماڭغان ئىلگىرىلەشتۇر. كونا مەدەنىيەتلەر ئۆزلىرىنى مۇھەببەت، ئادالەت ئۈستىگە قۇرۇلغان دەپ دەۋا قىلىشاتتى. بىزنىڭكى بولسا نەپرەت، ئۆچمەنلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان. بىزنىڭ دۇنيايىمىزدا قورقۇنچ، غەزەپ، ساراڭلارچە تەنتەنە ۋە ئۆزىنى كەمسىتىشتىن باشقا ھېس - تۇيغۇ بولمايدۇ. بىز ھەممىنى ۋەيران قىلىمىز. بىز ئادەملەرنىڭ ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى دەۋردىن قېلىپ قالغان تەپەككۇر ئادىتىنى ئاللىبۇرۇن بۇزۇپ بولدۇق. بىز ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت، ئادەم بىلەن ئادەم، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت رىشتىسىنى ئۈزۈپ بولدۇق. ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئايالى، بالىسى، دوستىغا ئىشەنمەس بولدى. باللار خۇددى كاتەكتىكى تۇخۇمدەك، تۇغۇلۇشى بىلەنلا ئەپكېتىلىدىغان بولدى. جىنسىي ئىستەكلەرمۇ يوقاۋاتىدۇ ھەم يوقايدۇ. نەسىل قالدۇرۇش خۇددى نورما كارتىسىنى يىلدا بىر يېڭىلىغاندەك يېڭىلاپ تۇرىدىغان بىر رەسمىيەتكە ئايلىنىدۇ. بىز جىنسىي ئالاقىدىكى يۇقىرى پەللىنى يوق قىلىمىز. بىزنىڭ نېرۋولوگلار بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتنى ئاللىبۇرۇن باشلىۋەتتى. ئەمدى پارتىيەگە بولغان ساداقەتتىن باشقا ئىنسانلار ئارىسىدىكى ساداقەت يوقايدۇ. غوجاكىغا بولغان مۇھەببەتتىن باشقا مۇھەببەت بولمايدۇ. دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىكى تەنتەنىدىن باشقا كۈلكە دېگەن نەرسە تۈگەيدۇ. ئەدەبىيات -

www.uyghurkitap.com

سەنئەت، پەن - تېخنىكا بولمايدۇ، گۈزەللىك بىلەن سەتلىكنىڭ پەرقى قالمايدۇ. قىزىقىش، ھەۋەس، تۇرمۇشتىن ھوزۇرلىنىش دېگەنلەر بولمايدۇ، بارلىق ھوزۇر - لەززەت توگەيدۇ. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇپ قالما، ۋىنستون، ھوقۇقتا بولغان مەستانىلىق بارغانسېرى كۈچىيىپ، نازۇكلىشىپ ماڭىدۇ. غەلىبىگە بولغان ئەسەبىي ئىنتىلىش، ئاجىز - بىچارە دۈشمەننى يانچىپ تاشلاشتىن كېلىدىغان ھوزۇر - لەززەت ھەر دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سەن كەلگۈسىنى تەسەۋۋۇر قىلماقچى بولساڭ، سەن بىر ئۆتۈكنىڭ ئادەمنىڭ يۈزىنى دەسسەپ تۇرغان كۆرۈنۈشىنى، كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭ بولىدۇ. مەڭگۈ!

ئۇ خۇددى ۋىنستوننىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتكەندەك سۆزىدىن توختىدى. ۋىنستون كارىۋاتتىن ئازراق كۆتۈرۈلمەكچى بولدى. ئەمما ئۇ ھېچنېمە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ قالغاندەك ئىدى. ئوبراين داۋاملاشتۇردى:

— ئېسىڭدە بولسۇن، بۇ مەڭگۈ شۇنداق بولىدۇ. بۇ يۈز مەڭگۈ مۇشۇنداق دەسسىلىپ تۇرىدۇ. يات ئىدىيىدىكىلەر، جەمئىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى دائىم مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار دائىم مەغلۇب قىلىنىدۇ، دەپسەندە قىلىنىدۇ، ھاقارەت ئاستىدا بولىدۇ. سەن قولىمىزغا چۈشكەندىن باشلاپ، سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن ئىشلار بۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ، ھەتتا تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. ئىشپىيونلۇق، ساتقىنلىق، تۇتۇش - سولاش، قىيناش، ئۆلتۈرۈش، يوقاپ كېتىشلەر ھەرگىز ئاخىرلاشمايدۇ، توختىتىلمايدۇ. بۇ بىر قورقۇنچ - ۋەھىمىگە تولغان دۇنياغا ئايلىنىدۇ. پارتىيەنىڭ ھوقۇقى، كۈچى ئاشقانسېرى ئۇ شۇنچە شەپقەتسىز، سەۋرسىز بولۇپ كېتىدۇ. قارشىلىق ئاجىزلىغانسېرى باستۇرۇش تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. گولدستېيىن ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ. ھەركۈنى، ھەر مىنۇتتا ئۇلار مەغلۇب قىلىنىدۇ، مازاق قىلىنىدۇ، تۈكۈرۈلىدۇ، بىراق مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ. سەن بىلەن مەن يەتتە يىلنىڭ ياقى ئوينىغان بۇ دراما بۇنىڭدىن كېيىنمۇ

قايتا ـ قايتا، ئەۋلاتمۇ ـ ئەۋلات ئۆينىلىدۇ. تېخىمۇ نازۇك، تېخىمۇ ئۇستىلىق بىلەن ئۆينىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق، دۈشمەنلەر دائىم قولىمىزدا ئاغرىقتىن تولغىنىدۇ، دەسسىلىدۇ، چەيلىنىدۇ، كەمسىتىلىدۇ، ھاقارەتلىنىدۇ، ئاخىرىدا تۇۋاق قىلىدۇ، ئۆزىدىن قۇتۇلىدۇ، ئۆزى خالاپ ئايىغىمىزغا يىقىلىپ يېلىنىدۇ. مانا بۇ بىز بەرپا قىلىۋاتقان دۇنيا، ۋىنستون. زەپەر كەينىدىن زەپەر، تەنتەنە كەينىدىن تەنتەنىگە تولغان دۇنيا، مەڭگۇ ھوقۇققا ئىنتىلىدىغان، ئىنتىلىدىغان دۇنيا. كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەنكى، سەنمۇ دۇنيانىڭ ئەمدى قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشكە باشلىدىڭ. ئەمما ئاخىرىدا سەن ئۇنى چۈشىنىپلا بولدى قىلمايسەن، ئۇنى قوبۇل قىلىسەن، قارشى ئالىسەن، ئۇنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىسەن.

ۋىنستون گەپ قىلغىدەك ماغدۇر يىغدى:

— ئۇنداق قىلالمايسەن! — دېدى ئۇ ئاجىزانە.

— سەن نېمە دېمەكچى، ۋىنستون؟

— سەن ئۆزەڭ دېگەندەك ئۇنداق بىر دۇنيانى قۇرالمايسەن. ئۇ بىر چۈش. ئۇ مۇمكىن ئەمەس.

— نېمىشقا؟

— بىر مەدەنىيەتنى ئۆچمەنلىك، قورقۇنچ، ياۋۇزلۇق ئۇستىگە قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ. ھەرگىز ئۇزاققا بارالمايدۇ.

— نېمىشقا بولمىغىدەك؟

— ئۇنىڭدا ھاياتىي كۈچ بولمايدۇ، بىرلىك بولمايدۇ، پارچىلىنىدۇ، ئۆزلۈكىدىن ۋەيران بولىدۇ.

— سەن تېخىچە نەپرەت ـ ئۆچمەنلىك ئادەمنى مۇھەببەتتىن بەك خورىتىدۇ، دېگەن چۈشەنچىدە ئىكەنسەن. نېمىشقا شۇنداق بولسۇن؟ ئەگەر شۇنداق بولغاندىمۇ، ئۇنىڭ نېمىگە پايدىسى؟ بالدۇرراق قېرىشنى تاللىدۇق دەيلى، ئۆمرىمىزنى تېزلىتىپ ئوتتۇز ياشلاردا ئۆلۈپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كېتىدىغان بولدۇقمۇ دەيلى، بۇنىڭ نېمە پەرقى بار؟ سەن تېخىچە شەخسنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۆلۈم ئەمەسلىكىنى چۈشەنمىدىڭمۇ؟ پارتىيەلا ئۆلمەستۇر.

خۇددى ھەر دائىمقىدەك، ئوبراييىننىڭ سۆزى ۋىنستوننىڭ دېمىنى ئىچىگە چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەگەر ئۇ ئوبراييىنغىمۇ قوشۇلماسلىقتا چىڭ تۇرۇۋەرسە، يەنە تۇتقۇچنى كۆتۈرەرمۇ دېگەن قورقۇنچ ئۇنىڭدىن نېرى بولمايتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا سۈكۈت قىلالمىدى. ئۇ ئوبراييىننىڭ دېگەنلىرىدىن پەيدا بولغان ئاشۇ ۋەھىمىگە تايىنىپلا، تولىمۇ ئاجىزانە، زاكۇنىمۇ يوق ھالەتتە ئۆزىنىڭ قايتۇرما زەربىسىنى باشلىدى:

— بىلمەيمەن، كارىممۇ يوق. ئىشقىلىپ سىلەر مەغلۇپ بولىسىلەر، بىر نېمە چوقۇم سىلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ھايات سىلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ.

— ھاياتنى بىز كونترول قىلىمىز، ۋىنستون. ھەممە قاتلىمىنى. سەن ھازىر ئىنسان تەبىئىتى بىزنىڭ قىلغانلىرىمىزدىن غەزەپ - نەپرەتكە تولۇپ، بىزگە قارشى چىقىدۇ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىسەن، ۋىنستون. ئەمما ئىنسان تەبىئىتىنى بىز يارىتىمىز. ئىنساننىڭ قايتا قۇرۇلۇش مۇمكىنچىلىكى چەكسىز. سەن بەلكىم پرولېتارلار ياكى قۇللار قوزغىلىپ بىزنى ئاغدۇرۇۋېتىدۇ، دېگەن ئىدىيەگە قايتىپ قالغان ئوخشايسەن. ئۇلار ھىماتسىز، تەنھا، بەجايىكى ھايۋاندەكلا. پارتىيە ئاندىن ئىنسانىيەتتۇر. باشقىلار سىرتتىكىلەردۇر، مۇناسىۋەتسىزدۇر.

— بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ئىشقىلىپ ئاخىرىدا ئۇلار سىلەرنى مەغلۇپ قىلىدۇ. ھامان بىر كۈنى ئۇلار سىلەرنىڭ ماھىيىتىڭلارنى كۆرىدۇ، ئاندىن سىلەرنى ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلىۋېتىدۇ.

— مۇشۇنداق بولۇۋاتقانلىقىنىڭ بىرەر ئىسپات - ئالامەتلىرىنى كۆرۈپ باقتىڭمۇ؟ ياكى شۇنداق بولىدۇ دەيدىغان باشقا ئاساسلىرىڭ

بارمۇ؟

— ياق، ئەمما مەن ئىشىنىمەن. سىلەرنىڭ مەغلۇب بولىدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ئىشقىلىپ بۇ دۇنيادا سىلەر مەڭگۈ يېڭەلمەيدىغان بەزى نەرسىلەر بار، نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، بىر خىل روھ ياكى بىر خىل پرىنسىپتۇ ...

— سەن خۇداغا ئىشىنەمسەن، ۋىنستون؟

— ياق.

— ئۇنداقتا قايسى پرىنسىپ ئۇ بىزنى مەغلۇب قىلىدىغان؟

— بىلمەيمەن. ئىنسانلارنىڭ روھى.

— سەن ئۆزەڭنى ئادەم دەپ قارامسەن؟

— ھەئە.

— ئەگەر سېنى ئادەم دېگىلى بولسا، ئۇنداقتا سەن ئەڭ ئاخىرقى ئادەم ھېسابلىنىسەن. ساڭا ئوخشاشلار ئاللىبۇرۇن تۈگىدى. مانا بىزلەر ۋارىسلار. ئۆزەڭنىڭ يالغۇزلۇقىنى بىلەمسەن؟ سەن تارىخنىڭ سىرتىدا، سەن مەۋجۇت ئەمەس، — ئۇنىڭ ئەلپازى ئۆزگىرىپ، ئىنتونىاتسىيىسى قاتتىقلاشتى، — سەن بىزنىڭ ياۋۇزلۇقۇمىز ۋە يالغانلىرىمىز سەۋەبىدىن ئۆزەڭنى ئەخلاقىي جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈن دەپ قارامسەن؟

— ھەئە، مەن ئۆزۈمنى ئۈستۈن دەپ قارايمەن.

ئوبراين گەپ قىلمىدى. ئىككى ئاۋاز سۆزلىشىۋاتاتتى. ۋىنستون بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، ئۇ ئاۋازنىڭ بىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى تونۇدى. ئاڭلاۋاتقىنى ئۇ ئوبراييننىڭ ئۆيىدە قېرىنداشلارغا ئەزا بولغان ھېلىقى كەچتە، ئىككىسى ئارىسىدا بولۇنغان پاراڭلار ئىدى. ۋىنستون ئۆزىنىڭ يالغان ئېيتىشقا، ئوغرىلىق قىلىشقا، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، زەھەر چېكىشكە قايمۇقتۇرۇشقا، بۇزۇقچىلىق - پاھىشىۋازلىققا، جىنسىي كېسەللىكلەرنى تارقىتىشقا، بالىلارنىڭ

يۈزىگە كىسلاتا چېچىشقا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئاڭلىدى. ئوبرايىن بۇنى ئاڭلىتىشنىڭ خۇددى ھېچنېمىگە پايدىسى يوقتەك، سەل تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنى توختىتىۋەتتى.

— كارىۋاتتىن تۇر، — دېدى ئۇ.

باغلاق بوشىتىلغانىدى. ۋىنستون بىر دوگىيىپ، بىر دەلدەڭلەپ دېگۈدەك ئاران ئۆرە بولدى.

— سەن ئەڭ ئاخىرقى ئادەم، — دېدى ئوبرايىن، — سەن ئىنسان روھىنىڭ قوغدىغۇچىسى. سەن ئۆزۈڭنى بىر كۆرۈپ قوي. كىيىملىرىڭنى سال.

ۋىنستون فورمىسىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر شوينىنى بوشاتتى. سىرتمىسى ئاللىبۇرۇنلا بوشاپ چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ قولغا ئېلىنغاندىن بۇيان، قاچانلاردا كىيىملىرىنى سېلىپ باققانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. فورمىسىنىڭ ئىچىدە كىرلەشكىنىدىن سارغىيىپ كەتكەن بىر جۇندەك لاتىنى كۆردى، ئۇ سىنچىلاپ قاراپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچ كىيىمى ئىكەنلىكىنى ئاران تونۇيالىدى. ئۇ بۇلارنى سېلىپ يەرگە تاشلىغاندا، ئۆيىنىڭ يەنە بىر بېشىغا قويۇلغان بىر ئۈچ تەرەپلىك ئەينەكنى كۆردى. ئۇ ئەينەككە يېقىنلاشتى، ئاندىن بىردىنلا توختىدى. ئۇ ئىختىيارسىز تۇۋلاپ تاشلىدى.

— يېقىنلىشىۋەر، ئەينەكنىڭ ئىككى قانىتى ئىچىگە كىر، يان تەرەپتىنمۇ ئېنىق كۆرەلەيسەن.

ئۇ قورقۇپ تۇرۇپلا قالدى. مۈكچىيىپ قالغان، پۈتۈن بەدىنىدە قان دىدارى يوق، ئىسكىلىتتەك بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكىدىنلا ئەمەس، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىنمۇ ھەقىقەتەن قورقتى. ئۇ ئەينەككە يېقىنلاشتى، مۈكچىيىپ تۇرغاچقا، بۇ مەخلۇقنىڭ يۈزى ئالدىغا چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ بىر ئۈمىتسىزلىك قاپلىغان بىر مەھبۇسنىڭ يۈزى بولۇپ، كەڭ

پىشانىسى چىچى چۇشۇپ كەتكەن كاللىسى بىلەن قوشۇلۇپ، قاقاس بىر دالىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى، بۇرنىمۇ ئىگىلىپ قالغانىدى، مەڭىز سۆڭەكلىرىمۇ قاتتىق تاياق يېگەندەك مايماقلىشىپ كەتكەنىدى، كۆزىدىن بولسا بىر خىل ئۇركۇش، ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇراتتى. چىرايىنى قورۇق قاپلاپ كەتكەن، ئېغىزى بولسا ئىچىگە پېتىپ كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى. بۇ ۋىنستوننىڭ يۈزى ئىدى. ئۇنىڭغا يۈزى ئىچىدىنمۇ بەكىرەك ئۆزگىرىپ كەتكەندەك بىلىندى. ئۇنىڭ ھازىرقى ھېس - تۇيغۇسى چىرايى زاھىر قىلغىنىغا ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ چىچى ئاساسەن دىگۇدەك چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم يۈزىنىڭ كۈل رەڭگە كىرىپ قالغىنىنى سەزدى، بىراق پەقەت ئۇنىڭ بېشىلا شۇنداق كۈل رەڭ تۇراتتى. يەنە ئۇنىڭ قولى ۋە كۆزىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنىمۇ، نەچچە يىللىق كىر - قاسماق دەستىدىن ئەسلىي رەڭگىنى يوقىتىپ، كۈل رەڭ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەر - بۇ يېرىدە قىزىل جاراھەت ئىزى تۇراتتى. ھوشۇقىدىكى جاراھەتنىڭ ئەتراپىمۇ ئىششىپ، شەلۋەرەپ، ئۇ يەردىكى تېرىلىرى چۈشۈپ كېتىشكە باشلىغانىدى. ئەمما ھەقىقىي قورقۇنچلۇق ئىش ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانلىقى ئىدى. ئۇنىڭ قوۋۇرغىسى مانا دەپ چىقىپ قالغانىدى، تىزىمۇ يانپىشىدىن تومراق كۆرۈنەتتى. ئۇ ھازىر ئوبراينىڭ نېمىشقا ياندىن كۆرۈشكە بۇيرۇغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇنىڭ ئومۇرتقىسى قىسماقتەك ئېگىلىپ كەتكەنىدى. گەۋدىسى ئالدىغا ئېگىلىپ قالغان، كۆكسىمۇ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئورۇقلاپ بىر سىقىم قالغان بوينى ئۇستىدىكى بېشىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ قالغان ئىدى. مۇنداقلا قارىماققا، ئۇنىڭ بەدىنى ئۇزۇن يىل كېسەل تارتىپ كەتكەن ئاتمىش ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەمنىڭ بەدىنىدەك كۆرۈنەتتى.

— سەن بەزىدە مەندەك ئىچكى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ يۈزىنى تولىمۇ ھارغىن، قېرى دەپ ئويلايتتىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭنىڭكىنى قانداق ئويلاۋاتىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئوبراين ۋىنستوننىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۇنى تىكلىدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىنستون ئۇنىڭغا روبىرو تۇردى.

— ھازىرقى ھالىڭغا قارا! پۈتۈن بەدىنىڭنى قاپلاپ كەتكەن ماۋۇ داغلارغا، پۇت بارماقلىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى قاسماقلارغا، پاچىقىڭدىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان ئاۋۇ شەلۋەرەپ كەتكەن يارىغا قارا. ئۆزۈڭنىڭ ئىبغىلدىكى ئۆچكىدەك سېسىق پۇراپ كەتكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ بەلكىم ئۇنىڭغا دىققەت قىلغۇچىلىكىڭمۇ قالمىغاندۇ. ئورۇقلاپ ئىسكىلىتتەك بولۇپ كەتكىنىڭگە قارا. كۆردۈڭمۇ؟ ئۈستى بىلىكىڭ مانا مۇشۇ ئىككى بارمىقىمنىڭ ئارىسىغىلا كىرىدۇ. بوينۇڭنى قۇشقاچنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزىۋېتەلەيمەن. قولىمىزغا چۈشكەندىن باشلاپ، 25 كىلوگىرام ياداپ كەتكەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ چېچىڭمۇ تۇتامىاي چۈشۈۋاتىدۇ. قارا! — ئۇ ۋىنستوننىڭ بېشىغا قولىنى ئاپارغاندەك قىلىپلا، بىر سىقىم چاچنى يۇلۇپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى، — ئېغىزىڭنى ئاچە. توققۇز، ئون، ئون بىر چىشىڭ قاپتۇ. بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشكەندە نەچچىسى بار ئىدى؟ مانا مۇشۇ قېپقالغانلىرىمۇ چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ. قارا!

ئۇ كۈچلۈك بارماقلىرى بىلەن ۋىنستوننىڭ ئالدىدىكى چىشىنى تۇتۇپ تارتتى. قاتتىق بىر ئاغرىق ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن پۈتۈن بەدىنىگە تارىدى. ئوبراين ئۇنىڭ چىشىنى يىلتىزىدىن يۇلۇۋالغان ئىدى. ئۇ چىشنى كامېرنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى.

— سەن يىگىلەپ كېتىۋاتىسەن. ئۈستىخانلىرىڭمۇ ئۆزىنى قويۇپ بەردى. سەن نېمە؟ بىر تاغار ئەخلەت! ئەمدى بۇرۇلۇپ ئەينەككە قايتا قارا. ساڭا قاراپ تۇرغان نەرسىنى كۆردۈڭمۇ؟ مانا مۇشۇ ئەڭ ئاخىرقى ئادەم. ئەگەر سەن ئىنسان بولساڭ، مانا بۇ ئىنسانىي روھ! كىيىملىرىڭنى كەي.

ۋىنستون تولىمۇ ئاستا، قولاشمىغان ھەرىكەت بىلەن كىيىمىنى كىيىشكە باشلىدى. ئۇ تا مۇشۇ كەمگىچە ئۆزىنىڭ بۇنچىلىك ئورۇقلاپ،

ئاجىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا پەقەت بۇ يەردە ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىنمۇ ئۇزۇن تۇرغانلىقىلا بار ئىدى. ئۇ قاسماقلىشىپ كەتكەن ئىچ كىيىمىنى كىيىۋاتقاندا، بەدىنىگە قاراپ، بىردىنلا ئىنتايىن ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي قاتتىق ئۆكسۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدا، قاسماقلىشىپ كەتكەن يىرتىق لاتىغا ئوراپ قويۇلغان بىر ئىسكىلىت ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىماقتا ئىدى.

ئوبراين تولىمۇ مېھرىبانلىق بىلەن قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— بۇ مەڭگۈ بۇنداق بولمايدۇ، سەن بۇنىڭدىن خالاس بولالايسەن، سەن شۇنى خالىساڭلا. ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە باغلىق.

— بۇنى سەن قىلدىڭ، مېنى بۇ ھالغا سەن چۈشۈرۈپ قويدۇڭ، — دېدى ۋىنستون ئۆكسۈپ تۇرۇپ.

— ياق، سەن بۇھالغا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ چۈشۈرۈپ قويدۇڭ. سەن پارتىيەگە قارشى تۇرغاندىلا، سەن مۇشۇنداق بولۇشنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىڭ. بۇ نەتىجە شۇ چاغدىلا بەلگىلىنىپ بولغانىدى. سەن پەرەز قىلىپ باقمىغان ھېچقانداق ئىش يۈز بەرگىنى يوق.

ئۇ بىردەم توختىدى ۋە يەنە داۋاملاشتۇردى.

— بىز سېنى مەغلۇپ قىلدۇق، سېنى ئۆزۈل - كېسىل بىتچىت قىلدۇق. بەدىنىڭنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭ. كاللاڭمۇ ئوخشاش مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدىغان. سەندە ئەمدى پەخىرلەنگىدەك بىر نېمە قالمىدى. سەن تېپىلدىڭ، قامچىلاندىڭ، ھاقارەتلەندىڭ، ئاغرىقتىن چىرقىرىدىڭ، ئۆزەڭنىڭ قان - قۇسۇقلىرى ئارىسىدا دومىلىدىڭ، شەپقەت تىلەپ يۈتلىرىمىزغا ئېسىلدىڭ، يىلىندىڭ. ھەممەيلەنگە، ھەممە نەرسىگە ئاسىيلىق قىلدىڭ. سەن قىلمىغان

يەنە قانداق پەسكەشلىك قالدى؟

ۋىنستون يىغىدىن توختىدى، ئەمما يېشى يەنىلا ئېقىۋاتاتتى. ئۇ ئوبراينغا قارىدى.

— مەن جۇلىياغا ئاسىيلىق قىلمىدىم.

ئوبراين ئۇنىڭغا ئويچان بىر نەزەردە قارىدى.

— راست، دېگىنىڭ توغرا. سەن جۇلىياغا ئاسىيلىق قىلمىدىڭ.

— دېدى ئۇ.

ئوبراينغا بولغان ئالاھىدە بىر ئەيمىنىش، ھۆرمەت تۇيغۇسى يەنە ۋىنستوننىڭ قەلبىگە كەلكۈندەك ئېقىپ كىردى، بۇنى ھېچنېمە توسۇۋالالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. نېمىدېگەن ئەقىللىق! نېمىدېگەن ئەقىللىق! دەپ ئويلىدى ۋىنستون ئوبراينىنى. ئوبراين ۋىنستوننىڭ نېمە دېيىشى كېرەكلىكىنى شۇنداق خاتاسىز تاپاتتى. بەلكىم دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق ئادەم، چوقۇم سەن جۇلىياغا ئاسىيلىق قىلدىڭ، دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئوبراين نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ؟ ئۇ جۇلىيا توغرىلىق ئۆزى بىلىدىغان ھەممىنى قويماي دېگەن تۇرسا؟ ئۇنىڭ ئادىتى، خاراكتېرى، ئۆتمۈشى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ھەر بىر ئۇچرىشىش، ھەر بىر ئۇچرىشىشتىكى بارلىق ئۇششاق دېتاللار، ھەتتا ئۇلارنىڭ پارتىيەگە قارشى بىللە تۈزگەن پىلانلىرى، جىنسىي مۇناسىۋەتلىرىدىن باشلاپ ھەممىنى ۋىنستون پاك - پاكىز ئىقرار قىلغان، ھەممىنى تاپشۇرغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ۋىنستون دېمەكچى بولغان گەپنىڭ مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ راستلا جۇلىياغا ئاسىيلىق قىلمىغان ئىدى، ئۇ جۇلىيانى ياخشى كۆرۈشتىن توختاپ قالمىغان، مۇھەببىتى ھازىرغىچە ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىدى. ئوبراين سورىماستىنلا ۋىنستوننىڭ دېمەكچى بولغىنىنى چۈشەندى.

— ماڭا دەپ بەر، ئۇلار مېنى قاچان ئېتىۋېتىدۇ؟ — دېدى ۋىنستون.

— ئۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن، — دېدى ئوبراين، — سېنىڭ مەسىلەڭ مۇرەككەپ. ئەمما ئۈمىدتىن ۋاز كەچمە. ھەرقانداق ئادەم ھامان بىر كۈنى ساقايتىلىدۇ. بىز سېنى ئەڭ ئاخىرىدا ئېتىۋېتىمىز.

## 4

ئۇ خېلى ياخشى بوپقالدى. ئۇ كۈنسېرى دېگۈدەك ئەت ئېلىپ، بەدىنىدە كۈچ - مادار پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

ئاپپاق چىراغ يورۇقى بىلەن ھېلىقى گۈرۈلدەۋاتقان ئاۋاز ئاۋۋالقىدەكلا بار ئىدى، ئەمما كامېر بۇرۇن يېتىپ باققان باشقىلىرىغا قارىغاندا، كۆپ راھەت ئىدى. كارىۋاتتا ماتراس ۋە ياستۇق، كارىۋاتنىڭ يېنىدا بولسا بىر كىچىك ئورۇندۇق بار ئىدى. ئۇلار ئۇنى يۇيۇندۇرۇپ قويدى، تۆمۈر داستا خالىغان چاغدا يۈز - كۆزىنى يۇيۇشقا رۇخسەت قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا يۇيۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ بەردى. يېڭى ئىچ كىيىم ۋە فورما بەردى. ئۇنىڭ ھوشۇقىدىكى يارىسىغا ئاغرىق توختىتىش مېيى سۈركەپ قويدى. ئۇلار ئۇنىڭ قالغان چىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېتىپ، يېڭى چىش سېلىپ قويدى.

ئارىدىن چوقۇم بىر نەچچە ھەپتە يا بىر نەچچە ئاي ئۆتتى. ئەگەر ھازىر ئۆزى قىزىقسىلا، ۋاقىتنى ھېسابلاش ئاز - تولا مۇمكىن ئىدى، چۈنكى تاماقنى ئۇنىڭغا ۋاقتىدا ئەكىرىپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ 24 سائەتتە ئۈچ ۋاق تاماق يەۋاتىمەن دەپ ئويلىدى. بەزىدە كېچىدە يەۋاتقاندىمەنمۇ يا كۈندۈزدىمۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى. تاماق ئالاھىدە ياخشى بولۇپ، ھەر ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ بىرىدە گۆش بار ئىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا بىر قاپ سىگارت ئەكىرىپ بەردى. ئۇنىڭدا سەرەڭگە يوق ئىدى، ئەمما ئۇنچىقماس قاراۋۇل ئۇنىڭغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بېرەتتى. بىرىنچى قېتىم چەككەندە ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى،

ئەمما ئۇ چىداپ كەتتى، ئۇ بىر قاپ سىگارتنى ئۇزۇن ۋاقىت چەكتى، ھەر تاماقتىن كېيىن بىر تالىنىڭ يېرىمىنى چېكەتتى.

ئۇلار ئۈنىڭغا بىر قېرىنداش قەلەم قىستۇرۇلغان خاتىرە بەردى. ئۈنىڭغا ھېچنەرسە يېزىلمىغانىدى. باشتا ئۇ بۇنى ئىشلەتمىدى. ئۇ ئويغاق ۋاقىتلىرىدىمۇ قىلچە ھەرىكەت قىلغۇسى كەلمەيتتى. ئىككى تاماق ئارىلىقىدا ئاساسەن دېگۈدەك قىمىر قىلماي ياتاتتى. بەزىدە چالا ئۇيقۇچىلىقتا كۆزىنى ئۇزۇنغىچە ئاچالمايتتى. ئۇ ھازىر كۈچلۈك چىراغ نۇرى ئاستىدىمۇ نورمال ئۇخلىيالايدىغان بولدى، نۇر ئۇيقۇسىغا تەسىر قىلمايتتى، پەقەت چۈشىنىڭ ئالدى - كەينى بار بولۇپ قالدى. ئۇ ھازىر تولا ھاللاردا چۈش كۆرەتتى، تولىسى خۇشال چۈشلەر ئىدى. ئۇ ئالتۇن رەڭ سەھرالاردا، بەزىدە قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرى سېپىلگەن، يوپيورۇق خارابىلەردە ئانىسى، جۇلىيا، ئوبراينلار بىلەن بىللە قۇياش نۇرى ئاستىدا ئولتۇرۇشاتتى، باشقا ھېچ ئىش قىلمايتتى، پەقەت كۆڭۈللۈك ئىشلار ھەققىدىلا پاراڭلىشاتتى. ئۇ ئويغاق چاغلىرىدا ئاساسەن دېگۈدەك چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ زېھنىي كۈچىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى، ھازىر ئۇنىڭ بەدىنىدە ئاغرىيدىغان يەرمۇ يوق ئىدى. ئۇ زېرىكمىمۇ كەتمىدى، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقۇسىمۇ، دىققىتىنى چاچقۇسىمۇ يوق ئىدى. تاياق يېمىسە، سوراق قىلىنمىسا، تامىقى جايىدا بولسا، تازىلىقىنى قىلالىسىلا قاتتىق رازى ئىدى.

ئۇنىڭ بارغانسېرى ئۇيقۇسى ئاز قالدى، ئەمما يەنىلا كارىۋاتتىن قوپقۇسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ پەقەت تىپتىنچ يېتىپ بەدىنىگە ماغدۇر توپلانغانلىقىنى سەزگۈسىلا بار ئىدى. ئۇ خۇددى مۇسكۇللىرىنىڭ يوغىناپ، تېرىلىرىنىڭ چىڭىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بېقىش ئۈچۈن، چۈشىمۇ ياكى ئوگۇممۇ دېگەندەك بارماقلىرىدا بەدىنىنىڭ ئۇ يەر بۇ يەرلىرىنى بېسىپ باقاتتى. ئاخىرى ئۇ ئۆزىنىڭ بارغانسېرى ئەت ئېلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندى. ئۇنىڭ پاتاقلىرىمۇ ھازىر تىزىغا قارىغاندا

توملاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، باشتا خوشياقمىسىمۇ، ئاز - تولا چېنىقىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي، قەدىمىنى ھېسابلاپ ئۈچ كىلومېتىر ماڭىدىغان بولدى. ئۇنىڭ مۇكچىيىپ ئېگىلىپ قالغان مۇرىلىرىمۇ تىكلەندى. بارغانسېرى خېلى مۇرەككەپ ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۆرۈنۈپ باقتى، ھەتتا بەزى قىلالمىغان ھەرىكەتلىرىدىن ھەيران قالدى ۋە خىجىل بولدى. ئۇ تېخى يۈگۈرەلمەيتتى، ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايتتى، بىر پۇتىدا تۇرالمايتتى، ھەر قېتىم تۇرۇپ باققاندا يىقىلىپ كېتەتتى. زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ باقسا، يانپېشى ۋە پاقالچاق مۇسكۇلى قاتتىق ئاغرىپ، دەرھال تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئىككى قول بىلەن يەر بېغىرلاپ باقماقچى بولۇپ، ئۆزىنى يەردىن بىر سانتىمېتىرمۇ كۆتۈرەلمىدى. ئەمما بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، بۇ ئىشمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. ئۇ ھەتتا بىر قېتىمدا ئاتتىنى بېغىرلىيالايدىغان بولدى. ئۇ بەدىنىدىن خېلى زوقلىنىدىغان بوپقالدى، چىرايىمۇ خېلى ئەسلىگە كېلىپ قالدى. پەقەت چاچ يوق تاقىر بېشىنى تۇتۇپ سالغاندا، ئەينەكتىكى ھېلىقى غەلىتە مەخلۇق ئېسىگە كېلىپ قالاتتى.

ئۇنىڭ كاللىسىمۇ ئەمدى خېلى ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، تامغا يۆلىنىپ، خاتىرىنى تىزىغا قويۇۋېلىپ ئۆزىنى قايتا تەربىيلەشنى باشلىدى. ئۇ ئۆتتۇرغىنىغا تەن بەردى. بۇنى ئۆلارمۇ بىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاللىبۇرۇن تەسلىم بولۇشنى قارار قىلىپ بولغانىدى. ئۇ شەپقەت مىنىستىرلىكىگە ئېلىپ كىرىلگەندىن باشلاپ، ھەتتا جۇلىيا بىلەن ئىككىسى، ئېكراندىكى بۇيرۇق نېمە قىل دېسە شۇنى قىلغان شۇ چاغدىلا، بۇ قارار چىقىرىلىپ بولغانىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ پارتىيەگە قارشى تۇرغىدەك مادارى، ئەقلى يوقلۇقىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ ھازىر يەتتە يىلنىڭ ياقى، ئىدىيە ساقچىلىرىنىڭ ئۇنى خۇددى لوپا ئەينەك ئاستىدىكى بىر قوڭغۇزدەك كۆزەتكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۆلارنىڭ دىققىتىنىڭ سىرتىدا قالغان بىر ئېغىز گەپ، بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرىكەت، ئۇلار بايقىيالمىغان بىر ھەر ئوي - پىكىر قالمىغانىدى. ئۇلار ھەتتا خاتىرىسىنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى بىر چىمدىم تۈپىنىمۇ، قايتا جايىغا قويۇپ قويغان ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭغا ئېلىشىپلىنغان ئاۋازلارنى قويۇپ بەردى، سۈرەتلەرنى كۆرسەتتى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇلىيا بىلەن ئىدى. شۇنداق، ئۇ ئەمدى پارتىيەگە قارشى تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيەنىڭ توغرا ئىدى ھەم چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇ ئۆلمەس، كوللېكتىپ مېڭە قانداقمۇ خاتالاشسۇن؟ قايسى تاشقى ئۆلچەم بىلەن سىز ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئايرىيالايسىز؟ ئەقىل دېگەن ئىستاتىستىكىلىق نەرسە. بۇ پەقەت ئۇلار سەندىن كۆتكەندەك پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش مەسىلىسىلا، خالاس!

قېرىنداش قەلەم ئۇنىڭغا تۇم، ئەپسىز تۇيۇلۇپ قالدى. ئۇ كاللىسىغا كەلگەن ئويلارنى يېزىشقا باشلىدى. ئۇ باشتا كېلەڭسىز چوڭ ھەرپتە مۇنۇلارنى يازدى:

*ھۆرلۈك قۇللۇقتۇر*

ئاندىن توختىماستىنلا ئاستىدىكى قۇرنى يازدى:

*ئىككىگە ئىككىنى قوشسا بەش بولىدۇ*

ئاندىن ئۇ نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. ئۇنىڭ مېڭىسى بىر نېمىلەردىن قېچىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ دىققىتىنى يىغالماي قالدى. ئۇ ئەسلىدە كەينىدىكىنى بىلەتتى. ئەمما شۇ تاپتا ئۇنى ئەسلىيەلمەي قالدى. كېيىن ئۇنى ئۆزلۈكىدىن تەبىئىي تۇيغۇسى بىلەن ئەمەس، ئەقلىي ئويلىنىش بىلەن ئەسلەپ چىقتى:

ئۇ ھەممىنى قوبۇل قىلدى. ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتكىلى بولاتتى. ئۆتمۈش ئەزەلدىن ئۆزگەرتىلمىگەن ئىدى. ئوكيانىيە ئەزەلدىن، ھازىرمۇ شەرقىي ئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئىدى. جونىس، ئارونسون، رۇسېرفوردلار ھەقىقەتەن ئەيىبلەنگەن جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان، ئۇلارنىڭ گۇناھسىزلىقىنى ئىسپاتلايدىغان فوتوسۈرەتنى ئۇ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، ئۇنداق بىر نەرسە مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان، ئۇنى ئۇ ئۆزى توقۇغان ئىدى. ئۇ زىددىيەتلىك نەرسىلەرنى ئېسىدە ساقلىغانلىقىنى ئەسلىدى. ئەمما بۇلار ھەممىسى يالغان ئەسلىمىلەر ئىدى. ئۆزىنى ئالداشنىڭ مەھسۇللىرى ئىدى. نېمىدېگەن ئاسان - ھە؟ ! پەقەت باش ئەگسىلا، باشقا نەرسە شۇنىڭغا ئەگىشەتتى. بۇ خۇددى سەن ھەرقانچە كۈچىسەڭمۇ، سېنى ئارقىغا ئىتتىرىۋېتىدىغان ئېقىنغا قارشى ئۈزۈپ، ئاندىن تۇيۇقسىزلا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئېقىنغا ئەگىشىپ ئۈزۈپ كېتىشكە ئوخشايتتى. ئۆزەڭنىڭ پوزىتسىيىسىدىن باشقا ھېچنېمە ئۆزگەرمىگەن ئىدى. بولغۇلۇق ھامىنى بولاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا ئىسيان قىلغىنىنىمۇ تۈزۈك بىلمەيتتى. ھەممە ئىش ئاسان ئىدى، پەقەت!

ھەرقانداق نەرسە توغرا بولسا بولۇۋېرەتتى. ئاتالمىش تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى دېگىنى قۇرۇق گەپ ئىدى. يەر شارىنىڭ تارتىش قانۇنىيىتى قۇرۇق گەپ ئىدى. «ئەگەر خالىسام، — دېگەن ئىدى ئوبرايىن، — سوپۇن كۆپۈكچىسىدەك لەيلەپ تۇرالايمەن». ۋىنستون بۇنىڭ تېگىگە يەتتى. «ئەگەر ئۇ لەيلىيەلەيمەن دەپ قارىسا، مەنمۇ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۇم دەپ قارىسام، ئۇ ھالدا بۇ ئىش رېئاللىقتا ئايلىنىدۇ». تۇيۇقسىز سۇ يۈزىگە بىر خادا تاش چىققاندەك، ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كەلدى «بۇ ھەقىقىي يۈز بەرمەيدۇ. پەقەت بىز بۇنى يۈز بېرىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىمىز.

بۇ يالغان تەسەۋۋۇر» . ئۇ بۇ ئويىنى دەرھال باسقۇرۇۋەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ئىدى. بۇ سەۋەبتە مەلۇم بىر يەردە باشقا بىر «ھەقىقىي دۇنيا» بولۇپ، شۇ يەردە «ھەقىقىي ئىشلار» يۈز بېرىدۇ دەپ قىياس قىلاتتى. ئەمما نەدىمۇ بۇنداق دۇنيا بولسۇن؟ بىزنىڭ قايسى شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىمىمىز مېڭىمىزدىن ئۆتمەيدۇ؟ ھەممە نەرسە مېڭىمىزدە يۈز بېرىدۇ. مېڭىمىزدە يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى چوقۇمكى ھەقىقىي يۈز بېرىدۇ.

ئۇ بۇ سەۋەبنى ئوڭايلا بىرتەرەپ قىلدى، ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغىمۇ ئۇچرىمىدى. ئەمما ئۇ بۇنداق خىيالنىڭ يەنە كېلىپ قالماسلىقى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇنىڭ مېڭىسى ھەر قانداق خەتەرلىك ئىدىيە باش كۆتۈرگەن زامان، دەرھال پەيدا بولىدىغان بىر قارىغۇ نۇقتا پەيدا قىلىشى لازىم ئىدى. بۇ جەريان چوقۇم ئاپتوماتىك، تەبىئىي ئىدى. «يېڭى تىل»دا بۇنى «جىنايەت توسۇش» دەپ ئاتايتتى.

ئۇ جىنايەت توسۇشنى مەشق قىلىشقا ئولتۇردى. ئۇ ئاۋۋال ئۆزىگە مۇنداق قىياسنى تاشلىدى: «پارتىيە يەر شارىنى ياپىلاق دەيدۇ، مۇزنى سۇدىن ئېغىر دەيدۇ»، ئاندىن كېيىن بۇنىڭغا زىت قاراشنى ئويلىماسلىق، چۈشەنمەسلىكنى مەشق قىلدى. بۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. بۇ زور تىرىشچانلىق، چاقماقتەك ئىنكاس تەلەپ قىلاتتى. مەسىلەن، «ئىككى قوشۇلغان ئىككى تەڭ بەش» دېگەن مۇشۇ ماتېماتىكىلىق مەسىلە ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى. بۇ يەنە ئۇنىڭدىن كۆچلۈك ئەقىل گىمناستىكىسىنى تەلەپ قىلاتتى، بۇ لوگىكىدىن ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىش، يەنە ئارقىدىنلا ئېغىر لوگىكىلىق خاتالىقنىمۇ قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى ئىدى. دۆتلۈكمۇ خۇددى زېھنغا ئوخشاشلا شۇنداق زۆرۈر بولۇپ، ئۇ ئېرىشىش ناھايىتى قىيىن بولغان بىر زېھنىي كۈچ ئىدى.

مۇشۇ جەرياندىمۇ، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە مىنى قاچان

ئېتىۋېتەر دېگەن ئەندىشە ھۆكۈم سۈرەتتى. «ھەممە ئۆزگىرىپ كەتكىدەك باغلىق»
دېگەنىدى ئوبراين. ئەمما ۋىنستون ئۇنى بىر ئامال قىلىپ بالدۇرراق
ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتى. بەلكىم ئۇ مىنۇتتىن
كېيىنلا ياكى ئون يىلدىن كېيىن ئېتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇلار
ئۇنى نەچچە يىل مۇشۇنداق يالغۇز سولاپ قويۇشى، ئەمگەك لاگېرىغا
ئەۋەتىشى، ياكى بەزى چاغدىكىدەك ئۇنى بىر مەزگىل قويۇپ بېرىشى
مۇمكىن ئىدى. شۇنداقلا ئۇ ئېتىلىشتىن بۇرۇن، قولغا ئېلىنغاندىن
تارتىپ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر يەنە يېڭىباشتىن تەكرارلىنىشىمۇ
مۇمكىن ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆلۈم ھەرگىز ئۇ پەرەز قىلغان
چاغدا كەلمەيتتى. ھېچكىم تىلغا ئالمايدىغان، ئەمما ھەممە بىلىدىغان
ئەنئەنە شۇكى، ئۇلار سىزنى ئارقىڭىزدىن ئاتاتتى. دائىم سىز كامىردىن
كامىرغا ئالمىشىپ كارىدوردا مېڭىۋاتقاندا ئاگاھلاندۇرۇش بەرمەستىنلا
ئارقا مېڭىڭىزگە ئاتاتتى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە — بۇ ئىبارە تازا جايىدا ئىپادىلىيەلمەيتتى —
چۈنكى بۇ ئىش يېرىم كېچىدىمۇ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.
ئۇ مۇنداقمۇ خىيالنى سۈرۈپ باققانىدى، بۇ خىيالى تولىمۇ يارقىن،
يېقىملىق ئىدى: ئۇ كارىدوردا ماڭغاچ ئوقنىڭ ئېتىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.
ئۇ ئوقنىڭ ھەرزامان كېلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەممە ئىش
ھەل بولدى، چىرايلىق تۈگىدى، ھەممە خالاس بولدى. ئەمدى يەنە
گۇمان، مۇنازىرە، ئازاب - ئاغرىق، قورقۇنچ قالمىدى. ئۇنىڭ بەدىنى
ساغلام، كۈچلۈك ئىدى. ئۇ تولىمۇ يەڭگىل قەدەملەر بىلەن خۇشال
تۇيغۇدا قەدەم تاشلاۋاتاتتى، قۇياش نۇرى ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇراتتى.
ئۇ شەپقەت مىنىستىرلىكىنىڭ تار، ئاق كارىدورىدا ئەمەس، بەلكى
قۇياش نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان، كەڭلىكى بىر كىلومېتىر كېلىدىغان
بىر كارىدوردا ئىدى. ئۇ بۇ يەردە خۇددى دورا ئىچىۋالغاندەك بىر
خىل ھاياجانلىق ھېس - تۇيغۇدا كېتىپ باراتتى. ئۇ ئالتۇن رەڭ
سەھرادا، توشقانلار ئوتلايدىغان بىر كونا ئوتلاقتىكى چىغىر يولدا

كېتىۋاتاتتى. ئۇ تاپىنى ئاستىدىكى قىسقا، قويۇق چىملاردىن، يۈزىگە چۈشۈۋاتقان قۇياش نۇرىدىن ھۇزۇرلىنىۋاتاتتى. ئوتلاقنىڭ چۆرىسىدىكى قارىياغاچلار مەيىن شامالدا يەڭگىل ئىغاڭلاپ تۇراتتى، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىر يەردە بىر ئېرىق بار بولۇپ، سۆگەتلەر ئاستىدىكى ئۆڭكۈردىن شەكىللەنگەن ياپيېشىل كۆلچەكلەردە، بېلىقلار ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى.

بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى قورقۇنچ قاپلىۋالدى. ئۇنىڭ دۈمبىلىرىمۇ تەرلەپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا «جۇلىيا! جۇلىيا! جۇلىيا! سۆيۈملۈكۈم جۇلىيا!» دەپ توۋلاپ تاشلىغىنى كىردى.

دەقىقىچىلىك بىر ۋاقىت، ئۇ پۈتۈنلەي جۇلىيا قېشىدا باردەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىدى. جۇلىيا ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىدەك قىلاتتى. خۇددى ئۇنىڭ تېرە توقۇلمىلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەندەك ئىدى. شۇ دەقىقىنىڭ ئۆزىدە، جۇلىيا ئۇنىڭغا بۇرۇنقى بىللە بولغان چاغلىرىدىكىدىنمۇ سۆيۈملۈك بىلىندى. شۇنداقلا ئۇ يەنە جۇلىيانىڭ مەلۇم بىر يەردە ھاياتلىقىنى، ئۇنىڭ ياردىمىگە مۇھتاجلىقىنىمۇ بىلەتتى. ئۇ كارىۋاتتا يېتىپ ئۆزىنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى. ئۇ نېمە ئىش قىلىپ قويدى؟ بۇ دەقىقىلىك كەتكۈزۈپ قويۇش، ئۇنىڭغا يەنە قانچە يىللىق ئازاب ئېلىپ كېلەر؟

بىردەمدىلا ئۆتۈكىنىڭ تاراقلىغىنى ئاڭلاندى. ئۇلار بۇنداق قىلمىشنى جازالىماي قالمايتتى. ئۇلار ئىلگىرى بىلمەي قالغان بولسا ھازىر بىلدىكى، ۋىنستون ئۇلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزغانىدى. دېمەككى، ئۇ پارتىيەگە بويسۇندى، ئەمما ئۇنىڭغا تېخىچە ئۆچ. ئۆتكەن كۈنلەردە، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەكسىيەتچىل مېڭىسىنى، ئىنائەتمەن تاشقى قىياپىتى ئاستىغا يوشۇرغان ئىدى. ھازىر ئۇ يەنە بىر قەدەم چېكىنگەنىدى. ئۇ كاللىسىدا بويسۇنغان، ئەمما يەنە قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يەرلىرىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىت قىلغان ئىدى. ئۇ بۇنىڭ خاتالىقىنى بىلەتتى، ئەمما ئۇ مۇشۇنى تاللىغانىدى. ئۇلار بۇنى

چۈشىنەتتى، ئۇبرايىمۇ بۇنى چۈشىنەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ھاماقەتلەرچە تووۋلاشتا، ئىقرار قىلىپ تاشلانغان ئىدى. ئىشلار ئەمدى يەنە قايتىدىن باشلىناتتى. بەلكىم يەنە بىر قانچە يىل كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى قىياپىتىنى ئۇبدان ئېسىمدە تۇتۇۋالاي دېگەندەك، قوللىرىدا يۈزىنى سىلاپ چىقتى. يۈزىگە چوڭقۇر قورۇقلار تارتىلغانىدى، مەڭىز سۆڭەكلىرىمۇ قولىغا ئۇچلۇق ئۇرۇنىدى. بۇرنىمۇ پاناقلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەينەككە قارىغاندا، ئۇنىڭغا يېڭى چىش سېلىپ قويۇلغان ئىدى. ئۆزىنىڭ چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىۋالمىغاندا، ھەرخىل ئىپادىلەرنى يوشۇرۇش تەسكە چۈشەتتى. ئەمما ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا، چىراي ئىپادىسىنى كونترول قىلىپ قويۇشلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم، ناۋادا بىرەر مەخپىيەتلىكنى يوشۇرماقچى بولساڭ، چوقۇم ئۇنى ئۆزۈڭدىنمۇ يوشۇرۇشۇڭ كېرەككەن، دېگەننى چۈشەندى. پۈتۈن جەرياندا، سەن ئۇنىڭ بارلىقىنى بىلىشىڭ لازىم، ئەمما لازىم بولمىغىچە، ئۇنى ئېڭىڭغا ھەرقانداق شەكىلدە ئېلىپ كىرمەسلىكىڭ كېرەك ئىكەن. ئەمدى ھازىردىن باشلاپ، ئۇ توغرا ئويلىشىلا ئەمەس، يەنە توغرا ھېس قىلىشى، توغرا چۈش كۆرۈشىمۇ لازىم ئىدى. يەنە نەپرىتىنى خۇددى توپنى ساقلىغاندەك، بەدەنىنىڭ ئىچىدە، ئەمما بەدىنىدىن ئايرىپ ساقلىشى، ئۇنى بەدىنىنىڭ بىر پارچىسى قىلىۋالماسلىقى كېرەك ئىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى ئېتىۋېتىدۇ. سىز ئۇنىڭ قاچانلىقىنى بىلەلمەيسىز. ئەمما بىر نەچچە سېكونت بۇرۇن ئۇنى پەرەز قىلىش مۇمكىن. بۇ دائىم كارىدوردا ماڭغاندا، ئارقا مېڭىسىگىلا ئېتىلاتتى. ئون سېكونت بەلكىم يېتەرلىكتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى دۇنيا ئاشكارا بولاتتى. ئاندىن كېيىن، بىردىنلا بىر ئېغىز گەپ قىلماي، قەدىمىنى توختاتماي، چىرايىنى مىت قىلماي نىقابىنى يىرتىپ تاشلايتتىدە، «پاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۇنىڭ غەزەپ -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەپرىتى ئوت چاچاتتى. نەپرەت گويا كۆچلۈك يالقۇن كەبى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلايتتى. يەنە شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا «پاك!» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئوق ئېتىلاتتى، ئۇلار ئۇنىڭ مېڭىسىنى ئۆزگەرتەلمەي، كونترول قىلالماي پارە - پارە قىلىۋېتەتتى. بۇنداق قىلىشقا بەك كىچىككەن ياكى بەك بالدۇر بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدىكى ئەكسىيەتچى ئىدىيە جازاسىز، تۈۋىسىز قېلىپ قالغان بولاتتى، ئۇلار بۇنىڭغا مەڭگۈ يېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويغانلىق، ئۇلار ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكىدىن بىر تۆشۈك ئېچىپ قويغانلىق ئىدى. ئۇلارغا نەپرەتلىنىپ ئۆلۈپ كېتىش ئەركىنلىك ئىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمدى. بۇ زېھنىي مەشىق قوبۇل قىلىشتىنمۇ كۆپ قىيىن ئىدى. بۇ ئۆزىنى ئۆزى خورلاش، ئۆزىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىش ئىدى. ئۇ ئەمدى ئەڭ مەينەت يەرگە تاشلىناتتى. ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەڭ ئېلىشتۇرىدىغان، ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە نېمە؟ ئۇ غوجاكىنى ئويلىدى. قاپقارا بۇرۇتلۇق بۇ يوغان يۈز (ئۇ دائىم بۇنى تەشۋىقات رەسىملىرىدە كۆرگەچكە، ئۇنى شۇنداق بىر مېتىر كەڭلىكتە تەسەۋۋۇر قىلاتتى) ۋە ئۇنىڭدىكى كۆز قەيەرگە بارسا ئۇنىڭدىن ئۈزۈلمەيتتى، ئۇنىڭ كاللىسىغا خالىغانچە كىرىپ چىقاتتى. ئۇنىڭ غوجاكىغا نىسبەتەن ھەقىقىي تەسىراتى قانداق بولغىيدى؟

كارىدوردىن ئۆتۈكلىنىڭ ئېغىر ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. تۆمۈر ئىشىك جاراڭشىپ ئېچىلدى. ئوبرايىن كامىرغا كىردى. كەينىدە ھېلىقى شام چىراي ئوفىتسىر ۋە قاراۋۇللار بار ئىدى.

— ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بۇياققا كەل، — دېدى ئوبرايىن.

ۋىنستون ئۇنىڭغا روبىرو تۇردى. ئوبرايىن ئۇنىڭ مۈرىسىنى كۈچلۈك قوللىرى بىلەن چىڭ تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يېقىندىن قارىدى.

— سەن مېنى ئالداشنى ئويلاپتىكەنسەن، — دېدى ئۇ، — بۇ ئۇچىغا چىققان ھاماقەتلىك. تۈز تۇر. يۈزۈمگە قارا.

ئۇ توختاپ، سەل سىپايە تەلەپپۇزدا دېدى:

— سەن بارغانسېرى ئىلگىرىلەۋاتىسەن، ئەقلىي جەھەتتە چاتاق يوق. پەقەت ھېسسىيات جەھەتتىن ئىلگىرىلەش بولمايۋاتىدۇ. ئېيتقىنا — ئېسىڭدە بولسۇن يالغان ئېيتما — سېنىڭ غوجاڭغا بولغان ھەقىقىي ھېسسىياتىڭ قانداق؟

— مەن ئۇنىڭغا ئۆچ.

— سەن ئۇنىڭغا ئۆچ، ياخشى. ئەمدى ئەڭ ئاخىرقى قەدەمگە كەلدۇق. سەن غوجاڭنى چوقۇم ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ قويۇشلا يېتەرلىك ئەمەس، چوقۇم ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈڭ كېرەك.

ئۇ ۋىنستوننى قاراۋۇللارغا ئىتتىرىپ بەردى ۋە:

— 101 - نومۇرلۇق ئۆيگە، — دېدى.

## 5

ئۇنىڭ كامېرى ھەر بىر باسقۇچ ئالماشقاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ دەرىزىسىز بىنانىڭ قايسى تەرىپىدە تۇرغانلىقىنى سەل - پەل تەخمىن قىلاتتى. بەلكىم ھاۋا بېسىمىدا سەل پەرق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. قاراۋۇللار ئۇنى دۇمبالىغان كامېر يەر ئاستىدا ئىدى. ئوبراين ئۇنى سوراق قىلغان ئۆي بولسا تورۇسقا يېقىن بىر قەۋەتتە ئىدى. بۇ يەر بولسا ئەڭ تېگىدە ئىدى.

بۇ ئۆزى كىرىپ باققان كۆپىنچە كامېرلاردىن چوڭراق ئىدى. ئەمما ئۇ ئەتراپىغا بەك دىققەت قىلمىدى. پەقەت ئالدى تەرىپىدىكى ئىككى دانە كىچىك ئۈستەلگە دىققەت قىلدى، ھەر ئىككىلىسى يېشىل رەڭلىك قېلىن رەختتە قاپلانغان ئىدى. بىرى ئۇنىڭغا بىرەر مېتىر كېلەتتى، يەنە بىرى سەل يىراقراق ئىدى. ئۇ بىر ئورۇندۇققا چىڭ باغلىۋېتىلگەن بولۇپ، مىدىر - سىدىر قىلالمايتتى، ھەتتا بېشىنىمۇ

مىدىرلىتالمايتتى. ئۇنىڭ بىشى ئىككى دانە ياپىلاق نەرسىنىڭ ئارىسىغا ئىلىنغان بولۇپ پەقەت ئۇدۇلىغىلا قارىيالايتتى.

ئۇ بىردەم يالغۇز قالدى، ئاندىن ئىشىك ئىچىلىپ ئوبراين كىرىپ كەلدى.

— سەن مەندىن 101 - نومۇرلۇق ئۆيدە نىمە بار دەپ سورىغانتىڭ، مەن ساڭا سەن بۇنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ دىگەنتىم. 101 - نومۇرلۇق ئۆيدىكى نەرسە، دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە، — دىدى ئوبراين. بىر قاراۋۇل كىردى، قولىدا تۆمۈر قەپەزدەك بىر نىمە بار ئىدى. ئۇ بۇنى يىراقتىكى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئوبراين توسۇۋالغاچقا، ۋىنستون ئۇنى كۆرەلمىدى.

— دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىش، بەلكىم ئادەمگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ. تىرىك كۆمۈلۈش، كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلۈش، سۇغا تۇنجۇقتۇرۇلۇش، مىخلىنىش ۋە ياكى باشقا نۇرغۇنلىغان ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى قورقۇنچلۇق بىلىنىشى مۇمكىن. ئەمما يەنە بەزى ئادەملەرگە نىسبەتەن، ئەڭ ئادەتتىكى نەرسىلەر ئەڭ قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن، گەرچە ئۇ ئەجەللىك نەرسە بولمىسىمۇ.

ئوبراين سەل بىر تەرەپكە يۆتكەلدى، شۇنىڭ بىلەن ۋىنستون ئۈستەلدىكى نەرسىنى كۆرەلىدى. ئۇ ئۈستىدە تۇتقۇچى بار تۆتبۇرجەك تۆمۈر قەپەز ئىدى. ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدە قىلىچۋازلارنىڭ نىقابىدەك بىر نەرسە ئورنىتىلغان بولۇپ، سەل كۆپۈپ تۇراتتى. قەپەز ۋىنستوندىن ئۈچ - تۆت مىتىر يىراقلىقتا بولسىمۇ، قەپەزنىڭ ئىككى بۆلەككە ئايرىلغانلىقىنى، ھەر ئىككىلىسىدە قانداقتۇر بىر ھايۋان بارلىقىنى كۆردى. ئۇ چاشقان ئىدى.

— ساڭا نىسبەتەن، — دىدى ئوبراين، — دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق نەرسە چاشقان.

ئۇ قەپەزگە قاراپلا تىترەشكە باشلىغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن

ۋۇجۇدىنى تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل قورقۇنچ قاپلىۋالدى. ئۇ ئەمدى قەپەزگە ئاۋۇ نىقابنى نېمشقا ئورنىتىپ قويغانلىقىنى چۈشەندى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچ - ئەزالىرى قورقۇنچتىن مۇزدەك بولۇپ كەتتى.

— ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ ! — دەپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە ۋارقىرىدى ۋىنستون.

— مۇمكىن ئەمەس! مۇمكىن ئەمەس ! ئۇنداق قىلما!

— سېنىڭ چۈشۈڭدىكى ھېلىقى ۋەھىمە ھازىرمۇ ئېسىڭدە بارمۇ؟ ئالدىڭ تەرەپتە قاراڭغۇ بىر تام بار ئىدى، قۇلىقىڭغا قانداقتۇر بىر خىل ئاۋازلار كىرىپ تۇراتتى. تامنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە قورقۇنچلۇق بىر نەرسە بار ئىدى. سەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلەتتىڭ، پەقەت ئۇنى ئويلاشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرغان ئىدىڭ. تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نەرسىلەر دەل چاشقانلار ئىدى.

—ئوبراين، — دېدى ۋىنستون ئاۋازىنى كونترول قىلىشقا تىرىشىپ،
— بۇنىڭ ھاجىتى يوقلىقىنى بىلىسىز. مېنى نېمە قىل دەيسىز؟

ئوبراين ئۇدۇل جاۋاب بەرمىدى. ئۇ يەنە ئوقۇتقۇچىلاردەك قىياپەتتە، خۇددى ۋىنستوننىڭ كەينىدىكى نۇرغۇن تاماشىبىنلارغا سۆزلەۋاتقاندەك ھالەتتە سۆزىنى باشلىدى :

— ئاغرىق زادى يېتەرلىك ئەمەس. بەزىدە ئىنسانلار ئاغرىقتىنمۇ غالىب كېلىدۇ، ھەتتا ئۆلۈم گىرداۋىدىمۇ. ئەمما يەنىلا ھەرقانداق ئادەم چىدىيالمايدىغان، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايدىغان نەرسىلەر بار. بۇنىڭ باتۇرلۇق ياكى قورقۇنچاقلىق بىلەن ئالاقىسى يوق. ئادەم بىر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندە، ئۇنىڭ بىر ئارغامچىنى تۇتۇۋېلىشى قورقۇنچاقلىق ئەمەس، خۇددى شۇنىڭدەك، چوڭقۇر سۇدىن چىققاندا نەپەس ئېلىۋېلىشىمۇ قورقۇنچاقلىق ئەمەس، بۇ يوقاتقىلى بولمايدىغان تەبىئىي رېفلېكس. چاشقانمۇ دەل شۇنىڭ مىسالى. ساڭا نىسبەتەن چاشقان ئەڭ قورقۇنچلۇق. بۇ سەن ھەرقانچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلساڭمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بىر ۋەھىمە. بۇنداق چاغدا، سەن ئۆزۈڭدىن نېمە تەلەپ قىلىنسا شۇنى قىلىسەن.

— ئۇ زادى نېمە؟ زادى نېمە قىلىمەن؟ ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەم قانداق قىلىمەن؟

ئوبراين قەپەزنى ئېلىپ، يېقىنراق ئۈستەلگە قويدى. ۋىنستون چاشقانلارنىڭ كۇسۇلداشقانلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنى چەكسىز تەنھا ھېس قىلدى، ئۇ ھازىر قۇياش قىزدۇرۇۋاتقان پايانسىز بىر دالىدا يالغۇز قالغاندى، يىراق بىر يەرلەردىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىۋاتاتتى. ۋەھالەنكى، ئاۋۇ قەپەز ئۇنىڭدىن پەقەت ئىككى مېتىرلا يىراقلىقتا ئىدى. بۇ ناھايىتى يوغان، رەڭگىمۇ كۆلرەڭ ئەمەس، بېغىررەڭ، ئىنتايىن يىرتقۇچ چاشقانلار ئىدى.

— چاشقان، — داۋاملاشتۇردى ئوبراين يەنىلا بايامقى ئەلپازىدا، — گەرچە غاجىلىغۇچى ھايۋان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ گۆشخور، بۇنى سەن بىلىسەن ۋىنستون. سەن ھەقچان نامراتلار مەھەللىلىرىنىڭ كوچىلىرىدا يۈز بېرىدىغان بەزى ئىشلارنى ئاڭلىغان. بەزى مەھەللىلەردە ئانىلار بوۋاقلىرىنى ئۆز ئۆيىدە ھەتتا بەش مىنۇتمۇ يالغۇز قويۇپ قويالمايدۇ. چاشقانلار چوقۇم بوۋاقلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە، ئۇنىڭ سۆڭەكلىرىلا ئېشىپ قالىدۇ. ئۇلار يەنە كېسەل، ئۆلۈپ قالاي دېگەن ئادەملەرگىمۇ ھۇجۇم قىلىدۇ. ئۇلار ئاجايىپ ئەقىللىقكى، ئادەملەرنىڭ نىمجان، بىچارىلىشىپ قالغىنىنى بىردەمدىلا بىلىۋالىدۇ.

شۇ چاغدا قەپەزدىن تۇيۇقسىز قاتتىق چىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ۋىنستونغا ناھايىتى يىراقتىن كەلگەندەك ئاڭلاندى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتاتتى، ئۇلار ئارىدىكى توساققا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ بىر - بىرىگە ئېتىلاتتى. چوڭقۇر بىر ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ۋىنستوندىن چىقىۋاتاتتى.

ئوبراين قەپەزنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭدىكى بىر نېمىنى باستى. تاراققىدە قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ۋىنستون ئورۇندۇقتىن بوشىنىش ئۈچۈن، ساراڭلارچە جان تالىشىپ كەتتى. پايدىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەممە يېرى ھەتتا بېشىمۇ قىمىرلىغۇسىز باغلىۋېتىلگەن ئىدى. ئوبراين قەپەزنى يېقىنلاشتۇردى. ئۇ ۋىنستوننىڭ يۈزىگە بىر مېتىرمۇ قالمىدى.

— مەن بىرىنچى كونۇپكىنى باستىم، — دېدى ئوبراين، — سەن قەپەزنىڭ قۇرۇلمىسىنى بىلىسەن. بۇ نىقاپ بېشىڭغا ئوبدان كېلىدۇ. بۇنىڭدا باشقا تۆشۈك يوق. مەن ئىككىنچى كونۇپكىنى باسقاندا، قەپەز ئېچىلىپ، ماۋۇ يىرتقۇچلار ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىدۇ. سەن چاشقانلارنىڭ سەكرىگىنىنى كۆرگەنمىتىڭ؟ ئۇلار سېنىڭ يۈزۈڭگىلا ئېتىلىدۇ ۋە بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. بەزىدە ئۇلار كۆزگە باشتا ھۇجۇم قىلىدۇ. بەزىدە يۈزىدىنلا تۆشۈك ئېچىپ، تىلنى يەۋېتىدۇ.

قەپەز يېقىنلاشتۇرۇلدى، ئۇ تېخى ئېتىك ئىدى. چاشقانلارنىڭ ئادەمنىڭ تىننى شۈركەندۈرىدىغان ئاۋازى خۇددى بېشى تەرەپتىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. ئەمما ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ قورقۇنچىسىغا قارشى تەلۋىلەرچە كۈرەش قىلدى. ئويلاش، ئويلاش، بىرەر دەقىقە قالسىمۇ ئويلاش بىردىنبىر ئۈمىت ئىدى. تۇيۇقسىز چاشقانلارنىڭ پۇرىقى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. بۇنىڭدىن كۆڭلى ئېلىشىپ، ھوشىدىن كېتەيلا دەپ قالدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ بىردىنلا ساراڭغا، چىرقىراپ تۇرىدىغان ھايۋانغا ئايلاندى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بۇ قاراڭغۇلۇقتىن بىر ئوي كەلدى. بۇ يەردە پەقەت ۋە پەقەت بىرلا يول بار. ئۇ چوقۇم ئۆزى بىلەن چاشقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەنە بىر ئادەمنى قويۇشى كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا نىقاپ ئۇنىڭغا باشقا ھېچنېمىنى كۆرسەتمىدى. قەپەزنىڭ ئىشىكى ئۇنىڭغا پەقەت ئىككى غېرىچلا قالغانىدى. چاشقانلار نېمە

www.uyghurkitap.com

ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۆلارنىڭ بىرى توختىماستىن سەكرەپ تۇراتتى. تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن يەنە بىر قېرىراقى تىرناقلىرى بىلەن قەپەزنى تۇتۇپ، ئۆرە تۇرۇۋالغان هالدا ۋەهىملىك پۇشۇلداپ تۇراتتى. ۋىنستون ئۇنىڭ بۇرۇتلىرى ۋە سېرىق چىشلىرىنى كۆردى. ئۇنىڭ كاللىسىنى يەنە قاراڭغۇلۇق، تەسۋىرلىگۈسىز ۋەهىمە باستى، ئۇ ئويلىيالمايتتى، هېچنېمە قىلالمايتتى.

— بۇ قەدىمكى جۇڭگودا ئادەتتىكى بىر جازا ئىدى، — دېدى ئوبراين دائىمقىدەك بىمالال هالدا.

نىقاپ ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىنلاشتۇرۇلدى. نىقاپتىكى تور ئۇنىڭ يۈزىگە تەگدى. ئۇنىڭدا بىردىنىلا كىچىككىنە ئۈمىت پەيدا بولۇپ قالدى. بەك كېچىككەن ئىدى، بەلكىم راستىنلا كېچىككەندۇ. شۇ دەقىقىدە، ئۇ دۇنيادا پەقەت بىرلا بەدەننىڭ، ئۇنىڭ ئورنىدا چاشقانغا يەم بولسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندى. ئۇ ساراڭدەك قايتا - قايتا تووۋلاشقا باشلىدى.

— جۇلىيانى! جۇلىيانى! مېنى ئەمەس! ئۇنىڭغا نېمە قىلساڭ كارىم يوق! ئۇنىڭ يۈزلىرىنى چاينىۋەتسۇن! سۆڭەكلىرىنى غاجىسۇن! مېنى ئەمەس! جۇلىيانى!

ئۇ ئارقىغا يىقىلدى. ئۇ ئىنتايىن چوڭقۇر يىقىلغانىدى. چاشقانلاردىن ئىنتايىن يىراق ئىدى. يەنىلا ئورۇندۇققا باغلاقلىق، ئۇ پولدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتى، بىنانىڭ تاملىرىدىن، يەردىن، ئوكيانلاردىن، ئاتموسفېرادىن، پلانېتلاردىن ... ئۆتۈپ نەچچە مىڭ يورۇقلۇق يىلى يىراقلىققا ئۇچۇپ كەتتى. چاشقانلاردىن ئىنتايىن يىراق بىر جاي ئىدى. ئەمما يېنىدا يەنىلا ئوبراين بار ئىدى. يۈزىدە يەنىلا مۇزدەك تۆمۈر تور تۇراتتى. ئۇ ئەتراپىنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن تاراققىدە قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ قەپەز ئىشىكىنىڭ ئېتىلگەنلىكىنى بىلدى. ئىشىك قايتا ئېچىلمىدى.

## 6

كاشتان دەرىخى قەھۋەخانىسىدا تۇزۇك خېرىدار يوق ئىدى. دەرىزىدىن چۈشكەن قۇياش نۇرى، توپا بېسىپ كەتكەن ئۈستەل يۈزىگە، تەكشى سېپىلگەن ئىدى. سائەت 15 بولغانىدى. ئېكراندىن مىتال تاراڭلىغاندەك بىر خىل مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتاتتى.

ۋىنستون ئاۋۋالقىدەكلا، بىر بۇرجەكتە ئالدىدىكى قۇرۇق ئىستاكانغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ پات ـ پات ئۇدۇل تامدىكى يوغان چىرايغا قاراپ قوياتتى. رەسىمنىڭ ئاستىغا چوڭ ھەرپلىك قىلىپ «غوجاكىنىڭ كۆزى سەندە» دېگەن خەت بېسىلغان ئىدى. مۇلازىم كېلىپ ئىستاكاننى زەپەر ئارچا ھارىقى بىلەن تولدۇردى، ئاندىن ئېغىزىدىن ئىنچىكە نەيچە ئۆتكۈزۈلگەن يەنە بىر بوتۇلكىدىن، بىر نەچچە تېمىم بىر نىمە تېمىتىپ چايقاپ ئارىلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ سېرىنگۈل تەملىك شېكەر جەۋھىرى بولۇپ، مۇشۇ قەھۋەخانىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ئىدى.

ۋىنستون ئېكراندىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاۋاتاتتى. ھازىر ئۇنىڭدىن مۇزىكا چىقىۋاتاتتى. ئەمما ھەر ۋاقىت تىنچلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بىرەر ئالاھىدە خەۋىرى ئاڭلىتىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئافرىقىدىكى ئۇرۇش فرونتىدىن كېلىۋاتقان خەۋەرلەر ئادەمنى ناھايىتى ئەنسىز قىلاتتى. ۋىنستوننىڭ غېمى شۇنىڭدا قالغانىدى. بىر ياۋروئاسىيا ئارمىيەسى (ئوكيانىيە ئەزەلدىن ۋە ھازىرمۇ ياۋروئاسىيا بىلەن ئۇرۇشتا ئىدى) ناھايىتى تېز سۈرئەتتە جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. كۈندۈزلۈك خەۋەر قەيەرگە يېتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق ئېنىق بىر نىمە دېمىگەنىدى، ئېھتىمال شۇ تاپتا كونگونىڭ ئېغىزى ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. برازىۋىللى ۋە لۇپولدۋىللى خەتەر ئىچىدە ئىدى. بۇنى ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن خەرىتىگە قاراشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ مەركىزى ئافرىقىنى قولدىن بېرىپ قويۇش مەسىلىسىلا بولماستىن، بۇ ھازىرغىچە بولغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

پۈتــۈن ئــۇرۇش مابەينىــدە، ئوكيانىيەنىــڭ تېررىتورىيىســىنىڭ تۈنجــى قېتىــم ھەقىقــي تەھدىتكــە ئۇچرىغانلىقىدىــن دېــرەك بېرەتتــى.

بىردىنــلا ۋىنستــونىنىڭ ۋۇجۇدىنــى كۈچلــۈك ھاياجــان، بىــر خىــل مەمنۇنىيــەت قاپلىدىيــۇ، يەنــە دەرھــال ئۆچتــى. ئــۇ ئــۇرۇش ھەققىــدە ئويلىنىشنى توختاتتى. بــۇ كۆڭلــەردە ۋىنستون ئۆزىنىــڭ دىققىتىنــى بىــرەر نۇقتىــدا بىــر نەچچــە مىنۇتمــۇ مەركەزلەشــتۈرەلمەيتتى. ئــۇ ئىســتاكاننى ئېلىــپ بىــر كۆتــۈرۈش بىلەنــلا قۇرۇقدىۋەتتــى. دائىمقىــدەك، ئارچــا ھارىقى ئۇنــى جۇغىــدە بىــر تىترەتتــى، ۋىنستون ئــازراق بىــر نېمىلەرنــى يانــدۇردى. بــۇ ئادەمنىــڭ كۆڭلىنــى بــەكلا ئېلەشــتۈرەتتى. سېرىنگۈل بىلــەن شېكەر جەۋھەرىنىــڭ ئۆزىمــۇ ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان بولــۇپ، ئارچا ھارىقىدىكى ماي تەمىنى يوق قىلالمايتتى. ھەممىدىــن ئادەمنىــڭ كۆڭلىنــى ئېلەشــتۈرىدىغىنى، ھاراقنىــڭ پۇرىقــى بولــۇپ، بــۇ دائىــم ۋىنستــونىنىڭ كاللىســىدا ھېلىقى نېمىلەرنىــڭ پۇرىقى بىلــەن ئارىلىشىــپ ...

ئــۇ ئۇلارنىــڭ نامىنــى ھەرگىــز ئاتاپمــۇ سالمايتتى، ھەتتا كــۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشتىنمۇ ئۆزىنــى قاچۇراتتى. ئــۇ ۋىنستونىنىڭ يۈزىگە يېقىنلاشقان، پۇرىقــى ۋىنســتونىنىڭ دىمىقىغــا ئۇرۇلغــان بىــر نەرســە ئىــدى. ھــاراق ئۇنىــڭ ئاشقازىنىنى بىردىنــلا ئۆرلىتىــپ، ئــۇ بىــر نېمىلەرنــى يانــدۇردى. ئــۇ قويۇۋېتىلگەنــدىن بۇيــان، خېلــى ئــەت ئېلىــپ قالغــان، رەڭگــى رويىمــۇ خېلىــلا تۈزۈلــۈپ ئەسلىگە كېلىــپ قالغانىــدى. پــۇت - قوللىرىغىمــۇ خېلــى جــان كىرىــپ، تومىلىشىــپ قالغــان، يىرىــك يــۈز تېرىلىرىگىمــۇ خېلــى قــان يۈگــۈرگــەن ئىــدى، ھەتتــا تاقىــر بېشــىمۇ خېلــى قىزىرىــپ قالغانىــدى. مۇلازىــم ۋىنســتونىدىن ســورىمايلا، بىــر شــاخمات تاختىســى ۋە «تايمــس گېزىتى»دىــن بىــر پارچــە ئېلىــپ كەلــدى. گېزىتنىڭمــۇ شــۇ شــاخمات ستونى بــار بەتىنى ئېچىــپ ئەكەلگەنىــدى. ئــۇ ۋىنستونىنىڭ ئىستاكانىنىڭ قــۇرۇق ئىكەنلىكىنى كــۆرۈپ، دەرھــال ئارچا ھارىقى ئەكىلىــپ تولــدۇرۇپ قويىدى. مۇلازىمغا دەپ قويۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئــۇلار ھەممىسى

ۋىنستوننىڭ ئادىتىنى بىلەتتى. شاخماتنى دائىم ئۇنىڭ ئۇچۇن تىزىپ قوياتتى، بۇلۇڭدىكى ئۇستەلنى دائىم ئۇنىڭغا ئېلىپ قوياتتى. ھەتتا ئادەم لىق چاغلاردىمۇ، ئۇ بۇ ئۇستەلدە يالغۇز ئولتۇراتتى، چۈنكى ھەممەيلەن ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئولتۇرۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچە ئىستاكان ئىچكەنلىكىنىمۇ ساناپ ئولتۇرمايتتى. مۇلازىملەر ناھايىتى كىرلىشىپ كەتكەن قەغەزگە ھېساۋاتىنى يېزىپ، پات ـ پات ئۇنىڭغا ئەكىلىپ بېرەتتى. ئەمما ۋىنستون دائىم ئۇلارنى ئاز ھېسابلاپ قويغانـدەك ھېس قىلاتتى. قىممەت ھېسابلىغان تەقدىردىمۇ ھېچقىسى يوق ئىدى. ھازىر ئۇنىڭدا يەتكۈدەك پۇل بار ئىدى. ئۇنىڭ ھازىر خېلى ئازادە بىر خىزمىتى بولۇپ، مائاشىمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلى يۇقىرى ئىدى.

ئېكراندىكى مۇزىكا بىر ئادەمنىڭ ئاۋازىغا ئالماشتى. بىراق بۇ ئالدىنقى سەپنىڭ خەۋىرى ئەمەس ئىدى. پەقەت مولچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ بىر قىسقىلا باياناتى ئىدى. ئۈنىنچى ئۈچ يىللىق پىلانىدا بوغۇچ ئىشلەپچىقىرىش 98% ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغانىدى.

ئۇ گېزىتتىكى شاخمات ستونىغا قاراپ، شاخماتنى تىزدى. گېزىتكە بېسىلغان شاخمات ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئىدى، ئىككى ئاتنى ئىشلىتىپ مات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. «ئاق تەرەپ بۇرۇن ماڭىدۇ، ئىككى قەدەمدىلا مات قىلىدۇ». ۋىنستون بېشىنى كۆتۈرۈپ غوجاكىنىڭ رەسىمىگە قارىدى. ئاق دائىم مات قىلاتتى. ئۇ بىر خىل سىرلىق، مىستىك خىياللارغا غەرق بولدى. ھەر قېتىم شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. شاخمات تېپىشمىقى سەھىپىسى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان، قارا بىرەر قېتىممۇ يېڭىپ باقمىغانىدى. بۇ ياخشىلىقنىڭ رەزىللىك ئۈستىدىن مەڭگۈ غالىپ كېلىدىغانلىقىنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ؟ يوغان يۈز ئىنتايىن سالماق، ھەيۋەت نەزەردە ۋىنستونغا قاراپ تۇراتتى، ئاق دائىم مات قىلاتتى.

ئېكراندىكى ئاۋاز تۇيۇقسىز توختاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ ھەيۋەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر ئاۋاز ئالماشتى:

— سائەت 15 يېرىمدا مۇھىم ئۇقتۇرۇش بار. ئون بەش يېرىمدا! ئۇقتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم. دىققەت قىلىڭلار، ئۆتۈپ كېتىپ قالمىسۇن، ئون بەش يېرىمدا!

ھېلىقى جاراڭ - جۇرۇڭ مۇزىكا يەنە باشلاندى.

ۋىنستوننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەشكە باشلىدى. بۇ ئالدىنقى سەپنىڭ خەۋىرى ئىدى. ئۇنىڭ تۇيغۇلىرى ئۇنىڭغا بۇنىڭ يامان خەۋەرلىكىنى ئېيتىۋاتاتتى. ئافرىقىدىكى ئۇرۇش - كېسەل مەغلۇبىيەت كۆنبويى ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيۋاتاتتى. ئۇ خۇددى ياۋروئاسىيا ئارمىيەسىنىڭ خۇددى سانسىز چۈمۈلىلەردەك، ئەزەلدىن يېمىرىلىپ باقمىغان ئۇرۇش سېپىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئافرىقا تۇمشۇقىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. نېمىشقا ئۇلارغا بىر ئامال قىلىپ پىستىرما بىلەن زەربە بېرىش ئىمكانىيىتى يوقتۇ؟ غەربىي ئافرىقا قىرغىقى ئۇنىڭ كاللىسىدا سۈپسۈزۈك ئايان بولدى. ئۇ ئاق ئاتنى ئېلىپ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى. بۇ دەل مۇۋاپىق ئورۇن ئىدى. ھەتتا مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدىمۇ، ئۇ قارا كىيىم كىيىۋالغان بىر ئارمىيەنىڭ جەنۇبقا ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت سىرلىق تەشكىللەنگەن يەنە بىر قوشۇن ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا ئۇندى ۋە ئۇلارنىڭ قورۇقلۇق، دېڭىز ئالاقە يولىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. بۇ قوشۇننى ئۇ ئۆزىنىڭ سۈبيېكتىپ ئارزۇسى بىلەن پەيدا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما ئۇلار تېزدىن ھەرىكەتلىنىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر ئۇلار پۈتكۈل ئافرىقىنى كونترول قىلسا، كېيپتاۋندا ھاۋا ئارمىيە ۋە سۇ ئاستى پاراخوتى بازىسى قۇرۇۋالسا، ئوكيانىيىنى ئىككىگە بۆلۈۋېتەلەيتتى. بۇنىڭ ئەھمىيىتى غايەت زور ئىدى: دۇنيانىڭ تەرتىپى قايتىدىن ئورنىتىلاتتى، پارتىيە غۇلايتتى. ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇنىڭدا بىر خىل ئارىلاش، گادىرماچ تۇيغۇلار پەيدا بوپقالدى. ياق، ئۇنى گادىرماچ دېگەندىن كۆرە، قات - قات تۇيغۇلار دەپ

تەسۋىرلەش تېخىمۇ مۇۋاپىقتەك قىلاتتى. ئادەم بۇنداق قات ـ قات تۇيغۇلار ئىچىدە، زادى قايسى قات تۇيغۇنىڭ ئۆز ئىچىنى ھەقىقىي ئۆرتەۋاتقانلىقىنى بىلەلمەيتتى.

بۇ گادىرماچ تۇيغۇلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاق ئاتنى قايتا ئەسلىدىكى جايىغا قويدى. ئۇ ئەمدى خىيالىنى شاخماتقا يىغالمىدى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىياللىرى يەنە قاناتلىنىشقا باشلىدى. ئۇ تولىمۇ ئاڭسىزلارچە ئۈستەلدىكى چاڭ ـ توزاڭ ئۈستىگە بارمىقىدا 2+2=5 دەپ يازدى.

ــ ئۇلار ئىچىڭىزگە كىرەلمەيدۇ، ــ دېگەنىدى جۇلىيا. بىراق ئۇلار ئىچىڭىزگە كىرەلەيتتى. «بۇ يەردە بولغان ئىشلار مەڭگۈلۈك» دېگەنىدى ئوبراين. بۇ راست گەپ ئىدى. سىز قىلىپ تاشلىغان بەزى ئىشلىرىڭىزدىن ھەرگىز ئەسلىگە كېلەلمەيتتىڭىز. ۋۇجۇدىڭىزدىكى بەزى نەرسىلەر كۆيدۈرۈۋېتىلگەن، چىرىتىۋېتىلگەن ئىدى.

ئۇ جۇلىيانى كۆرگەن، ئۇنىڭغا گەپ قىلغان ئىدى. ھازىر بۇ خەتەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ھازىر ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىشى بىلەن پۈتۈنلەي كارى يوق ئىدى. ئەگەر ۋىنستون ياكى جۇلىيانىڭ بىرەرى خالىسىلا، ۋىنستون يەنە ئۇچرىشىشنى ئورۇنلاشتۇرالايتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار تەسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغانىدى. ئۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن ناچار بولۇپ، مارتنىڭ سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى. چىملارمۇ قۇرۇپ كەتكەن، يەر توڭلاپ تۆمۈردەك بوپكەتكەنىدى، ھېچيەردە چېچەك دىدارى كۆرۈنمەيتتى، ناھايىتى زور قەيسەرلىك بىلەن ئاندا ـ ساندا بويىنىنى چىقارغان گىياھلارمۇ، سوغۇق شامالدا شۈمشىيىپ تۇراتتى. ۋىنستون ئالدىراش كېتىپ باراتتى، قوللىرىمۇ مۇزلاپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلۇپ تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا ئۆزىدىن ئون مېتىر نېرىدا جۇلىيانى كۆردى. ئۇ جۇلىيانىڭ جۇغىنىڭ غەلىتىلا ئۆزگىرىپ كەتكىنىدىن بەكلا چۆچۈدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھېچقانداق ئىما ـ ئىشارەت قىلماي ئۆتۈشۈپ كەتتى، ئاندىن ۋىنستون

بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى، ئەمما بەك يېقىن سوكۇتلىشىۋالمىدى. ئۇ بۇنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ھازىر ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. جۇلىيا گەپ قىلمىدى. ئۇ خۇددى ۋىنستوندىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك يانغا بۇرۇلۇپلا چىملىقنى كېسىپ ئۆتتى. ئەمما ئەمدى ۋىنستون ئۇنىڭ بىلەن يانمۇ يان مېڭىشىۋەردى. ئۇلار يوپيۇرماقلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر قارىياغاچلار ئارىسىغا كىردى. بۇ قارىياغاچلار يا سوغۇققا دالدا بولالمايتتى نە ئۇلارنى باشقىلارنىڭ كۆزىدىن توسۇپ تۇرالمايتتى. ئۇلار توختىدى. ھاۋا بەكلا سوغۇق ئىدى، يۇمران قارىياغاچ شاخچىلىرى ئارىسىدىن ھۇشقۇرتۇپ تۇرغان مۇزدەك شامال، ئەمدىلا بىشىنى كۆتۈرگەن زەپەرگۈل چېچەكلىرىنىڭ بەرگىلىرىنى تورۇتىۋېتەتتى. ۋىنستون ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى.

بۇ يەردە ئېكران يوق ئىدى، ئەمما چوقۇم مەخپىي تىڭشىغۇچلار ئورنىتىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قالاتتى. بىراق ھازىر بۇ مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇلار خالىسىلا، شۇ يەردە يېتىپلا كۆڭلى تارتقاننى قىلالايتتى. ۋىنستون ئۇ ئىشنى ئويلاپ، قورقۇنچتىن ۋۇجۇدى تېخىمۇ مۇزلاپ كەتتى. ۋىنستون ئۇنىڭ قوللىرىنى شۇنچە سىقسىمۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ئىنكاس بولمىدى، ئۆزىنى ئاجرىتىشقىمۇ ئەندىكمىدى. ۋىنستون جۇلىيادىكى ئۆزگىرىشنى ئەمدى كۆردى. ئۇنىڭ يۈزى سارغىيىپ قالغانىدى، چاچلىرىنىڭ ئارىسىدا پېشانىسىدىن چېكىسىگىچە ئۇزۇن بىر تارتۇق تۇراتتى. ئەمما ۋىنستون دىققەت قىلغان ئۆزگىرىش بۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بەللىرى تومىلىشىپ قالغان، ھەمدە يۇمرانلىقىنى يوقاتقان ئىدى. ۋىنستون بىر چاغلاردا، بىر قېتىملىق راكىتا بومبىسى پارتىلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بىر خارابىلىكتىن بىر جەسەتنى تارتىپ ئەچىقانلىقىنى ئەسلىدى. ئۇ چاغدا ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى، جەسەتنىڭ ئېغىرلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنى كۆتۈرۈش ۋە ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلىتىشنىڭ خۇددى تاشقا ئوخشاش ناھايىتى قولايسىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئىدى. مانا

ھازىر ئۇنىڭ بەدىنىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشاپ قالغانىدى. بۇ ۋىنستونغا جۇلىيانىڭ تېرىلىرىنىڭ توقۇلمىلىرى بۇرۇنقىدىن جىقلا ئۆزگىرىپ كەتكەنىدەك بىلىندى.

ۋىنستون ئۇنى سۆيۈشكىمۇ ئۇرۇنمىدى، ھەم گەپ - سۆز قىلىشمىدى. ئۇلار چىملىقتىن قايتىپ ئارقىغا ماڭغاندا، جۇلىيا ۋىنستوننىڭ كۆزىگە تۇنجى قېتىم قارىدى. بۇ دەقىقىلىكلا قاراش مەنسىتمەسلىك، ياقتۇرماسلىقتا تولغان ئىدى. ۋىنستون بۇنى بۇرۇنقى ئىشلار سەۋەبىدىن بولغىنىنى ياكى گۆشلىشىپ كەتكەن يۈزى ۋە ياكى توختىماي ياش ئېقىۋاتقان كۆزى تۈپەيلىدىن بولغىنىنى بىلەلمىدى. ئۇلار بىر تۆمۈر ئورۇندۇقتا يانمۇ - يان ئولتۇرۇشتى، ئەمما بەك يېقىن ئەمەس ئىدى. ئۇ جۇلىيانىڭ گەپ قىلىشقا تەمشەلگىنىنى كۆردى. جۇلىيا كېلەڭسىز ئايىغىنى ئاستا مىدىرلىتىپ، پەستىكى بىر شاخقا مەقسەتلىك دەسسىدى. ۋىنستونغا ئۇنىڭ پۇتلىرى سەل يوغىناپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— مەن سىزگە ئاسىيلىق قىلدىم، — دېدى جۇلىيا تۇيۇقسىزلا.

— مەنمۇ سىزگە ئاسىيلىق قىلدىم، — دېدى ۋىنستون.

جۇلىيا ئۇنىڭغا ياقتۇرماسلىق نەزىرىدە يەنە شارتتىدە بۇرۇلدى.

— بەزىدە ئۇلار ئادەمگە بەرداشلىق بەرگىلى، ھەتتا ئويلاشقا جۈرئەت قىلغىلىمۇ بولمايدىغان نەرسىلەر بىلەن تەھدىت سالىدىكەن، — دېدى جۇلىيا، — شۇنىڭ بىلەن، ياق! ماڭا ئۇنداق قىلماڭلار! باشقىلارغا قىلىڭلار! ئۇنداق قىلىڭلار - مۇنداق قىلىڭلار! دەيدىكەنمىز. ئۇنداق چاغلاردا يالغاندىن دېدىم، پەقەت ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا شۇنداق دېدىم، دېگەنلىرىم مۇنداقلا دەپ قويغان گەپلەر دەپ ئويلايدىكەنمىز. ئەمما ئۇنداق ئەمەسكەن. ناۋادا راستلا بېشىڭىزغا شۇنداق ئىشلار كەلگەندە، ئۇنى ئېچىڭىزدىن دەيدىكەنسىز، چۈنكى بۇنىڭدىن باشقا قۇتۇلۇش يولى بولمىسا دەپ ئويلايدىكەنسىز، شۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشقا تەييار تۇرىدىكەنسىز. بۇ ئازاب - ئاغرىقلار باشقىلارغا بولسىكەن دەپ ئۈمىت قىلىدىكەنسىز. ئۇلارغا نېمە بولۇشى بىلەن كارىڭىز بولمايدىكەن. پۈتۈن ئەس - يادىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزدىلا بولىدىكەن،

— توغرا، پۈتۈن ئەس - يادىڭىز پەقەت ئۆزىڭىزدىلا بولىدىكەن،

— قوشۇلدى ۋىنستون.

— شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئادەمگە بولغان ھېسسىياتىڭىز ئۆزگىرىدىكەن.

— توغرا، — دېدى ۋىنستون، — ھېسسىياتىڭىز ئۆزگىرىدىكەن.

يەنە دېيىشكۈدەك گەپ قالمىغاندەك قىلاتتى. شامال ئۇلارنىڭ نېپىز فورمىلىرىنى بەدىنىگە چاپلىشۋەتكەنىدى. ئىككىلىسى خۇددى دېيىشىپ قويغاندەكلا، يەنە بۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرىشتىن سەل ئوڭايسىزلىق ھېس قىلىشتى. يەنە كېلىپ ھاۋا بەكلا سوغۇق بولۇپ، جىمجىت ئولتۇرۇۋەرگىلىمۇ بولمايتتى. ئۇ «تراموايغا ئۈلگۈرۈشۈم لازىمتى» دېگەننى باھانە قىلىپ ئورنىدىن تۇردى.

— بىز چوقۇم يەنە كۆرۈشىلى، — دېدى ۋىنستون.

— بولىدۇ، چوقۇم كۆرۈشىلى، — دېدى جۇلىيا.

ۋىنستون يېرىم قەدەملا ئارىلىق تاشلاپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بىردەم ئارىسالدى كەيپىياتتا مېڭىپ باقتى. ئۇلار قايتا پاراڭلاشمىدى. جۇلىيامۇ بالدۇرراق يىراقلىشىش مەقسىتىدە قەدىمىنىمۇ تېزلەتمىدى، ئەمما ۋىنستوننىڭ يېتىشىپ يانمۇ - يان مېڭىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئوخشاش سۈرئەتتە ئىلدام قەدەملەر بىلەن ماڭدى. ۋىنستون ئۇنىڭغا تراموۋاي بېكىتىگىچە ئەگىشىپ ماڭماقچى ئىدى. ئەمما ئۇنىڭغا چىدىغۇسىز سوغۇقتا بۇ ئەھمىيەتسىز بىلىندى. ئۇنىڭ تۇرۇپلا جۇلىيادىن ئايرىلىپ، كاشتان قەھۋەخانىسىغا كەتكۈسى كېلىپ كەتتى، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۇ قەھۋەخانىدىن بەكرەك جەلپكار يەر يوق ئىدى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئاشۇ ئۈستەلنى، گېزىتنى، شاخماتنى يەنە تولدۇرۇپ

قويۇلغان ئارچا ھارىقىنى سىپقىنىش بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئەڭ مۇھىمى ئۇ يەر ئىسسىق ئىدى. ۋىنستون قەدىمىنى ئاستىلاتتى، ئادەملەر توپى ئۇ ئىككەيلەننى ئايرىۋەتتى. ئۇ يەنە قەدەملىرىنى تېزلىتەي دېدىيۇ، ئەمما يەنە ئاستىلاتتى. ئاندىن بۇرۇلۇپ، قارشى يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ تەخمىنەن ئەللىك مېتىرچە مېڭىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ، جۇلىياغا قارىدى. كوچىدا ئادەملەرمۇ سىيلىكىپ قالغانىدى، بىراق ئۇ جۇلىيانى پەرق ئېتەلمىدى. يولدىكى ئالدىراش مېڭىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەر قانداق بىرى جۇلىيا بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بەلكىم، جۇلىيانىڭ تېخىمۇ سەمرىپ، قوپاللىشىپ قالغان بەدىنى كەينىدىن قارىغاندا تونۇغۇسىز بولۇپ قالغاندۇ.

— شۇنداق ئىش يۈز بەرگەندە، گەپ ئېچىڭىزدىن چىقىدىكەن، — دېگەنىدى جۇلىيا. ۋىنستوننىڭ راستىنلا ئىچىدىن چىققانىدى. ئۇ مۇنداقلا دەپ قويمىغانىدى، شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس، جۇلىيانىڭ ھېلىقى نەرسىگە تۇتۇپ بېرىلىشىنى چىن كۆڭلىدىن خالىغانىدى.

ئېكراندىن چىقىۋاتقان مۇزىكا ئۆزگەردى. تولىمۇ قۇلاققا ياقمايدىغان، مەسخىرىلىك بىر ئاگاھلاندۇرۇش مۇزىكىسىدەك بىر نوتا ئاڭلاندى. ئارقىدىنلا بىر ئاۋاز — بەلكىم ھېچقانداق ئاۋاز چىقمىغاندۇ، ئۇ پەقەتلا بىر ئاۋازغا ئايلىنىۋالغان بىر ئەسلىمىدۇ — ناخشا ئېيتىشنى باشلىدى:

*بۈك - باراقسان كاشتان ئاستىدا،*
*مەن سېنى ساتتىم ۋە ساتتىڭ سەن مېنى.*

ئۇنىڭ كۆزى ۋىللىدە ياشقا تولدى. ئۆتۈۋاتقان مۇلازىم ۋىنستوننىڭ ئىستاكىنىنىڭ قۇرۇقدالغىنىنى بىلىپ، بىر بوتۇلكا ئارچا ھارىقى ئېلىپ كەلدى. ۋىنستون ئىستاكاننى پۇراپ باقتى. بۇ ھاراق ئىچكەنسېرى شۇنچە تېتىقسىزلىشىپ كەتتى. ئەمما ئۇ ھازىر ھاراقتا ئۈزىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىلنققىلا ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ھاراق ئۇنىڭ ھاياتى، ماماتى، شۇنداقلا قايتا تىرىلىشى ئىدى. ئۇ ۋىنستوننى ھەركۈنى ئۇيقۇغا ئاپىراتتى، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزەتتى. ئادەتتە ئۇ ئون بىر يېرىمدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرمايتتى، ھەر قېتىم تۇرغاندا كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ، ئېغىزلىرى قۇرۇپ كېتەتتى، ئۇمۇرتقىسى خۇددى سۇنۇپ كەتكەندەك قىمىر قىلالماي قالاتتى، ناۋادا ئاخشىمى بېشىغا قويۇپ قويغان ئارچا ھارىقىدىن بىر ئۇتلۇۋالمىسا، ئورنىدىن تۇرالمايتتى. كۈندۈزلىرى ھاۋاقتى چىرايلا بولۇپ قالاتتى، ئېكرانىنىمۇ قۇللىرىدا بوتۇلكا تۇتۇۋالغان پېتى ئاڭلايتتى. ئۇ ۋاقتىنى سائەت ئون بەشتىن تاكى تاقالغۇچە كاشتان قەھۋەخانىسىدا ئۆتكۈزەتتى. ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى، ھېچقانداق بىر سادا، ئېكراندىن كەلگەن ھېچقانداق بىر ئاۋاز ئۇنى ئاگاھلاندۇرمايتتى. ئاندا - ساندا، ھەپتىدە ئىككى قېتىمچە ئۇ مىنىستىرلىكتىكى توپا - چاڭ بېسىپ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئىشخانىسىدا ئازراق خىزمەت قىلىپ قوياتتى. ئۇ ھازىر «يېڭى تىل» لۇغىتىنىڭ 11 - نەشرىنى تۈزۈشتىكى ئۇششاق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان بىر كومىتېتقا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، بۇ كومىتېت مىنىستىرلىكتىكى مەزكۇر خىزمەتكە مەسئۇل سانسىز ئۇششاق كومىتېتلارنىڭ بىرىگە قاراشلىق، يەنە بىر كومىتېتقا تەۋە بىر كىچىك كومىتېت ئىدى. ئۇلار ۋاقىتلىق خاتىرە دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىزمەتكە مەسئۇل بولۇپ، ۋىنستون تا ھازىرغىچە زادى نېمىنى خاتىرىلەيدىغانلىقىنىمۇ تاپالمىغان ئىدى. ئۇ پەش تىرناقنىڭ ئىچىگە قويۇلامدۇ ياكى سىرتىغىمۇ دېگەندەك مەسىلىلەر ئىدى. بۇ كومىتېتتا يەنە باشقا تۆت ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دەل ۋىنستونغا ئوخشاش ئادەملەر ئىدى. ئۇلار ئادەتتە بىر قانچە كۈن بىللە ئىشلەيتتى، ئاندىن دەرھال تارقىتىۋېتىلەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ يەردە ھېچ ئىشنىڭ قىلىنمىغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشاتتى. ئەمما بەزى كۈنلىرى خىزمىتىگە شۇنچىلىك چۆكۈپ كېتەتتىكى، ئۇزۇن

ۋاقىت سەرپ قىلىشىپ، ئايغىچ چىقماس بىر نىمىلەرنى يېزىشىپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ نىمە توغرىلىق مۇنازىرە قىلىۋاتىمىز دەيدىغان مۇنازىرىسى سوزۇلۇپ، چوڭقۇرلىشىپ، مۇرەككەپلىشىپ ئىمىدىن چەتنەپ، ئۇقۇملارنى مالىمانلاشتۇرۇپ، ئاخىرى يۇقىرىغا ئەرز قىلىمىز دېگەن دەۋا ـ دەستۇرلار بىلەن پەسكويغا چۈشەتتى. ئاندىن كېيىن يېلى چىققان توپتەك سولىشىشىپ، كاماردەك جانسىز كۆزلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراشقىنچە، خوراز چىلىلسا قېچىپ كېتىدىغان جىن ـ ئەرۋاھلاردەك ئولتۇرۇشۇپ كېتەتتى.

ئېكران بىر قانچە مىنۇت تېچلىنىپ قالدى. ۋىنستون بېشىنى يەنە كۆتۈردى. خەۋەر! ئەپسۇس، ئۇلار پەقەت مۇزىكىنى ئالماشتۇرغان ئىدى. كۆزىنى يۇمۇۋېدى، كۆز ئالدىغا ئافرىقىنىڭ خەرىتىسى كەلدى. ھەر قايسى دۆلەت ئارمىيەلىرىنىڭ يۆرۈشلىرى گويا خەرىتىدەك ۋىنستوننىڭ كاللىسىغا سىزىلدى: بىر قارا يا ئوقى تىك يۆنىلىشتە جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى، يەنە بىر ئاق يا ئوقى بولسا قارا ئوقنىڭ قۇيرۇقىدىن كېسىپ ئۆتۈپ يانتۇ يۆنىلىشتە شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئۇ خۇددى يۈرىكىمگە بىر تۆكۈرۈپ قويسۇن دېگەندەك تامدىكى مۇزدەك سۈرلۈك چىرايغا قارىدى. ئىككىنچى يا ئوقنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىمۇ مۇمكىنمىدۇ؟ ئۇ يەنە سولىشىپ كەتتى. ئۇ يەنە ئېغىزىنى تولدۇرۇپ بىر ئوتلام ئوتلىۋەتتى. ئاندىن ئاق ئاتنى ئىككىلىنىپ بىر قەدەم ماڭدى. شاھ! ئۇ ئېنىقلا خاتا ماڭغانىدى. چۈنكى دەل شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ ئېسىدىن بىر خاتىرە لاپپىدە كەچتى. ئۇ شامدا يورۇتۇلغان بىر ئۆينى كۆردى. ئۆيدە يوغان ئاق رەڭلىك بىر كارىۋات بار ئىدى. ئۆيدە توققۇز ـ ئون ياشلار چامىسىدا بىر ئوغۇل بالا پولدا ئولتۇرۇپ، شىشىخال قۇتىسىنى شاراقشىتىپ خۇشاللىقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ كۈلۈۋاتاتتى.

بۇ ۋىنستون يوقاپ كېتىشتىن بىر ئاي بۇرۇنقى ئىش ئىدى. ئىككەيلەننىڭ ئارىسى خېلى ئۆگىشىلىپ قالغان، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ

توختاۋسىز ئاچلىقىمۇ سەل ئۇنتۇلغان، ئانىسىغا بولغان مېھرىمۇ ۋاقىتلىق ئۇيغىنىپ قالغانىدى. ئۇ كۈن ئۇنىڭ ئوبدان ئېسىدە ئىدى. سىرتتا چېلەكلەپ يامغۇر يېغىۋاتاتتى، سۇلار دەرىزىنىڭ رامكىسىنى بويلاپ ئېقىۋاتاتتى. دەرىزىدىن كىرگەن يورۇقلۇق بەكلا ئاجىز بولۇپ، كىتاب ئوقۇغىلى بولمايتتى. ئىككى كىچىك بالا بۇ قاراڭغۇ، تار ھۇجرىدا ئۆلگىدەك زېرىكىپ كەتكەن ئىدى. ۋىنستون يىغلايتتى، بىر نەرسە يەيمەن دەپ قەغىشلىك قىلاتتى، ۋالقىراتتى. ئۆيدىكى نەرسىلەرنى تارتىپ - سۆرەپ چۇۋۇۋاتاتتى، تامدىكى تاختايغا قاتتىق تەپكىنىدىن، قوشنىسىمۇ تامنى بىر قانچە قېتىم ئۇرۇپ، ئىنكاس قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. كىچىكى بولسا پات - پات مىشىلداپ يىغلاپ تۇراتتى. ئاخىرىدا ئانىسى ئۇنىڭغا: «گەپ ئاڭلا بالام، ساڭا بىر ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرەي، چىرايلىق ئويۇنچۇق، چوقۇم ياخشى كۆرۈپ قالىسەن» دەپ، يامغۇردا سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئەتراپتا ئاندا - ساندا ئېچىلىپ قالىدىغان كىچىك بىر دۇكان بار ئىدى. بىردەمدىلا ئۇ بىر كارتون قەغەز قاپنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى، ئىچىدە يىلان - شوتا ئويۇنچۇقى بار ئىدى. (بىر خىل شاھمات تۈرىدىكى ئويۇنچۇق -ت. ) ئۇ ھېلىھەم ئاشۇ كاردون تاختىسىنىڭ نەملىشىپ كەتكەنلىكىدىن چىققان پۇراقنى ئەسلىيەلەيدۇ. بۇ ئويۇنچۇقنىڭ سۈپىتى تولىمۇ ناچار بولۇپ، تاختىسى يېرىلىپ كەتكەن، ئۇششاق ياغاچ ئۇرۇقلىرىمۇ مايماق - سايماقلا ئويۇلغان بولۇپ، كارتون تاختىدا تىكمۇ تۇرالمايتتى. ۋىنستون ئۇ نەرسىگە ئازراقمۇ قىزىقمىدى. بىراق ئانىسى بىر دانە شامنى ياندۇردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پولدا ئولتۇرۇپ بۇنى ئويناشنى باشلىدى. ۋىنستون بىردەمدىلا ئويۇنغا كىرىپ كەتتى، كىچىك سۇلياۋ تەڭگىدەك نەرسە شوتىنىڭ ئۈستىگە ئاران چىقىپ يەنە يىلاننىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كەتكەندە، ئۇ خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ - تۇۋلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سىڭلىسى ياستۇققا يۆلەنگىنىچە قاراپ ئولتۇردى، گەرچە چۈشەنمىسىمۇ، ئۇلار كۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا تەڭ كۈلۈشۈپ خۇش

بوپكەتتى. ئۇلار سەككىز مەيدان ئوينىدى، ۋىنستون تۆت مەيدان ئۇتتى. ئۇلار پۈتۈن بىر چۈشتىن بۇرۇن، ۋىنستوننىڭ تېخىمۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدىكى تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئوينىدى.

ئۇ كاللىسىدىن ئۇ ئەسلىمىلەرنى زورلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۇ ساختا ئەسلىمىلەر ئىدى، ئۇنىڭ كاللىسىغا دائىم مۇشۇنداق ساختا ئەسلىمىلەر كىرىۋالاتتى. بۇلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلسىلا، بۇ چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى راست يۈز بەرگەن، بەزىلىرى يۈز بەرمىگەن ئىشلار ئىدى. ئۇ يەنە شاھماتقا قاراپ، ئاق ئاتنى قايتا قولىغا ئالدى. دەل شۇ ئەسنادا، ئۇرۇق ئۇنىڭ قولىدىن تاختىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ خۇددى يىڭنە سانچىلغاندەك چۆچۈپ كەتتى.

ئەسلىدە بىر چىرقىراق كاناي ئاۋازى لوندون ئاسمىنىنى كېسىپ ئۆتكەنىدى. خەۋەر! غەلىبە قىپتۇ! ھەر دائىم غەلىبە خەۋىرىدىن بۇرۇن، مۇشۇنداق كاناي چېلىناتتى. قەھۋەخانىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى گويا توك سوقۇۋەتكەندەك داڭقېتىپلا قالدى، ھەتتا مۇلازىممۇ چۆچۈپ، قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپ كەتكەنىدى.

كاناي ئاۋازىدىن كېيىن، بىردەمگىچە ئۈنلۈك شاۋقۇن ئاڭلاندى، ئاندىن كېيىن ئېكراندىن بىر ئاۋازنىڭ ھاياجاندا بىر نېمىلەرنى ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋازنى سىرتتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياجان، تەنتەنىلىرى بېسىۋالغان ئىدى. خەۋەر كوچىلاردا چاقماقتەك تارقىلاتتى. ئەمما ئۇ ئېكراندىن نېمە ئىش بولغىنىنى چۈشەندى. دەل ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ئىش يۈز بەرگەنىدى. غايەت زور دېڭىز ئارمىيەسى مەخپىي توپلىنىپ، دۈشمەننىڭ ئارقا سېپىگە تۇيۇقسىز ئېگىش قىلغانىدى. ئاق يا ئوقى قارا يا ئوقىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ ئۆتكەنىدى. غەلىبە سادالىرى تەرەپ - تەرەپتىن قۇلاققا كىرىشكە باشلىدى: «قالتىس ستراتېگىيە! — مۇكەممەل ماسلاشتۇردى - ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلدى — بەشيۈزمىڭغا يېقىن ئەسىر قولغا چۈشتى — دۈشمەن جەڭگىۋارلىقى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇلدى — ئۇرۇشنى ئاخىرقى باسقۇچىغا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ كىردى ــ ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ زور غەلىبە! غەلىبە! غەلىبە!»

ۋىنستوننىڭ ئۇستەل ئاستىدىكى پۇتى خۇددى پىيى تارتىشىپ قالغاندەك مىدىرلاۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتمىدى. ئەمما ئۇ ئېڭىدا يۈگرەۋاتاتتى، ناھايىتى تېز يۈگرەۋاتاتتى، ئۇ سىرتتىكى كىشىلەر توپىدا، ھاياجاندىن تووۋلىشىپ قۇلاقلار پاڭ بولۇپ كېتەي دېگەندى. ئۇ غوجاكىنىڭ پورترېتىغا يەنە بىر قارىدى. ئۇ دۇنيانى قولىغا ئالغان بىر گىگانت ئىدى! ئاسىيا چۇپرەندىلىرىنى توسۇپ تۇرغان قىيا تاش ئىدى! ئۇ ئون مىنۇتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئويمايلا قالدى. راست، ئاران ئون مىنۇت ئۆتكەندى. ئۇ تېخىچە بۇ غەلىبە خەۋىرىمىدۇ يا مەغلۇبىيەت خەۋىرىمىدۇ، دەپ ئويلاۋاتاتتى. يوقىتىلغىنى يالغۇز بىر ياۋروئاسىيا ئارمىيەسىلا ئەمەس ئىدى. شەپقەت مىنىستىرلىكىگە ئېلىپ كىرىلگەندىن بۇيان، ئۇنىڭدا جىق ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئەمما ئەڭ ئاخىرقى، ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىش تا مۇشۇ دەقىقىگىچە يۈز بەرمىگەن ئىدى.

ئېكراندىن قىرغىن قىلىش، ئەسىرگە ئېلىش دېگەندەك خەۋەرلەر قۇمدەك تۆكۈلۈپ تۇراتتى، سىرتتىكى تەنتەنە سادالىرىمۇ سەل پەسكويغا چۈشكەن، مۇلازىملەرمۇ ئىشىغا قايتقان ئىدى. ۋىنستون تولىمۇ گۈزەل بىر چۈش ئىچىدە، ئىستاكىنىنىڭ تولدۇرۇلغىنىنىمۇ تۇيمىدى. ئۇ چىقىپ ئەڭ تەنتەنە قىلىپ، يۈگرەپ يۈرمىدى. ئۇ يەنە شەپقەت مىنىستىرلىكىگە قايتقان، ھەممە گۇناھى كەچۈرۈلگەن، روھى قاردەك ئاپئاق ھالەتكە كەلگەنىدى. ئۇ ئۇچۇق سوت سەھنىسىدە ئىدى، ھەممىنى ئىقرار قىلىۋاتاتتى، ھەممىنى تاپشۇرۇۋاتاتتى، ھەممەيلەننى پاش قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئاپپاق بىر كارىدوردا، خۇددى يوپيورۇق قۇياش نۇرى ئاستىدىكىدەك بىر تۇيغۇ بىلەن مېڭىۋاتاتتى. كەينىدە بىر قوراللىق قاراۋۇل بار ئىدى. ئۇ ئۇزۇن زارىقىپ كۈتكەن ئوق ئۇنىڭ بېشىنى تېشىپ كىرىۋاتاتتى.

ۋىنستون تامدىكى زور يۈزگە قارىدى. ئۇنىڭغا ئاۋۇ قارا بۇرۇت ئاستىدىكى تەبەسسۇمنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە قىرىق يىل ۋاقىت كەتكەنىدى. نېمىدىگەن زۆرۈرىيەتسىز، ئەخمىقانە خاتا چۈشىنىش - ھە! ئۇ نېمىدىگەن نادان! نېمىدىگەن جاھىل! ئاشۇ مۇھەببەتكە تولغان قۇچاقتىن نېمىشقىمۇ قېچىپ يۈرگەندۇ بۇ كەمگىچە؟ ھاراق پۇرايدىغان ئىككى تامچە ياش ۋىنستوننىڭ بۇرنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن دومىلاپ چۈشتى. ئەمما بۇمۇ بولدى، ھەممە ياخشى بوپكەتتى، ئۇنىڭدىكى ئىچكى كۈرەش ئاخىرى ئاخىرلاشتى. ئۇ ئاخىرى ئۆزىنى يەڭدى. ئۇ ئاخىرى غوجاكىنى ياخشى كۆرگەن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# قوشۇمچە

## يېڭى تىلنىڭ پىرىنسىپلىرى

يېڭى تىل ئوكيانىيەنىڭ ھۆكۈمەت تىلى ئىدى. ئۇ ئىنسوكنىڭ — يەنى ئىنگلىز سوتسىيالىزمى — ئىدىئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن ئىدى. 1984 - يىلىمۇ يېڭى تىلنى مەيلى يېزىق ياكى نۇتۇقتا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ئالاقە ۋاستىسى قىلىپ قوللىنىدىغانلار تېخى يوق دېيەرلىك ئىدى. تايمىس گېزىتىدىكى باش ماقالىلەر شۇنىڭدا يېزىلاتتى. ئەمما بۇنى پەقەت مەخسۇس مۇتەخەسسىسلەرلا يازالايتتى. يېڭى تىل تەخمىنەن 2050 - يىللاردا، كونا تىل (ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلى) دىن ئېشىپ چۈشىدۇ دەپ مۆلچەرلىنىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ مۇقىم ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە ئىدى. پارتىيە ئەزالىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك نۇتۇق، گەپ - سۆزلىرىدە يېڭى تىلنىڭ سۆزلۈك ۋە گراماتىكىلىق قۇرۇلمىلىرىنى بارغانسېرى كۆپ قوللىنىۋاتاتتى. 1984 - يىلى قوللىنىلىۋاتقان ۋە يېڭى تىل لۇغىتىنىڭ توققۇزىنچى ۋە ئونىنچى نەشرلىرىدە گەۋدىلەنگەن يېڭى تىل پەقەتلا بىر ۋاقىتلىق نۇسخا بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە نۇرغۇن ۋاقتى ئۆتكەن سۆزلەر ۋە كونا لېكسىكىلىق ئاملىلار مەۋجۇت بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى نەشرلىرىدە قالدۇرۇلاتتى. بىز تۆۋەندە يېڭى تىل لۇغىتىنىڭ 11 -

نەشرىدە ئىپادىلەنگىنىدەك، ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، مۇكەممەل نۇسخىسى توغرىلىق مۇھاكىمە يۈرگۈزىمىز.

يېڭى تىلنىڭ ئاخىرقى مەقسىتى ئىنسوكنىڭ مۇخلىسلىرىغا ئۇلارنىڭ ئۆز دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلىشىگە ۋە زېھنىي ئادىتىگە باپ كېلىدىغان بىر ئالاقە ۋاستىسى تەمىنلەپ بېرىشلا بولماستىن، ئەڭ مۇھىمى باشقا بارلىق تەپەككۇر فورمىلىرىنى قوللىنالماس قىلىۋېتىشتۇر. مەقسەت شۇكى، يېڭى تىل كەڭ دائىرىدە قوللىنىلغاندىن كېيىن، كونا تىلنى ئۇنتۇش ۋە ئىنسوكنىڭ پىرىنسىپىغا خىلاپ يات ئىدىيەلەرنى تىل ئىمكانىيىتى نۇقتىسىدىن — چۈنكى بۇمۇ تىلدىكى سۆز - جۈملىلەرگە تايىنىدىغان بولغاچقا — ئويلىيالماس قىلىۋېتىشتۇر. ئۇنىڭ سۆزلۈكلىرىنىڭ مۇشۇنداق ياسىلىشىدىكى مەقسەتمۇ، پارتىيە ئەزالىرى ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەر قانداق مەنانى ئىنتايىن دەل، نازۇك ئىپادىلەپ، ئىككىنچى بىر ياپتا، كۆچمە، مەجازىي مەنالارنىڭمۇ ئىپادىلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتىنى يوق قىلىشتۇر. بۇنىڭ ئاز بىر قىسمى يېڭى تىلنى ياساش، ئىجات قىلىش بىلەن ئىشقا ئاشسا، كۆپ قىسمى نامۇۋاپىق دەپ قارالغان سۆزلەرنى يوق قىلىش ۋە قالغان سۆزلەرنىڭ نامۇۋاپىق مەنىلىرىنى ۋە كەڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا بارلىق ئىككىلەمچى مەنىلىرىنى قىسقارتىۋېتىش بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. مەسىلەن: Free «ئەركىن، خالىي» دېگەن سۆز يېڭى تىلدىمۇ مەۋجۇت، ئەمما ئۇ پەقەت مۇنداق مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىدۇ: This dog is free from lice — بۇ ئىت پارازىتتىن خالىي ياكى بۇ ئىتنىڭ بەدىنىدە پارازىت قۇرت يوق. This field is free from weeds — بۇ ئېتىز ئوت - چۆپتىن خالىي. دېمەك بۇ يەردە free دېگەن سۆز كونا تىلدىكىدەك (سىياسىي ئەركىنلىك، پىكرىي ئەركىنلىك) دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلمەيدۇ، چۈنكى ھازىر ئەركىنلىك ئۇقۇم سۈپىتىدىمۇ مەۋجۇت ئەمەس، شۇڭا بۇنىڭغا ئىسىم قويۇشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ قارىلىدۇ. مەنىسى ئوچۇق ئەكسىيەتچىل سۆزلەرنى يوقىتىشتىن باشقا،

سۆزلۈكلەرنى ئازايتىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاخىرقى نىشاندۇر. قالدۇرۇۋەتكىلى بولىدىغانلىكى سۆزلەر ئامان قالمايدۇ. يېڭى تىل تەپەككۇر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، دەل ئەكسىچە يوق قىلىش، تارايتىش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. سۆزلۈكلەرنى قىسقارتىش، مەنىسىنى قالدۇرۇش، تارايتىش قاتارلىقلار مەزكۇر مەقسەتكە يېتىدىغان ئۇسۇللاردۇر.

يېڭى تىل ئىنگلىز تىلى ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇنداق تۇرۇقلۇق، يېڭى تىلنىڭ نۇرغۇن جۈملىلىرىنى — گەرچە يېڭىدىن ياسالغان سۆزلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىسىمۇ — هازىرقى ئىنگلىز تىلىدا سۆزلەيدىغانلار ئاساسەن چۈشىنەلمەيدۇ. يېڭى تىلدىكى سۆزلۈكلەر A, B, C لاردىن ئىبارەت ئۈچ قاتلامغا بۆلۈنگەن. هەر بىر قاتلام هەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىش تېخىمۇ چۈشىنىشلىكرەك بولىدۇ، ئەمما گرامماتىلىق ئالاهىدىلىكلىرىنى پەقەت A قاتلىمىدىلا سۆزلەپ ئۆتىمىز، چۈنكى بۇ ئالاهىدىلىكلەر باشقا قاتلاملارغىمۇ ئورتاق.

## A قاتلام سۆزلۈكلىرى

بۇ قاتلامدىكى سۆزلەر كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئالاقىدار يېيىش، ئىچىش، خىزمەت قىلىش، كىيىم كىيىش، يول مېڭىش، چىملارنى قىرقىش، تاماق ئېتىش، ۋېلسىپىت مىنىش ... قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئۇرماق، يۈگرەش، ئىت، دەرەخ، شېكەر، ئۆي، ئېتىز دېگەندەك سۆزلەردىن تەركىب تاپقان، ئەمما هازىرقى ئىنگلىز تىلى سۆزلۈكلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ سۆزلەرنىڭ سانى زور دەرىجىدە ئازلىغان ۋە مەنىلىرىمۇ تارىيىپ، تۇراقلىشىپ كەتكەن. بارلىق مەجازى، كۆچمە، ياپتا مەنىلىرى بۇ سۆزلۈكلەردىن سۈيۈپ تاشلانغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ قاتلامدىكى سۆزلەر پەقەت بىرلا ئوچۇق مەنە ئىپادىلەيدىغان يەككە تاۋۇشتىنلا ئىبارەت. بۇ قاتلامدىكى سۆزلەرنى يېزىقچىلىقتا، ياكى پەلسەپىۋى، سىياسىي مۇلاھىزىلەردە قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس. بۇلار پەقەت كونكرېت

شەيئى، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ناھايىتى ئاددىي مەنىلەرنىلا ئىپادىلەيدۇ.

يېڭى تىل گرامماتىكىسىنىڭ گەۋدىلىك ئىككى ئالاھىدىلىكى بار: بىرى، جۈملىنىڭ ئوخشىمىغان بۆلەكلىرىنى پۈتۈنلەي ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. يەنى، تىلدىكى ھەرقانداق سۆزنى (بۇ ھەتتا ئەگەر، قاچان دېگەندەك سۆزلەرگىمۇ ماس كېلىۋېرىدۇ) پېئىل، ئىسىم، سۈپەت، ھەتتا رەۋىش قىلىپ ئىشلىتىۋەرگىلى بولىدۇ. پېئىل بىلەن ئىسىم ئوخشاش يىلتىزدىنلا بولسا، ئۇلارنىڭ شەكلى ئوخشاش بولىدۇ، باشقىچە ۋارىيانتى بولمايدۇ. مۇشۇ قائىدىنىڭ ئۆزىلا تىلنىڭ نۇرغۇن قەدىمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقىتىدۇ. مەسىلەن، «ئىدىيە» دېگەن سۆز يېڭى تىلدە يوق، ئۇنىڭ ئورنىغا« ئويلاش» دېگەن سۆز دەسسىتىلگەن، بۇ ھەم پېئىل ھەم ئىسىم قىلىپ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا ھېچقانداق بىر ئېتىمولوگىيەلىك پرىنسىپ ئاساس قىلىنمايدۇ. بەزى ئەھۋاللاردا ئەسلىدىكى ئىسىم شەكلىلا ساقلاپ قېلىنىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا بولسا پېئىل شەكلى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئەگەر مەنىسى يېقىن كېلىدىغان ئىسىم ياكى پېئىللار ئېتىمولوگىيىلىك باغلىنىشقا ئىگە بولمىسا، ئۇ ھالدا ئىككىسىنىڭ بىرى قالدۇرۇلىدۇ. مەسىلەن: «كېسىش» دەيدىغان بىر سۆزنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ھەم ئىسىم ھەم پېئىل بولغان «پىچاق» دېگەن سۆز ئۇ مەنىنى يېتەرلىك ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. سۈپەتلەر ful دېگەندەك تىركەلمىلەرنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ، رەۋىشلەر بولسا ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا wise نى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: speedful (سۈرئەتلىك) تېز (rapid) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. Speedwise بولسا تېزلىكتە (quickly) دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىز ھازىر ئىشلىتىۋاتقان بەزى سۈپەتلەر، مەسىلەن: ياخشى، كۈچلۈك، قارا، يۇمشاق، دېگەنلەر ساقلاپ قېلىنغان، ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز ھەم بۇ سۆزلەرگىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك ئېھتىياج يوق، چۈنكى دېگۈدەك بارلىق سۈپەت مەنىسىدىكى سۆزلەرنى ئىسىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاخىرىسىغا ful نى قوشۇش بىلەن ياسىغىلى بولىدۇ. ئاخىرىسىغا wise ئۇلانغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى سۆزلەردىن باشقا ھازىر مەۋجۇت بولغان رەۋىشلەرنىڭ ھېچقايسىسى ساقلاپ قېلىنمايدۇ. بارلىق رەۋىشلەرنىڭ ئاخىرىسىغا wise ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: well دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا goodwise دەسسىتىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق سۆزگە (بۇ قائىدىمۇ تىلدىكى بارلىق سۆزلەرگە ئورتاق) سۆز ياسىغۇچى ئالدى قوشۇمچە un نى قوشۇش بىلەن بولۇشسىز سۆز ياسىلىدۇ ياكى تېخىمۇ كۈچەيتىش زۆرۈر بولسا plus ياكى doubleplus قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: uncold (سوغۇق ئەمەس) warm (ئىللىق) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر pluscold ياكى doublepluscold دەپ كەلسە، ئۇ بەك سوغۇق ۋە ئىنتايىن سوغۇق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ئىنگلىز تىلىدىكىگە ئوخشاش، ھەر قانداق بىر سۆزنىڭ مەنىسىنى، ante, dowm, up, post دېگەن قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللار ئارقىلىق سۆزلۈك ئامبىرىنى زور دەرىجىدە ئازايتقىلى بولىدۇ. مەسىلەن: good ياخشى — دېگەن سۆز بولغاچقا، bad (يامان) دېگەن سۆزگە ئېھتىياج قالمايدۇ، چۈنكى ungood (ياخشى ئەمەس) ئۇ مەنىنى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سۆزلەرنى ئىشلەتكەندە، قايسى مەنىسىنى تەكىتلەشنى تاللاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: dark (قاراڭغۇ) دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا unlight (يورۇق ئەمەس)نى، ياكى light (يورۇق) نىڭ ئورنىغا undark (قاراڭغۇ ئەمەس) نى دەسسىتكىلى بولىدۇ.

يېڭى تىل گراماتىكىسىنىڭ ئىككىنچى گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولسا ئۇنىڭ قائىدىچانلىقىدۇر. تۆۋەندە تىلغا ئېلىنىدىغان بىر قانچە ئايرىملىقتىن باشقا بارلىق لېكسىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئورتاق بىر قائىدىگە بويسۇنىدۇ. يەنى بارلىق پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان ئارتىكىلى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا ed نى قوشۇپلا

ياسىلىدۇ. مەسىلەن: steal نىڭ ئۆتكەن زامان ئارتىكىلى stealed ، think نىڭ بولسا thinked بولىدۇ. Swam, gave, brought spoke, taken ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر يوقىتىلىدۇ. بارلىق كۆپلۈكلەر پەقەت s, es نى قوشۇپلا ياسىلىدۇ. Man, ox, life قاتارلىقلارنىڭ كۆپلۈكى mans, oxes, lifes بولىدۇ. سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىلىرى پەقەت er, est نى قوشۇش بىلەنلا ياسىلىدۇ (good, gooder, goodest) باشقا بارلىق قائىدىگە چۈشمەيدىغان دەرىجە شەكىللىرى يوق قىلىنىدۇ.

قائىدىسىز ھالدا تۈرلىنەلەيدىغان، ئۆزگىرەلەيدىغان سۆز تۈركۈملىرى ئالماشلار، باغلىغۇچىلار، كۆرسىتىش سۈپەتلىرى ۋە ياردەمچى پېئىل قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئەسلىي شەكلىنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى ساقلاپ قالغان. Whom ئارتۇقچە سۆز قاتارىدا بىتەرەپ قىلىۋېتىلدى، ئۇنىڭدىن باشقا، shall, should قاتارلىق سۆزلەرنىڭ زامان مەنىسى چىقىرىۋېتىلدى ۋە will, would ئۇلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. يەنە سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىدا، نۇتۇقنىڭ ئوڭاي، تېز بولۇش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان بەزىبىر قائىدىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەھۋاللار بار. تەلەپپۇز قىلىش ياكى ئاڭلاپ پەرقلەندۈرۈش قىيىنراق سۆزلەر بولسا، دەل مۇشۇنى باھانە قىلىپلا، سەلبىي سۆزلەر دەپ قارالغان. شۇنداقتىمۇ بەزىدە يېقىشلىق ئاڭلىنىشنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆزلۈكلەر ۋە بەزى كونا سۆز ياساش قۇرۇلمىلىرىغا كىرىپ قالغان ئارتۇقچە ھەرپلەر ساقلاپ قېلىنغان. ئەمما بۇ ئېھتىياج B قاتلىمىدىكى سۆزلەردە بەكرەك گەۋدىلىك. تەلەپپۇزنى قولايلاشتۇرۇشقا نىمە ئۈچۈن بۇنچە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكى بۇ ماقالىنىڭ ئاخىرىدا ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ.

## B قاتلام سۆزلۈكلىرى

بۇ قاتلام سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن ياساپ چىقىلغان سۆزلەردىن تەركىب تاپىدۇ. يەنى، بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ ھەممىسىدە بىر سىياسىي

ئىشارە بولۇشتىن باشقا، مۇشۇ سۆزلەرنى قوللىنىدىغان ئادەملەردە تەلەپكە لايىق بىر ئىدىيىۋىي پوزىتسىيەنى پەيدا قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئىنسوكنىڭ پىرىنسىپلىرىنى تولۇق چۈشەنمەي تۇرۇپ بۇ سۆزلۈكلەرنى توغرا ئىشلىتىش قىيىن. بەزى ھاللاردا بۇلار كونا تىل، ھەتتا A قاتلامدىكى سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا بۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى، خېلى ئۇزۇن جۈملىلەر بىلەن شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ ۋە بۇنداقتا سۆزلۈكلەردىكى ياپتا مەنە يوقاپ كېتىپ قالىدۇ. بۇ قاتلامدىكى سۆزلۈكلەر ئېغىزچە قىسقارتىلمىلار بولۇپ، ئادەتتە بىر كەڭ مەنىنى ئىپادىلەيدىغان ئىدىيىلەرنى، بىر قانچە بوغۇمغىلا مەركەزلەشتۈرۈپ ياسىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەنىسى تېخىمۇ توغرا ۋە كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ قاتلامدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىرىكمە سۆزدۇر.

بۇ سۆزلەر ئادەتتە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزلۈكتىن ياكى سۆز بۆلەكلىرىدىن تەلەپپۇزغا قولايلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ. بۇنداق ئۇسۇلدا ياسالغان ياسالما سۆزلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسىمداش بولۇپ، ئادەتتىكى تۈرلىنىش قائىدىسىگە رىئايە قىلىدۇ. بىرلا مىسال ئالساق، goodthink ئادەتتە orthodoxy ئورتودوكس دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ناۋادا بىراۋ ئۇنى پېئىل مەنىسىدە قوللانسا «ئورتودوكسال تەرزدە ئويلىنىش» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ سۆزنىڭ تۈرلىنىشى تۆۋەندىكىچە: ئىسىمداش بولغاندا - goodthink، ئۆتكەن زامان شەكلى ۋە ئۆتكەن زامان ئارتىكىلى: goodthinked، ھازىرقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئارتىكىلى: goodthingking، سۈپەت شەكلى: goodthinkful، رەۋىش شەكلى: goodthinkwise، ھەرىكەتنام بولسا goodthinker بولىدۇ.

بۇ سۆزلۈكلەر ھەرگىزمۇ ئېتمولوگىيىلىك ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ. بۇ سۆزلەرنى تەشكىل قىلىدىغان تەركىبلەر، مەلۇم بىر نۇتۇق، گەپ - سۆزنىڭ خالىغان بىر بۆلىكى بولۇپ كېلەلەيدۇ، جۈملىدە

خالىغـان تەرتىپتـە كېلەلەيـدۇ، شـۇنداقلا تەلەپپۇزغـا قـولاي شـەكىلدە ئۆزگەرتىلـدۇ، شـۇنىڭ بىلـەن بىـر ۋاقىتتـا يەنـە سـۆزلەرنىڭ كېلىـش مەنبەسىنى كۆرسـىتىپ بېرەلەيدۇ. مەسـىلەن crimethink ـ thoghtcrime (جىنايەتنى ئويلاش، ئىدىيە جىنايىتى) دېگـەن سـۆزدە think سـۆزنىڭ كەينىـدە كەلگـەن، thinkpol يەنـى thought polic دېگـەن سـۆزدە بولسا بېشىدا كەلگەن، ئىككىنچى سۆز police ئۆزىنىڭ بىر بوغۇمىنى يوقاتقان. مەزكۇر قائىدىكى سۆزلەردە، يېقىشلىق ئاڭلىنىش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، شـەكلى قائىدىگـە چۈشـمەيدىغان سـۆزلۈكلەر A تۈرىدىكـى سـۆزلەرگە قارىغانـدا كۆپـرەك. مەسـىلەن Minitrue, minipax, miniluv قاتارلىق سـۆزلەر ئايرىـم ـ ئايرىـم ھالـدا minitruthful, minipeaceful, minilovely قاتارلىـق سـۆزلەرنىڭ سـۈپەت شـەكلىدۇر. بۇنىـڭ سـەۋەبى دەل trueful, paxful, loveful قاتارلىقلارنـى تەلەپپـۇز قىلىشـتىكى كىچىككىنـە قولايسـىزلىقتۇر. پىرىنسـىپ جەھەتتىـن، B قائىلىمىدىكـى بارلىـق سـۆزلۈكلەرنىڭ ھەممىسى تۈرلىنەلەيـدۇ، يەنـە كېلىـپ ئوخشـاش ئۇسـۇلدا تۈرلىنەلەيـدۇ.

بۇ تۈردىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسى، يۇقىرى يۇكسەك ئىنچىكلەشتۈرۈلگەن بولـۇپ، بـۇ تىلنـى پۇتـۇن ئىگەللىمىگـەن ئـادەم ئوبـدان چۈشـىنەلمەيدۇ. مەسـىلەن، تايمىـس گېزىتىدىكـى باشـماقالىنىڭ نامـى Oldthinkers unbellyfeel ingsoc نـى ئالايلـى، ئەگـەر بۇنـى كونـا تىلـدا ئـەڭ قىسـقا يوسـۇندا شەرھىلىسـەك مۇنـداق بولىـدۇ: «ئىنقىلابتىـن بـۇرۇن ئىدىيىسـى يېتىلىـپ بولغانـلار، ئىنگلىـز سوتسـىيالىزمىنىڭ پىرىنسـىپلىرىنى ئـۆز تۇيغۇسـىغا ئايلانـدۇرۇپ چۈشـىنەلمەيدۇ.» شـۇنداقتىمۇ، بـۇ تەرجىمىنـى يەنىلا مۇكەممـەل دېيىلـى بولمايـدۇ.

. يۇقىرىـدا نەقىـل ئېلىنغـان جۈملىنـى ئوبـدان چۈشـىنىش ئۈچـۈن، چوقـۇم ئىنگلىـز سوتسـىيالىزمى ـــINGSOC نـىڭ نېمىدىـن دېـرەك بېرىدىغانلىقىنى تولـۇق چۈشـىنىش كېـرەك، ئۇنىڭدىـن باشـقا ئىنسوكنى ھەقىقىـي چۈشـەنگەن، شـۇ مۇھىتقـا راۋۇرۇس چۆكەلىگـەن كىشـىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

Bellyfeel نى چۈشىنەلەيدۇ، بۇ سۆز بولسا تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرغىلى بولمايدىغان، قارىغۇلارچە، ئۆتتەك قىزغىنلىق بىلەن قوبۇل قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. Oldthink (كونا ئىدىيە، كونا تەپەككۇر) بولسا، رەزىللىك، چۈشكۈنلۈك مەنىلىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەن. Oldthink قا ئوخشاش بەزى يېڭى تىل سۆزلۈكلىرىنىڭ ئالاھىدە فۇنكسىيىسى مەنە ئىپادىلەش ئەمەس، بەلكى مەنىلەرنى يوقىتىشتۇر. بۇ سۆزلەر ـــ ئادەتتە بۇنداق سۆزلەرنىڭ سانى ئاز بولۇشى كېرەك بولىدۇ ـــ نىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، تەركىبىگە نۇرغۇن سۆزلۈكلەرنى ئالىدۇ ھەمدە بۇ سۆزلەر بىرىكىپ، مەنىسى تولىمۇ كەڭرى بىر يەككە ئاتالغۇغا ئايلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇنىڭ ئىچىدىكى يەككە سۆزلەرنىڭ مەنىسى يوق قىلىنىدۇ ۋە ئۇنتۇلىدۇ. يېڭى تىل لۇغىتىنى تۈزگۈچىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىقى يېڭى تىلنى ئىجات قىلىش ئەمەس، بەلكى ئىجات قىلىنىپ بولغان سۆزلەرنىڭ مەنە دائىرىسىنى بېكىتىش ۋە بۇ يېڭى تىلنىڭ مەۋجۇتلۇقى سەۋەبىدىن يوق قىلىنىدىغان باشقا سۆزلەرنى بېكىتىپ چىقىشتۇر.

مىسالغا ئېلىنغان free دېگەن سۆزدە كۆرگىنىمىزدەك، ئەسلىدىنلا ئەكسىيەتچىل مەنىگە ئىگە سۆزلەر، بەزىدە قولايلىق بولۇشى كۆزلەپ ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ تەلەپكە لايىق بولمىغان مەنىلىرى سۈيۈپ تاشلىنىدۇ. شان ـ شەرەپ، ئادالەت، ئەخلاق، ئىنتېرناتسىئونالىزم، دېموكراتىيە، ئىلىم ـ پەن، دىن قاتارلىق سان ـ ساناقسىز سۆزلەر ھازىر مەۋجۇتلۇقىنى قالدۇرۇلدى. بۇلار بىر قانچە كەڭ مەنىلىك سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەندى، ئەمما بۇ سۆزلەرنىڭ يەككە، مۇستەقىل مەنىلىرى كەڭ مەنىلىك، ئابستراكىت ئاتالغۇلارنىڭ ئاستىغا ئەكىرىش ئارقىلىق يوقىتىلدى. ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى مەركەز قىلغان نۇرغۇن ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان يەككە سۆزلەر crimethink (جىنايەت تەپەككۇرى) نىڭ مەنە دائىرىسى ئىچىگە ئېلىندى. ئوبيېكتىپلىق، ئەقىلچىلىكنى چۆرىدەيدىغان سۆزلەر بولسا oldthink (كونا تەپەككۇر)

نىڭ مەنە دائىرىسىگە ئەكىرىلىدى. مەنەدە تېخىمۇ ئىنچىكىلىك ئىزدەش خەتەرلىك ئىدى. بىر پارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك دۇنيا قاراش، قەدىمكى يەھۇدىلارنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇلار باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيتتى، پەقەتلا ئۆز مىللىتىدىن باشقىلارنىڭ ئېتىقاد قىلىۋاتقىنىنىڭ «يالغان ئىلاھلار» ئىكەنلىكىنىلا بىلەتتى. ئۇلارنىڭ بائال، ئوسىرىس، مولوك، ئاشتوراس قاتارلىق ئىلاھلارنىڭ ئىسمىنى بىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. بەلكىم ئۇلار بۇ ھەقتە قانچە ئاز بىلسە، تۇتقان يولى تېخىمۇ توغرىدەك بىلىنەتتى. ئۇلار يەھۋانى ۋە ئۇنىڭ ئەمرلىرىنى بىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، باشقا نامدىكى بارلىق ئىلاھلار ساختا ئىلاھ ھېسابلىناتتى. خۇددى شۇنىڭدەك، بىر پارتىيە ئەزاسى نېمىنىڭ توغرا ئىش - ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما نېمىلەرنىڭ خاتا ئىش -ھەرىكەتلەر ئىكەنلىكىنى تولىمۇ غۇۋا بىلەتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى پەقەت يېڭى تىلدىكى مۇنۇ ئىككى سۆز بىلەنلا قېلىپلاشتۇرۇلغانىدى: sexcrime (جىنسىي جىنايەت) ۋە goodsex (پاكلىق - ئىپپەت). Sexcrime بۇزۇقچىلىق، زىناخورلۇق، ھەمجىنسلىق، بۇلاردىن باشقا ئۆزىنىڭ لەززىتى ئۈچۈن قىلىنغان جىنسىي مۇناسىۋەت ۋە باشقا نورمال بولمىغان بارلىق جىنسىي خاتا قىلمىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئۆلۈم جازاسىغا ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ئۇلارغا ئايرىم نام قويۇش ۋە ئايرىم ئاتاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. C قاتلىمىدىكى سۆزلەر ئىلىم - پەن، تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولغاچقا، بەزىدە بۇلارنى مەلۇم نامدا ئاتاش زۆرۈر بولاتتى، ئەمما نورمال پۇقرالارغا نىسبەتەن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار پەقەت goodsex نىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى، يەنى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ بالا تېپىش ئۈچۈنلا ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى، ئايالدا ھېچقانداق ھۇزۇر بولماسلىقى كېرەكلىكىنى، بۇلاردىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنىڭ جىنسىي جىنايەت

ـــ sexcrime ھېسابلىنىدىغانلىقىنى بىلسىلا بولاتتى. ئادەتتە يېڭى تىلدا مەلۇم ئەكسىيەتچى ئىدىيە ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈلسە پىكىر ئۇنىڭ پەقەت ئەكسىيەتچىل ئىكەنلىكىدىلا توختاپ قالاتتى، داۋاملىق پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن بولمايتتى، بۇ چەكتىن ھالقىپ كەتكەن سۆزلەر مەۋجۇت بولمايتتى.

بۇ قاتلامدىكى سۆزلۈكلەردە ئىدېئولوگىيىلىك نۇقتىدىن قارىغاندا، بىرمۇ نېيترال سۆز يوق دېيىشكە بولىدۇ، بۇنىڭدىكى نۇرغۇن سۆزلەر يېقىشلىق ئاڭلىنىش پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ ياسالغان. مەسىلەن: Joycamp (خۇشاللىق لاگىرى) دەل ئەكسىچە، مەجبۇرىي ئەمگەك لاگىرى (forced - labour camp) مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ. Minipax - ministry of peace بولسا ئۇرۇش مىنىستىرلىكىنىڭ (ministry of war) نامىدۇر. يەنى سۆز ئىپادىلىگەن مەنىنىڭ دەل ئەكسى ئىجرا قىلىنىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئوكيانىيە جەمئىيىتىنى ئوچۇق مەسخىرە قىلىش، مەنسىتمەسلىك بىلەن خاراكتېرلەنگەن، مەسىلەن : prolefeed (پرولىتارلار يېمىكى) بولسا، پارتىيەنىڭ ئاۋام ئۈچۈن تەمىنلەيدىغان ئىنتايىن سۈپەتسىز، ئەخلەت كۆڭۈل ئېچىش پروگراممىلىرى ۋە يالغان خەۋەرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بەزى قوش بىسلىق سۆزلەر بولۇپ، پارتىيەگە ئىشلىتىلسە ئىجابىي مەنىدە، دۈشمەنلەرگە ئىشلەتسە سەلبىي مەنىدە كېلىدۇ. يەنە نۇرغۇن سۆزلەر بىر قاراشتىلا قىسقارتىلما سۆزلەردەك كۆرۈنىدۇ، بۇ سۆزلەرنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك تۈسى ئۇلارنىڭ مەنىسىدىن ئەمەس، بەلكى شەكلىدىن كەلگەن.

مۇمكىنىلا بولسا، ھەرقانداق بىر سىياسىي مەنىگە ئىگە سۆز B قاتلىمىغا تەۋە قىلىنىدۇ. ھەر قانداق بىرەر ئورگان - تەشكىلات، مەسىلەك، دۆلەت، ئاممىۋىي بىنالارنىڭناملىرى، ئورتاق شەكىلگە ئىگە قىلىنىدۇ. يەنى، ئەسلىي سۆز يىلتىزىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، تەلەپپۇزنى قولايلاشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئامال بار

بوغۇملار ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىلىدۇ. مەسىلەن، ۋىنستون سىمىس ئىشلەيدىغان ھەقىقەت مىنىستىرلىكىدىكى ئارخىپ باشقارمىسىنىڭ ئەسلىي نامى record department بولۇپ، ئادەتتە recdep دەپ ئاتىلىدۇ؛ fiction department (رومان باشقارمىسى) بولسا ficdep؛ تېلېپروگرامما باشقارمىسى — teleprogrammes department بولسا teledep دەپ ئاتىلىدۇ، باشقىلىرىمۇ مۇشۇنداق قىسقارتىلىدۇ. بۇ پەقەت ۋاقىت تېجەش ئۈچۈنلا شۇنداق ياسالغان ئەمەس. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا بۇنداق ياسالغان سۆز ۋە بىرىكمىلەر سىياسىي تىلنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى بولۇپ قالغان. بولۇپمۇ بۇ خىلدىكى قىسقارتىلما سۆزلەرنىڭ ھاكىممۇتلەق دۆلەت ۋە ھاكىممۇتلەق ئورگانلاردا كۆپ قوللىنىلىشىدىن ئىبارەت بىر يۈزلىنىش دىققەتكە چېلىقىدۇ. Nazi, gestapo, comintern, inprecorr, agitprop قاتارلىق سۆزلەر دەل بۇنىڭ مىساللىرىدۇر. دەسلەپتە بۇ خىل سۆزلەر تولىمۇ تەبىئىي رەۋىشتە قوللىنىلغان، ئەمما يېڭى تىلدا بۇلار ئاڭلىق بىر مەقسەت ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. سۆزلەر مۇشۇنداق قىسقارتىلسا، سۆزلەر قىسقارتىلمىغان چاغدىكى ئىشارىي مەنىلەرنى يوق قىلغىلى بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنە دائىرىسى تارىيىدۇ ۋە ئۆزگەرتىلىدۇ دەپ قارىلىدۇ. مەسىلەن: كوممۇنىست ئىنتېرناتسىئونالى دېگەن سۆز، ئادەمگە دۇنياۋىي ئىنسانىي قېرىنداشلىق، قىزىل بايراق، كوچا ئىستىھكاملىرى، كارل ماركس، پارىژ كوممۇنىسى قاتارلىقلارنى ئەسلىتىدۇ. ئەكسىچە Comintern دېگەن سۆز بولسا، پەقەتلا پۇختا قۇرۇلغان تەشكىلات ۋە ئېنىقلىمىسى ئۇچۇق مەسلەككە دالالەت قىلىدۇ. بۇئاسان تەشكىللىگىلى بولىدىغان، مەقسىتى چەكلىك بولغان ئورگاندەك بىرنېمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆز خۇددى ئورۇندۇق، ئۈستەل دېگەن نەرسىلەردەك بەش قولدەك روشەن بولۇپ، قەتئىي باشقا مەنىسى يوق، ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن ئويلانماستىنلا چىقىپ كېتىدۇ. ھالبۇكى كوممۇنىست ئىنتېرناتسىئونالى — communist international — دېگەن سۆزنى ئادەم ئېغىزىدىن چىقارغاندا، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەنىسى ئادەمنىڭ كاللىسىدىن لاپپىدە كېچىدۇ. ئوخشاشلا، minitrue دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئويغىتىدىغان ئۇلانما تەسەۋۋۇرلىرى، ھەقىقەت مىنىستىرلىكى — ministry of truth — دېگەن سۆز ئويغىتىدىغان ئۇلانما تەسەۋۋۇرلاردىن بەكلا ئاز بولىدۇ ۋە بۇنى تېخىمۇ ئاسان كونترول قىلغىلى بولىدۇ. مانا بۇ سۆزلۈكلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇمكىن بولسىلا قىسقارتىلىدىغانلىقىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلىشنىڭ قولاي بولۇشىغا، نېمىشقا شۇنچە ئەھمىيەت بېرىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

يېڭى تىلدا سۆزلەرنىڭ قۇلاققا يېقىشلىق بولۇشى مەنىنىڭ توغرىلىقىدىن كۆپ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا، گرامماتىكىلىق قائىدىلەر دائىم مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن قۇربان قىلىنىدۇ. توغرا، بۇنىڭمۇ سەۋەبى بار، چۈنكى ھەممىدىن مۇھىمى سىياسىي مەقسەتلەر ئۈچۈن، تېزلا ئېغىزدىن چىقارغىلى بولىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۆزلىگۈچىنىڭ مېڭىسىدە ئالاھىدە ئەكس ئىنكاس قوزغاپ كەتمەيدىغان قىسقا بوغۇملۇق، مەنىسى ئېنىق سۆزلەر بەكرەك زۆرۈر. B قاتلىمىدىكى سۆزلەرنىڭ شەكلىنىڭ ئوخشاشلىقىمۇ، ئۇلارنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ئامىل. مەسىلەن: goodthink, minipax, prolefeed, sexcrime, joycamp, ingsoc, bellyfeel, thinkpol ۋە ئۇلاردىن باشقا يەنە ساناقسىز سۆزلەر، ئىككى ياكى ئۈچ بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، سۆز ئۇرغۇسى بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بوغۇمغا باراۋەر چېچىلىپ كەتكەن. بۇ سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى نۇتۇقنى ئۇق ئاتقاندەك تېز ۋە تېتىقسىز قىلىۋېتىدۇ. مەقسەت دەل مانا مۇشۇنىڭدىن ئىبارەت. مەقسەت سۆزلەشتۇر، بولۇپمۇ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن نېيترال بولمىغان ھەرقانداق تېمىدا سۆزلەشتۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سۆزلەشنى ئامال بار ئاڭسىزلاشتۇرۇشتۇر. شۈبھىسىزكى، كۈندىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجى ئۈچۈن، دائىم سۆزلەشتىن بۇرۇن ئويلىنىش چوقۇم زۆرۈردۇر، ئەلۋەتتە بەزىدە زۆرۈر بولۇپ قېلىشىمۇ

مۇمكىن. ئەمما بىر پارتىيە ئەزاسىدىن مەلۇم بىر ئەخلاقىي ياكى سىياسىي ھۆكۈم چىقىرىش تەلەپ قىلىنسا، ئۇ توغرا قاراشلارنى چوقۇم ئاپتوماتىك ئوق ئاتقاندەك، ئويلانماي ۋاتىلداپ سۆزلىيەلىشى لازىم. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشقا مەشقلەندۈرۈلگەن، بۇ تىل ئۇلارنى ناھايىتى ئاددىي، ئەمما ھەممىگە قادىر قورال ۋە سۆز قۇرۇلمىسى بىلەن تەمىنلىگەن بولۇپ، بۇ ئۆزىنىڭ ئىنسوكنىڭ روھى بىلەن بىردەك بولغان قاتتىق تەلەپپۇزى ۋە مەقسەتلىك پەيدا قىلىنغان يېقىمسىزلىقى بىلەن بۇ جەريانىنىڭ داۋاملىشىشىغا تېخىمۇ كۈچلۈك تىرەك بولىدۇ.

سۆزلەرنىڭ تاللاش دائىرىسىنى تارايتىۋېتىشمۇ دەل مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، يېڭى تىلنىڭ سۆزلۈكلىرى كىچىك، يەنىمۇ كىچىكلىتىش ئۇسۇللىرى داۋاملىق ئىختىرا قىلىنىۋاتىدۇ. يېڭى تىلنىڭ سۆزلۈك مىقدارى بولسا، باشقا بارلىق تىللارنىڭ دەل تەتۈرىسىچە يىلسېرى ئازىيىپ مېڭىۋاتىدۇ. قانچىلىك ئازايتقىلى بولسا شۇنچە غەلىبىدۇر، چۈنكى سۆز ئازايغانسېرى، تەپەككۇر قىلىشقا ئۇرۇنۇشمۇ ماس ھالدا ئازىيىدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا، نۇتۇقنى مېڭىدىن ئەمەس، بوغۇزدىن چىقىرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ مەقسەت، يېڭى تىلدىكى «ئۆردەكنىڭ سۆزلىشى» duckspeak دېگەن سۆزدە ئوچۇق ئېتىراپ قىلىنغان بولۇپ، بۇنىڭ مەنىسى ئۆردەكتەك غاقىلداش دېگەنلىكتۇر. B قاتلامدىكى باشقا نۇرغۇن سۆزلەرگە ئوخشاش duckspeak مۇ قوش بىسلىق سۆزدۇر. ناۋادا دېيىلمەكچى بولغان قاراشلار ئورتودوكس قاراشلار بولسا، ماختاشنى بىلدۈرىدۇ. تايمىس گېزىتىدە پارتىيەنىڭ بەزى ناتىقلىرىنى doubleplusgood duckspeaker دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، بۇمۇ ئوخشاشلا مەدھىيە - ماختاشنى ئۇقتۇرىدۇ.

## C قاتلام سۆزلۈكلىرى

مەزكۇر قاتلامدىكى سۆزلۈكلەر يۇقىرىقى ئىككى قاتلامدىكىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن تولۇقلىما ئورنىدا بولۇپ، ئاساسەن دېگۇدەك ئىلىم - پەن، تېخنىكا ئاتالغۇلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇلار بىز ھازىرمۇ ئىشلىتىۋاتقان ئىلىم - پەن تېرمىنلىرىغا ئوخشايدۇ، ھەمدە ئوخشاش سۆز يىلتىزىدىن كەلگەن. ئەمما ئۇلار يەنىلا تار دائىرىدە تەبىرلەنگەن بولۇپ، باشقا ياقتۇرۇلمايدىغان مەنىلەر سويۇپ تاشلانغان. بۇلار باشقا ئىككى قاتلامدىكى سۆزلۈكلەرگە ئوخشاش، ئورتاق لېكسىكىلىق قائىدىلەرگە بويسۇنىدۇ. بۇ قاتلامدىكى سۆزلۈكلەر، ئاساسەن دېگۇدەك يا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ۋە ياكى سىياسىي نۇتۇقلاردا بەك كۆپ ئىشلىتىلىپ كەتمەيدۇ. ھەرقانداق ئىلمىي خادىم ياكى تېخنىك ئۆزىگە لازىم سۆزلۈكلەرنى ئۆزلىرىنىڭ كەسپى ئۈچۈن مەخسۇس تۈزۈپ بېرىلگەن سۆزلەملەردىن تاپالايدۇ. ئەمما باشقا كەسپكە ئالاقىدار سۆزلۈكلەرنى چالا - پۇلا بىلىدۇ. ھەممە كەسپنىڭ سۆزلەملىرىگە ئورتاق سۆزلەر يوق دېيەرلىك. ئىلىم - پەننىڭ مېڭىشنىڭ ۋە تەپەككۇرنىڭ فۇنكسىيىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق سۆز يوق. بۇ ئەھۋال ئىلىم - پەننىڭ ئۇششاق تارماقلىرىدىمۇ شۇنداق. ئەمەلىيەتتە «ئىلىم - پەن» دېگەن سۆزمۇ يوق، ئىلىم - پەن ئۆز ئىچىگە ئېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ھەرقانداق بىر مەنىنى، ئىنسوك يېتەرلىك ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشكە بولىدۇكى، يېڭى تىلدا ئورتودوكسال ئەمەس (سادىق ئەمەس) پىكىرلەرنى ئىپادىلەش ئاساسەن دېگۇدەك مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ خىل پىكىرلەرنى تولىمۇ قوپال يوسۇندا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ، ئەمما بۇلارنىڭ قارغىش، ھاقارەتتىن پەرقى بولمايدۇ. مەسىلەن: غوجاكا ياخشى ئەمەس (big brother is ungood) دېگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنداق دېيىش ئورتودوكسال قۇلاقلارغا نىسبەتەن ئۇيپۇچۇق بىمەنىلىك، ھەرگىزمۇ سوغۇققان ئەقلىي مۇھاكىمىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. چۈنكى زۆرۈر سۆزلۈكلەر يوق. ئىنسوكقا زىيانلىق ئىدىيىلەر، پەقەت مەزكۇر ئىدىيىلەرنى

ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر يوق ھالەتتىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ. شۇنداقلا بۇ ئىدىيىلەر يەنە ناھايىتى كەڭ مەنىدىكى ئابستراكت تېرمىنلار بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ تېرمىنلار بىر قاتار ئەكسىيەتچىل ئىدىيىلەرنى توپلايدۇ ۋە تەنقىد قىلىدۇ، ئەمما تەنقىد قىلىش داۋامىدا ئۇلارغا ئېنىق بىر ئېنىقلىما بەرمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بىراۋ غەيرىي ئورتودوكسال مەقسەت ئۈچۈن پەقەت يېڭى تىلدىكى بەزى سۆزلەرنى قانۇنسىز ھالدا كونا تىلغا تەرجىمە قىلىش ئارقىلىقلا، ئاندىن يېڭى تىلنى ئىشلىتەلەيدۇ. مەسىلەن: «بارلىق ئادەملەر باراۋەر» دېگەن سۆز يېڭى تىلدىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ. ئەمما بۇ كونا تىلدىكى «بارلىق ئادەملەر قىزىل چاچلىق» دېگەن جۈملە بىلەن ئوخشاشلا بىر گەپ. بۇ جۈملىدە ھېچقانداق گىراماتىكىلىق خاتالىق يوق، ئەمما ئۇ تولىمۇ روشەن بىر يالغاننى يەنى ھەممە ئادەملەر ئېگىزلىق، كۈچ، ئېگىز - پاكارلىقتا باراۋەر دېگەننى ئىپادىلىگەن. بۇ جۈملىدىكى سىياسىي باراۋەرلىك دېگەن مەنە يوق قىلىنغان، باراۋەرلىك دېگەننىڭ بۇ ئىككىلەمچى مەجازىي مەنىسى سۆزنىڭ ئۆزىدىن چىقىرىپ تاشلانغان. 1984 - يىلى، كونا تىل يەنىلا نورمال ئالاقە ۋاستىسى بولۇپ تۇرغاندا، نەزەرىيە جەھەتتە مۇنداق خەتەر يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، يەنى، كىشىلەر يېڭى تىلنى ئىشلەتكەندە، يەنىلا ئەسلىدىكى مەنىسىنى ئېسىگە ئېلىشى مۇمكىن. ئەمەلىي قوللىنىشتا بولسا، قوش تەپەككۇرنى ئوبدان مەشق قىلغان ئادەملەرنىڭ بۇنىڭدىن ساقلىنىشى قىيىن ئەمەس. بەلكىم ئىككى ئەۋلادتا بارمايلا بۇنداق مەسىلىلەرمۇ قالماسلىقى مۇمكىن. پەقەت يېڭى تىل بىلەنلا ئالاقە قىلىپ چوڭ بولغان بىر ئادەم، بەلكىم باراۋەرلىك دېگەن سۆزنىڭ سىياسىي باراۋەرلىك دېگەندەك ئىككىلەمچى مەنىسى بارلىقىنىمۇ بىلمەيدۇ، خۇددى شاھمات ئوينايدىغان بىر ئادەم شاھ بىلەن توپنىڭ ئىككىلەمچى مەنىسىنى بىلمىگەندەك. ئۇ يەنە «ئەركىن» دېگەن سۆزنىڭ يەنە پىكرىي ئەركىنلىك دېگەندەك ئابستراكت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغانلىقىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نۇرغۇن جىنايەت، خاتالىقلارنى سادىر قىلاي دەپمۇ سادىر قىلالمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ نامى يوق، شۇڭا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ، كاللىسىغىمۇ ئەكىلەلمەيدۇ. دېمەك، شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، يېڭى تىلنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى تېخىمۇ گەۋدىلىنىدۇ، سۆزلۈكلىرى بارغانسېرى ئازلايدۇ، مەنىسى بارغانسېرى قاتاللىشىدۇ، سۆزلەرنى نامۇۋاپىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى بارغانسېرى تارىيىپ ماڭىدۇ.

كونا تىل تولۇق ئەمەلدىن قالغاندا، ئۆتمۈشكە باغلانغان ئەڭ ئاخىرقى رىشتە ئۈزۈلىدۇ. تارىخ ئاللىبۇرۇن قايتا يېزىلىپ بولدى، ئەمما تارىخنىڭ پارچە - پۇرات ئىزنالىرى ھېلىھەم ئۇ يەر - بۇ يەرلەردە مەۋجۇت. ناۋادا كىشىلەر كونا تىلنى ئىشلىتىشنى قايتا ئۆگىنىپ قالسا ئۇلارنى ئوقۇيالايدۇ، بىلەلەيدۇ. كەلگۈسىدە مۇشۇنداق ئىزنالار مەۋجۇت دېگەندىمۇ، ئۇلارنى يەشكىلى، تەرجىمە قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. ناۋادا تېخنىكىلىق ئىش، ياكى كۈندىلىك ئاددىي ئىش - ھەرىكەتكە ئالاقىدار بولمىسا، ياكى ئەسلىدىنلا ئورتودوكسال سۆزلەردىن تەشكىل تاپقان بولمىسا، كونا تىلدىن بىرەر ئابزاسنى يېڭى تىلغا تەرجىمە قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك، 1960 - يىلدىن بۇرۇن يېزىلغان ھەرقانداق ئەسەرنى پۈتۈن تەرجىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس دېگەنلىكتۇر. ئىنقىلابتىن بۇرۇنقى يازمىلارنى، پەقەت ئىدېئولوگىيىلىك تەرجىمە قىلىشقىلا بولىدۇ، يەنى ئۇنىڭ تىل تەمى، تۈسى، پۇرىقىنى يوقىتىپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. تۆۋەندىكى «مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى» دىكى مۇنۇ ئابزاسنى ئالايلى:

*ئۆزىدىنلا ئايان ھەقىقەت شۇكى، جىمى ئىنسانلار باراۋەر يارىتىلغان، ياراتقۇچى ئىنسانلارغا تارتىۋالغىلى بولمايدىغان ياشاش، ئەركىنلىك، بەخت ئىزلەش دېگەندەك ھوقۇقلارنى ئاتا قىلغان. مەزكۇر ھوقۇقلارغا*

*كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۆز ئارىسىدا، هوقۇقنى خەلقنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قولغا ئالىدىغان هۆكۈمەت تەشكىل قىلدى. ناۋادا هەرقانداق بىر هۆكۈمەت مۇشۇ مەقسەتنى دەپسەندە قىلىدىكەن، بۇنداق هۆكۈمەتنى ئۆزگەرتىش، قالدۇرۇۋېتىش ياكى يېڭى هۆكۈمەت قۇرۇش خەلقنىڭ هوقۇقىدۇر.*

مانا بۇ ئابزاسنى ئەسلىدىكى مەنە ۋە تەمنى ساقلاپ قالغان ئاساستا يېڭى تىلغا تەرجىمە قىلىپ چىقىش ئاساسەن مۇمكىن بولمايدۇ. ئەگەر ئەسلىي مەنىسىگە ئەڭ يېقىن تەرجىمە قىلاي دېسە، بەلكىم پۈتۈن بىر ئابزاسنى crimethink (جىنايەت تەپەككۇرى) دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن. ئۇنى تولۇق تەرجىمە قىلىش بىر ئىدېئولوگىيىلىك تەرجىمە بولىدۇ، ئۇنداقتا جېففېرسوننىڭ بۇ سۆزى بىر هاكىممۇتلەق هۆكۈمەتكە ئوقۇلغان مەدھىيەگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

ئۆتمۈشتىكى زور مىقداردىكى يازما ئەسەر، هۆججەتلەر مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلدا ئۆزگەرتىلدى. هەممىنى يوق قىلىۋەتسەك سەت تۇرمىسۇن دەپ بەزى تارىخىي شەخسلەر هەققىدىكى ئەسلىمە - خاتىرىلەر ساقلاپ قېلىندى، ئەمما ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت، ئىش - ئىزلىرى ئىنسوكنىڭ پەلسەپىسى بىلەن بىردەكلەشتۈرۈلدى. نۇرغۇن يازغۇچىلار، مەسىلەن: شېكسپىر، مىلتون، سۋىفت، بايرون، دىككېنس ۋە باشقا يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ تەرجىمە خىزمىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆتمۈشتىن قېلىپ قالغان باشقا يازما هۆججەتلەرگە ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئەسلىي ئەسەرلىرى يوق قىلىنىدۇ. بۇ تولىمۇ ئاستا ماڭىدىغان، قىيىن بىر خىزمەت. شۇنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭ 21 - ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىكى ئون - يىگىرمە يىلى ئىچىدى تامام بولۇشىمۇ قىيىن. ئۇنىڭدىن باشقا تېخنىكا قوللانمىلىرىغا ئوخشاش نۇرغۇن پايدىلىنىش خاراكتېرلىك

ئەسەرلەرمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا بىتەرەپ قىلىنىدۇ. دەسلەپكى تەرجىمە خىزمىتىگە كۆپرەك ۋاقىت بېرىش يۈزىسىدىن يېڭى تىلنىڭ كەڭ كۆلەملىك قوللىنىلىش ۋاقتى 2050 ـ يىللارغىچە كېچىكىدۇ، دەپ مۆلچەرلەنمەكتە.

تۈگىدى.

*ئاللاھقا ئالاھىدە تەشەككۈرلەر بولسۇن*
*2014. 2. 28 جۈمە كۈنى سائەت 12.*

*شاڭخەي ئۈچ بىرلەشمە نەشرىياتىنىڭ 2009 ـ يىلى 11*
*ـ ئايدىكى ئىنگلىزچە نەشرىدىن تەرجىمە قىلىندى.*